
چيۇڭ ياۋ (تەيۋەن)

# ئاق ييغن



شنجاڭ خەلق نەشرياتى

www.uyghurkitap.com

ISBN 7-228-01294-1
9 787228 012947 >

ISBN 7 – 228 – 01294 – 1

I · 2109（民文）定价：14.00 元

چيۇڭ ياۋ (تەيۋەن)

# ئاق يىغىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن تۆمۈر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

烟雨蒙蒙:维吾尔文/琼瑶著。艾尔肯·铁木尔译.2版 — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.6

ISBN7—228—01294—1

Ⅰ.烟… Ⅱ.①琼…②艾… Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第05953号

责任编辑:玛丽亚木。买买提明

封面设计:巴图

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆司法印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 11.75印张 2插页

1991年2月第1版 2000年6月第2次印刷

印数:1,750 —— 4,750

ISBN7—228—01294—1/I·2109 定价:14.00元

بۇ كىتاب يۈننەن خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1986 ـ يىل 6 ـ ئاي يۈننەن 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据云南人民出版社1985年8月第1版,1986年6月云南第3次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: مەريەم مەمتىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: باتۇ

# ئاق يىغىن

ئاپتورى: چيۇڭ ياۋ (تەيۋەن)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن تۆمۈر
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 ممىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1991 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1,750 — 4,750
ISBN7—228—01294—1/I • 2109
باھاسى :14.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ تەيۋەننىڭ مەشھۇر ئايال يازغۇچىسى چيۇڭ ياۋنىڭ داڭلىق رومانى . بۇ ئەسەردە گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى لۇ جېنخۇا ئائىلىسىنىڭ تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىنكى پاجىئەلىك ۋەيرانچىلىقى تەسۋىرلىنىدۇ .

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى غورۇرى كۈچلۈك ، ئىرادىلىك ، ھېسسىياتقا باي قىز لۇ يىپىڭنىڭ مۇرەككەپ ئائىلە مۇناسىۋىتى تۈپەيلى دادىسى لۇ جېنخۇا ۋە شۇ ئائىلىدىكىلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغانلىقى ، شۇ مەقسەتتە ئىدراكلىق ، ئالغا ئىنتىلىشچان يىگىت خې شۇخۇەننى ئانا باشقا ھەدىسىدىن تارتىۋېلىش ئويۇنىنى ئوينىماقچى بولغانلىقى ، كېيىن ئىش راستقا چىقىپ ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ مۇھەببەت باغلىغانلىقى ، ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي ئاخىر ئەينى يىللاردا جاھان سورىغان ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ، تەيۋەنگە كەلگەندىن كېيىن كېلىش مەنبەسى ناتوغرا بولغان پۇل ـ دۇنياغا تايىنىپ ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان لۇ جېنخۇا ئائىلىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلغانلىقى جانلىق ، تەسىرلىك ، قىزىقارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ .

لۇ يىپىڭنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئارزۇسى تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ . ئەمما بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ دادىسى ، قېرىنداشلىرى ۋە چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن غەلىبىسىدىن شادلىنىپ كۈلەلمەيدۇ ، ئەكسىچە چوڭقۇر پۇشايمان ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەمدە قالىدۇ .

ئاپتور تەبىئەت ھادىسىسى بولغان « ئاق يېغىن » نى تېما قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلى-

كى، ئۆزئارا چۈشىنىشىنىڭ تولىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئىنسان تەبىئىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىدۇ، ئۇنى ئىجتىمائىي هادىسىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرىدۇ.

بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا كىتابخانلار ۋەقەلىكنىڭ تەبىئىي باغلىنىشى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى هېس قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 1

زىرىكەرلىك كۆنلەر يەنە باشلاندى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىچىم پۇشۇپ ، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىغىنىمچە دېرىزە يېنىدا ئولتۇراتتىم . يامغۇر تامچىلىرى لەمپىدىن تارتىلغان توك سىمىدا خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاندەك يالتىرايتتى ، قورۇق تام تۈۋىدىكى بانان دەرىخىنىڭ يوغان — يوغان يوپۇرماقلىرىدىن تامچىپ چۈشۈپ يەرنى ھۆللىمەكتە ئىدى . قورۇق تامنىڭ سىرتىدىكى كوچا چىرىغى جاھاندىكى ئىشلار بىلەن كارى يوقتەك غۇۋا نۇرىنى چېچىپ ، تەكەببۇرانە ھالدا تۇراتتى . دېمىسىمۇ دۇنيادىكى ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى ؟ مەن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ، قانداقلا بولمىسۇن ئىشىمغا بارايچۇ ، دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— يېپىڭ ، تېخىچە ئۆيدىمۇسەن ؟

ئاپام قاچا — قومۇچلارنى يېڭىلا يۇيۇپ بولۇپ قوللىرىنى ئېرتىمغان ، ئاق لەپىلىملىك كۆك پەشتامىنى يەشمىگەن پېتى ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى .

— مانا ھازىر بارىمەن ، — دېدىم نائىلاج ۋە كۆنلۈكۈمنى ئىزدەشكە باشلىدىم .

— « ئۇياققا » بارغاندا ئۇلارنىڭ زىتىغا تەگمە . داداڭغا ئۆي ئىجارىسىنى كەينىگە تارتىۋەرسەك بولمايدۇ ، ئىككى ئايلىقى گەدىنىمىزدە دېگىن . . .

— بىلىمەن ، پۇل ئۆندۈرۈپ كەلسەملا بولىدۇغۇ ! — دېدىم مەن كۆنلۈكۈمنى ئىزدەۋېتىپ .

— كۆنلۈكۈڭ تەكچىدە ، — دېدى ئاپام ۋە تەكچىدىن كۆنلۈكنى ئېلىپ ماڭا تۇتقۇزدى — دە ، ئاسمانغا قاراپ قويدى ، — بال-

دۇرراق قـايتقىن ، پۇلنى ئالالىساڭ رىكشىغا چۇشۇپ كەل ! يامغۇر كۇ-
چىيىدىغاندەك تۇرىدۇ .

مەن كۇنلۇكۇمنى ئېلىپ ھاۋا ئوچۇق ۋە ھۆل - يېغىن كۇنلىرى ئوخشاش كىيىۋېرىدىغان توپلىيىمنى كىيدىم . راستىنمنى ئېيتسام ، بۇ-نىڭدىن باشقا توپلىيىم يوق ئىدى . بۇنىمۇ ئاپام ئۆتكەن يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۇتكۇزگەن ۋاقتىمدا ئېلىپ بەرگەنىدى . توپتوغرا بىر يېرىم يىل كىيدىم . دوقمۇشتىكى ياماقچى بوۋاي بۇ توپلەيگە كۆپ قېتىم ناھال قېقىپ ، جىق ياماپ كەتتى . ھەر قېتىم ئۇنى بوۋايغا ئاپارغىنىمدا ، ئۇ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ چىقاتتى - دە ، بېشىنى چايقاپ : « يەنە شۇ توپلەيمۇ ؟ يامغىنچىلىكىمۇ قالماپتۇ » دەيتتى . ھازىر ئۇ توپلەيىنىڭ تە-كىشلىرى يەنە سۆكۈلۈپ كەتتى ، يامغۇرلۇق كۇنلىرى ئىچىگە لاي ۋە سۇ كىرىپ مىلىچلاپ كېتەتتى . لېكىن ، بوۋايىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشتىن نومۇس قىلىپ شۇ پېتى كىيىۋەردىم . « ئۇياق » تىكى ئۆيلەرگە سىلىق تاش ياتقۇزۇلغان بولغاچقا ، ئاياغ سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق . شۇڭا ، پاتقاقتا مـىلەنگەن پۇتۇمنى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن غەم قىلىپمۇ كەتمەي-مەن .

ئاپام مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ يامغۇردا دەرۋازىغا يۆ-لـەنگەن پېتى كەينىمدىن قاراپ قالدى . بىرقانچە قەدەم مېڭىشىمغا كەي-نىمدىن :

— يىپىڭ ! — دەپ توۋلىدى .

كەينىمگە قارىدىم . ئاپام :

— ئۇلار بىلەن قىزىرىشىپ قالمىغىن ، ھە ! — دېدى پەس ئاۋازدا .

مـەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كەي-نىمگە قارىسام ، ئاپام تېخىچە جايىدا تۇرۇپتۇ . ئورۇق ، ۋىجىككىنە ئاپام ماڭا ناھايىتىمۇ زەئىپ ، مىسكىن كۆرۈنۈپ كەتتى ، كوچا چىرىغىدا ئۇ-نىڭ بىر تاتىراڭغۇ چىرايى ئىككى كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنىڭغا قول شىل-تىۋىدىم ، ئۇ بۇرۇلۇپ ھويلىغا كىرىپ كەتتى . دەرۋازا يېپىلغاندا ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ئاچچىق شامالدا سەل دۈگدىيىپ، كۈنلۈكنى چىڭ تۇتقىنىمچە يولۇمغا ماڭدىم.

ئۆيىمىز بىلەن «ئۇياق» نىڭ ئارىلىقى يىراقمۇ ئەمەس، لېكىن يېقىن دېگىلىمۇ بولمايتتى، پىيادە يېرىم سائەتلىك يول ئىدى. بۇ يولدا ئاپتوبۇس قاتنىمىغاچقا دائىم پىيادە ماڭاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى بۇ يولنى ئېيىغا بىرلا قېتىم ماڭاتتىم. ئەلۋەتتە، ئىش ئوڭغا تارتسا. ئىش ئوڭغا تارتماي بارغان كۈنى پۇلنى ئالالمىسام، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قاتراشقا توغرا كېلەتتى.

ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى، ئاچچىق شامال يۈزۈمگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. بۇ يول قارىماي بولسىمۇ، بىرئاز ماڭا ـ ماڭمايلا ئايىغىمنىڭ ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتتى. تاپىنىمدىن كىرگەن سوغۇق مېڭەمدىن چىقىپ، گويا پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم مۇزدەك سۇغا چىلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كەتتىم. يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەن بىر ئاپتوموبىل لاي سۇنى چاچرىتىپ ئۆزۈمنى قاچۇرغۇچە ئالايتەن يۆتكىۋالغان ئەڭ ئامراق يېشىل يوپكامنى ئوخشىتىۋەتتى. ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچلىرىمنى سىلكىپ مېڭىۋەردىم. يامغۇر ئەدىمەكتە، كۈنلۈكنىڭ كىچىككىنە بىر تۆشۈكى بار ئىدى، شۇنىڭدىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى بىردە بوينۇمدىن ئىچىمگە كىرىپ كېتەتتى، بىردە مەڭزىمگە چۈشەتتى. شامالدا ئۇچۇۋاتقان يوپكامنىڭ ئېتەكلىرىمۇ بىردەمدىلا سۈزمە خالتىسىدەك بولۇپ، يانپىشىمغا چاپلاشتى. چىشىمنى چىشلەپ مەن «دادا» دەيدىغان ئادەمدىن سورايدىغان پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلىپ ماڭدىم. 800 كوي تۈرمۇش خىراجىتى، 1000 كوي ئۆي ئىجارىسى بولۇپ جەمئىي 1800 كوي ئالىمەن. ئاپام ئىككىيلەننىڭ قىشلىق كىيىمى ئۈچۈن ياخشىسى يەنە بىرئاز سوراي، پۇتۇمدىكى توپلەيمۇ يامغۇر پەسلىگە پايلىمىغۇدەك.

بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ «يېڭى ھايات» جەنۇبىي يولىنى بويلاپ «ئىناۋەت» كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدىم. بۇ دوقمۇشتىن ئۆتۈپ، ئىككى قاناتى قىزىل سىرلانغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدىم. يېقىندىلا سىرلانغان دەرۋازىدىن تېخى سىرنىڭ پۇرىقى كەتمىگەنىدى،

« لۇ قورۇسى » دېگەن خەت يېزىلغان سېرىق تاختا دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا ئورنىتىلغان چىراغنىڭ يورۇقىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . مەن كۇنۇپكىنى بېسىۋېتىپ « لۇ قورۇسى » دېگەن خەتكە غەزەپ بىلەن قارىدىم . لۇ قورۇسىمىش ! بۇ ، لۇ فامىلىلىكلەرنىڭ ئائىلىسى ! لۇ جېنخۇانىڭ ئائىلىسى ! ئۇنداقتا ، مەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىچىدىكى ئادەممۇ ياكى تېشىدىكى ئادەم ؟ دەرۋازىنى ھىڭگاڭ چىش.، كۆزلىرى بېلىقنىڭكىدەك پۇلتىيىپ تۇرغان خىزمەتكار قىز ئالەن ئاچتى . ئۇ گۆللۈك كۆنلۈك تۇتۇپ دۈگدىيىپ تۇراتتى . روشەنكى ، ئۇنىڭغا مېنىڭ يامغۇرلۇق كېچىدە « مېھمان » بولۇپ كېلىشىم ياقمىغانىدى . ئۇ ھول بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمگە قاراپ قويۇپ دەرۋازىنى ياپقاچ ئاغزى قىچىشقاندەك :

— خېنىم ، شۇنچە قاتتىق يامغۇردا ئاپتوموبىلغا چۈشمەي پىيادە كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى .

ما گەپنى ! مەن قاچان بىر ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ كەلگەن ؟ قاپىقىمنى ئاچمايلا سورىدىم :

— بېگىڭىز ئۆيدىمۇ ؟

— ئۆيدە ! — دېدى ئالەن بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى .

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت يول بىلەن ئۆيگە ماڭدىم . ھويلا خېلى يوغان ئىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا چاي گۈلى ۋە تەيۋەننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بولغان فۇساڭ گۈللىرى تېرىلغانىدى . ھازىر چاي گۈلىنىڭ ھۆپپىدە ئېچىلغان ۋاقتى بولغاچقا ، ئاپئاق چاي گۈلى تۈن قاراڭغۇسىدىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . مەن خۇش پۇراق گۈل ھىدىدىن چوڭقۇر نەپەس ئالدىم . پاھ ، گۈيخۇا گۈلىنىڭ پۇرىقى ! تەيۋەندە گۈيخۇا گۈلىنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بۆلەكچە ئۇزۇن ئىدى . ئاپام گۈيخۇا گۈلىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى . شۇنىسى ، بىزنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە تۈپ قوناق گۈلىدىن باشقا گۈل يوق ئىدى .

دەرپەردىلىك ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئايىغىمنى پالازغا

سۇرتتۇم ، كۆنلۈكنى قاتلاپ پېشايۋانغا قويدۇم ـ دە ، ئىشىكنى ئېچىپ
ئۆيگە كىردىم ، ئۆينىڭ ئىللىق ھاۋاسى يۈزۈمگە گۈپپىدە ئۇرۇلۇشى بى-
لەن پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم يايراپ كەتتى ، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى سەندەلدە يالقۇنجاۋاتقان جان ئوت ئۆينىڭ ئىچىنى خۇددى باھار-
دەك ئىللىتىپ تۇراتتى . رادىئودىن ئامېرىكىدا ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلغان مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتاتتى . چېكىدىن ئاشقان قايناق ھېسسىيات ئارى-
لىشىپ كەتكەن بۇ يېقىمسىز مۇزىكا ساداسى ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى
يەيتتى .
ئانا باشقا سىڭلىم — شۆ ئاچام بىلەن دادامنىڭ كىچىك قىزى
مېڭىپىلىك رادىئونىڭ يېنىدىكى ساپادا سىڭايان ئولتۇراتتى . ئۇچىسىدىكى
توق قىزىل ئۆرە ياقىلىق پوپايكا ، تەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان تار شىم
ئۇنىڭ تولغان بەدىنىنى تېخىمۇ نامايان قىلاتتى . يېپىنچاقلىۋالغان سۇر-
رەڭ كالتە پەلتوسى مۇرىسىگە ئارانلا ئىلىنىپ تۇراتتى . چېچىلىپ تۇر-
غان قىسقا چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ مەڭزىگىچە چۈشكەنىدى . ئۇ
پۈتۈنلەي يېڭىچە مودىدا ياسىناتتى ، ئاپىسىدەكلا ئىنتايىن چىرايلىق ۋە
جەزبىدار ئىدى . ئاھۇ كۆزلىرى ، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى ، شۆ
ئاچامغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى . ئېقىپ چۈشكەندەك تۈپتۈز
بۇرنى دادامغا تارتقانىدى . ئۇ ساپاغا يۆلىنىپ ساپا ئۈستىگە ئالماشتۇرۇپ
قويۇلغان پۇتلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئول-
تۇراتتى . كەشتىلىك قىزىل تاۋار ساپما كەشىنىڭ بىر پېيى ساپانىڭ
يان يۆلەنچۈكىدە ، يەنە بىرى رادىئونىڭ ئۈستىدە تۇراتتى . سېغىز چاي-
ناپ ، تىزىغا ئامېرىكىنىڭ بىر كىنو ژۇرنىلىنى قويۇپ بېشىنى گىلدىڭشى-
تىپ مۇزىكا تىڭشىماقتا ئىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ ، پەرۋاسىزلىق بىلەن
بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ تووۋلىدى :
— ئاپا ، يېزىڭ كەلدى !
مەن ئۇزۇن ساپاغا كېلىپ ئولتۇردۇم . ساپا ھۆل بولۇپ كەتمى-
سۇن ، دەپ يوپكامنى قايرىۋالدىم . چىلىق ـ چىلىق سۇ ئايىغىمنى ئو-
رۇندۇقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈردۇم . بىر خىل سىرلىق شۆھ-

رەتپەرەسلىك ۋە غۇرۇر تۇيەيلى ، مېڭىپىڭلارنىڭ پەرىشان ھالىتىمنى باي-
قاپ قېلىشىنى خالىمايتتىم . لېكىن ئۇ ماڭا نەزەر ـ كۆزىنى سالماي پۇ-
تۇن دىققىتى بىلەن مۇزىكا ئاڭلىماقتا ئىدى . مەن چاچلىرىمنى تۈزەشـــ
تۈرۈۋېلىپ ئۇن ياشــلىق ئىنىم ئېرجىيىنىڭ خــۇددى ئېزىتقۇدەك ئۆينىڭ
بۇلۇڭىدا پەيدا بولۇپ ، بىر يۇتىدا « لەنلىك » ماركىلىق يېپىپىڭى ۋېلە-
سىپىتنىڭ پىدالىنى دەسسىگەن ، بىر قولىدا رولىنى تۇتقان پېتى ماڭا
ھـومىيىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇ بېشىمدىن ئايىغىمغا ئوغرى
مۇشۇكتەك سەپسېلىپ چىقتى . بىچارە يۇتلىرىمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدىن سا-
قــت بولالمىدى . ئاندىن ئۇ نەزەرىنى چىرايىمغا يۆتكەپ ، يۈزۈمدە
خۇددى ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان بىر نېمە بارىدەك زەن سېلىپ قاراپ كەت-
تى . ئەمما مەن بىلەن سالاملاشمىدى ، مەنمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدىم .
ئۇ شـۆ ئاچامنىڭ كەنجى ئوغلى ، دادامنىڭ ئەللىك سەككىز ياشتا كۆر-
گـەن پەرزەنتى بولۇپ ، مېڭىپىڭدىن يەتتە ياش پەرق قىلاتتى . ئۇ دادام-
نىڭ قېرىغاندا تاپقان ئوغلى بولغاچقىمۇ ، بۆلەكچە ئەتىۋارلىق ئىدى . ئۇ
كىشىگە يېقىشلىق بولمىسىمۇ ، دادامنىڭ ماختىنىپ : « مېنىڭ بالىلىرىم
بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ! » دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە .

بۇنىسىمۇ راست . ئېسىمدە قالغان ئاكا ـ ئىنى ، ھەدە ـ سىڭىللى-
رىم قايسى « ئانا » دىن تۇغۇلغان بولسۇن ، ھەممىسىلا ھەقىقەتەن بىر ـ
بــرىدىن چىرايلىق ئىدى . ئاپام ئىككىمىزلا تۇغقان . بىرى مەن ، يەنە
بــرى ھەدەم شىنپىڭ ئىدى . شىنپىڭ تۇغۇلىشىدىلا ئاجايىپ چىرايلىق
بــولۇپ ، ئون بەش ـ ئون ئالتە يېشىدىلا گۈزەللىكتە داڭقى نەنجىڭ
شەھىرىگە پۇر كەتكەنىدى . كىچىك ۋاقتىدا دادام ئۇنى ئىنتايىن ياخشى
كۆرەتتى ، ھەمىشە « چىرايلىق قىزىم » دەپ ئەركىلىتەتتى . كاتتا زىيا-
پەتلەرگە ئېلىپ باراتتى ، ئاتقا مىندۈرۈپ بىللە ئېلىپ يۈرەتتى . دادام
ئۇنــى ئىزۋۇشقا سېلىپ نەنجىڭنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى ئايلاندۇرغىنىدا ،
ئۆتــكەن ـ كەچكەنلەر بىر توختاپ ئۇنىڭغا قارىماي قويمايتتى ، ئەپ-
سۇسكى ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىدى . ئۇن يەتتە يېشىدا ئۆپكە كېسىلى
بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ياش ئوفىتسېر ھەر

ئۇيغۇر كىتابلىرى

كۆنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىر دەستە گۈل قويىدىكەن ، دەپ ئاڭلىدۇق . بىز نەنجىڭدىن كەتكۈچە ئۇ ئوفىتسېر بۇ ئىشنى توختاتماپتۇدەك . بۇ ئىنتايىن رومانتىك ھېكايە كىچىك ۋاقتىمدا مېنى بەكمۇ ھاياجانغا سالغان . مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەندە مۇشۇنداق ياش بىر ئوفىتسېر قەبرەمگە گۈل قويۇپ تۇرسىكەن ، دەپ خام ـ خىيال قىلغانىدىم . شىنپىڭ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يىللاردا نۇرغۇن كىشىلەر بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئاپامغا : « قاراڭا ، يىپىڭ چوڭ بولغانچە ھەدىسىگە ئوخشىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇمۇ چىرايلىق قىز بولغۇدەك » دېيىشەتتى .

لېكىن شۇنى بىلەتتىمكى ، شىنپىڭ بىلەن ھۆسن تالاشقۇدەك ھالىم يوق ئىدى . چۈنكى ، شىنپىڭنىڭ گۈزەللىكى چىراي ـ تۇرقىدىلا ئەمەس ئىدى . ئۇ مەندەك تەنتەك بولماستىن ، ئېغىر ـ بېسىق ، مۇلايىم ۋە لاتاپەتلىك ئىدى . خاتىرەمدە قېلىشىچە ، شىنپىڭ ھەدە ـ سىڭىللار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى ئىدى ( ئۆزۈم بىلىدىغان ئاكا ـ ئىنى ، ھەدە ـ سىڭىللارغا سېلىشتۇرۇپ شۇنداق دېمەكچىمەن ، دادامنىڭ زادى قانچە خوتۇن ئالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . شۇ ۋەجىدىن قانچە بالىسى بارلىقىنى بەلكى دادام ئۆزىمۇ ئۇقمىسا كېرەك ) شىنپىڭدىن باشقا ، چوڭ قۇرۇقلۇقتا قېپقالغان رۇپىڭ ، نيەنپىڭ ، يۇپىڭ ، ئەيپىڭلارمۇ داڭلىق گۈزەللەردىن ئىدى . ئاكا ـ ئىنىلار ئىچىدە بەشىنچى ئاكام ئېركاڭ ھەممىدىن چىرايلىق ئىدى . ئۇ ھازىر ئامېرىكىدا ، سېرىق چاچلىق خوتۇن ئاپتۇ ، ئۈچ بالىسى بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلايمىز . شۇ ئاچامدىن تۇغۇلغان تۆت بالىنىڭ چوڭى ئېرخاۋ ئېركاڭغا يەتمىسىمۇ ، ئانچە پەرقلەنمەيتتى . ئىككىنچىسى رۇپىڭ مەندىن تۆت ياش چوڭ ، بۇ يىل يىگىرمە تۆتكە كىردى ، ئۇ چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا يامان ئەمەس ئىدى . ئۇن يەتتە ياشلىق مېڭپىڭمۇ ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان گۈزەللەردىن بولسىمۇ ، سەل سوغۇق چىراي ئىدى . كىچىك ئىنىم ئېرجيېچۈ ؟ ئۇنى قانداق تەسۋىرلىسەم بولار ، ئۇ بەك سەتمۇ ئەمەس ، ئەمما ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمەيتتى . قىسماق كۆزلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قاپىقىنىڭ ئاستىدا پىلدىرلاپ تۇراتتى . پاكار بويى ، قىسقا ئېڭىكى يۈزىنى قوشۇق-

چىلىك كۆرستەتتى ، خۇددى ئىككى ئۇدۇل چىشى يوق ئادەم ئۇنىڭ ئورنىنى تىلى بىلەن يوشۇرغىنىدەك ھەمىشە تىلىنى يۇقىرىقى كالپۇكىغا تىرىۋېلىپ بىر ئوبدان لەۋلىرىنىڭ ئىسكەتىنى بۇزاتتى . تېرىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئاق بولغاچقا ، بىر قاراشقا ئۆپكە كېسىلىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇ- چىدا ياشاۋاتقان بوۋايغا ئوخشايتتى . لېكىن ، زېھنى ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىدى . ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەركە بالىسى بولغاچقا ئائىلىدە كىچىك زو- مىگەر ئىدى .

رادىئودا بىر ناخشىدىن كېيىن دىكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ بىر ئىنگلىزچە ناخشا ئىسمىنى ئېلان قىلدى ، ئارقىدىنلا « ×× كوچا ×× قورۇ ×× ئەپەندىنىڭ ×× خېنىم ئۈچۈن تەلەپ قىلغان ناخشىسى » دەپ ناخشا تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلدى . مېڭپىڭ بېشىنى ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە قويغىنىچە دىققەت بىلەن ئاڭلاۋا- تاتتى . ئېرجيې ھەدىسىگە قىزىقسىنىپ قارىۋالغاندىن كېيىن ، ۋېلىسىپىت- نىڭ قوڭغۇرىقىنى ئۈزمەي جىرىڭلىتىپ ، پىدالنى قاتتىق تېپىۋىدى ، چاقتىن ۋىژ ـ ۋىژ قىلغان ئاۋاز چىقتى . مېڭپىڭ تىزىدىكى ژۇرنالنى يەرگە ئېتىپ ئېرجيېغا ۋارقىرىدى :

— تولا ئەسكىلىك قىلماي ، ۋېلىسىپىتنى نېرى ئاپار ، يەنە ۋىژىلدىتىدىغان بولساڭ تاياق يەيسەن !

ئېرجيې ھەدىسىگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ پەرۋاسىزلىق بىلەن قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ تۇرۇپ دېدى :

— ئۇرۇپ باقە قېنى ! يىگىتىڭ ساڭا ئاتاپ ناخشا تەلەپ قىلمى- سا ، دەردىڭنى مەندىن ئالامسەن ! تۇفى ، ئۇياتسىز ! مېنى تاك ئېتىپ چېكىپ باقە قېنى ، دادامغا دەيمەن !

— جىرىڭلىتىۋەرسەڭ ، ئۇرمىغىنىمنى كۆر ! — دېدى مېڭپىڭ ئىنىسىغا ھەيۋە قىلىپ . كېيىن يەردىن ژۇرنالنى ئېلىپ مىجىقلىدى ، شۇ تۇرۇقىدا ئۇ ئېرجيېنى سالىدىغاندەكلا قىلاتتى . ئېرجيې يەنە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى . ئۇ خۇشاللىقىدا تىلىنى بۇرنىغا تەگكۈزمەكچى بولۇۋىدى ، تىلى قىسقا بولغاچ كالپۇكىنىڭ نېرى-

سىغا بارمىدى . ئۇ قىرىشىپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىۋەردى ، مىڭپىڭ چاچراپ تۇردى ـ دە ، قولىدىكى ژورنالنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋاقىرىدى :

ـــ ئەمدى جىرىڭلىتىپ باقە ! جىرىڭلاتقىنا !

ـــ جىرىڭلاتسام نېمە قىلالايتتىڭ ؟ ـــ قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى ئەۋجىگە چىقتى . ئېرجيېنىڭ گىدەيگەن چىرايىدا كۆرەڭلىك كۈلكىسى پەيدا بولدى . شۇ ئەسنادا مىجىقلانغان ھېلىقى ژورنال ئۇچۇپ بېرىپ ئېرجيېنىڭ بۇرنىغا پاق قىلىپ تەگدى . قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇجۇقتى . ئېرجيې ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ھەدىسىنىڭ پوپايكىسىدىن تۇتۇۋېلىپ قورسىقىغا گۈپۈلدىتىپ ئۇستى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ بار ئاۋازدا ۋارقىرىدى :

ـــ دادا ، ئاپا ! مىڭپىڭ مېنى ئۇردى ! ھى ! ھى ! ھى !

ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق يىغلىدىكى ، رادىئودىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشتى . شۆ ئاچام ئىچكەركى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقمىغان بولسا ، ئۇنىڭ يىغا ئاۋازىدىن ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشەتتىمىكىن تاڭ . شۆ ئاچام يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئېرجيېنى تارتىپ تۇرۇپ مىڭپىڭغا بىر كاچات سېلىپ تىللاپ كەتتى :

ـــ سەن ھەدە تۇرۇپ يول قويماي ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىنىڭنى قارا ، ئۇيالمامسەن ؟ سەن ئۇنىڭدىن توپتوغرا يەتتە ياش چوڭ ! ئەمدى ئۇنىڭغا تەگكۈچى بولساڭ داداڭدىن تاياق يېمىگىنىڭنى كۆر !

ـــ يەتتە ياش كىچىك بولسا نېمە بوپتۇ ؟ سىلەر دائىم ئۇنىڭغا يان باسىسىلەر ، ھېلى بۇنى ، ھېلى ئۇنى ئېلىپ بېرىسىلەر ، مەن دېگەن بىر تو نىلون كۆڭلەكنى تېخىچە ئېلىپ بەرمەي ، ئۇنىڭغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردىڭلار ! بىر تو كۆڭلەك ناھايىتى 300 ـ 400 كوي . ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىغا تۆت مىڭ نەچچە كوي كەتتى ! . . . ـــ مىڭپىڭ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى .

ـــ ئاغزىڭنى يۇم ! نېمانچە چالۋاقايسەن ؟ داداڭدىن تاياق يېگۈڭ كېلىپ قاپتۇ سېنىڭ ! ـــ شۆ ئاچام ۋارقىراپ كايىدى .

مىڭپىڭ ساپانىڭ ئالدىدىكى چاي جوزىسىنى بىرنى تېپىۋېتىپ ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى ـ دە ، دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن رادىئونىڭ ئاۋا-

زىنى كۆچەيتىۋەتتى . سەت ناخشا ئاۋازى ئۆيىنى بىر ئالدى . شۆ ئاچام ئېرجىپنى ئالدىغا تارتىپ بېشىنى سىلىدى ۋە بەزلىدى :

ــ قەيىرىڭگە ئۇردى ؟ ئاغرىمىغاندۇ ؟

ئېرجىپ ئاندا ــ ساندا « ۋايجان » دەپ قويۇپ تىنماي ئېسەدەيتتى ، لېكىن كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقمايتتى . شۆ ئاچام مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، خۇددى مېنى ئەمدى كۆرگەندەك تەئەججۇپلەنگەن قىياپەتتە :

ــ قاچان كەلگەنتىڭىز ؟ ئاپىڭىز تىنچلىقمۇ ؟ ــ دېدى .

ــ تىنچلىق ، ــ مەن تۇيدۇرماي چىشلىرىمنى چىشلىدىم ، يۈرىكىمدە پىغان ئۆرلىدى . شۆ ئاچام ئېرجىپنى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كەتتى . ژۇرنال ئېرجىپنىڭ بېشىغا تەگمىگەن بولسىمۇ ، ئۇ خۇددى بېشى ئاغرىپ كەتكەندەك تۇرۇپ بەردى ، ئۇ توختىماي ئېسەدەپ ياشسىز كۆزلىرى بىلەن ئوغرىلىقچە ئەتراپقا سەپسالاتتى .

ــ دادام بارمۇ ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن تاقەت قىلالماي ئىشنى تېزرەك پۈتتۈرۈش نىيىتىدە . شۇنداق بولغاندا ئاددىي كۆلىمىزگە قايتالايتتىم . ئۆيىمىزدە ھەشەمەتلىك بىسات ــ جابدۇقلار ، مەش ، ساپالار بولمىغىنى بىلەن ئۇ يەردە مەن ئەركىن نەپەس ئالالايتتىم . ئاپام تايىنلىق يولۇمغا قاراپ تۇرىدۇ . ئۆتكەن يىلى كۈزدە مەن پۇلغا كېلىپ شۆ ئاچام بىلەن گەپ تەگىشىپ قالغاندىن بۇيان ، بۇ يەرگە ھەر كەلگىنىمدە ئاپامنىڭ كۆڭلى دەككە ــ دۈككىدە قالاتتى . بىچارە ئاپامنى ئويلىسام ئۆزۈمگە جىق ھاي بېرەتتىم .

ــ جېنىڭخۇا ، يىپىڭ كەپتۇ ! ــ شۆ ئاچام ماڭا جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا ئارقىسىدىكى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى . ئاپام بىلەن تەڭ دېمەتلىك دېگۈدەك بۇ ئايال قىرىق ئالتە ــ قىرىق يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ، ياش كۆرۈنەتتى . ئاپام ئىككىسىنى بىر يەرگە قويۇپ قويسا ، باشقىلار جەزمەن ئاپامنى ئۇنىڭدىن ئون ــ يىگىرمە ياش چوڭ دەيتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئېرخاۋ مەندىن بەش ياش چوڭ ئىدى ! شۆ ئاچام ياشتا چوڭ بولغىنى بىلەن ، يۈزىدە بىر تالمۇ قورۇق يوق ،

ئۆڭكى ئاق ۋە سۇزۇك ، تېرىسى يۇمشاق ئىدى . ئۇ شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن پەرداز قىلىنغانىكى ، قاچانلا قارىسا يۈزىنىڭ قىزىللىقى قىزىل ، ئېقى ئاق كۆرۈنەتتى . زادى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى . بۇلاقتەك كۆزلىرىدىنمۇ ياشلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئۇ ئاجايىپ خۇش پىچىم بولۇپ ، بۇنداق خۇش پىچىملىق ياش قىزلاردىمۇ كەمدىن ـ كەم بولاتتى . ئۇ تال چىۋىقتەك نازۇك ـ زىلۋا ، ئەمما تولغان ، ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللاردەك سېمىزمۇ ئەمەس ، ئاپامغا ئوخشاش ئورۇق ـ ئاۋاقمۇ ئەمەس ئىدى . دەرۋەقە ، ئاپامغا ئوخشاش دىشۋارچىلىقتا ئەمەس ، ئاسايىشلىقتا ياشايتتى .

دادام ئىچكەركى ئۆيدىن چىقتى ، ئۇچىسىدا تىۋىتلىق خالات ، بېشىدا مەشۇت يىپتىن توقۇلغان كىچىككىنە پوسما ، ئاغزىدا قايسىبىر دەۋرلەرنىڭ غاڭزىسى بار ئىدى . ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ ماڭا سوغۇق نەزەر تاشلىدى . ئۇنى ياخشى كۆرمىسەممۇ ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلەن « دادا » دېيىشكە مەجبۇر ئىدىم . ئۇ ، چىن دىلىمدىن ئېھتىرام بىلدۈرمەيۋاتقانلىقىمنى چۈشەنگەندەك ، مۇنداق ياسالمىلىقنى قوي ، دېگەن مەنىدە قول شىلتىدى . بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكمۇ غەش بولۇپ ، ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ جايىمدا ئولتۇردۇم . دادامنىڭ قوشۇمىسى تېخىمۇ تۈرۈلدى ۋە بۇرۇلۇپ مېڭىپىڭغا ۋارقىرىدى :

— رادىئونى ئۆچۈر !

مېڭىپىڭ بېلىنى تولغاپ ، تومشۇقىنى ئۇچلاپ بېرىپ رادىئونى ئۆچۈردى . ئۆي ئىچى بىردىنلا جىمىدى . دادام شۇ ئاچامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېرجىيىغا قاراپ سورىدى :

— يەنە نېمە بولدى ؟

— مېڭىپىڭ بىلەن سوقۇشۇپتۇ ! — دېدى شۇ ئاچام ، ئېسەدەپ ئاران تۇرغان ئېرجىي بۇ گەپ بىلەن يەنە يىغلىدى . دادام گەپ ـ سۆز قىلماي مېڭىپىڭغا سۆرۈن تەلەتتە قاراپ قويدى . مېڭىپىڭ تومشۇقىنى ئۇچلاپ ھېيىققىنىدىن يەرگە قارىۋالغان بولسىمۇ :

— يېڭى ۋېلسىپىت مىنگىنىگە كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى ! — دەپ غودۇڭشىدى . دادام مېڭىپىڭغا يەنە بىر ھومايغانىدى ، مېڭىپىڭ تولغۇلۇپلا

كەتتى، ئۇنىمۇ ئۆچتى. دادام بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زەھەر ۋە مۇز يېغىپ تۇراتتى، چىرايىدا تەبەسسۇمدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ خۇددى دېلو سوراق قىلىۋاتقان سوتچىدەك ماڭا سوئال قويدى:

— قانداق؟ ئاپاڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

«ھېلىمۇ ياخشى ئېسىڭدىكەن!» دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭغا سىلىق جاۋاب بەرمەي بولمايتتى:

— بۇرۇنقىدەكلا، بېشى ئاغرىپلا تۇرىدۇ.

— كېسەل بولغانىكەن، ئوبدان داۋالاتقان ياخشى، — دېدى دادام ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.

ئوبدان داۋالاتقانغۇ ياخشى، قېنى پۇل؟ ھەر ئايدا 800 كوي تۇرمۇش خىراجىتىنىمۇ بوينۇمنى قىسىپ سىزدىن تىلەپ ئېلىۋاتىمەن! مەن زۇۋان سۈرمەي جىم تۇردۇم. دادام غاڭزىسىنى ئاغزىدىن ئېلىپ كۈلىنى چاي جوزىسىدىكى كۈلدانغا قاقتى، شۇ ئاچام دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن غاڭزىنى ئېلىپ تاماكا قۇتىسىنى ئاچتى ۋە ئاۋايلاپ تاماكا توشقۇزدى-دە، چاقماق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئۆزى بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن دادامغا سۇندى. دادام غاڭزىنى ئېلىپ، ئوبدان ئىككى شوراپ خۇماردىن چىققاندەك بولدى-دە، ساپاغا ئوبدان جايلىشىپ كۆزلىرىنى سەل پۈرۈشتۈردى، شۇ ئارىلىقتا ئۇ مۇلايىم ۋە مېھرىبان كۆرۈنۈپ كەتتى، كۆتمەك قاشلىرىمۇ ئېچىلىپ كۆزلىرىنىڭ بايىقى سۈرۈن ۋە سوغۇق پارقىراشلىرىمۇ يوقالدى. دېگەنبىلەن يامان ئەمەس ۋاقىتتا كەپتىمەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇراد-مەقسىتىمگە يەتكۈدەكمەن، بەلكى تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئۆي ئىجارىسىدىن باشقا يەنە ئاز-تولا بىر نېمە قولۇمغا تېگىپ قالار!

يۇڭلۇق ئاق پىستە كۈچۈك — بىي بىي ئارقا تەرەپتىن كىچىككىنە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. قىز خوجايىنى رۇپىكمۇ ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا كىردى. رۇپىك شۇ ئاچامنىڭ چوڭ قىزى بولۇپ، مەندىن تۆت ياش چوڭ، تارتىنچاق ۋە غەلىتە مىجەزلىك

ئىدى . سىڭلىسى مىڭپىڭدەك چىرايلىق ۋە تېتىك ئەمەس ، كۆپ جەھەتلەردە ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز ئىدى . ناتونۇش ئادەملەر بىلەن پاراڭلىششقا پېتىنالمايتتى . زورىغا سۆزلىشىپ قالغۇدەك بولسا ، قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلاتتى ، ئۆزىنى ياساپ ـ تۈزەپ كەتمەيتتى . رەتلىك ، يارىشىملىق ، رەڭگىنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىم كىيىشنى بىلمەيتتى . شۇ تۇرىقىدا ئۇ توق يېشىل پاختىلىق چاپان ، چەيزە رەڭ شىم كىيگەن ، بويىنىغا رەڭدار گۈللۈك شارپا ئورىغانىدى . مۇشۇنداقلا كوچىغا چىقىدىغان بولسا ، خەقلەر ئۇنى چاكىچىلىلاردىكى كەمەك ھەيىيارنىڭ ئۆزى دەيتتى ! بىراق ، رۇپىڭ قانچىلىك تارتىنچاق ۋە ئىقتىدارسىز بولسۇن ، بۇ ئائىلىدە مېنى بىزار قىلمايدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭدا شۇ ئاچاملاردا تېپىلمايدىغان بىر نەرسە ـــ ئاق كۆڭۈللۈك بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئائىلىدە مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەيدىغان ياكى كەمسىتمەيدىغان بىردىنبىر ئادەممۇ شۇ ئىدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويىدى ، ئارقىدىنلا دادامنىڭ تىللىشىدىن قورققاندەك ئۇنىڭغا ئەيمىنىپقىنا قاراپ قويۇپ بوش ئاۋازدا :

ـــ ۋىيەي ، ھەممىڭلار بۇ يەردىكەنسىلەرغۇ ؟ ـــ دېدى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ، ـــ سېنىڭ كەلگىنىڭنى بىلمەي ئۇخلاۋېرىپتىمەن ، ئەجەب سوغۇققۇ . . . ھوي ، يېپىڭ تېخىچىلا يوپكا كىيىپ يۈرەمسەن ؟ مەن مۇنداق يۈرەلمەيمەن ، ھاۋا بەك سوغۇق .

ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئىرىنچەكلىك بىلەن كېرىلىپ ئەسنىۋىدى ، قولى ھۆل يوپكامغا تېگىپ كېتىپ چۆچۈپ تولغىنىپ تىتتى :

ـــ يوپكاڭ ھۆل بولۇپ كېتىپتىغۇ ، ئىچكىرىگە كىرىپ مېنىڭ يوپكامنى كىيىۋال !

ـــ بولدى ، ھازىرلا قايتىمەن ! ـــ دېدىم مەن .

بىبى بىبى قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە كېلىپ بېشىنى پاقالچىقىمغا سۈركىدى . مەن ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدىم ، ئۇ ئالدى پۇتلىرىنى ئىتتىكلا تىزىمغا ئالدى . ئۇ ئۇزۇن يۇڭلىرى توسۇۋالغان قاپقارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ، مەن ئۇنىڭ كۆزىنى يېپىپ تۇرغان يۇڭلىرىنى قايرىپ ، مۆل-

دۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆز قارىچۇقىغا قارىدىم . مەنمۇ شۇنداق ئوماق بىر پىستە كۆچۈكۈمنىڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم !

— بىبى بىبى بۇياققا كەل !

شۇ ئاچام تووۋلىۋىدى ، بىبى بىبى تىزىمدىن لىككىدە چۈشۈپ شۇ ئاچامنىڭ يېنىغا باردى . شۇ ئاچام ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ ، مۇنداقلا دېگەندەك ، بوش ئاۋازدا :

— قارا ، بايىلا يۈيۈپ قويساق ، يەنە لايغا مىلىنىپسەن ! — دېدى .

شۇ ئاچامغا مەنسىتمەسلىك بىلەن لاپپىدە قارىدىم . بۇ خوتۇن شۇنداق ئوچۇقلا ماڭا مۇشۇنداق بىمەنە گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن زەھەرىنى سانجىيتتى ، ئەمەلىيەتتە ماڭا ئازار بەرگىنىدىن تولاراق ئۆز چاۋىسىنى چىتقا ياياتتى . ئۇ شۇنداق تۇتامى يوق ، بەك چاكىنا خوتۇن ئىدى ، مەن ئۇشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمىدىم . دادام ساپاغايۆلىنىپ بەخىرامان تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى . تاماكىنىڭ تۇتۇنى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىلىپتەك تۈز قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ يوغان تۆشۈكلىرىدىن پۇرقىراپ چىقماقتا ئىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، دادام ياش ۋاقتىدا ئىنتايىن كېلىشكەنىكەن ، ھازىر ئۇنىڭ يۈزى سوزۇنچاق بولۇپ قالغان ، چېچىدىن تارتىپ قاشلىرىغىچە ئاقارغان بولسىمۇ ، ھەيۋىتىنى يوقاتمىغانىدى . ئۇنىڭ ئۆگى قوڭۇر بولۇپ ، ئەينى يىللاردا شەرقىي شىمالدا بۇنداق ئۆگلۈك ئادەم كۆپ بولمىغاچقا ، بۇ ئۇنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان . ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى « قارا قاپلان لۇجېنخۇا » دېيىشەتتى . شۇ چاغلاردا ئۇ جاھانغا پاتماي يۈرگەن داڭلىق شەخس ، چوڭ مىلتارىست ئىدى ، قارا قاپلان لۇجېنخۇا دېسە خەقلەرنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشەتتى . ئەمدىلىكتە بولسا بۇ «قارا قاپلان » قېرىغان ، ئۆز ۋاقتىدىكى ھەيۋىسى ۋە كۈچىنى يوقاتقان ، ساپادا ئولتۇرۇپ غاڭزىنى شورايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . بىراق ، "قېرىلىق ئۇنىڭ ئۆگىنى ، چۇس ، تىرىككەك مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى . مەن ئۇنى ھازىرمۇ جەڭ مەيدانىغا بارسا ، ياش ۋاقتىدىكىدەك باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ، دەپ ئويلايتتىم .

ئۇ رۇپىلىك ئىككىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپادا ئولتۇراتتى . ئۇ ماڭا ، ۋۇجۇدۇمدىن نېمىنىدۇر تاپماقچى بولۇۋاتقاندەك تىكىلىپ قارىدى . ئۇ ماڭا ، ۋۇجۇدۇمدىن نېمىنىدۇر تاپماقچى بولۇۋاتقاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى . مەن سەل تەشۋىشلەندىم ، چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن پۇل سوراش ئۈچۈن نېمە دەپ ئېغىز ئېچىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتىم . بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىممۇ شۇ ئىدى .

— دادا ، — مەن ئاخىر ئېغىز ئاچتىم ، — بۇ ئايلىق خىراجىتىمىزنى بېرەرسىزمۇ ؟ ئاپام مېنى شۇنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . يەنە ئۆي ئىجارىسىمۇ بار ، ئىككى ئايغا قەرز بولۇپ قالدۇق .

دادامنىڭ پۈرۈلگەن كۆزلىرى چىرايىمغا تىكىلدى ، قويۇق قاشلىرى سەل تۈرۈلدى ، چىرايىدا مەسخىرىلىك سوغۇق تەبەسسۇم پەيدا بولدىيۇ ، شۇئان يوقالدى . ئۇ سۆزۈم ئاخىرلاشماستىنلا بۇرۇلۇپ شۆ ئاچامغا :

— شۆچىن ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى تەييارلاپ قويغانمىدىڭ ؟ — دېدى . ئاندىن نەزەرىنى يەنە ماڭا يۆتكىدى ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا تىكىلگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — پۇلنى دېمىسەڭ ، بۇ يەرگە كەلمەيتتىڭغۇ دەيمەن ؟

مەن كالپۇكۇمنى چىشلەپ لام ـ جىم دېمەي دادامغا قاراپ تۇردۇم ھەمدە ئىنتايىن ئاچچىقىم كەلدى ، ئۇ نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغاندۇ ؟ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پۇلدىن باشقا يەنە نېمە مۇناسىۋەت بولسۇن ؟ توغرا ، پۇلنى دېمىسەم مەن بۇ يەرگە دەسسىمەيمەن . چۈنكى بۇ يەردە مېنى ھېچكىم قارشى ئالمايدۇ . بۇ ھالەتنى مەن پەيدا قىلغانمىدىم ؟ ئۇ ، نېمە ئۈچۈن مەندىن بۇنى سورايدۇ ؟ بۇنى سوراشقا ئۇنىڭ نېمە ھەققى بار ؟ شۆ ئاچام كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا قاراپ قويۇپ رۇپىگىنى بۇيرۇدى :

— رۇپىلىك ، كىرىپ تارتمىدىكى 800 كوينى ئاچىق !

رۇپىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ پۇلنى ئاچىقىلى كىرىپ كەتتى . مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم . 800 كوي ! بۇ پۇل نېمىگە دال بولار ؟

— قاراڭ دادا، — دېدىم ئۆزۈمنى تۇتالماي، — بىز ئىككى ئاي-لىق ئۆي ئىجارىسىگە قەرز بولۇپ قالدۇق. يەنە سوزىۋەرسەك قاملاش-مايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سوغۇق چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. قىشلىق كىيىم قىلىۋالمىسام بولمايدۇ، چاغانمۇ كېپقالدى، ئاپام بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا كىيگەن دۇخاۋا كەمزۇلى بىلەنلا قالدى، مۇزلاپ كۆكىرىپلا يۈرىدۇ... مەنمۇ بىرەر قۇر كىيىم قىلمىسام بولمايدۇ... دادا، مۇمكىن بولسا كۆپ-رەك پۇل بەرسىڭىز! — مەن بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ تىلەمچىلەرچە تەلەپپۇزۇمدىن ئىزا تارتىپ كەتتىم.

— ساڭا قانچىلىك پۇل كېرەك؟ — دەپ سورىدى دادام كۆزىنى قىسقان پېتى.

— 2500 كوي! — دېدىم مەن غەيرىتىمگە ئېلىپ، دادامدىن بىر يولىلا مۇنچە كۆپ پۇل سوراپ باقمىغانىدىم.

— يىپىڭ، يىگىت تاپقان ئوخشىمامسىز؟ — شۆ ئاچام توساتتىن گەپ قىستۇردى ۋە دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى.

مەن تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشە-نەلمىدىم، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىگىت تاپقانلارنىڭ ئۆزىنى ياسىغۇسى كېلىدۇ. بىزنىڭ رۇ-پىك كونا پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ يۈرىدۇ. يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىڭلار دېمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىيىم قىلماقمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار. بىز ئاپىڭىزغا ئوخ-شاشمايمىز. سىز يالغۇز قىز، قولىدىكى ئازغىنا پۇل بىلەنمۇ سىزنى قانداق كىيىندۈرەمەن دېسە شۇنداق كىيىندۈرەلەيدۇ، لېكىن بۇ ئۆيدە تۆت بالا بار! رۇپىڭنىڭمۇ تۈزۈك كىيىمى يوق، ھېلىمۇ ياخشى يىگىت تاپمىدى، زىغىرلاپمۇ كەتمەيدۇ، بەكمۇ ھالغا يېتىدۇ.

مەن بۇنىڭغا بىردەم جىممىدە قاراپ تۇردۇم، شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىمكى، تىللاشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەمگە ئېغىزنى ئۇپراتمىغان ياخشى ئىدى. بەزىلەر نەشتەردەك تىكىلىپ يۈرەككە تىلدىن بەك سان-جىلىدۇ، دېگەندەك، ئۇ قاتتىق تىكىلىپ قارىشىمدىن ئەيمەندى، ھىجە-

يېشى شۇئان يوقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى غەزەپتىن قىزىرىش ئىگىلىدى . مەن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ، نەزەرىمنى دادامغا يۆتكى-دىم ، دادامنىڭ چىرايىنى سوغۇقلۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىك قاپلىغانىدى .

— بولامدۇ ، — دېدىم مەن .

— 2500 كوي پۇلنى مەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس ، دەپ قارايدىغان ئوخشايسەن - ھە ، — دېدى دادام كۆزىنى ئېچىپ .

— ئۇنداققۇ دېمەيمەن ، بىراق سىز ئېرجىيېغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرگەن يەردە ، بىزگىمۇ ھېچ قىسىلمايلا 2500 كوينى بېرەلەيسىز ! — مەن ئويلانمايلا بۇ گەپنى دەپ سېلىپ ، ئۆزۈمنىڭ قاتتىق خاتا قىلغانلى-قىمنى شۇئان سەزدىم . دادامنىڭ قوشۇمىسى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەل-گۈدەك تۈرۈلدى ، ئۇنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاننىڭكىدەك دەھشەت يېغىپ تۇر-غان كۆزلىرىدىن بۇگۈن ھەرگىز پۇل ئالالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم .

— ئۆز پۇلۇمنى خالىغىنىمچە ئىشلىتىشكە ھەقلىقمەن ، — دېدى دادام تەرىنى تۈرۈپ ، — سېنىڭ مېنى ئەيىبلەشكە ھەققىڭ يوق ، مەن كىمگە نېمە ئېلىپ بەرگۈم كەلسە ، شۇنى ئېلىپ بېرىۋېرىمەن ، بۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ !

شۇ ئاچامنىڭ ئاپئاق چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى . ئېرج-يېمۇ يىغلاشنى ئۇنتۇپ قالدى .

— ھوي ، دادا ، — مەن ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ خاتالىقىم-نىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى بولدۇم ، — ئۆي ئىجارىسىنى بېرىۋەتمىسەك زادى بولمايدۇ . مۇشۇ ئايدىمۇ تاپشۇرالمىساق ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ، دادا ، بىزنى ماكانسىز قىلىپ قويماڭ !

— بۇ ئايدا قولۇم قىسقىراق ، ئارتۇقچە پۇل يوق ، ھازىرچە 800 كوينى ئېلىپ تۇرغىن ، قالغىنىنى چاغانغا يېقىن كېلىپ ئال ! — دېدى دادام ئاغزىغا توشقان ئىسنى بىراقلا پۈۋلەپ .

— چاغانغىچە تەخىر قىلالمايمىز ، — دېدىم مەن بىرئاز دىققەت بولۇپ ، يۈرىكىمگە توساتتىن غەزەپ ئوتى تۇتاشتى ، — ئەمىسە ئاپام ئىككىمىز گالنى بوغۇپ قويۇپ يېمىسەك بولغۇدەك !

— بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ ، — دېدى دادام سۇرلۇك قىياپەتتە تۇرۇلگەن قاپقارا ، قويۇق قاشلىرى قاپقى ئۇستىگە ساڭگىلىدى ، بۇ ئەپتىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى ، — ھازىر ئارتۇقچە پۇلۇم يوق ، بار - يوقى مۇشۇ 800 كوي ، تېجەپ ئىشلەتسەڭلار ئانا - بالا ئىككىڭلارغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ ؟ شۇنچە كۆپ پۇلنى نېمە قىلىسىلەر ؟

شۇ ئاچام كۆلۈپ كەتتى ۋە ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ لوقما سالدى :

— ئاپىڭىزدا نۇرغۇن زىبۇزىنەت بارغۇ ؟ تويىڭىزغا ئاتاپ پۇل يىغىۋاتمايدىغاندۇ ؟ ھەر ھالدا ئاپىڭىز سىزگە ئازراق بولسىمۇ پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويغاندۇ ؟ ئاپىڭىز تۇرمۇشقا پۇختا ، ماڭا ئوخشاش ھەركۈنى نەرسە - كېرەكلىرىنى سېتىپ تۇرمۇشنى قامدىمايدۇ !

مەن شۇ ئاچامغا ئالايدىم . توۋا ، دادام نېمىشقا ئۇنىڭ چاكىنا ۋە دۇنياغا تويمايدىغانلىقىنى بايقىيالمايدىغاندۇ ! مەن قايناپ تۇرغان قېنىمنى ۋە پارتلاي دەپ تۇرغان ئاچچىقىمنى زورىغا بېسىپ ئۆزۈمگە ھاي بەردىم - دە :

— مېنىڭ بېشىمغا رۇپىلك بىلەن مېڭىپىڭىزغا ئوخشاش بەخت قۇشى قونمىغانىكەن ، ئۆيدىن قولىمىزغا ساتقۇدەكلا نەرسە چىققان بولسا ، بۇ يەرگە كېلىپ دادامنى تەڭلىكتە قويمىغان بولاتتىم ! — دېدىم سوغۇققىنا .

— ۋىيەي ، ئەجەب شور تۇمشۇقكەنسىز ! — دېدى شۇ ئاچام ھىجىيىپ ، — ئاپىڭىزنىڭ سىزنى پۇلغا ئەۋەتىشىدە گەپ بار ئىكەن - دە ! گېپىڭىزنى قاراڭ ، دادىڭىزنىڭ بەرگۈدەك پۇلى بولمىغاندا ، دادام بىزنى خارلىدى دېيىشتىن يانمايدىكەنسىز - دە !

رۇپىلك ئىچكەركى ئۆيدىن بىر تاتازا پۇلنى ئاچىقىپ شۇ ئاچامغا بەردى - دە ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ، ئەسلى ئۇنى يامان كۆرمەيتتىم ، شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغىمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى . چۈنكى ئۇنىڭ قولىدىكى ئالېكساندىر كۆزلۈك ئۈزۈك چىراغنىڭ يورۇقىدا جۇلا-

www.uyghurkitap.com

لىنىپ تۇراتتى ، پاھ ، ھەشەمەت ۋە دۆلەت دېگەن مانا ! مەن بولسام ئۆيىنىڭ ئىجارىسىگە بېرىدىغان ئازغىنا پۇل ئۈچۈن جان قىينىماقتىمەن.

شۇ ئاچام پۇلنى دادامغا بېرىپ ، كۈلگەن ـ كۈلمىگەنىنىڭ ئارىلىقىدا :

— جىنىخۇا ، بۇنى ئۆزىڭىز بېرىڭ ، ئۇنىڭ ئالغۇسى يوقتەك تۇرىدۇ ! — دېدى .

— زادى ئالامسەن ـ يوق ؟ — دېدى دادام تاقەتسىزلىك بىلەن تەھدىت ئاھاڭدا .

— دادا ئارتۇق بېرەلمەمسىز ؟ ھېچبولمىغاندا ئۆي ئىجارىسىگە 1000 كوي بەرسىڭىز قانداق ؟ — دېدىم مەن غەزىپىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئىمكانقەدەر سىلىق سۆزلەپ . مەن بۈگۈن قۇرۇق قول قايتسام پەقەت بولمايتتى ، ئائىلىمىزدە نۇرغۇنلىغان ئىشلار مۇشۇ پۇلغا قاراشلىق ئىدى .

— گېپىم شۇ ، — دېدى دادام تەرىنى تۈرۈپ جىددىي قىياپەتتە ، — تىلىڭنى قانچە ئۇپراتقىنىڭ بىلەن بىكار ، پۇل لازىم بولسا بۇ 800 كوينى ئېلىپ يولۇڭغا ماڭ ، ئالمىساڭ بوپتۇ ، سەن بىلەن دەتالاش قىلغۇدەك ۋاقتىم يوق !

— دادا ، — مەن كۆز يېشىمنى كۈچەپ توختىتىۋالدىم ، — ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىسەك تالادا قالىمىز ، سىز دادام بولغاچقىلا ، سىزگە يىلىنىۋاتىمەن !

— دادام ؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — دادىڭ ساڭا قەرزدار ئەمەس ! قەرز سورىغۇچىمۇ ساڭا ئوخشاش كانىدەك يېپىشىۋالمايدۇ ! پۇل بولمىسا سېھىرگەرگە ئوخشاش سېھىر بىلەن پۇل چىقارغىلى بولامدۇ ؟ ماۋۇ پۇلنى ئالامسەن ـ يوق ؟ ئالمىساڭ كۆزۈمدىن يوقال ! ئاپاڭغا ئوخشاش ۋالاقتەككۈر بىرنېمە بوپسەنغۇ ، كۆزۈمدىن يوقالغىنا !

ساپادىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ، قىزىغان قېنىم مېڭەمگە چىقتى . باياتىن زورىغا بېسىپ تۇرغان غەزىپىم كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پارتلىدى ، ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئادەمگە — ماڭا ئاتا بولغۇچىغا يەۋەتكۈدەك تىكىلدىم ! ئەقىل ـ ئىدرىكىمنى يوقاتتىم ، تىلىمنىمۇ يىغىش-

تۇرالماي قالدىم :

— مەن سىنىڭ ئالدىڭغا تىلەمچىلىك قىلىپ كەلگىنىم يوق ! مېنى بىقسىپ چوڭ قىلىش سىنىڭ مەجبۇرىيىتىڭ ، ئۆز ۋاقتىدا خارىبىندا ھوقۇقۇڭغا تايىنىپ ئاپامنى مەجبۇرلاپ ئالمىغان بولساڭ ، بىزمۇ بۇنداق كۆزۈڭگە كىرىۋالمىغان بولاتتۇق . مەن سىنىڭدىن تۆرەلمىگەن بولسام ، ساڭمۇ ئوبدان بولاتتى !

ئاۋازىم بۆلەكچىلا چىلىق چىقتى ، سۆزلىرىم خۇددى قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك كەينى — كەينىدىن تۆكۈلۈپ چىقماقتا ، ئۆمرۈمدە بىر-كىمگە گەپ ياندۇرۇپ باقمىغاچقا ، دادامغا گەپ ياندۇرغۇدەك جۈرئەتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىغا ئۆزۈممۇ تاڭ قالدىم . دادام قەددىنى رۇسلاپ ، قىڭغىر چىشلىگەن غاڭزىسىنى قولىغا ئالدى ، پۇلنى شىرەگە قويدى ، چەكچەيگە كۆزلىرى ھېلىلا ئوت چاچىدىغاندەك ماڭا قادالدى ، بۇ كۆزلەر ماڭا ئۇنىڭ « قارا قاپلان لۇجېنخۇا » دېگەن لەقىمىنى ئەسلەتتى . شۇنداق ، ئۇ قاپلاننىڭ ئۆزى ، ئاشۇ كۆزلەر ، ئاشۇ ئەلپازى بەئەينى قاپلاننىڭ ئۆزى ! ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى قاتتىق يىمىرىلگەن ، چىشلىرى كىرىشكەنىدى ، ئىغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى يوغان بۇرنىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ بىرھازاغىچە ماڭا تىكىلىپ گەپ قىلماي تۇردى . تارمۇشتەك ئەمما جىنى بار قوللىرى ساپاننىڭ يان يۆلەنچۈكىنى مەھكەم تۇتقان ، قولىنىڭ دۈمبىسىدىكى كۆك تومۇرلىرى كۆپكەنىدى . مەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقىمنى چۈشەندىم ، تەجرىبەمگە ئاساسەن ، ئەمدى بىر ئىشنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى بىلدىم . مەن ياۋۇز قاپلاننىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدىم !

— نېمە دېمەكچىسەن ؟ — دەپ سورىدى دادام ماڭا تىكىلگىنىچە ، بوش ئەمما ۋەزنىلىك ئاھاڭدا .

رۇپىڭنىڭ يوپكامنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ ، بۇ ھالەتنى ئوڭشاشنىڭ ئىلاجىسىنى قىلىشقا بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدىم . مېڭىپ جىددىيلىشىپ تۆكۈلگىنىچە ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قالغانىدى . مەن بىرئاز بوشاپ قالدىم ، دادام كىشىنى چۆچۈتكۈدەك قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى

— ئېيتە ! نېمە دېگىنىڭ بۇ

مەن چۆچۈپ كەتتىم ، شۆپمەكچى ئەمەسمەنلىك خاتا تۆرۈلۈپ ھەجىيىپ ئۆلتۈرگىنىڭغا كۆزۈم چۈقالغىنىمدىن باشقا ڭناھىم بار ! باشقا تۈگۈلۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدىم ، بۈگۈنكىدەك گە ئوخشاش ئۆز ئالدى ، مەن قورقۇشنى ، ئالدىمدا ؟ ئۈچار قاناتلار ، ؟رمۇ ئۆز بالىسغا رىدىغان چوڭ مىلىتارىست تۇر ھەممىنى تېشلاي يوق دېسەممۇ بولىدۇ. تاپىلغانلىرىنى ئۇنتۇدۇم ، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم ! پەقەت ئېچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرد - ئەلەم زەردابىنىڭ تېشلاي دەۋاتقانلىقىنى سەزدىم . بېشىمنى ئېگىز كۆتۈردۇم - دە ، ئۇيىلاپ ئولتۇرمايلا ئۆيىنى بېشىمغا كىيدىم :

— باشقا بىرنېمە دېمەكچى ئەمەسمەن ، مېنىڭ خاتا تۆرۈلۈپ لۈجېنخۇانىڭ قىزى بولۇپ قالغىنىمدىن باشقا نېمە گۇناھىم بار ! باشقا بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسام ، بۈگۈنكىدەك تىلەمچىگە ئوخشاش ئۆز دادامغا يىلىنمىغان بولاتتىم ! ئۈچار قاناتلار ، ھايۋانلارمۇ ئۆز بالىسغا غەمخورلۇق قىلىشنى بىلىدۇ . مەن سىزدەك دادىنى يوق دېسەممۇ بولىدىكەن ! دادا ، سىزدە ئىنسانىي خىسلەت دېگەن بارمۇ ؟ ماڭىغۇ مېھىر - شەپقىتىڭىز يوق بولسۇن ، ئۆز ۋاقتىدا ئاپامغا مەجنۇنلارچە كۆيگەنىكەنسىز ، مىڭ تەسلىكتە قولغا كەلتۈرۈپتىكەنسىز ، ئەمدىلىكتە قىلچىمۇ . . .

دادام ساپادىن تۇرۇپ كەتتى ، ئاغزىدىكى غاڭزىمۇ يەرگە چۈشتى ، ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ قاپلاننىڭكىدەك كۆزلىرىدە رەھىمسىزلىك ئوتلىرى ياناتتى ، غەزەپتىن يۈزى ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ھالدا تارتىشىپ كەتتى . چېكىسىدىكى كۆك تومۇرلىرى توختىماي لىپىلدايتتى ، ئۇ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئالدىمغا كەلدى .

— سەن كىم ؟ ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭ ؟ — دەپ ھۆركىرىدى دادام ، — 68 ياشقا كىرىپتىمەن ، بۇ كەمگىچە ماڭا تەنبىھ بەرگۈدەك ئادەم چىقمىغان ! ئېرجىپ ، ماڭ ! ئارغامچا

ئەكەل !

مەن ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم ، ئەمما ساپاغا تۇسۇلۇپ توختاشقا مەجبۇر بولدۇم . خۇشاللىقىدا كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئېرجىپ ئارغامچا ئىزدەشكە ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى ، دادامنىڭ مېنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم ، ئۇ مېنى باغلاپ قويامدىغاندۇ ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرەمدىغاندۇ ؟ مېنى بىرئاز سۈر باستى . ساپادا ئولتۇرغان رۇپىگىنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترىمەكتە ئىدى ، ئۇنىڭ تەسرىدىن ساپامۇ سىلكىنمەكتە ئىدى ، بۇ ھال مېنىڭ جاسارىتىمگە تەسىر قىلماي قالمىدى ، لېكىن غەزەپ دەستىدىن كالاممۇ ئىشلىمەي قالدى ، جېنىمنى ئېلىپ قېچىشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى ، ئېرجىپ ئارغامچا كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى ، دادام ئارغامچىنى ئېلىپ ماڭا يېقىنلىدى ، ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ غەزىپىم تاشتى :

— سەن ماڭا قول تەگكۈزەلمەيسەن ! قول تەگكۈزىدىغان سالاھىيىتىڭمۇ يوق ! ئاپام ئىككىمىزنى ئائىلەڭدىن قوغلاپ چىقارغىنىڭغا شۇنچە يىللار بولدى ، ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلمىدىڭ ، شۇڭا ، مېنى باشقۇرىدىغان ھەققىڭمۇ يوق . . .

— شۇنداقمۇ تېخى ؟ — دېدى دادام چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئاندىن ئارغامچىنى تۆت قاتلاپ قامچا قىلدى ـ دە ، ئېگىز كۆتۈرۈپ تولۋلىدى ، — قېنى مېنىڭ قول تەگكۈزەلمىگىنىمنى كۆر !

ئۇ « قامچا » نى بېشىمدا پۇلاڭلاتتى ، رۇپىك قورققىنىدىن سىڭلىسى مېگىپىگىنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى . مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋىدىم ، قامچا كېلىپ يەلكەمگە تەگدى ، ئۇچامدا قىسقا پەلتو بولغاچقا ئانچە ئاغرىمىدى . لېكىن ، قەلبىمدىكى غەزەپ دولقۇنى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى ، مەن كوچۇمنىڭ بارىچە توۋلاپ تىللىدىم :

— سەن يالماۋۇز ! ئىنسان قېلىپىدىن چىققان يالماۋۇز ! مېنى ئۇرالايسەن ، چۈنكى مەن بىر ئاجىز ناتىۋان . لېكىن بۇ تاياق يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ ، بۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن ! ئاخىر پۇشايمان قىلىسەن ! تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسەن ! تېگىشلىك جازايىڭنى تار-

تىسەن . . .

— قېنى ئىنتىقام ئالغىنىڭنى كۆرەي ! بۇگۈنلا دۇمبالاپ جېنىڭنى ئالمىسام خەپ !

دادامنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن تەڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان « قامچا » بېشىم ۋە بەدىنىمگە مۆلدۈردەك تاراسلاپ تەگكىلى تۇردى . ھەر-قانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى بۇ زەربىدىن قاچۇرالمىدىم ، بىرنەچچە « قامچا » يۈزۈمگىمۇ تېگىپ كەتتى ، ئاغرىق دەستىدىن ، بولۇپمۇ غەزەپ دەستىدىن كۆزۈمدىن ياش قۇيۇلدى . جان ئاچچىقىمدا ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ دادامنى تىللاپ كەتتىم ، ئاخىر دادام پۇخادىن چىقتى بولغاي ، توختاپ قامچىنى تاشلاپ زەردە بىلەن :

— ئەدىپىڭنى بېرىپ قويمىغۇچە ، داداڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەي-دىكەنسەن !

مەن چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىمنى سىيپاپ ئۆگزىشىغاندىن كې-يىن ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ دادامغا تىكىلىپ تۇرۇپ :

— دادىسى بار ئادەم مەندەك بولامدۇ ؟ مۇنداق دادىنىڭ باردىن يوقى ياخشى !

دادام ساپادا ئولتۇرۇپ ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن غاگزىسىنى ئالدى ۋە ماڭا قاراپ قويدى . ئۇنىڭ غەزىپى تارقالغانىدى ، ئۇ شىرەدىن 800 كوينى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى :

— ھازىرچە بۇنى ئېلىپ قايت ، ئەتە كەچتە كەل ، 1500 كوي بېرەي ، ئۆي ئىجارىسى ۋە كىيىم - كېچەككە ئىشلىتىڭلار !

توۋا ، ئەجەب ئۇرۇپ بولۇپلا ئۇنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ كەتتىغۇ ؟ مەن سەل ئەقىللىق ياكى بوشاڭلاردىن بولغان ، بىر قېتىملىق قامچا يې-يىش بەدىلىگە 2300 كوينى ئۇندۇرۇۋالغان بولسام كاشكى . ئەپسۇس مەن بىرگە بىر تۇرىدىغان كاجلاردىن بولۇپ قاپتىمەن . مەن پۇلنى ئېلىپ دادام بىلەن شۇ ئاچامغا قارىدىم . شۇ ئاچامنىڭ خۇشاللىقتىن گۈلقەقە-لىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى ! مەن قەددىمنى رۇسلاپ ، دانىمۇدانە قىلىپ :

— بۈگۈندىن باشلاپ مەن سەن لۈجېنخۇانىڭ قىزى ئەمەس !

چۈچۈرىنى خام سانىما ، 2300 كوي پۇل بىلەن ئۈچمەنلىكنى يوقاتقىلى بولمايدۇ ، ئەمدى سىنىڭ پۇلۇڭنى ئالمايمەن ! مەن سىنى پىتنىكىمگە تەڭ قىلمايمەن ، ھەممىڭنى پىتەك قىلمايمەن ! ئەمما ، ئىنتىقامىمنى ئالماي قويمايمەن ! ئېلىشە ، بۇ سېسىق پۇللىرىڭنى ! — دېدىم - دە ، قولۇمدىكى پۇلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شۇ ئاچامنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان يۈزىگە زەرب بىلەن ئاتتىم ، پۇللار شۇ ئاچامنىڭ يۈزىگە تېگىپ ، چېچىلىپ يەرگە چۈشكەندە خۇشال بولۇپ كەتتىم ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى كۆزىگە كۆرسەتتىم . شاققىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ ، ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتىم . ھويلىدا تالادىن كىرىۋاتقان ئېرخاۋغا ئۇسۇۋالدىم ۋە ئۇنى كۆچۈمنىڭ بارىچە ئىتتىرىۋېتىپ دەرۋازىغا يۈگۈردۈم .

تاشقىرىدىكى قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇر تەسىر قىلغاندىلا ، بايىقى ئاچچىقىمدا كۆنلۈكنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى بىلدىم ، ئۆيگە يەنە كىرىپ كۆنلۈكنى ئاچىقىشقا گەدىنىم قويمىدى . تامغا يۆلىنىپ پۇل ئېلىپ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپامنى ، ئۇنىڭ سەممىي ۋە مىسكىن قىياپەتتە « پۇل ئالالىساڭ رىكشىغا چۈشۈپ كەل ! » دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم ، بۇرنۇم ئېچىشىپ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى . ئىچكىرىدىن ئېرخاۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— نېمە ئىش بۇ ؟ ھويلىدا يېپىلڭ ئۇچراپ قالدى ، ئۇ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلغان پېتى چىقىپ كەتتى !

— نېمە بولسا بولمامدۇ ! دېمىسىمۇ بىر يىرتقۇچ ئۇ ! — دېدى شۇ ئاچام چىرقىراق ئاۋازدا غەزەپ بىلەن ، ئاندىن يەنە توۋلىدى ، — ئالەن ! ئالەن ! كىرىپ يەرنى سۈرتۈۋەت ! ھەر قېتىم ئۇ كەلسە خۇددى لايدىن چىققان قانجۇقتەك جىمى يەرنى بۇلغايدۇ !

مەن بۇ قوش قاناتلىق قىزىل دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە قاتتىق قەسەم بەردىم : « بۇنىڭدىن كېيىن ئېپىنى كەلتۈرۈپ ، بۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەمدىن ئىنتىقام ئالىمەن ! »

كالتە پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈردۈم - دە ، يېغىۋاتقان قاتتىق

يامغۇرغا قارىماي ئۆيگە ماڭدىم ، يامغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 2

ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇرەمگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىمنى چىرايلىق تاراپ يېشىل لېنتا بىلەن چىگىۋالدىم ، ئازراق ئۇپا سۈركىدىم . ئاپام شۇنداق ياسانساڭ سىپايە كۆرۈنىسەن ، دەيتتى . مەنمۇ بۇ كۈنلەردە كىشىلەردە سىپايە تەسىر قالدۇرۇشقا موھتاج ئىدىم . بۈگۈن خىزمەت ئىزدەشكە باشلىغىنىمنىڭ بەشىنچى كۈنى . بۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىمنى خىزمەت ئىزدەش دېگەندىن كۆرە ، كۆرۈنگەن يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈش دېگەن تۈزۈك ئىدى ! چۈنكى مەن قىرقنۇۋېلىنغان بىر قاتلام گېزىتنى كۆتۈرۈۋېلىپ يېغىۋاتقان يامغۇرغىمۇ قارىماي ، نەچچە قېتىم ئاپتوبۇس ئالماشتۇرۇپ ، كوچىمۇ كوچا قاتراپمۇ بارغانلا يېرىمدىن تەلپىكىم سۇغا چىلاشقان ھالدا قايتقانىدىم . بۈگۈنمۇ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ . شۇنداقتىمۇ بېرىپ سىناپ باقماي بولمايتتى . قولۇمدا بۈگۈنكى گېزىتكە بېسىلغان ئادەم ئېلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە ئېلان بار ئىدى . بىرىنچىسى ، بىر شەخسىي دوختۇرخانىغا سېستىرا ئالماقچىكەن . ئىككىنچىسى ، نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر ژۇرنالنىڭ رېداكسىيىسىگە ياردەمچە تەھرىر ئالماقچىكەن . ئۈچىنچىسى ، ×× شىركەتكە قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن قىزلاردىن بىرنەچچە نەپەر خىزمەتچى ئالىدىكەن .

ياسىنىپ ـ تارىنىپ بولغىنىمدا ئىشىك غىچچىدە ئېچىلىپ ، ئاپام ماي قەغەزدىن ياسالغان بىر كۈنلۈكنى كۆتۈرگەن پېتى ئىشىكتىن كىرىپ سۇپىغا چىقتى ۋە تاتىراڭغۇ چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ مۇنداق دېدى :

— ھوي ، يېپىڭ ، جىن خانىمدىن ساڭا كۈنلۈك ئارىيەت ئە-

كەلدىم ، يامغۇردا قاتراپ يۈرۈپ ئاغرىپ ـ تارتىپ قالساڭ تېخىمۇ ئاۋا-رىچىلىككە قالىمىز ! توپلىيالىغىنى يامىتىپ قويدۇم . . . دوقمۇشتىكى بوۋاي ئىش ھەققىنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز ، دېدى ، ئۇ . . . ھەقد-قەتەنمۇ ياخشى ئادەم .

ئاپامغا قارىغاندىم ، چىرايى بۆلەكچىلا تاتىرىپ كېتىپتۇ ، مەن تەشۋىشلىنىپ سورىدىم :

ـــ ئاپا ، ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟

ـــ ياقەي ، ناھايىتى ئوبدان تۇرىمەن ، ـــ دېدى ئاپام زورىغا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ . ئۇنىڭ باش ئاغرىقى يەنە قوزغالغانلىقىنى پەملى-دىم . ئاپام سۈپىدىكى كارىۋاتىنىڭ يېنىغا سېلىنغان يولۋاس تېرىسىدە ئولتۇردى ، بۇ يولۋاس تېرىسىنى شىمالدىن ئەكەلگەنىدۇق ، ئەسلى بۇ يەتتە پارچە بولۇپ ، ھازىر مۇشۇ بىرىلا قالغانىدى . ئاپام دائىم بۇ تېرىنى ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلاتتى ، قىشلىق كىيىمى يېلىڭ بولغاچقا ، سوغۇق چۈشكەندە ، تېرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى بوينىغا يۆگىۋالاتتى . بۇ كىچىككىنە ئىككى ئېغىز كونا ئۆيىمىزدە بىزنىڭ ئىلگە-رىكى ئاسايىشلىق تۇرمۇشىمىزدىن مۇشۇ يولۋاس تېرىسىدىن باشقا ھېچ بەلگە قالمىغانىدى .

ـــ ئاپا ، مەن قەرزگە ئاز ـ تولا پۇل تېپىپمۇ قالارمەن ، چۈشتە مېنى تاماققا ساقلاپ ئولتۇرمىغىن . كەچلىك تاماقتىمۇ ساقلىمىغىن . فاڭ يۈنىڭ يېنىغا بېرىپ ئامال قىلىپ كۆرەي ، ـــ دېدىم . فاڭ يۈ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ۋە ياخشى دوستۇم ئىدى .

ئاپام ماڭا قاراپ بىرپەس تۇرۇۋېلىپ :

ـــ قەرز ئالالىغان تەقدىردىمۇ قايتۇرالماسمىزمىكىن ، ـــ دېدى .

ـــ خىزمەت تاپسام‌لا قايتۇرۇۋېتىمىز ، ـــ دېدىم مەن ، ـــ ھەي ، مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ماشىنكىدا خەت بېسىشنى ئۆگىنىپ قويغان بولسام ، بىر ھۈنەرگە ئىگە بولار ئىكەنمەن ، ھازىر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈش دىپلومىغا ھېچكىم كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىكەن .

مەن كۆنلۈكنى ئالدىم ـ دە ، ئايىغىمنى كىيدىم ، سىرتقا چىقسام

www.uyghurkitap.com

هاۋا تۇتۇق، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر توختار ئەمەس، ئۆينىڭ لەمپىسىدىن يامغۇر تامچىسى چىپىلداپ چۈشمەكتە. ئاپام كەينىمدىن دەرۋازىغىچە بىللە كېلىپ، مەن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى ياپتى ۋە كوچىغا چىققىنىمدا:

— بالدۇرراق قايتىپ كەل، هايال بولۇپ قالما! — دېدى.

ئاپامغا قاراپ بېشىمنى لىڭشىتتىم - دە، كۆنلۈكنى يېيىپ يۈرۈپ كەتتىم. ئاۋۋال هېلىقى شەخسىي دوختۇرخانىغا بېرىش قارارىغا كەلدىم، ئۇ دوختۇرخانا نەنچاڭ يولىنىڭ بىر كوچىسىدا ئىدى. يانچۇقۇمدىكى تۆت كويلا پۇلنى تېجەش ئۈچۈن، ئاپتوبۇسقىمۇ چۈشمەي پىيادە ماڭدىم. نەنچاڭ يولىغا بېرىپ بىرهازا ئىزدەپ بۇ كوچىنى ئاران تاپتىم. بۇ، قاراڭغۇ ۋە تار، ھەممىلا يېرى پاتقاق بىر كوچا ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سوۋۇپلا قالدى، پۇتلىرىم لاي بولۇپ كەتتى، ئاخىر دوختۇرخانىنى تاپتىم. دوختۇرخانا بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ ئۆي بولۇپ، ئىشىكىدە قىيسىق ئېسىقلىق مۇنداق بىر ۋىۋىسكا تۇرۇپتۇ:

> فۇئەن دوختۇرخانىسى — ياپونىيەدە ئوقۇغان دوكتور لىن ×× مەخسۇس
> تاناسىل، سۆزنەك، شەنكىر، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىق، بويىدىن
> ئاجراش كېسەللىرىنى داۋالايمەن.

ۋىۋىسكىنىڭ يېنىغا چاپلانغان بىر پارچە قىزىل قەغەزگە خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يوچىركىسىدەك مايماق - سايماق يېزىلغان «بىر نەپەر پراكتىكانت سېسترا قوبۇل قىلىنىدۇ، جاپاغا چىداپ ئىشلىگۈچىنىڭ ئوقۇش تارىخى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دېگەن خەتلەر تۇرۇپتۇ. بېشىمغا يەل يېغىپ كىرىشكىمۇ پېتىنالمىدىم - دە، ئىتتىك بۇرۇلۇپ كەينىمگە ياندىم. بىرىنچى پۇرسەت شۇ يوسۇندا يوققا چىقتى! بۇ دوختۇرخانا ھەققىدە ئېلان بېسىلغان گېزىتنىڭ قىرقىۋېلىنغان پارچىسىنى يول بويىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ، بۇ پاتقاق كوچىدىن يېنىپ چىقتىم. سائىتىمگە قارىسام ئون بىرگە يېقىنلاپ

قاپتۇ .

قالغان ئىككى ئورۇنغا بىرىشقا توغرا كەلدى . ئاۋۋال خاڭجۇ جەنۇبىي يولىدىكى ھېلىقى ژۇرنال رېداكسىيىسىگە باراي ، دېدىم ۋە پىيادە ماڭدىم . خاڭجۇ جەنۇبىي يولىغا بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇيان ــ بۇيان ئايلىنىپ يۈرۈپ ژۇرنال رېداكسىيىسىنى ئاران تاپتىم ئۇمۇ بىر تار كوچىدىكى ياغاچ بىنا ئىكەن . ئىشىكىگە ئاسقان ۋىۋىسكىغا « شەرقىي جەنۇب ژۇرنىلى رېداكسىيىسى » دېگەن خەتلەر ئىنتايىن چىرايلىق يېزىلغانىكەن .

راستىنى ئېيتسام ، شەرقىي جەنۇب ژۇرنىلى دېگەننى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم . لېكىن ، ۋىۋىسكىدىكى ھەيۋەت خەتلەردىن قارىغاندا ، ئېھتىمال يېڭى قۇرۇلغان رېداكسىيىدۇر . مەن چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ ، كىيىملىرىمنى ئوڭشۇۋېلىپ ئىشىكنى چەكتىم . ئەمەلىيەتتە ، ئىشىك ئوچۇق ئىدى . كىچىككىنە بۇ ئۆينى يوغان بىر شىرە بىلەن كىچىككىنە ئۈستەللا بىر ئالغانىدى . چوڭ بىر شىرەنىڭ ئالدىدا يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان ، خۇرۇم چاپان كىيگەن بىر كىشى بىر تال پاپىرۇسنى چىشلىگىنىچە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ شۈبھە بىلەن سورىدى :

ــــ كىمنى ئىزدەيسىز ؟

ــــ بۇ يەرگە بىر ياردەمچى تەھرىر لازىممۇ ؟ ــــ دەپ سورىدىم .

ــــ ھە ، شۇنداق ، شۇنداق ، ــــ ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە تەكرار ــ تەكرار ، ــــ كىرىڭ ، قېنى كىرىڭ ، ــــ دېدى .

مەن ئۆيگە كىردىم ، ئۇ مېنى كىچىك ئۈستەلنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە بىر ۋاراق ئىش قەغىزى بىلەن ماي قەلەمنى شىرەگە قويۇپ :

ــــ ئاۋۋال تەرجىمىھالىڭىزنى يېزىڭ ، ــــ دېدى .

مەن مۇنداق كارامەتنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم ، نائىلاج قەلەمنى ئېلىپ يۇرتۇم ، يېشىم ، ئىسىم ــ فامىلەم ، ئوقۇش تارىخىم قاتار-

لىقلارنى يېزىپ تەرجىمىھالىمنى بەش مىنۇتتا قالماي پۈتتۈردۈم. ئۇ تەرجىمىھالىمنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، لۇ خېنىم، ئەدەبىي خىزمەتكە قىزىقامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، — دەپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىم مۇزىكا ۋە رەسىم سىزىشقا بولغان قىزىقىشىمغا يەتمەيتتى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ ۋە تارتمىسىدىن بىرنەچچە نۇسخا ژۇرنالنى ئېلىپ ماڭا سۇندى، — بىزنىڭ ژۇرنىلىمىز مانا مۇشۇ ژۇرناللارغا ئوخشىشىدۇ. مۇھىمى ھېكايە ئاساس قىلىنىدۇ، ئاۋۋال بۇ ژۇرناللارنى كۆرۈپ بېقىڭ.

بۇلار شياڭگاڭ ھەسەن - ھۈسەن نەشرىياتىغا تەقلىد قىلىپ نەشر قىلىنغان ئۈچ پارچە ژۇرنال بولۇپ، «ھازىرقى زامان يېڭى ھېكايىلىرى ژۇرنىلى» دەپ ئۆزگەرتىپلا قويۇلغانىكەن. بىرىنچى ژۇرنالنى ئېچىپ قارىۋىدىم، ناھايىتى ناچار بېسىلغان يېرىم يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ھېكايىنىڭ تېمىسى «ئالۋاستى ئايال» ئىدى. يەنە بىرنەچچە بەتنى ۋاراقلاپ كۆردۈم، ژۇرنالنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن قىستۇرما رەسىم بولۇپ، غاۋباۋنىڭ رەسىملىرىگە تەقلىد قىلىنغاندەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غاۋباۋنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. ئىككىنچى ژۇرنالدىكى ھېكايىنىڭ تېمىسى «ھال رەڭ شەنبە»، ئۈچىنچى ژۇرنالدىكى ھېكايىنىڭ تېمىسى «زېرىكەرلىك كېچە» ئىدى. بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇماي تۇرۇپلا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. ھەربىر نۇسخا ژۇرنالنىڭ كەينىگە «شەرقىي جەنۇب ژۇرنىلى رېداكسىيىسى» دېگەن خەتلەر ھەيۋەتلىك قىلىپ يېزىلغانىدى. ھېلىقى ئادەم ماڭا قاراپ كۈلۈپ گەپ باشلىدى:

— ھازىر بىز ھېكايە چىقىرىشنى ئاساس قىلىمىز، قىزىقىدىغان بولسىڭىز، رېداكسىيىمىزگە قاتنىشىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز. خىزمەتكە كەلسەك، ئاساسلىقى ھېكايىلەرنى توپلاش. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، كۆ-

چۈرمىچىلىك قىلىش . بۇ بىرنەچچە ژۇرنالدىكى ھېكايىلەرنى مەن يە-
گىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ژۇرنال ۋە گېزىتلەردىن تاپقان . ئادەم ئىسمى ،
يەر ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ ، شەھۋانىيلىقنى قوزغايدىغان نەرسىلەردىن
ئازلا قوشۇپ قويسىلا يېڭى ھېكايە بولىدۇ . قىستۇرما رەسىملەرگە كەل-
سەك ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شياڭگاڭدا چىقىدىغان ھېكايە ژۇرناللىرى
ۋە چەت ئەلنىڭ رەسىملىك ژۇرناللىرىدىن كېسىۋېلىنغان . شۇڭا بىزنىڭ
خىزمىتىمىزدە يىغىش ۋە كېسىۋېلىش ئاساس قىلىنىدۇ . ئەگەر ئۆزىڭىز
يازالىسىڭىز بەكمۇ ئوبدان بولغىنى ، مۇنداق ھېكايىلەرنى يېزىشقا ھېچ-
قانچە ماھارەت كەتمەيدۇ . چۈشىنىكسىز ۋە غەلىتە ، شەھۋانىيلىقنى قوز-
غايدىغان بولسىلا بولدى ، ھازىر كىشىلەر مۇشۇنداق بىرنېمىلەرنى ياقتۇ-
رىدۇ ، بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ بازىرى ئىتتىك ! ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ
خېلى بىرنېمىلەرنى دېدى . ئەپتىدىن ئۆز خىزمىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكى
بىلىنىپ تۇراتتى . ئېھتىمال ئۇ خەقنىڭ يازغىنىنى كۆچۈرۈۋېلىش ۋە
قىستۇرما رەسىملىرىنى ئوغرىلاشتىن پەخىرلەنسە كېرەك . ژۇرنالدىكى
قىستۇرما رەسىملەرنى گاۋاۋنىڭ رەسىملىرىگە ئوخشاتقىنىم بىكار
ئەمەس ئىكەن ، ئەسلىدە ئۇلار ئوغرىلىۋېلىنغانىكەن ـ دە ! مەن ئە-
زەلدىن مۇنداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇناپىقلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتىم ،
شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىشقا ئالدىرىدىم . ئۇ توختىماي
ۋالاقلاۋەردى :
ـــ بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ دەسلەپكى تەمىناتىغا كەلسەك ، ۋاق-
تىنچە ئېيىغا 200 كوي بېكىتتۇق ، ھەر ئايدا تۆت پارچە ژۇرنال
چىقىرىلىدۇ . . .
ـــ بولىدۇ ، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، ـــ رەھمەت
سىزگە ، بۇ خىزمەت ماڭا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن ، ئەپۇ قىلغايسىز ،
باشقا بىرەرنى قوبۇل قىلغايسىزلەر !
گېپىمنى تۈگىتىپلا ئېتى ئۇلۇغ « شەرقىي جەنۇب ژۇرنىلى
رېداكسىيىسى » دىن ئىتتىك ياندىم . ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ ـ
تاڭ قالدى . كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە ، قولۇمدىكى ئۈچ پارچە

ژۇرنالنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ ئېغىر خورسىندىم. ئۈچ پۇرسەتنىڭ ئىككىسى يوققا چىقتى. ئەمدى ھېلىقى ×× شىركىتىگە بېرىشلا قالغانىدى. سائىتىمگە قارىسام بىرگە يېقىنلاپ قاپتۇ، يېقىن ئەتراپتىكى كىچىك ئاشخانىدىن بىرىگە كىرىپ بىر قاچىسى ئىككى سوملۇق لەغمەن يېدىم. ئاشخانىدىن چىقىپلا ئاپتوبۇسقا چىقىپ غەربىي دەرۋازىنىڭ چېتىدە ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم ـ دە، ئادرېسقا ئاساسەن ×× شىركىتىنى تاپتىم.

بۇ شىركەت خېلىياق يولدىكى بىر بىنادا بولۇپ، ئاستى سودا سارىيى ئىكەن. ×× شىركىتى دېگەن ۋىۋىسكىمۇ ئېسىلماپتۇ، خېلى سېلىشتۇرۇپ باقتىم، ئادرېس خاتا ئەمەس، سودا سارىيىغا كىرىپ پىركازچىك ئايالدىن سورىۋىدىم، ئۇ بېشى بىلەن پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىشىمنى ئىشارەت قىلدى. مەن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشىمغا كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. بۇ ھەيۋەت بېزەلگەن ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ، دېرىزىلىرىگە يىپەك پەردىلەر تارتىلغان، ئۇزۇن ساپالاردىن باشقا ئىنتايىن چىرايلىق سىرلانغان ئۈچ شىرەمۇ قويۇلغاندى. ئۆيدە راسا ياسانغان يەتتە ـ سەككىز قىز ئولتۇراتتى. ئىشىكنىڭ يېنىدىكى شىرە يېنىدا ئولتۇرغان ياشقىنا ئىش بېجىرگۈچى مېنى كۆرۈپ سورىدى:

— چاقىرىققا بىنائەن كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ.

— ئاۋۋال تىزىمغا ئالدۇرۇڭ.

ئۇ ماڭا بىر ۋاراق جەدۋەل سۇندى، جەدۋەلدىكى كاتەكچىلەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، يۇرتى، يېشى دېگەن خەتلەر بېسىلغانىدى، ئۇنى تولدۇرۇپ بەردىم. ئىش بېجىرگۈچى بۇنى بىر تالاي جەدۋەلگە قوشۇپ قويدى ۋە ساپانى كۆرسىتىپ:

— بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، دىرېكتور تېخى كەلمىدى، كەلگەندە ئۆزى گەپلىشىدۇ، — دېدى.

گەپلىشىدۇ دېگىنى ئېھتىمال ئېغىزچە سىناق ئالىدۇ، دېگىنى

بولسا كېرەك . مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ساپادا ئولتۇردۇم . شۇ ئارىلىقتا چاقىرىققا بىنائەن كەلگەن قىزلارغا سەپسالدىم . بۇلار ھەرخىل ، ھەر ياڭزا ياسانغان ، تۈرلۈك ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولسىمۇ ، كۆپچىلىكى پەرداز قىلىشنى بىلمەيدىغان تومپاي بىرنېمىلەر ئىدى . مەن ئىككى سائەتكە يېقىن كۈتتۈم . چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە دىرېكتور لاغايلاپ كىرىپ كەلدى ، ئاڭغىچە يەنە ئالتە قىز كەلدى .

دىرېكتور ئوتتۇرا ياشلاردىكى پاكار ، سېمىز ئادەم ئىدى ، پەلتو كىيىپ ، شارپا يۆگىۋالغانىدى . ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا سوغۇقتىن شىكايەت قىلدى . ھېلىقى خىزمەتچى ئېھتىرام بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، بىر دەستە جەدۋەلنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . دىرېكتور جەدۋەلنى ئېلىپ شارپىسىنى يەشتى . بويىنى گۆشلۈك ، يوغان قورساق بۇ ئادەم سودىگەرنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۆيدىكىلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان قىزلار ئىختىيارسىز ھالدا قەددىنى رۇسلىدى . ئۇنىڭ نەزەرى ماڭا كېلىپ توختىدى ، ئۇ باشتىن ـ ئايىغىمغىچە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن :

ـــ قېنى ! سىز ئاۋۋال كېلىڭ ، باشقىلار كۈتۈپ تۇرۇڭلار ! ـــ دېدى .

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆچىرەت بويىچە چاقىرماي مېنى ئاۋۋال چاقىرغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم . ئۇ ئوتتۇرىدىكى شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ، مەن ئۇنىڭ قېشىغا ماڭدىم ۋە ئۇنىڭ مېڭىشىمغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم . مەن ئۇنىڭ ئالدىدا توختىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزلۇق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ چىرايىمغا راسا قارىغاندىن كېيىن ، سورىدى :

ـــ ئىسمىڭىز نېمە ؟

ـــ لۇ يىپىڭ .

ئۇ قولىدىكى جەدۋەللەر ئىچىدىن مەن تولدۇرغان جەدۋەلنى تېپىپ سورىدى :

ـــ بۇ جەدۋەل سىزنىڭمۇ ؟

ـــ ھەئە

ئۇ جەدۋەلنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇردى:

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنمۇ؟

— ھەئە، — دېدىم مەن جاۋابەن.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى، قارىماققا قانائەتلەنگەندەك كۆرۈنەتتى، ماڭا يەنە بىر پەس سەپسالغاندىن كېيىن بىردىنلا:

— ئۇچىڭىزدىكى قىسقا پەلتونى سېلىۋەتسىڭىز، — دېدى.

بۇ نېمە دېگىنىدۇ؟ ھەيران بولدۇم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىسقا پەلتويۇمنى سېلىۋەتتىم، پەلتونىڭ ئىچىگە ئۆرە ياقىلىق قارا پوپايكا كىيگەنىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، قىزىل قېرىنداش بىلەن مەن تولدۇرغان جەدۋەلگە بەلگە ئۇردى ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇ خېنىم، سىز قوبۇل قىلىندىڭىز، كېلەر دۈشەنبىدىن باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ بىر ھەپتىلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىسىز. تەمىناتتىن غەم قىلماڭ، ئايلىق كىرىمىڭىز ئىككى - ئۈچ مىڭ كويدىن كەم بولمايدۇ.

مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم. مۇشۇنداقمۇ قوبۇل قىلىش بولامدۇ؟ ئىمتىھانمۇ ئالمايدىغان، سىناپمۇ باقمايدىغان، ئېيىغا ئىككى - ئۈچ مىڭ كوي بېرىدىغان قانداق خىزمەتتۇ بۇ؟ مەن بىرئاز گاڭگىراپ سورىدىم:

— بۇ خىزمەتنىڭ خاراكتېرىنى سورىشىمغا رۇخسەتمۇ؟

— تېخى بىلمەمسىز؟

— قىز خادىم قوبۇل قىلماقچى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قىز خادىم قوبۇل قىلىمىز دېيىشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەمەلىيەتتە مۇنداق، چاغاننىڭ ئالدىدا، چىڭدۇ يولىدىكى «كۆك ئاسمان» تانسخانىمىز ئېچىلماقچى.

— ھە، مۇنداق دەڭە، — دېدىم مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، — سىلەر تانسچى قىز قوبۇل قىلماقچى ئىكەنسىلەر - دە.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، — دەپ گەپ يورغىلاتتى دىرېكتور چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىز بۇ كەسىپنى تۆۋەن كۆرمەڭ، بۇمۇ

پاك ۋە دۇرۇس كەسىپ . . .

ــــ شۇغىنىسى ، ــــ دېدىم مەن بېشىمنى تىك تۇتۇپ ، ــــ مەن تـانسىچى بولمايمەن ، ئەپۇ قىلغايسىز ! ــــ سۆزۈمنى تۈگەتتىم ـ دە ، بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدىم . دىرېكتور مېنى چاقىرىۋالدى :

ــــ لۇ خېنىم ، توختاپ تۇرۇڭ ، ــــ ئۇ ماڭا يەنە بىر سەپسالغان‌دىن كېيىن دېدى ، ــــ ئويلىشىپ كۆرسىڭىز ، بۇ يەرگە قوبۇل قىلىنغان خېنىملار ئىككى مىڭ كوي ئالدىن قەرز ئالسا بولىدۇ ، خىزمەتكە قاتناش‌قاندىن كېيىن مۇددەتكە بۆلۈپ تۇتۇپ قېلىنىدۇ . هازىرچە قايتىپ ئوي‌لىشىپ كۆرگەيسىز ، سىزنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتمەي تۇرايلى ، ها‌زىرقى نىيىتىڭىزدىن يېنىپ قالسىڭىز قاچان بولمىسۇن بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىڭىز بولىدۇ .

ــــ رەھمەت سىزگە ، ــــ دېدىم ـ دە ، هېچنېمىنى ئويلىماستىن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتىم . ئىككى مىڭ كوي ئالدىن قەرز بېرەر‌مىش ، ئەجەبمۇ ئوبدان ئىشكەنە ! ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ پۇلدىن قىسىلغانلى‌قىمنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك ، لېكىن مەن پۇلدىن ھەرقانچە قىسىل‌ساممۇ ، تانسىچى بولۇشنى راۋا كۆرمەيمەن ! سودا سارىيىنىڭ ئىشىك‌دىن چىقىپ ، قايناپ كەتكەن خېڭياڭ رەستىسىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم ، يـېمەك ـ ئىچمەك ماگىزىنى چىقارغان چاغانلىق ماللار توغرىسىدىكى ئېلانلار ، كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنى ۋە تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرى ئال‌دىغا ئېسىۋېتىلگەن چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن باھاسى چۈشۈرۈلگەن قە‌زىل لېنتىلار ، كوچىدا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن ئادەملەرگە قا‌رىغانچە يۈرەك ـ باغرىم تىلىم ـ تىلىم بولماقتا ئىدى . دەرۋەقە چاغان يـېقىنلاۋاتىدۇ ، ئۆي ئىگىسى ئىجارە ھەققىنى سۈيلەۋاتىدۇ ، ئۆيدە يېگۇ‌دەك ئاشلىقمۇ يوق . يەنىلا قۇرۇق قول قايتامدىمەن ؟ بىر كۈن قاتىرىغ‌نىم بىكارلا بولدى . پۇل تېپىپ هەل قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان بىرتالاي مەسىلە تۇرۇپتۇ ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟

ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ فاڭ يۈنىڭ ئۆيىگە باردىم . فاڭ يۈ ئىككىمىز مەكتەپتە ئەڭ يېقىن ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق ، هەر ئىككىمىز شەرقىي

شىماللىق ، شۇنداقلا شەرقىي شىماللىقلارغا خاس ئېگىز بويلۇق ئىدۇق ، ھەر ئوقۇش مەۋسۇمى بويىمىزغا قاراپ ئولتۇرغۇزغاندا ئىككىيلەن دائىم بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ قالاتتۇق . ئۇ رەسىم سىزىشقا خۇشتار ئىدى ، مەن مۇزىكىغا قىزىقاتتىم ، ھەر ئىككىلىمىز رومان مەستانىلىرىدىن ئىدۇق ، بىر كىتاب ئۈستىدە دەتالاش قىلىپ تېرىككىنىمىزدىن ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتۇق ، بىرنەچچە كۈنگىچە گەپمۇ قىلىشماي تارتىشىپ يۈرەتتۇق ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئەپلىشىپ قالاتتۇق ، ساۋاقداشلار ئىككىمىزنى چۈجە ـ خورازلار دېيىشەتتى ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، ئۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى ، مەنچۇ ؟ مېنىڭ ئىسمىم شەرقىي دېگىز ئۇنىۋېرسىتېت دۆلەت ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا چىقتى . بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش خىراجىتى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاپامنى تەييىبىدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ، تەيجۇڭغا بېرىپ ئوقۇيالمايتتىم . شۇڭا ، ئىمتىھاندىن ئۆتكىنىمۇ بىكار بولۇپ كەتتى . ئائىلىدە دەرس تەكرارلاپ ئىككىنچى يىلى قايتا ئىمتىھان بېرىپ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغۇچى بولدۇم . سەنئەت دەرسىدىن بەرگەن ئىمتىھانىم يوقلا بىر نىمە بولدى ، يەنى پىئانىنو چېلىشنى بىلمەيتتىم ، ئاۋازىم يامان ئەمەس ، ئاۋاز ئىمتىھانىدىن ئۆتەلەيمەن دەپ قارىغان بولسامىمۇ ، مەخسۇس مەشىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم ! دەرسلىكلەردىن بەرگەن ئىمتىھانىمنىڭمۇ تايىنى بولمىدى ، شۇڭا تەيجۇڭ جىڭيى ئىنگلىزچە ئالىي تېخنىكومىغا ئۆتۈپتىمەن . دېمەك ، ئالدىنقى يىلدىكىدىنمۇ بەتتەر مەكتەپ چىقتى ، بەرگەن ئىمتىھان يەنىلا بىكار كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، فاڭ يۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇدى ، مەن يەنىلا ۋاقتىمنى بىكار ئۆتكۈزۈپ يۈردۈم ، ئىستىقبالىمدىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى .

فاڭ يۇنىڭ دادىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ ئائىلە ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى . ئۇلار دادىسىنىڭ قوشۇمچە دەرس بېرىشى ۋە دەرس پېششىقلاش سىنىپلىرىغا دەرس ئۆتۈشكە تايىنىپ تۇرمۇشىنى

ئاران قامدايتتى ، كۆنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئالدىراشچىلىقتا ئۆتەتتى . فاك يۇنىڭ ئىككى ئىنىسى ، بىر سىڭلىسى بولۇپ ، فاك يۇ بالىلارنىڭ چوڭى ئىدى . جان سانى كۆپ بۇ ئائىلە ئۆيىدە خىزمەتكار ئىشلەتمەيتتى . ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشىنى فاك يۇنىڭ ئاپىسى قىلاتتى . بۇ ئائىلىدىكىلەر شىماللىقلارغا خاس قىزغىن ، تۈز مىجەزلىك ئىدى . ھەققانىيەتنى ياقلايتتى . ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ ، ئىشىنىمەنكى ، بۇ ماڭا ياردەم قىلالايدىغان بىردىنبىر ئائىلە ئىدى .

فاك يۇلەر جۇڭخېشىياڭدا تۇراتتى ، ئالتە جان ئادەم ھۆكۈمەت بەرگەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى . تەيفىڭ شاملى پەسلىدە سۇ بېسىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى . فاك يۇ يېقىندىلا ئىككىنچى سىنىپقا كۆچكەن سىڭلىسى بىلەن بىر ئۆيدە ياتاتتى .

ئىشىكنى قاقتىم . تەلىيىمگە يارىشا فاك يۇ ئۆيدە ئىكەن ، يۇگۇرۇپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە مېنى كۆرۈپلا سۆزلەپ كەتتى :

ــ لۇ يىپىڭ ، سەن ئىكەنسەنغۇ ، مەن تېخى سېنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن ، دەپ يۈرەتتىم !

ــ ھوي ، تۈزۈك گەپ قىلغىنا ، سالامىلاشماي تۇرۇپلا تىل سالغىنىڭ نېمىسى ؟ ــ دېدىم مەن .

ــ شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ھالىڭ نېچۈك دەپمۇ قويمىدىڭغۇ !

ــ سەنمۇ مېنىڭ ھالىمنى سوراپ قويدۇڭمۇ ؟

ــ بىلەمسەن ، مەن دېگەن ئالدىراش ، مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن .

فاك يۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ سۇپىغا چىقتىم . ئۇنىڭ ئاپىسى ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتقانىكەن ، مەن بوسۇغىدىلا تۇرۇپ ئەھۋال سوردىم ، ئۇ مېنى كەچلىك تاماقنى يەپ كېتىشكە تۇتۇۋالدى . فاك يۇگە دەيدىغان گېپىم كۆپ ئىدى ، شۇڭا تۈزۈتمۇ قىلماي ماقۇل بولدۇم . فاك يۇنىڭ دادىسى تېخى قايتمىغانىكەن ، فاك يۇ مېنى ئۆزىنىڭ خانىسىگە ئېلىپ كىردى ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ سۇپىدا باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە مېنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ پەس ئاۋازدا :

— مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى ، — دېدى .
— مېنىڭمۇ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ، — دېدىم مەن .
— قېنى ، گەپ سەندىن بولسۇن .
— ياق ، سەندىن بولسۇن .
— بوپتۇ ، مەن سۆزلەي ، تەس كۈنده قالدىم ، — دېدى ئۇ قېشىنى يىمىرىپ ، — مەن بىر بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم .
— مۇبارەك بولسۇن ، — دېدىم قاقاقلاپ كۈلۈپ .
— مۇبارەكلەشكە ئالدىراپ كەتمە ، مېنىڭ گېپىمنى تېخى ئېنىق چۈشەنمىدىڭ .
— بىر بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېمىدىڭمۇ ؟ مۇھەببەتلىششتەك خەيرلىك ئىشنى مۇبارەكلەشكە ئەرزىمەمدۇ ؟ — دېدىم مەن .
— مەن بىر بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، — دېدى ئۇ قېشىنى يىمىرىپ ، — لېكىن ساڭا ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى دېگىنىم يوق !
— نېمە ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ، فاك يۇ بەك چىرايلىقلاردىن بولمىسىمۇ ، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى ، ئويناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى غەربلىكلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى . ئوغۇللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك ئوماقلار تىپىغا كىرەتتى . ئەگەر ئۇنى ئوغۇل تەرەپنىڭ خەۋىرى يوقلا بىر بالىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دېسە ، ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتىم . چۈنكى ، مەكتەپتە ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەنلەر كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش ئىدى . شۇڭا بۇ گەپ مېنى ئويلىتىپ قويدى .
— راست شۇنداقمۇ ؟ ئۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالمىدىمۇ ؟
— پۈتۈنلەي شۇنداق ، — دېدى ئۇ جىددىي ئاھاڭدا ، — ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇلا ئەمەس ، ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ .
— ۋاھ ! ئۇ كىم ؟
— فاكۇلتېتىمىزنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچى ، بىز گەج ھەيكەل سۇرىتىنى سىزغاندا ، پروفېسسور ئۇنى رەسىمىمىزنى

تۈزىتىشكە ياردەملەشتۈرىدۇ .

— تەسۋىرلەپ باقە . ئۇ زادى قانداقراق يىگىت ؟

— چىراي ـ تۇرقى ۋاي دېگۈدەك ئەمەس !

— شۇنداقمۇ ؟

— چاچلىرى ھۈۋقۇشنىڭ چاڭگىسىدەك ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ .

— راستمۇ ؟

— يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن ، كىيىملىرى رەتسىز .

— شۇنداقمۇ ؟

— تېرىككەك ، ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسا سەكرەپ كېتىدۇ ، ئۆپكىسى يوق !

— شۇنداقمۇ تېخى ؟ — دېدىم مەنمۇ چىدىماي قېشىمنى يىمىرىپ .

— شۇغىنىسى ، تالانتتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ، زېرەك . غۇرۇرى كۈچلۈك ، باشقىلارغا ئوخشاشمايدۇ . . .

— بولدى ، بولدى ! — دېدىم مەن ، — سەن ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ ؟

— يامىنى ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم .

— ئۇنىداق بولسا ، ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈڭگە جەلپ قىلىشىڭ كېرەكتە ، — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم ، كۆڭلۈمگە بىر ئوي كەلدى ، — ھوي ، پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ باق ، ئۇ توۋلىسا سەنمۇ توۋلا ، تېرىكسە سەنمۇ تېرىك . ھەددىدىن ئاشسا سەنمۇ ھەددىڭدىن ئاش ، سەن ئۇنى بېسىپ چۈش ، شۇندا ئۇ ساڭا باشقىچە نەزەردە قارايدۇ .

— ھاجەتسىز ، — دېدى فاڭ يۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟ مەن دېگەنلەرنى قىلىپ كۆرگەنمىدىڭ ؟

— ياق ، لېكىن ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكى ماڭا ئا-

يان .
— قانداق دەيسەن ؟
— چۈنكى . . . — دېدى فاڭ يۇ ئەزمىلىك بىلەن ، — ئۇنىڭ سۆيگىنى بار !
— مۇنداق دېگىنە ، ۋاي خۇدايىمەي ! — دېدىم مەن خورسىنىپ ، — ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن قىلچە ئۈمىد يوقمۇ ؟
— ھەئە ، قىلچە ئۈمىد يوق .
— ئۇنى تارتىۋالامسەن ؟
— ياق !
— مۇنچە مەيۈسلىنىپ كەتمە ، ئۇنىڭ سۆيگىنى قانداقراق قىز ؟
— ئۇ قىز مەن بىلەن بىر سىنىپتا ، زىلۋاغىنا ، تارتىنچاق ، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك نازۇق قىز ، يىغلاشقا ئارانلا تۇرىدۇ ، لىن دەيىۈنىڭ ئۆزىلا ! ئەمما ، ناھايىتى چىرايلىق ، بەك يېقىملىق .
— مۇنداق دېگىن ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان غەزەپلىك يىگىت لىن دەيىۈنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ؟
— شۇنداق ، بۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۇ قاپىقىنىمۇ تۈرەلمەيدۇ ، غىڭمۇ قىلالمايدۇ ، قىزنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىدىغانلا بولسا پايپېتەك بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ .
— توۋا ، — مەن كۈلۈپ كەتتىم ، — غوجامنىڭ غوجىسى بار دېگەن گەپ شۇ ـ دە .
— سەن مېنىڭ ھالىمغا يەتمەك تۇگۇل ، تېخى كۈلۈۋاتىسەنغۇ ؟ — دېدى فاڭ يۇ نارازى بولۇپ .
— ساڭا قىلىدىغان سەمىمىي نەسىھىتىم شۇكى ، بۇ ئىشنى ئارقاڭغا چۆرۈۋەت ، ئۇنداق يىگىتنى ئۇچراتمىغاندەك يۈرۈۋەرگىن .
— قوي بۇ گېپىڭنى ، — دېدى فاڭ يۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ ، — بۇ سەمىمىي نەسىھىتىڭ قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ ، — ئۇنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلىغان بولۇپ دەممۇدەم ئۇلۇغ كىچىك تىناتتى .
— شۇنچە مەجنۇن بولۇپ كەتتىڭمۇ ؟ — دېدىم مەن شۈبھە بى-

لەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ .

— شۇنى دېگىنە ، سەن تېخىچە ئىشەنمەيۋاتامسەن ؟ — دېدى ئۇ رەنجىپ ، ئاندىن يېشىنى سىلكىپ قويۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى ، — ئەمدى سەن گېپىڭنى قىل ! سەنمۇ مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالدىڭمۇيا ؟ ئەگەر ساڭمۇ ئىشق ئوتى تۇتاشقان بولسا ، بىز ھەقىقىي قوشماقلار بولدىمىز .

— بىمەنە گەپ قىلما ! — دېدىم مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ .

— ئۇنداق بولسا ، نېمە گېپىڭ بار ؟

مەن پوپايكامنىڭ ياقىسىنى قايرىپ ، دادام قامچىلىغاندا بوينۇمغا چۈشكەن ، بېغىر رەڭ بولۇپ ئىششىپ چىققان سىزىقنى كۆرسەتتىم . فاڭ يۈ ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئىششىپ چىققان يەرنى سىلىغاچ سورىدى :

— نېمە بولدى ؟

— بۇ قارا قاپلان دادامنىڭ سوۋغىتى .

— سېنى ئۇردىمۇ ؟ — دېدى ئۇ ، — نېمە ئۈچۈن ئۇردۇ ؟

— پۇل ئۈچۈن !

— پۇل ئۈچۈن ؟ ئالالىدىڭمۇ يوق ؟

— ئېيتقىنا ، مەن ئۇنىڭدىن پۇل ئالىمەنمۇ ؟ — دېدىم بېشىمنى چايقاپ .

— ئۇنداقتا . .

— ئۇنداقتا ، ساڭا دەيدىغان بىر ئېغىزلا گېپىم بار ، فاڭ يۈ ، ماڭا ئازراق پۇل قەرز بەرگىن ، قانچىلىك بېرەلىسەڭ ، شۇنچىلىك بەر !

فاڭ يۈ ماڭا قاراپ قويۇپ :

— تـوختاپ تۇرغىن ! — دېدى ۋە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ ئاپىسى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن ، ھايالشىماي قايتىپ چىقىپ بىر تاتازا پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى ، — بۇ 200 كوي ، ھازىرچە مۇشۇنى ئېلىپ تۇرغىن ، ئەتە مەكتەپكە بارغاندا

ساۋاقداشلىرىمدىن پۇل سوراپ باقاي ، قەرز ئالالىساملا ئەتە كەچتە ئاپى-رىپ بېرىمەن !
— فاڭ يۇ !
— بولدى ، يىپىڭ
— سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنىڭمۇ قىيىنلىقىنى بىلىمەن ، — دې-دىم مەن ، — چاغاندىن بۇرۇن بىر ئامال قىلىپ بۇ پۇلنى جەزمەن قاي-تۇرۇپ بېرىمەن !
— قايتۇرۇپ بېرىمەن دېگىنىڭ نېمىسى ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز 200 كويغىلا ئەرزىمتى ؟ — دېدى فاڭ يۇ رەنجىگەندەك بېشىنى بۇراپ ، — ئېيتىپ بەرگىنە ، بۇ ئىش قانداق بولدى .
مەن « ئۇياق » قا پۇل ئالغىلى بارغاندىكى ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ، چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم :
— فاڭ يۇ ! قاراپ تۇرغىن ، مەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماي قال-مايمەن !
فاڭ يۇ تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ، ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالدى . ئۇ مېنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى .
فاڭ يۇنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماقنى يېدىم ، ئۇنىڭغا خىزمەت ئىزدەش جەريانىمنىمۇ سۆزلەپ بەردىم . ئاپام ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ ئۇزاق ئولتۇرمىدىم ، خوشلىشىپ چىققىنىمدا فاڭ يۇنىڭ ئاپىسى ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :
— بۇنىڭدىن كېيىن قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز ، تارتىنماي بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ !
— رەھمەت سىزگە ، چوڭ ئاپا ! — دېدىم مەن . بۇرنۇم ئېچى-شىپ كەتتى . توۋا ، قول - ئىلكىدە بار دادام تۇرۇقلۇق ، مەن فاڭ يۇ-نىڭ نامرات ئائىلىسىدىن قەرز سورىدىم - ھە ! فاڭ يۇنىڭ ئۆيىدىن چى-قىپ ئاپتوبۇس بىلەن قايتتىم ، ئۆيگە كەلگىنىمدە سائەت توققۇزدىن ئاش-قانىدى . دېگەندەك ، ئاپام مەندىن ئەنسىرەپ تۇرغانىكەن .
— نېمانچە كەچ قايتتىڭ ؟ يامان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالمىغا-

سەن ؟ بەك ئەنسىرەپ كەتتىم ، — دېدى ئاپام .
— ھېچ ئىش يوق ، — دېدىم مەن ، — فاك يۇ بىلەن پاراڭلە-
شىپ ئولتۇرۇپ قالدىم
سۇپىغا چىقىپ ئەكەلگەن 200 كوينى ئاپامغا بەردىم .
— نەدىن تاپتىڭ ؟ — سورىدى ئاپام .
— فاك يۇدىن قەرز ئالدىم .
— فاك يۇنىڭ ئائىلىسىدىن ؟ — ئاپام بىرئاز ئارىسالدى
بولدى ، — ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ قىيىنغۇ ؟
— راست دەيسەن ، پۇل جەھەتتە ئۇلار نامرات ، ئەمما ئادەم-
گەرچىلىككە باي . ئۇلار دادامنىڭ پۇتۇنلەي ئەكسى .
— ئۇنداقتا ، بىز ئۇلارنىڭ پۇلىنى قانداقمۇ ئىشلىتەرمىز ؟
— ھازىرچە ئىشلىتىپ تۇرايلى ، مەن قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال
قىلىپ ئۇلارنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن .
مەن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ ، ھېلىقى يولۋاس تېرىسىگە يۆگىنىپ
ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم . ئەتىدىن - كەچكىچە سىرتتا سوغۇقتا يۈرۈپ
كەلگەندە ئائىلە نېمىدېگەن ئىللىق - ھە ؟ ئاپام ئۇنىمىغىنىمغا قويماي
گرېلكىسىنى ماڭا بەردى . گرېلكىنى مەيدەمگە يېقىپ ، يولۋاس تېرىسىگە
يۆگىنىپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بىر كۆڭلۈك ھاردۇقۇم خېلىلا
چىقىپ قالدى . خىزمەت ئىزدەش جەريانىمنى ئاپامغا سۆزلەپ بەردىم ،
تانسىچى بولۇشنى تىلغا ئالغىنىمدا ، ئاپام شۇئان گېپىمنى
بۆلدى :
— ھەرگىز تانسىچى بولمايسەن ، تىلەمچىلىك قىلىشقا رازىمەن-
كى ، تانسىچى بولۇشۇڭغا يول قويمايمەن !
— ئاپا ، خاتىرجەم بول ، — دېدىم مەن ، — مەنمۇ تانسىچى
بولۇشنى خالىمايمەن .
— بۈگۈن جۇ موماي يەنە كەلدى ، — دېدى ئاپام بىردەم سۈ-
كۈتكە چۆمگەندىن كېيىن .
جۇ موماي بىز ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسى ئىدى .

— ئۇ بىزنى نېمانچە قىستايدىغاندۇ ؟ بىز پۇل تۇرۇپ بەرمەيۋاتقىنىمىز يوققۇ ! — دېدىم مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ .

— ئۇنىڭدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئاپام ، — ئۇبلاپباق ، ئۇلارغىمۇ پۇل كېرەك ، ئۇلارمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىگە قاراشلىق ئەمەسمۇ .

لىللا گەپ قىلسام . ئۇ ھەقىقەتەن ئوبدان موماي ، ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆي - جاينىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتتى ، بۇ ئىككى ئېغىز ئۆينى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرسە ، ئېيىغا 800 ~ 1000 كوي ئىجارە ھەققى ئالالايدۇ . بىزدىن بەش يۈز كويلا ئالىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ بىزگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ . شۇغىنىسى ، ھەي ! ئاپام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ :

— ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى بەكمۇ ئورۇنلۇق ، ئۇ بىزگە يولسىزلىق قىلىۋاتمايدۇ ، چاغان يېقىنلاپ قالدى ، ئوغلى يەنە ئاغرىپ قاپتۇ ، پۇلدىن بەكمۇ قىسىلىپتۇ . . .

مەن زۇۋان سۈرمىدىم ، ئاپام چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ قويدى ، مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ :

— ئاپا ، بېشىڭىزنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغالدىمۇ ، — دېدىم .

— ياق ! — دېدى ئاپام چېكىسىنى ئۇۋۇلاۋاتقان قولىنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ . مەن ئاپامغا قارىغىنىمچە ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم ، — ئاپا ، — دېدىم مەن باشقا ياققا قاراپ ، — مەن ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنمەن ، دادام بىلەن ئۇرۇشمىسام بوپتىكەن .

— بولدى قوي يېپىڭ ، — دېدى ئاپام بويىنۇمنى سىلىغىنىچە كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — ئۇ سېنى ئۇرمىسا بولاتتى ، شۇنچە يىللىق ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمىز ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ سېنى ئۇرماسلىقى لازىم ئىدى ، — ئاپام سۆزلەۋېتىپ تۇساتتىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى ، — ساڭا ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن . بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئېرخاۋ كەلدى .

— ئېرخاۋ ! ئۇ نېمىگە كەپتۇ ؟

— داداڭ سېنى بۈگۈن كەچتە بىر كەلسۇن ، دەپتۇ .

— ۋاھ ! — مەن سوغۇق كۈلۈپ قويدۇم ، — دادام ئويلىغانچە غەزىپى تېشىپ ، مېنى يەنە بىر ئۇرۇۋالاي دېگەن ئوخشايدۇ ـ دە !

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى ئاپام ئويغا پاتقان ھالدا ، — ئۇ بىرئاز پۇشايمان قىلغاندۇ بەلكى .

— پۇشايمان ؟ — مەن كۈلۈپ كەتتىم ، — ئاپا سەن دادامنى پۇشايمان قىلىدۇ ، دەمسەن ؟ ئۇ ئۆمرىدە قىلغان بىرەر ئىشىغىمۇ پۇشايمان قىلىپ باققانمۇ ؟ پۇشايمان دېگەن سۆزنىڭ دادام بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق !

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھۇجرامغا كىردىم ، ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىدىم . بۇ ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي كېلىۋاتقان ئادىتىم ئىدى . بۈگۈنكى خىزمەت ئىزدەش جەريانىمنى قىسقىچە خاتىرىلەپ ، ئاخىرىغا مۇنداق يازدىم .

« تۇرمۇشۇم قىيىن ، ئىشلىرىم ئوڭۇشسىز بولغانچە ، بەكمۇ قەتئىي بولۇشۇم كېرەك ! ھازىرقى مەسئۇلىيىتىم يالغۇز ئاپامغا قاراش ئەمەس ، شۇ ئاچام باشلىق بىر توپ ئادەمدىن ئىنتىقام ئېلىشمۇ مېنى كۈتمەكتە . جىگىرى بارلىكى ئادەم ئۆزى ئۇچرىغان ھاقارەتنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ ! مەن ئىنتىقام ئالىمەن . بۇ يولدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايمەن ! »

ئەتىسى يەنە نەتىجىسىز قاتراش بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم ، قاش قارايغاندا چارچاپ ھالىمدىن كېتىپ ئۆيگە قايتتىم . مەيۈسلۈكتىن بىر قەدەم چامدىغۇدەكمۇ دەرمانىم قالمىغانىدى . بىر ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئوڭاي بولسىمۇ ، ئىشلەش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن ، ئۆزۈمنىڭ جان باققۇدەكمۇ خىزمەت تاپالماسلىقىمنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن . ئىشىكتىن كىرىپلا ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى تاشلىدىم ـ دە ، ئىختىيارسىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم .

— يەنە خىزمەت تاپالمىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئاپام .

— تاپالمىدىم .

ئاپام گەپ ـ سۆز قىلمىدى ، ئاپامنىڭ قېرىلىق يېتىپ ، ئاجىزلاپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكىنى بايقىدىم . ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ، لەۋ- لىرىدە قان يوق ئىدى .

— ئاپا ، ئەتە ئون كويغا جىگەر ئەكېلىپ شورپا قاينىتىپ ئىچ ، — دېدىم .

— شۈغىنىسى . . . — ئاپام ماڭا پاللىدە قاراپ قويۇپ ، ئەيمەن- گەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سەن ئەكەلگەن 200 كوي پۇلنى جۇ مومايغا بەردىم .

— نېمە ؟ — مەن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم ، ئۆيدە 200 كوي ۋە مەن ئەكەتكەن ئون كويدىن باشقا پۇل يوقلۇقىنى بىلەتتىم . ئۆيدە بىر سىقىم گۈرۈچمۇ قالمىغانىدى ، — سەن پۇلنىڭ ھەممىسىنىلا بېرىۋەت- تىڭمۇ ؟ — دېدىم .

— ھەئە .

— ئۇنداق بولسا ، بۈگۈن نېمە يەيدىڭ ؟

ئاپام باشقا ياققا قاراپ زۇۋان سۈرمىدى . كارىۋاتنىڭ يېنىغا بې- رىپ ھېلىقى يولۋاس تېرىسىنى ئاستا قولىغا ئالدى . مەن ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بىلىكىنى سىلىكىپ تۇرۇپ :

— ئاپا ، بۈگۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمەپسەن - دە ؟ — دېدىم .

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ، — دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا ، — ئاشقازى- نىم ياخشى ئەمەس ، ھېچنېمە يېگۈم كەلمەيدۇ .

— ۋايەي ! — دەپ تووۋلىۋەتتىم ، پۇتلىرىم تىترەپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم ، بېشىمنى تىزىمغا قويدۇم . كۆز ياشلىرىمنى توختىتال- مىدىم ، — ۋاي ئاپا ، ۋاي ئاپا ، — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم .

— يىپېك ، — دېدى ئاپام چېچىمنى سىلاپ ، — راست بالام ، قورسىقىم زادىلا ئاچمىدى ! يىغلىما ! بۇ يولۋاس تېرىسىنى سېتىپ پۇل قىل .

— ئاپا ، يولۋاس تېرىسىنى سېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن ھا- زىرلا 2000 كوي پۇل تېپىپ كېلىمەن !

مەن سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم ، ئاپام قوغلاپ كېلىپ ماڭا ئېسى-

لىشۋالدى ۋە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدى :
— سەن ، سەن ، قەيەردىن پۇل تېپىپ كېلىسەن ؟
— ھىلىقى ×× شىركىتىدىن ! — دېدىم مەن ، — ئۇلار مېنى قاچان كەلسەڭ بولىدۇ دېگەن !
ئاپام كىيىمىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى ، ئەزەلدىنلا ئاجىز ۋە ئىنتا- ئەتچان ئاپام شۇ تاپتا بۆلەكچىلا قەتئىيلىشىپ كەتكەن ، چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ ، قاپقارا كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى ، گەپنىمۇ ناھايىتى تېز قىلاتتى :
— بارمايسەن ! مەن سېنى ھەرگىز تانسچى قىلمايمەن !
— ئاپا ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىشقا ئال- دىراپ ، — تانسچى بولۇش پەس كۆرگۈدەك ئىش ئەمەس ، بۇمۇ بىر خىل كەسىپ ، ئۆزۈمنى پاك تۇتىدىغانلا بولسام ، تانسچى بولغانغا نېمە بولىدىكەن !
— ياق ! — ئاپام مېنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى ، — يىپىڭ ، سەن تېخى بىلمەيسەن ، مۇنداق چاغدا ئادەم قىلچە چۈشكۈنلەشمەسلىكى كې- رەك . ئازراقلا چۈشكۈنلەشسە ، ئۆمۈر بويى ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمايدۇ ، قەددىنى رۇسلىۋېلىشتىن مەڭگۈ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ ! خاربىندىكى ۋاقتىمدا مۇنداق رۇس قىزلىرىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن . ئۇلار مۆتىۋەر ئائىلە قىزلىرى ئىدى ، ئەڭ ياخشى تەربىيە ئالغانىدى ، تۇرمۇشنى دەپ تانسچى بولدى ، كېيىنچە تانسچى قىزلاردىن ئالىي دەرىجىلىك پاھىشە ئاياللارغا ئايلاندى ، ئاخىر سەرگەردان بولۇپ ، ئەڭ پاجىئەلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى ، پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلدى . يىپىڭ ، سەن ئۇ يەرگە ھەرگىز بارمايسەن ، تانسچى بولۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس ، قورقۇنچلۇقى ئەيش - ئىشرەتلىك مۇھىت ۋە مەي - شارابنىڭ كاساپىتى . ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلار سېنىڭ تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتىدۇ . ئۆزۈڭنى ئوڭ- شىۋېلىشىڭ خۇددى ئاسمانغا چىقىشتەك تەسكە توختايدۇ . مەي - شارابقا بېرىلىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋېرسەن ، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزالمايسەن ! يىـ- پىڭ ، مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ ! ھەرگىز بولمايدۇ .

— ئەپسۇس ، ئاپا بىزگە پۇل كېرەكقۇ !

— مەن ئاچتىن ئۆلسەممۇ سېنىڭ تانسچى بولۇشۇڭغا پۇل قويمايمەن ! — دېدى ئاپام قەتئىيلىك بىلەن . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى ، — مەن داداڭنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇل سوراشقا رازىمەنكى ، تانسچى بولۇشۇڭنى راۋا كۆرمەيمەن !

— تانسچى بولۇشقا رازىمەنكى دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۇل سورىمايمەن ! — دەپ توۋلىدىم ـ دە ، تاپىسدا ئولتۇرۇۋېلىپ قوللىرىمدا يۈزۈمنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتىم . ئاپامۇ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلەنگىنىچە كۆز يېشىنى سۈرتمەكتە ئىدى . ئانا ـ بالا ئىككىمىز يىغلاۋاتقاندا بىرى كېلىپ ئىشىكنى چەكتى . كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ ، كىيىممنى تۈزەشتۈرۈپ ، ھويلىغا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتىم ، فاك يۇ كەلگەنىكەن . ئۇ قولۇمغا بىر ئاز پۇل تۇتقۇزۇپ مۇنداق دېدى :

— بۇ ئارانلا يەتمىش كوي . ھازىرچە ئىشلىتىپ تۇرارسەن ، مەن يەنە ئامال قىلىپ كۆرەي . سەن بىلەن پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتىم يوق . ئەتە ئىمتىھان ئالدىدا ، تېز قايتىپ دەرس تەكرارلايمەن ! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆلۈپ قويدى ـ دە ، خوشلىشىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى .

مەن فاك يۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئىشىكنى يېپىپ ئۆيگە كىردىم ، قولۇمدىكى يەتمىش كويغا قاراپ بىر ھازا غىچە تۇرۇپ كەتتىم . كېيىن پۇلنى ئاپامغا بېرىپ :

— فاك يۇ ئېلىپ كەپتۇ ، بىز يەنە ئىككى كۈن چىداپ تۇرايلى ! — دېدىم .

ئىككى كۈن ئۆتتى ، خىزمەتتىن يەنىلا دېرەك يوق ، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئاپام :

— بۇگۈن رۇپىڭ كەپتۇ ، — دېدى .

— نېمىگە كەپتۇ ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ ، — تۇرمۇشىمىزنى تاماشا قىلىپ باقماقچىمىكەن ؟

— يېپىڭ ، ھەممىلا ئادەمگە ئۆچمەنلىك نەزەرىڭ بىلەن قارىما ! — دېدى ئاپام ، — داداڭ ئۇنى ئەۋەتىپتۇ !

— دادام ئۇنى نېمىگە ئەۋەتىپتۇ
— داداڭ ئۇنىڭدىن 3000 كوي پۇل ئەۋەتىپتۇ .
— 3000 كوي ؟ — دېدىم مەن داڭقېتىپ ، — نېمىشقا ؟
— مەنمۇ بىلمىدىم ، — دېدى ئاپام ، — رۇپىگىنىڭ ئېيتىشىچە ، داداڭ بۇ پۇلنى بىزنى چاغان ئۆتكۈزسۇن ۋە ئۆي ئىجارىسىگە بەرسۇن ، دەپ ئەۋەتىپتۇ .
— توۋا ، — دېدىم مەن چۈشىنەلمەي ، — نېمە ئۈچۈن بىر-دىنلا ئۇنىڭ بىزگە پۇل بەرگۈسى كېلىپ قاپتۇ ؟ ، — مېنىڭچە ، — دېدى ئاپام ئارىسالدى بولۇپ ، — ئېھتىمال ئۆتكەنكى ئىشنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندۇ .
مەن لېۋىمنى چىشلەپ سەل ئويلانغاندىن كېيىن ، بېشىمنى كۆ-تۈرۈپ :
— ئاپا 3000 كوينى ماڭا بەر ، ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرەي ! ئۇلار-نىڭ پۇلىنى ئىشلەتمەيمەن ، دەپ قەسەم ئىچكەنمەن ، دادام بىزنىڭ ياشاشقا ئامالسىز قالغانلىقىمىزنى بىلىپ سەدىقە بېرىپتۇ . ئاپا ، مەن ئۇلار-نىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلالمايمەن !
— ھە . . . ي ! — دېدى ئاپام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، ئۇ بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن بوش ئاۋازدا دېدى ، — ئۇنداق دې-گىنىڭ بىلەن بىزگە پۇل لازىم .
— پۇلغا ھەرقانچە موھتاج بولساقمۇ ، ئۇنىڭ پۇلىنى ئىشلەتمەي-مەن ! — دېدىم توۋلاپ .
— ئۇنىڭ پۇلىنى ئىشلەتمەي فاڭ يۈنىڭ پۇلىنى ئىشلە-تەمدۇق ؟ — دېدى ئاپام خۇددى ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك بوش ئاۋازدا ، — فاڭ يۈلەرگە ئوخشاش نامرات ئائىلىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ياشىيالامدۇق ؟ ئۇلار بىزگە پۇل قەرز بەرسە ئۆزلىرىمۇ قىسىلىدۇ . شۇ-نىڭغا كۆڭلۈڭ چىدامدۇ ؟ داداڭغا كەلسەك ، بىزنى بېقىش ئۇنىڭ مەس-ئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى !
— ئاپا ! — دەپ توۋلىدىم مەن ، — مېنى قايىل قىلىمەن دېمە-

گىن ! — كالپۇكۇمنى چىشلىدىم ، ئىرادەم تەۋرىنىشكە باشلىدى ، ئەمما ئۆزۈمنىڭكىنى راست قىلىش ئۈچۈن چىشىمنى چىشلىدىم . — مېنى ئۆ-نىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلما . ئادەمدە ئاز بولسىمۇ غۇرۇر بولۇشى كېرەك !

— غۇرۇر ! — دېدى ئاپام بېشىنى لىڭشىتىپ ماڭا تىكىلگىنىچە ، — غۇرۇرنى تاماق ئورنىدا يېگىلى بولمايدۇ . . رېئاللىق ھەممىدىن رەھىمسىز !

— ئاپا ، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ ، — سەن مېنى بۇ پۇلنى ئېلىشقا زورلاۋاتامسەن ؟ ئەگەر بۇ پۇلنى ئالسام ، بۇنىڭ بېسىمىدا مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيمەن !

ئاپام بىرئاز سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن ، زوۋان سۇرمەي شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى - دە ، تارتمىدىن قەغەزگە يۆگەلگەن بىر بولاق پۇلنى ئېلىپ ماڭا سۇندى ، مەن بولاقنى ئالدىم . قەغەز بولاقتىكى پۇل قېلىن ۋە ئېغىر ئىدى . مەن قەغەز بولاقنى چىڭ تۇتقىنىمچە ئاپامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ۋە ئۈچىسىدىكى كىيىمىنىمۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ئاجىز تېنىگە قارىدىم ، ئىرادەم يەنە تەۋرەندى . 3000 كوي ! بۇ پۇل بىزنى موھتاجلىقتىن قۇتقۇزىدۇ . دادامغا بۇ ھېچقانچە پۇل ئەمەس . . . ئىدىيەمدە كەسكىن كۈرەش باشلاندى . رېئاللىق بىلەن غۇرۇر كاللامدا كەسكىن ئېلىشتى . مەن بۇ پۇلنى ئېلىپ قېلىشقا مايىل بولۇپ قالدىم . لېكىن ، دادامدىن يېگەن قامچىنى ، قىلغان قەسىمىمنى ئويلاپ بېشىمنى سىلكىدىم — دە ، قىلىچە ئىككىلەنمەي سىرتقا قاراپ ماڭدىم .

« ئۈياق » قا بارىدىغان يول ماڭا ئۆزىراپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ ماڭماقتا ئىدىم . 3000 كوينى ئەمەس ، بەلكى ئوتنى تۇتقاندەك قولۇم كۆيۈپ يۈرىكىم ئېچىشماقتا . « لۇ ئائىلىسى » نىڭ قىزىل دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ، سېرىق ھەل بېرىلگەن تاختىغا قارىغىنىمچە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . قوڭغۇراقنى باسىمەنمۇ ؟ 3000 كوينى قايتۇرۇپ بېرىمەنمۇ ؟ ئاپامنىڭ جۇدەڭ ۋە سولغۇن چىرايىغا باقماي ئۆزۈمنىڭ ئەرزىمەس غۇرۇرۇمنى ساقلامدى-

مەن ؟ مەن چوڭقۇر ئويغا پاتتىم ، كۆڭلۈمدىكى ئارىسالدىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى . ئاخىر دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستىم .

مېهمانخانىغا كىردىم ، دادام ساپادا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ، شۆ ئاچام ئېرجىيىغا قەغەزدىن ئايروپىلان ياساپ بېرىۋاتقانىكەن . ئۇلار مې-نىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ قېلىشتى . مەن 3000 كوينى دادام-نىڭ يېنىدىكى چاي جوزىسىغا قويدۇم ـ دە ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن كەينىمگە ياندىم . دادام كەينىمدىن چاقىردى :

ــــ يېپىلڭ ! توختا !

تـوختاپ قالدىم ، چۈنكى دادامنىڭ تەلەپپۇزىدا قارشىلىق كۆر-سەتكىلى بولمايدىغان بىر كۈچ بار ئىدى . بۇرۇلۇپ دادامغا قارىدىم ، دادام ئاغـزىدىن غاڭزىسىنى ئېلىپ ، كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا سەپ-سالدى . ئۇ مېنى تەتقىق قىلىۋاتامدىغاندۇ ؟ مەن تاقەت قىلىپ ئۈن ـ تىنسىز تۇردۇم . ئۇ بىرهازا سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن ، ئىنتايىن سالماق بىلەن سۆزلىدى :

ــــ بەس ، مۇشۇ تەكەببۇرلۇقمۇ يېتەر !

مەن يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم ئۇ غاڭزىسى بىلەن ساپانى ئىشارەت قىلىپ :

ــــ ئولتۇر ! ــــ دېدى بۇيرۇق ئاهاڭىدا .

مەن ئولتـۇرمىدىم ، قەددىمنى تىك تۇتۇپ قىمىرلىمـاي تۇر-دۇمـيۇ ، ئۆزۈمـگـە ئاچـچىقلاندىم . نېـمىدەپ بۇرۇلغانچە ماڭـماي ئۇ-نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن ؟ دادام غاڭزىسىنى يەنە چىشلىدى ۋە بې-شىنى لىڭشىتىپ :

ــــ يېپىلڭ ، پۇلنى ئېلىپ كەت ! ــــ دېدى .

مەن لېۋىمنى چىشلىدىم ، ئىچىمدە جىددىي كۈرەش بولۇۋاتاتتى ، دادامنىڭ پوزىتسىيىسى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى . ئۇنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان بـۇيـرۇق ئاهاڭىغا غەيرىي بىر نېمە يوشۇرۇنغاندەك ، تەلەپپۇزىدىن شەپ-قەت ۋە مەدەت ئىپادىلىنىۋاتقاندەك هېس قىلدىم

مـېنىڭ زۇۋان سـۈرمـىگىنىمنى كـۆرۈپ ، ئۇ رۇسـلىنىپ ئول-

تۇردى ـ دە ، تەمكىنلىك بىلەن :

ــ يىپىك ، تەرسالىق قىلىۋەرمە ، بۇ ، سىنىڭ تەكەببۇرلۇقۇڭ ئەمەس ، هاماقەتلىكىڭ . هاماقەتلىك نۇرغۇن خاتالىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ ، ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىشىڭ ، ھېسسىيات بىلەن ئىش كۆرمەسلىكىڭ كېرەك . بۇ پۇلنى ئېلىپ كەت !

ئۇ ماڭا بۇيرۇق قىلىۋاتامدۇ ـ قانداق ؟ مەن ئاۋۋال پۇلغا ، كېيىن دادامغا قارىدىم . هاماقەتلىك ! راستلا هاماقەتلىك قىلىۋاتامدىمەن ؟ بەلكى شۇنداقتۇر . لۇجېنخۇانىڭ نەزەرىدە پۇل دېگەن نېمە ؟ لېكىن ، ئاپام ئىككىمىزگە پۇل بەكمۇ لازىم ، ئىنتايىن لازىم . مەن دادامغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمىدىم . بۇ پۇلنى ئېلىپ كەتسەم بولارمۇ ـ ئېلىپ كەتمىسەم بولارمۇ ؟ دادامنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ قالدى ؟ ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىغانمىدۇ ياكى باشقا بىر سەۋەب بارمۇ ؟ شۇ ئارىلىقتا شۆ ئاچامنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلدى . ئۇ سەل ئالدىغا سۈرۈلۈپ ، ئىلگىرىكىدەكلا تەنە ئاھاڭدا :

ــ جېنخۇا نېمانچە قىلىسىز ، ئۇ سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىزنى قوبۇل قىلمايۋاتسا ، يېلىنغاندەك قىلىپ كېتىۋاتىسىزغۇ .

مەن دەرھال شۆ ئاچامغا قارىدىم . قاراڭلار ، دۇنياغا تويمايدىغان بۇ بىلىمسىز خوتۇننى ! ئۇ مېنى بۇ پۇلنى ئالمىسىكەن دەۋاتىدۇ ! ئەگەر مەن بۇ پۇلنى ئالمىسام ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ ! هاماقەتلىك دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ ؟ قولۇمغا كىرگەن پۇلنى ئالمىسام ، ئاپام ئۆيدە ئاچ ئولتۇرسا ، بۇ هاماقەتلىك بولماي نېمە ؟ مەن پۇلغا تىكىلدىم ، ئىرادەم تەۋرىنىپ قالدى .

دادام ئورنىدىن تۇرۇپ پۇلنى ئېلىپ ماڭا سۇندى ۋە :

ــ ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى داۋالاتقىن ! ــ دېدى .

مەن هاڭ ـ تاڭ قالدىم ، شۇنداقتىمۇ ئىختىيارسىز قولۇمنى سۇنۇپ پۇلنى ئالدىم . شۆ ئاچام تەنىلىك كۈلۈپ :

ــ ئالمايمەن دېمىگەنمۇ ؟ ئەجەب ئېلىۋاتىسىزغۇ ؟ ــ دېدى .

مەن شۇئان بۇرۇلۇپ پۇلنى چىلەك تۈتقىنىمچە سىرتقا قاراپ ماڭ-دىم . هاقارەتلىنىش تۇيغۇسىدىن قان تومۇرلىرىمدا قانلىرىم قايىنىماقتا-ئىدى . مەن بۇ دورەم هاماقەتلىك ، ئەقىلسىزلىك قىلمىدىم . بۇ پۇل بى-لەن هېچبولمىغاندا كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ غېمىدىن قۇ-تۇلاتتىم . شۇندا باشقا ئىشلارنى پىلانلىغىلى بولاتتى . نېمدەپ دادامنىڭ پۇلىنى ئالمايتتىم ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاچ قويۇپ شۇ ئاچامنى خۇش قىلاتتىم ؟

هويلىغا چىققىنىمدا دادام كەينىمدىن توۋلىدى :

— يىپىلىڭ !

كەينىمگە قارىدىم ، دادام ماڭا تىكىلدى ۋە ئويغا چۆمگەن هالدا :

— دائىم كېلىپ تۇرغىن ، تەكەببۇرلۇقۇڭنى تاشلا ، بىز يەنىلا بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى ! — دېدى .

شۇنداقمۇ ؟ بىز بىر ئائىلىنىڭ ئادىمىمۇ ؟ دادام نېمە ئۈچۈن بۇ گەپنى قىلدۇ ؟ ئۇ مېنى قامچىلىغانلىقىغا راستلا پۇشايمان قىلغانمىدۇ ياكى . . . مېنى خارابىلىكتىن قېزىۋېلىپ ، يېڭىۋاشتىن قىزىم دەپ ئې-تىراپ قىلماقچىمىدۇ ؟ مەن ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇنىڭ چىرايىدىن كاللام-دىكى سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىدىم . ئەمما ، كۆزىدىن يېڭى بىر نەرسىنى — هېسسىيات تېپىغا كىرىدىغان نەرسىنى سەزدىم . لېكىن بۇلارنى تەتقىق قىلىشنى خالىمىدىم . چۈنكى ، ئادەم دېگەن مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك مەخلۇق .

« لۇ ئائىلىسى » دىن كۆڭلۈم يېرىم ۋە ناخۇش هالدا چىقتىم ، بۇ بىر تاتازا پۇل خۇددى يەلكەمدىن بېسىپ تۇرغاندەك ، نەپەس ئېلىشىممۇ قىيىنلاشقانىدى . رېئاللىق ، غۇرۇر ، تەكەببۇرلۇق . . . كىشىلىك تۇر-مۇش نەقەدەر چىگىش ۋە تەرتىپسىز ـ هە ! قولۇمغا پۇل چۈشتى ، رېئال مەسىلە هەل بولدى ، غۇرۇر بىلەن تەكەببۇرلۇق نەگە كەتتى ؟ مەن بىر تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراۋېرەمدىمەن ؟

ئۇپۇققا يەنە بۇلۇت يىغىلىشقا باشلىدى ، يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇراتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# 3

« ئۇياق » بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردۇم ، شۇ-نىڭدەك ئاۋۋالقىدىن كۆپرەك بارىدىغان بولدۇم . بارا ــ بارا شۇنى ھېس قىلدىمكى ، دادام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرلىق بىر مۇناسىۋەت شەكىللىنىۋاتاتتى . ئۇ ماڭا ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . كۆڭلىدە ئۇ مېنى مۇھاكىمە قىلاتتى ، سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتەتتى . مەنمۇ دادامدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي ، دائىم ئۇنى كۆزىتىپ ھوشيار تۇرماقتا ئىدىم . بىز خۇددى مۆكمۆكىلەك ئوي-نىغاندەك بىر ــ بىرىمىزدىن ھەر مىنۇت ھوشيار تۇراتتۇق . بەزىدە بىرەر ھەپتىگىچە « ئۇياق » قا بارماي قالسام ، دادام رۇپىيىڭ ياكى ئىرخاۋنى ئەۋەتەتتى ، تەلەپلىرىمنى بەكمۇ مەردلىك بىلەن قاندۇراتتى . ئۇنىڭدىن قامچا يېگەندىن كېيىن ، ئۇنى ھۆرمەت قىلمايدىغان ، ئۇنىڭدىن تەپ تارتمايدىغان ، ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم . ھەر قېتىم گەپ ياندۇرغىنىمدا ، ئۇنىڭ ئاچچىقى غۇژژىدە كېلەتتىيۇ كۆز يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئارىلىقتا پەسىيىپ قالاتتى ، كۆزلىرىنى پىرۇپ ماڭا قاراپ كې-تەتتى ، ئۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايىدىن غەلىتە بىر خىل مېھىر ــ شەپقەتنى سېزىپ ، دادامنىڭ مېنى ئەتىۋارلاۋاتقانلىقىنى ئاستا ــ ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم .

دادامنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، شۆ ئاچام-نىڭ غەزىپى ۋە ۋەھىمىسى كۈچىيىشكە باشلىدى . روشەنكى ، ئۇ مەندىن ھېيىقىدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ماڭا قاتتىق دۈشمەنلىك قى-لىدىغان بولۇپ كەتتى . بەزىدە ئۆزىنى تۇتالماي يامان گەپلەرنىمۇ قىلىپ سالاتتى ، مىڭ قىلغىنى بىلەن ئۇ دادامدىن قورقاتتى . دادام ئۇنىڭغا بىرلا گۆلىيىدىغان بولسا ، شۇئان دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى ، شۇڭا ئەمدى مېنىڭ چىشىمغا تېگەلمەيدىغان بولۇپ قالدى ، مەن بولسام ئۇ-

نىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ كويىدا ئىدىم ، ئۇنىڭغا يامانمۇ بەك ئۆچ ئىدىم ! تەيۋەنگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمىزدا ، ئۇ ھەر خىل قەبىھ ۋاسىتىلەر بىلەن دادامنى ئاپامدىن سوۋۇتقانىدى . ئاپام ناھايىتى قورقۇنچاق ، كەم سۆز ئىدى ، دادامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنىمۇ بىلمەيتتى . شۇڭا ، ھەممە خاپىلىقنى ئىچىگە يۇتۇپ ، سالامەتلىكتىن ئايرىلىپ ، چىرايىدىن كەتكەنىدى . دادام پەقەت ئاياللارنىڭ گۈزەل جامالىغىلا كۆيەتتى . چىرايىدىن كەتسىلا ۋاز كېچەتتى . ئاخىر ، ئاپام شۇ ئاچامنىڭ زەھەرلىك مەسخىرىسىگە چىدىيالمىدى ، دادامۇ ئاپامنىڭ ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ يۇرمەيدىغان « تۇل خوتۇن مىجەز » ىدىن زېرىكتى . نەتىجىدە بىز مەجبۇرەن ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن بۇ تار ـ تارچۇق ئىككى ئېغىز ئۆيگە ھەيدەلدۇق . بىز پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە ياكى خىزمەتكار ئاچىقمىدۇق . ئاپام كېچىلەردە ئۇخلىماي ياش تۆكەتتى . مەن دېرىزە يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرەتتىم . ئەنە شۇ چاغدىلا « ئىنتىقام ئالىمەن ! » دەپ قەسەم ئىچكەنىدىم . مانا ئەمدى ، شۇ ئاچام ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى .

« ئۇياق » قا بارمىغىنىمغا بىر ھەپتە بولغانىدى . رۇپىڭ ئەتىگەندىلا كېلىپ ، دادامنىڭ مېنى ئويناپ كەتسۇن دەپ چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى . يېقىندىن بۇيان رۇپىڭدا بىرئاز ئۆزگىرىش بار ئىدى . ئۇ ھېچقانداق مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى ، بىرقانچە قېتىم ماڭا بىر نېمە دېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ ، ئىزا تارتىپ گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەنىدى . ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر چاقناپ شادلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى . ئېھتىمال ، ئۇ بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندۇ . دېمىسىمۇ بۇ يىل يىگىرمە تۆتكە كىردى ، تارتىنچاقلىقى ۋە يۇرەكسىزلىكى تۈپەيلى ، ھازىرغىچە يىگىتى يوق ئىدى . ئېرخاۋ تەيبېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيتتى ، ئۇ رۇپىڭغا بىرنەچچە يىگىتنى تونۇشتۇرغان بولسىمۇ ، نەتىجە چىقمىغانىدى . رۇپىڭدىكى ئۆزگىرىش ئۈستىدە بىرنېمە دېيەلمەيتتىم ، مۇھەببەتتىن باشقا نېمىمۇ ئۇنىڭ چىرايىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرالىسۇن ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىرەر يىگىتنى مەھ-

لمىيا قىلالىغۇدەك بىگىسى بارلىقىغا دەرگۇماندا ئىدىم .
كـەچتە ، ئازراق ياسىنىپ ـ تاراندىم ، يىقىندىن بۇيان ئۇرغۇل
يـىگى كىيىملەرنى قىلغاندىم ( گۈزەللىككە ئىنتىلىش قىز باللىنىڭ تەبىـ
ئىتى بولسا كېرەك ، مەن تەبىئىي گۈزەللىكنى تەكىتلىسەممۇ ، بۇ جەـ
هـەتتە چاكىنىلىقتىن خالىي ئەمەس ئىدىم ! ) بۇ كىيىملەرنىڭ ھەممىـ
سىنى دادام قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇچامغا قارا پوپايكا ، قارا يۇڭ يوپكا
كـىيدىم ، چېچىمغا قىزىل لېنتا باغلىدىم ، يېگىدىن ئالغان توق قىزىل
سوكنا پەلتويۇمنى كىيدىم ، ئەينەككە قاراپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم .
مەن سۇس گىرىم قىلىپ ، ئوچوق رەڭلىك كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆـ
رەتـتىم ، مۇنداقتا مەن شاللاق كۆرۈنمەيتتىم . جابدۇنۇپ بولغاندىن كېـ
يىن ، ئاپامغا خوش دەپ قويۇپ ، ئالدىرىماي مېڭىپ « ئۇياق »قا كەلـ
دىم .
هويلىغا كىرىش بىلەنلا ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدىم ، مېھمانخانىنىڭ چىراغلىرى چاقناپ تۇراتتى . بۇ مېھمانخانىدا
ئەسلى بىر شىرە چىرىغى ، ئىككى تام چىرىغى ۋە بىر چوڭ ئاسما چىراغ
بـار بولۇپ ، ئادەتتە ئۇلار ئاسما چىراغنىلا ياقاتتى ، بۈگۈن بۇ چىراغلار-
نىڭ ھەممىسى تەڭلا يېقىلغانىدى ، خۇددى چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتـ
قـاندەك ، ئادەملەرنىڭ قالايمىقان شولىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .
مەن تەئەججۈپ ئىلكىدە مېھمانخانىغا كىردىم ، قارىسام ، مېھمانخانىدىكى
ئادەم هـەقىقەتەن ئاز ئەمەس ، لېكىن ھەممىسىلا مۇشۇ ئائىلىدىلەر ــ
دادام ، شۆ ئاچام ، رۇپىلىك ، مېگىپىلىك ، ئېرخاۋ ، ئېرجىيىلار بولۇپ ، بىرلا
يوچۇن ئادەم بار ئىدى . شۆ ئاچامنىڭ خۇشامىتى ۋە هودۇقۇشلىرىدىن
قارىغاندا ، بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ قەدىرلىك مېھمان ئىكەنلىكىگە قىل سىغـ
مـايتتى . ۋەهالەنكى ، پۈتۈن ئائىلە ھەرىكەتكە كەلگەن مۇنداق كۈتۈۋېـ
لىش لۇ ئائىلىسىدە كەمدىن ــ كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى !
مەن قىزىقسىنىپ مېھمانغا سەپسالدىم ، ئۇ يىگىرمە بەش ــ يىگىرمە
ئالتە ياشلاردىكى يىگىت ئىدى . زېغىر رەڭ كاستيۇم ــ بۇرۇلكا كىيگەن ،
كىيىملىرى رەتلىك ۋە تازا ، لېكىن ۋاي دېگۈچىلىكى يوق ئىدى . ئۇ

بەكمۇ كېلىشكەنلەردىن بولمىسىمۇ ، ئەمما كۆزلىرىدىن تەمكىنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى ، قاش ـ كۆزلىرى جايىدا ، سىپايە بۇ يىگىت تالىپ مىجەزلىك كۆرۈنەتتى . ئۇ ساپاغا يۆلىنىپ ئوغۇللارغا خاس ئېرەنسىز ۋە بەھۇزۇر كەيپىياتتا بەخىرامان ئولتۇراتتى . كىشىگە سەممىي ۋە رايىش تەسىر بېرەتتى . ئادەملەر ئىككى خىل بولىدۇ ، بەزىلىرىنى بىر قاراشتىلا زادى قانچىلىك ئادەملىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ؛ بەزىلىرىنى بولسا تەپسىلىي كۆزىتىشكە ، مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئۇ كېيىنكى خىلدىكىلەرگە مەنسۇپ ئىدى .

مېنىڭ سىنچى نەزەرىم بىلەن ئۇ ساپادىن تۇرۇپ گاڭگىرىغان ھالدا ماڭا قاراپ قالدى . شۇ ئەسنادا دادام كېلىپ مۇرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ :

— يىپىلىڭ ، بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى خې شۇخۇەن ، ئېرخاۋنىڭ ساۋاقدىشى ! — دېدى مېھماننى تونۇشتۇرۇپ ، ئاندىن خې شۇخۇەنگە مېنى تونۇشتۇردى ، — بۇ مېنىڭ يەنە بىر قىزىم لۇ يىپىلىڭ !

مەن خې شۇخۇەنگە قاراپ بېشىمنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدۇم . ئېرخاۋنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئائىلىمىزدە بۇ قەدەر ئەتىۋارلىنىپ كېتىشىنى چۈشىنەلمىدىم . خې شۇخۇەننىڭ كۆزلىرىدە غىل ـ پال شۈبھە تۇمانلىرى كۆرۈندى . روشەنكى ، ئۇ مەندەك « يەنە بىر قىز »نىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئەجەبلەنمەكتە ئىدى . پەلتويۇمنى سېلىپ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدۇم ـ دە ، خې شۇخۇەننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ، خې شۇخۇەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ :

— مەن ئۆزۈمنى يەنە بىر تونۇشتۇرۇۋېتەي ، — دەپ « خې شۇخۇەن »دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قايسى ھەرپلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى چۈشەندۈردى .

مەن كۈلدۈم . راست ، ئۇ چۈشەندۈرمىگەن بولسا ، ئۇنىڭ ئىسمى قايسى ھەرپلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلمىگەن بولاتتىم . ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ، چاي جوزىسىدىكى گازىر ۋە قەن ـ گېزەككە كۆزۈم چۈشتى . رۇپىلىڭ بىلەن شۆ ئاچام بىر ساپادا ئولتۇرغانىدى . شۆ ئاچام-

نىڭ ئۇزايىدىن مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن ئەرۋايى ئۇچقانلىقى ئىپادىلەن-
مەكتە ئىدى . رويپىڭ بولسا ئىزا تارتقىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ ،
ئىككى قولىنى جۈپلەپ تىزىنىڭ ئارىسىغا ئالغان هالدا يەردىن باش كۆ-
تۈرمەي ئولتۇراتتى . بۈگۈن ئۇ ئالاهىدە ياسانغان ، يەنى پەردازنى ئەپ-
چىللا قىلغان ، چېچىنى دولقۇنسىمان بۈدۈر قىلغان ، زەر يىپ ئارىلاش
تۇرۇلغان قىزىل يۇڭ پوپايكا بىلەن جىگەر رەڭ بۇرۇلكا كىيگەن بولۇپ ،
قورچاققىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى . شۇئان چۈشەندىم ! دېمەك ، ئۇلار
يەنە رۇ پىڭغا يىگىت تونۇشتۇرغان . قارىغاندا بۇ، خې شۇخۇەننىڭ بى-
رىنچى قېتىم كېلىشى ئەمەس ئىدى ، رويپىڭنىڭ يېقىنقى روهىي هالىتى-
دىن قارىغاندا ، بۇ ئىشمۇ پىشىپ قالغاندەك قىلاتتى .
مەن بىر سىقىم گازىر ئېلىپ بەخىرامان چېقىپ ئولتۇردۇم ، مېڭ-
پىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ كىنو ژۇرنىلى كۆرۈۋاتاتتى ، مەنمۇ بوينۇمنى
سوزۇپ ژۇرنالغا قارىدىم . شۆ ئاچام يۆتىلىپ قويۇپ خې شۇخۇەنگە :
— شۇخۇەن ، سىز رويپىڭغا ئىنگلىزچە ئۆگىتىشكە ماقۇل بولدى-
ڭىزغۇ ؟ — دېدى .
شۆ ئاچام ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئەمەس ، ئىسمىنىلا ئاتىغۇدەك بوپ-
تۇ . دېمەك ، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتى ناهايىتى تېز بولغانىدى . چۈنكى ،
رويپىڭ بىر ئاينىڭ ئالدىدا خې شۇخۇەننى تونۇمايتتى ! شۆ ئاچامغا قا-
رىدىم ، شۆ ئاچامنىڭ مۇئامىلىسىدىن قىزغىن ئارزۇ - ئۈمىدلەر ، بۇ
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەكمۇ تەشنالىقى ئەكس ئېتەتتى ، مەن يەنە
خې شۇخۇەنگە نەزەر سالدىم . ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى . بۇ كىشنى
چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان كۈلۈمسىرەش ئىدى .
— بەكمۇ ئۆلۈك بېكىتىۋەتمەيلى ، ۋاقتىم بولسىلا كېلىپ
تۇراي ، قانداق ؟ — دېدى ئۇ .
— گېپىڭىزدە تۇرىسىز - هە ! — دېدى شۆ ئاچام .
— شۇخۇەن ، — دېدى ئېرخاۋ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قو-
يۇپ ، — بالدۇرلا ماقۇل دەۋەتمىگىن ، رويپىڭ ناهايىتى دۆت ، كېيىن
چوقۇم سىنى جاق تويغۇزىدۇ !

— راستمۇ ؟ — دېدى شۇخۇەن ، ئۇ بىر ئاپېلسىننى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى ئىبرخاۋغا سۇندى ۋە رۇپىڭغا پاللىدە قاراپ قويدى ، — بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن .

رۇپىڭنىڭ بېشى تېخىمۇ ساڭگىلاپ كەتتى ، مەن كەلگەندىن بۇيان ئۇ ئېغىز ئاچماي ، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئالغىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى . شۇ ئاچام رۇپىڭنىڭ بېشىغا نوقۇپ ، ئۇنى گەپ قىلىشقا ئۈندىدى . رۇپىڭ چۆچۈگەندەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ خې شۇخۇەنگە لەپپىدە قارىدى ، تېخىمۇ قىزىرىپ تىلىنى چايناغان ھالدا بولۇۋاتقان سۆھبەتكە قىلچە مۇناسىۋەتسىز بىر گەپنى قىلدى :

— خې . . . خې ئەپەندى ، سىز . . . كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەمسىز ؟

شۇ ئاچامنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، ئىبرخاۋ باشقا ياققا قارىۋالدى . خې شۇخۇەنمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى . لېكىن ، دەررۇ رۇپىڭغا خۇددى ھودۇقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كىچىك بالىغا قارىغاندەك ، ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا جاۋاب بەردى :

— ھەئە ، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن . سىزمۇ ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھەئە . . . ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى رۇپىڭ ۋە خې شۇخۇەنگە يۈرەكلىك قاراپ قويدى .

— سىز قانداق كىتابلارنى ياخشى كۆرىسىز ؟ — دېدى خې شۇخۇەن يەنە مۇلايىملىق بىلەن ، — بىزنىڭ ئۆيدە نۇرغۇن كىتاب بار ، مەن كىتاب ساقلاشقا خۇشتار ، ئەگەر كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرسىڭىز ، ئىشىنىمەنكى ، قانداق كىتاب دېسىڭىز مەندىن چىقىدۇ .

— مۇنداق دەڭ ، — دېدى رۇپىڭ دۇدۇقلاپ . ئۇ خې شۇخۇەننىڭ مۇئامىلىسىدىن مەدەت ئېلىپ خېلىلا روھلىنىپ قالغانىدى . ئۇ قىزىرىپ تۇرسىمۇ ئاخىر خې شۇخۇەن بىلەن يۈرەكلىك ھالدا پاراڭلىشىشقا باشلىدى ، — مەن . . . مەن . . . كۆپرەك تۇرمۇشقا دائىر ئە-

www.uyghurkitap.com

سەرلەرنى ياخشى كۆرىمەن. مەسىلەن، فېڭ يۇچى، لىۇ يۇنرۇ قاتار-
لىقلارنىڭ كىتابلىرىغا ئامراق. بۇنىڭدىن باشقا... گۇمپىچى پالۋانلار
ھەققىدىكى كىتابلارمۇ بەك ياخشى، يېقىندا نەشر قىلىنغان گۇمپىچى
پالۋانلار ھەققىدىكى كىتابلارمۇ قىزىقكەن.

— شۇنداقمۇ، — دېدى خې شۇخۇەن قاشلىرىنى يې-
مىرىپ، — ئەپسۇس، سىز ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىككى خىل
كىتاب مەندە يوق، — ئۇنىڭ چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش ئالامەتلىرى
ئەكس ئەتتى. مېنىڭچە، ئۇ رۇيلىك ئۈچۈن ئوڭايسىزلانغانىدى. شۇ ئا-
چامنىڭ خۇشاللىقىدا ئاغزى قولىقىغا يەتتى. خې شۇخۇەن يەنە
خۇش چىراي سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر تەرجىمە كىتابلاردىن
كۆرۈپ باقاي دېسىڭىز، مۇنداقلىرى مەندە كۆپ.

خې شۇخۇەن كۆپلىگەن كىتابلىرى بارلىقىنى تىلغا ئالغاندىلا
ئىچىمگە جىن كىرىپ، خوشال بولۇپ كەتكەنىدىم. مەن ئىلگىرى —
كېيىن بىر كىتاب خۇمارى بولۇپ، كىتابقا كىرىشىپ كەتسەم ئۇيقۇ ۋە
تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتىم. شۇڭا ئۇ تەرجىمە كىتابلارنى تىلغا ئالغىنىدا
ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالمىدىم.

— ھوي، خې ئەپەندى، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ، —
ئەگەر سىزدە تەرجىمە كىتابلار بولسا، ماڭا بىر نەچچىنى بېرىپ تۇر-
سىڭىز قانداق؟

خې شۇخۇەن ئىتتىك ماڭا قارىدى. كۆزلىرى بولسا تېزلىكتە
يۈزۈمدە بىر ئايلىنىپ چىقتى:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — سىزگە
قايسى كىتابلار كېرەك؟

بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. چۈن-
كى، مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ بولغانىدىم.
شۇڭا:

— سىزدە مەن كۆرمىگەن كىتابلاردىن قايسىسى باركىنتاڭ؟ —
دېدىم.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى، سەدەپتەك ئاق ۋە چىرايلىق چىشلىرىغا كۆزۈم چۈشتى.

— بۇنى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن.

مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. مەن تولىمۇ ئەخمىقانە گەپ قىلغانىدىم!

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ، — سىز ياقتۇرىدىغان يازغۇچىلارنى ئېيتىپ كۆرۈڭ.

— تۇرگېنېۋ، سۇدېرمان، مارك تۋېن، تولستوي... قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى يازغۇچىلار، قارىغاندا سىز سارويان، توماس مان، فوركىننە قاتارلىق ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرمايدىغان ئوخشايسىز.

— شۇنداق، مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئامراقمەن، ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەسەرلەر بىلەن خۇشۇم يوق.

ئۇنىڭ چىرايىدا مەنىلىك كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى، ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىدە مەسخىرە بار-يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدىم، ئەمما ئۇ ئاق كۆكۈل، سەممىي كۆرۈنۈشتە ئىدى.

— تۇرگېنېفنىڭ قايسى كىتابلىرىنى ئوقۇدىڭىز؟

«ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسى»، «تۇتۇن»، «لوتىن»، «كۆكلەم سەھرى»، — دېدىم ئويلانغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ «ھارپا» ۋە «ئوۋچى خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابلىرىنى ئوقۇمىغانىكەنسىز، بۇ كىتابلار بار، بېرىپ تۇراي. سۇدېرماننىڭ «غەمكىن خانىم» ۋە «مۈشۈك كۆۋرۈك» دېگەن ئىككى كىتابى بار، بۇلاردىن قايسىسىنى ئوقۇمىغان؟

— «مۈشۈك كۆۋرۈك»نى، — دېدىم مەن، — بۇ كىتاب ياخشىمۇ؟

— نېمە دەۋاتىسىز ، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ، — سىزنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلىپ ، تاماققىمۇ كۆڭلىڭىز تارتمايدىغان قىلىۋېتەلەيدۇ !

— پاھ ، قالتىسكەن - ھە ! — دەۋەتتىم خۇش بولۇپ ۋە تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم ، — بۇ كىتابنى قاچان بېرىسىز ؟

— قاچان ئالىسىز ؟

— دەرھال ! — دەپ تاشلىدىم ، ئەمما شۇئان ئىزا تارتىپ قالدىم . بۇ نېمە قىلغىنىم ، ئۇ ھازىرلا ئۆيگە بېرىپ شۇ كىتابنى ماڭا ئەكېلىپ بەرسۇنمۇ ؟ مەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويۇپ ئىزاھلىدىم ، — كېيىنرەك بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ .

— بۇ كىتابنى ئىمكانقەدەر تېز يەتكۈزۈپ بېرىمەن ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ، — ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىڭىز بولسا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئۆزىڭىز تاللاڭ ، قايسى كىتابنى ياقتۇرسىڭىز شۇنى ئېلىڭ ! بىزنىڭ ئۆيدە ئىزدىگەن كىتابىڭىز تېپىلىدۇ !

— ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئۇلارمۇ بار ! شۇغىنىسى ، ئۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلى نۇسخا . دەرۋەقە ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئانچە چۈشىنىشلىك ئەمەس ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق داۋلىسى بار . ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگىنى پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتچىلەر . . .

— سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلمايمەن ، — دېدىم مەن ، — ھەر قانداق بىر كىتاب كىتابخاندا ھېس - تۇيغۇ ۋە ئىشتىياق قوزغىيالىشى ، كىتابخاننى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىقىشنى خالايدىغان ھالغا كەلتۈرەلىشى كېرەك . يېڭى ئېقىمدىكى كىتابلاردەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تەسۋىر ۋە سۈرەتلەشلەر بىلەن بولۇپ كەتسە ، بۇ تەسۋىر ۋە سۈرەتلەشلەر ھەر قانچە ياخشى ۋە چوڭقۇر بولغىنى بىلەن ، كىتابخانلاردا ئوتتۇراق سادا قوزغىيالىشى ناتايىن . بىز كۆپىنچە ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈنلا كىتاب ئوقۇيمىز ، كىتاب ئوقۇشنى خىزمەت قاتارىدا كۆرمەيمىز .

شۇنداقمۇ ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، بولمىسا چۈشەنگىلى بولمايدۇ . مەن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىمەن ، تەتقىق قىلىش بىلەن خۇشۇم يوق .

ئۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن ھالدا :

— كىتابنى بەك كۆپ ئوقۇۋەتسىڭىز زېرىكمەمسىز ؟ شۇڭا ، تەتقىق قىلغۇدەك نەرسىمۇ بولۇشى لازىم . « ياقا يۇرتلۇق » دېگەن كىتابنى ئوقۇغانمىدىڭىز ؟ — دېدى .

— ئوقۇغان .

— سىزگە ياقتىمۇ ؟

— بىر نېمە دېيەلمەيمەن . مېنىڭچە بۇ كىتابتا يارىتىلغان ئوبراز بىلەن بىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىمىز پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ ، مەن ئاپتور ياراتقان بۇ ئوبرازنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم .

— توغرا ئېيتتىڭىز ، — دېدى ئۇ ئويغا پاتقان ھالدا ، — مۇشۇنداق گەپ . بەزىدە ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن ئىدىيىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى ، بىز ئۇلارنىڭ يازغان نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلالمايمىز ، ئەمما بىز قوبۇل قىلالمايمىز ، دېمەكلىك بىلەنلا ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى يوققا چىقارساق بولمايدۇ . مەنمىغۇ بۇ كىتابلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن ، شۇنداقتىمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراقمەن ، تەتقىق قىلىشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن . بەزىدە بۇ نەرسىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەزنى بارلىقىنى ھېس قىلىمەن .

— سىز يازغۇچىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم تۇساتتىنلا .

— ياق ! ئەزەلدىن بىر نېمە يېزىپ باققان ئەمەسمەن . لېكىن مەن ئەدەبىياتنى ئوقۇۋاتىمەن ، — دېدى كۈلۈپ .

— ھوي ، گەپ بىلەنلا بولۇپ كەتمەڭلار ، قېنى كەمپۈت يەڭلار ! — دېدى شۆ ئاچام ۋە بىر تەخسە كەمپۈتنى ئېلىپلا خې شۇخۇەنىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . ئاندىن بۇرۇلۇپ ماڭا يەۋەتكۈدەك

قارىدى . مەن ھەيران قالدىم ۋە دەرھال چۈشەندىمكى ، ئۇ مېنى غەرەز-لىك ھالدا ئارىغا قىستۇرۇلۇپ ، رۇپىڭىنىڭ ئېشىغا توپا چاچماقچى دەپ ئويلاپ ماڭا ئاللايغاندى . ئۇنىڭ مۇنداق زەھەرلىك ئالىيىشى ئوغاملىق قايناتتى . مەن خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇرغان رۇپىڭغا قاراپ قويدۇم ــ دە ، ئىچىمگە جىن كىردى . ئەگەر ئۇنىڭدىن خې شۇخۇەننى تارتىۋالىمەن دېسەم ، جەزمەن ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ ! ئۇنىڭدىن خې شۇخۇەننى تارتىۋالسام ، شۆ ئاچام تېرىككىنىدىن نېمە بولۇپ كېتەر ــ ھە ! بۇ ئوي ماڭا ئىلھام بەردى . مەن خې شۇخۇەنگە قارىۋىدىم ، ئۇمۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ . ئۇ قارىغىنىمنى كۆرۈپ كەمپۈت تەخسىسىنى قولىغا ئېلىپ سورىدى :

ــــ قايسى كەمپۈتنى ياخشى كۆرىسىز ؟ مەن ئۆزۈم تاپاي ، شاـ كىلاتنى ؟

بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ئۇ ماڭا ئىككى تال شاكىلات كەمپۈتنى چۆرۈپ بەردى . مەن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدىم . شۇئان ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غىل ــ پال ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى ، ئۇ داڭقاتقىنىچە قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى .

ــــ سىز . . . ــــ دېدى ئۇ ماڭا قارىغىنىچە ، ــــ سىزمۇ ئەدەبىـ ياتنى ئوقۇمسىز ؟

ــــ ماڭا ئوقۇش نەدە تۇرۇپتۇ ! ــــ دېدىم غەشلىك ئىچىدە ، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرەلمىگەنلىكىم ماڭا بەكمۇ ئەلەم قىلاتتى .

ــــ سىز قايسى مەكتەپتە ، ــــ دەپ سورىدى ئۇ يەنە .

ــــ ئائىلە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ! ــــ دېدىم مەن .

ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سەل گاڭگىرىغاندەك بولدى . كېيىن كۈلۈپ قويۇپ گەپ ــ سۆز قىلماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىر كەمپۈتنىڭ قەغىزىنى سويۇشقا باشلىدى . باياتىن سۈكۈتتە ئولتۇرغان دادام تۇساتـ تىن ماڭا قاراپ :

ــــ يېپىڭ ، يازلىق تەتىلدە يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بەرگۈڭ بارمۇ ؟ ــــ دەپ سورىدى .

مەن لەپپىدە دادامغا قارىدىم ، دادام تاماكىسىنى بىر شورىۋېلىپ ، ئاستا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇڭ بولسا ، دەرس تەكرارلىشىڭغا مۇئەللىم تېپىپ بېرىمەن !

مەن گەپ - سۆز قىلمىدىم ، دادامۇ بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىدى ، ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان ئېرجىپ ئالدىدىكى بىر تەخسە كەمپۈتكە ئوڭچە ئىگىدارلىق قىلغانىغا قانائەتلەنمەي ئاپىلىسىن يەيمەن دەپ جېدەل قىلدى ، شۇ ئاچامنىڭ چىرايىدىن قار - مۇز ياغاتتى . روشەنكى ئېرجىپ قاملاشمىغان ۋاقىتتا جېدەل قىلغانىدى . شۇ ئاچام ئۇنىڭ كاچىتىغا كەلتۈرۈپ بىر سېلىپ :

— ھۇ يۈزسىز ، ساڭا ھېچنىمە يوق . نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشسەن ! — دەپ توۋلىدى .

دادام قوشۇمىسىنى تۈردى ، مەن يەنە بىرپەس ئولتۇردۇم - دە ، زېرىكىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ دادامغا :

— دادا ، مەن كېتەي ! — دېدىم .

— پۇل كېرەكمۇ ؟ — دەپ سورىدى دادام .

— ھازىرچە كېرەك ئەمەس ، — دېدىم مەن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ .

— ئوقۇشۇپ باققىن ، — دېدى دادام ، — سىلەر ئولتۇرغان ئۆينى ئىگىسى قانچىگە ساتىدىكىن ؟ قىممەت بولمىسا سېتىۋېلىپ ئۆي ئىجارىسى تاپشۇرۇش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلايلى ! — مەن ھەيرانلىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم . شۇ ئاچامنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى ، مەن خې شۇخۇەنگە قاراپ خوش دەپ قوياي دەپ تۇرۇشۇمغا ، بىردىنلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— چوڭ دادا ، چوڭ ئاپا ، مەنمۇ قايتاي ! — دېدى .

— ياق ! — دەپ توۋلاپ كەتتى شۇ ئاچام ، — شۇخۇەن ، يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ ، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار .

خې شۇخۇەن سەل ئارىسالدى بولۇپ ، ئاندىن :

www.uyghurkitap.com

ــ باشقا كۈنى كېلەي ، بۈگۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى ، ــ دېدى .

مەن ئىشىككە قاراپ ماڭدىم ، خې شۇخۇەنمۇ يېتىشىپ كەلدى . دادام دەرپەردىلىك ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ دەرۋازا تەرەپكە ماڭغىنىمىزغا قاراپ تۇردى . مەن بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىغانىدىم ، شۆ ئاچام ئۆڭۈپ ـ ئۆچۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپتۇ . بېشىمنى سىلكىپ قويۇپ يېنىمدىكى خې شۇخۇەنگە قارىدىم . شۇئان كاللامغا بىمەنە بىر ئوي كەلدى ۋە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا پىشقان پىكىرگە ئايلاندى . شۇنىڭ بىلەن شۆ ئاچامدىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېكىتتىم : « مەن خې شۇخۇەننى چوقۇم تارتىۋالىمەن ! » سىرت ئىنتايىن سوغۇق ئىدى ، پەلتويۇمنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتىم . خې شۇخۇەن يېنىمدا بولۇپ ، ئۇمۇ پەلتو كىيگەنىدى ، مەن ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم . ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بوش ئاۋازدا سورىدى :

ــ ئۆيىڭىز نەدە ؟

ــ تىنچلىق شەرقىي يولىدا .

ــ بەللى ، ــ دېدى ئۇ ، ــ بىزنىڭ ئۆيىمۇ تىنچلىق شەرقىي يولىدا .

ــ تىنچلىق شەرقىي يولىنىڭ قەيېرىدە ؟ ــ سورىدىم مەن .

ــ ئەندۇڭ كوچىسىدا .

ــ ئۇنداقتا ، يولىمىز بىر ئىكەن ، ــ دېدىم مەن خۇشاللىق بىلەن .

ئۇ قول كۆتۈرۈپ رىكشا چاقىرماقچى بولدى . مەن زادىلا ئەرلەر بىلەن رىكشىغا چۈشۈپ كۆرمىگەنىدىم . شۇڭا خىجىل بولۇپ بۇنىڭغا ئۇنىمىدىم :

ــ كەچۈرىسىز ، مەن پىيادە مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالغان .

ــ ئۇنداق بولسا ، مەن سىزگە ھەمراھ بولاي .

بىز بىرگە ماڭدۇق ، ئۇ يانچۇقىدىن بىر شارپىنى ئېلىپ بوينۇمغا ئوراپ قويدى ، مەن ئۇن ـ تىنسىزلا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم ،

بىردىنلا كۆڭلۈمدە ئاجايىپ تۇيغۇ پەيدا بولدى. تووا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى كۆرۈشۋاتىمەن، ئەجەبا كونا تونۇشتەكلا ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەنغۇ؟ بىز بىرپەس ئۈنچىقماي ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچتى:
— سىزنىڭ ئەجەبمۇ مۇرەككەپ ئائىلىڭىز بار ئىكەن - ھە؟
— مەن لۇ جېنخۇانىڭ قىزى! — دېدىم مۇرەممنى قىسىپ قويۇپ، — سىز لۇ جېنخۇانىڭ ئائىلىسىنى بىلمەيتتىڭىزمۇ؟
خې شۇخۇەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ نېمشقا ئۇلۇغ كىچىك تىنىدۇ؟ مەن ئۇچۇنمۇ؟
— سىز ئاپىڭىزنىڭ قېشىدا تۇرامسىز؟
— ھەئە.
— ئۆيۈڭلاردا يەنە كىم بار؟
— ھېچكىم يوق، ئانا - بالا ئىككىمىزلا.
خې شۇخۇەن ئۈنچىقمىدى، يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن مەن گەپ ئاچتىم:
— پەرىزىمچە سىزنىڭ بەكمۇ ياخشى، ئىنتايىن باي ئائىلىڭىز بار.
— نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيسىز؟
ئۇنىڭغا شۇ ئاچامنىڭ سىزگە قىلغان ئالاھىدە مۇئامىلىسىدىن شۇنى پەرەز قىلدىم، دېيىشنى خالىمىدىم. شۇڭا:
— سىرتقى قىياپىتىڭىزگە قاراپ، — دەپلا قويدۇم.
— سىرتقى قىياپىتىم، — دېدى ئۇ بەكمۇ تەئەججۈپتە، — مېنىڭ سىرتقى قىياپىتىم ئائىلەمنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدىكەن؟
— ئۇنىڭدىن باشقا، سىزنىڭ جىق كىتابلىرىڭىزچۇ؟
— جىق كىتاب؟ ئۇ بىر ھەۋەس. مەن گادايلىقتىن تىلەمچىلىك قىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ تاپقان پۇلۇمغا كىتاب سېتىۋالغان بولاتتىم.
— ئۇنداق قىلالمايتتىڭىز، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ، — سىز گادايلىقتا ئۆي ئىگىسى ھەر كۈنى كېلىپ قەرز سۈيلەيدىغان، ئۆ-

يېنىڭىزدە بىر سىقىم ئاشلىقمۇ قالمىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا كىتابنى خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەيسىز. قانداق قىلىپ قورساق تويغۇزۇش، قەرز ئېگىسىنى يولغا سېلىش، ئۇچىڭىزنى يېپىش ئىشىڭىز بولىدۇ!

— مەن سىزنىڭ نامراتلىق تەمىنى تېتىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئۇ قايرىلىپ ماڭا دىققەت بىلەن قاراپ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن سەل تېرىكىپ، — ئۆتكەن ئاينىڭ بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشىمدىن 200 كوي قەرز ئالدىم. ئەتىسى خىزمەت ئىزدەپ چىقىپ كەچتە ئۆيگە قايتقىنىمدا ئاپامنىڭ 200 كويىنى ئۆي ئىجارىسىگە بېرىۋېتىپ، بىر كۈن غىزاسىز قالغانلىقىنى بىلدىم . . . — مەن بىردىنلا سۆزۈمنى توختاتتىم. نېمە ئۈچۈن بۇلارنى دەپ يۈرىمەن؟ نېمىدەپ بۇ ئىشلارنى بىر يوچۇن ئادەمگە ئېيتىپ بېرىمەن؟

ئۇ كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ماڭا سەپسالدى، ئۇنىڭ كۆزىدە ھەيرانلىق ۋە تەشۋىش ئەكس ئېتەتتى:

— راستمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ھېچ گەپمۇ يوق، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ، — ھازىر دادام يەنە ماڭا قارايدىغان بولدى، مەنمۇ ئۇنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىۋاتىمەن، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، نامراتلىق غۇرۇرنى بېسىپ چۈشىدىكەن! رىئاللىق ھەممە نېمىدىن قورقۇنچلۇق ئىكەن! نامراتلىققا باش ئېگىش، غۇرۇرنى بېسىپ تۇرۇپ سەدىقىنى قوبۇل قىلىش، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىشكەن!

خې شۇخۇەن ئۈنچىقماي ماڭا قارىدى. شامال چىقماقتا، كوچىدا ئادەم بەكمۇ ئاز، ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، كامان شەكلىدىكى ئايمۇ خىرە نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئوچۇق ھاۋا ئىدى. ئىككىمىز قولىمىزنى پەلتويىمىزنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئاستا ماڭماقتا ئىدۇق. ئۇ خېلىغىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى، مەنمۇ زۇۋان سۈرمىدىم. شۇ تەرىقىدە مېڭىپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپمۇ

قالدۇق . مەن قەدىمىمنى توختاتتىم :

— يېتىپ كەلدۇق ، مانا بىزنىڭ ئۆي ، كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتمەمسىز ؟

ئۇمۇ توختاپ ماڭا تىكىلدى ۋە بېشىنى چايقاپ :

— بولدى ، بەك كەچ بولۇپ كەتتى ، — دېدى بوش ئاۋازدا .

— ئۇنداق بولسا ، خەير - خوش ! — دېدىم مەن .

ئۇ قوزغالمىدى ، مەن ئۇنى ئۇچرىشىش ياكى كېيىنكى قېتىم كۆرۈشۈش ۋاقتىنى كېلىشىۋالايلى ، دەيدۇ ، دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتتۈم . لېكىن ئۇ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى . ئاخىرىدا ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ بوشقىنا :

— ئەمىسە ، خەير - خوش ! — دېدى . مەن سەل ئۈمىدسىزلەندىم ، يول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بەستىگە قاراپ قالدىم ، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىپ ئىشىكنى چەكتىم . ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنلا ، بوينۇمدىكى شارپىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم .

يېرىم كېچە ، مەن يېزىق شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنداق دەپ يازدىم :

« بۈگۈن ئاخشام ‹ ئۇياق › تا رۇپىكىنىڭ يىگىتىنى كۆردۈم ، ئۇ ھەرھالدا يامان يىگىت ئەمەس ئىكەن . شۇ ئاچامنىڭ جىمى ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭغا قىلغان خۇشامەتلىرى كىشىنى يىرگەندۈرەتتى . رۇپىك ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ، مۇھەببەت تورىغا چۈشكەندى . بۇ ھال مەندە ھەۋەس قوزغىدى ، ئەگەر مەن بۇ يىگىتنى تارتىۋالسام ، شۇ ئاچام بىلەن رۇپىكقا چوقۇم ئېغىر زەربە بولىدۇ ! توغرا ، مەن ئۇنى تارتىۋالىمەن دېسەم ھېچقانچە كۈچەپمۇ كەتمەيمەن . پەرزىمچە ، مەن ئۇنىڭغا خېلى ياخشى تەسىر بەردىم . بۇ مېنىڭ شۇ ئاچامدىن ئالدىغان ئىنتىقامىمنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ قالغۇسى ! شۇڭا ، مۇنداق قىلسام خې شۇخۇەن قۇربانلىق بولۇپ قالىدۇ . لېكىن ، تەڭرى كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى ، مەن ھازىر بۇنداق ئىنچىكىلەپ ئولتۇرماي-

www.uyghurkitap.com

مەن ! »

قەلەمنى تاشلىدىم ـ دە ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم . چاققانغىنا ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ دالىنىدا ئاپام ياتاتتى ، مەن ئىچكەركى ئۆيدە ياتاتتىم . ئادەتتە ئۆيىمىزگە مېھمان كەلمەيتتى ، شۇڭا ئۆيىمىزنى مېھمانخانا دەپ ئايرىمىغانىدۇق . بەزىدە ئاپامنىڭ قېشىدا يېتىۋالاتتىم . ئاپامنىڭ ئۇيقۇسى كەم بولغاچقا ، ئۇخلىيالماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ مېنىمۇ ئۇخلاتمايتتى . شۇڭا ، ئاپام مېنى يېنىدا ياتقۇزمايتتى . لېكىن ، بۈگۈن كېچە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇيقۇم قاچتى ، تورۇسقا قاراپ ئۇزۇن ياتتىم ، ئۇيقۇم كېلەر ئەمەس ، خۇددى ئىچىمگە جىن كىرىۋالغاندەك ، زادىلا تىنچلىنالمىدىم . ئەمما ، بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى جەزم قىلالمايتتىم ، پەرقىمۇ ئېتەلمەيتتىم . يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كۆزۈم ئىلىنىشاي دېگەندە بىرىنىڭ سىلاپ ـ سىيپاپ يۇرۇپ كارىۋىتىمغا كەلگەنلىكىنى سەزدىم . كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئاپام ئىكەن .

— ئاپا ، نېمە بولدى ؟

— ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ كىردىم . ئاغرىپ قالدىڭمۇ ـ قانداق ؟

ئاپام كارىۋىتىمنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ، پېشانەمنى سىلاپ باقتى .

— ئاغرىپ قالمىدىم ، ئاپا ، ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ ، — دېدىم مەن .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— ۋايتاڭەي .

ھاۋا سوغۇق ، ئاپام ئىسسىق ئورۇندىن تۇرۇپ پاختىلىق چاپىنىنىلا يېپىنچاقلىۋالغاچقا ، توڭلاپ غالىلداپ تىترىمەكتە ئىدى .

— چىقىپ يات ئاپا ، مەن ھېچنېمە بولمىدىم ، — دېدىم ئاپامنى ئىتتىرىپ .

لېكىن ، ئاپام قوزغالمىدى ، ئۇنىڭ قولى پېشانەمدە ئىدى . بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئاپام بوش ئاۋازدا سورىدى :

— يېپىڭ ، بەك پەرىشان بولۇۋاتامسەن ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، ئاپا ، — دېدىم مەن .
ئاپام بوشقىنا ئۇھ تارتتى .
— بىلىپ تۇرىۋاتىمەن ، يىپىلڭ ، — دېدى ئۇ ، — كۆڭلۈڭ بەك يېرىم ، يۈرىكىڭ ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە ، بۇ كۈنلەردە سەندە تىنچلىق ۋە ئاراملىق يوق . يىپىلڭ ، بۇ بىز چوڭلارنىڭ سەۋەنلىكى ، سەن خۇشال - خۇرام يۈرسەڭ ئوبدان بولاتتى . مەن سېنى خۇشال - خۇرام يۈرسۇن ، بەختىيار ياشىسۇن ، رىيازەت چەكمىسۇن ، دەرد - ئەلەمدىن خالىي بولسۇن دەيمەن . ئەپسۇسكى ، يىپىلڭ ، ئارمانىمغا تۇشلۇق دەرمانىم يوق . مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا بوزەك ئىدىم . بوزەكلىكىم پۈتۈن ھاياتىمنى نابۇت قىلدى . يىپىلڭ ، سەن قەيسەر قىز ، بەختىڭنى ئۆزۈڭ يارىتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن .
— ۋاي ئاپا ، — دېدىم - دە ، قولۇمنى يوتقاندىن چىقىرىپ ئاپامنى بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ مەڭزىمنى مۈرىسىگە ياقتىم .
— يىپىلڭ ، — ئاپام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم ، باشقىلارغا قارىتا كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ تۇت ! ھەرقانداق ئىشتا ئالدى بىلەن قەلبىڭنى تىنچلاندۇرغىن ، شۇنداق قىلغاندىلا خۇشال - خۇرام يۈرەلەيسەن ، ھازىر ئوبدان ئۇخلا ! — ئاپام قولۇمنى قايتا يوتقانغا كىرگۈزۈپ ، مېنى ئوبدان يۆگەپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى .

ئاپامنىڭ ئورنىغا چىقىپ ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم . ئۇيقۇم تېخىمۇ قاچتى . راست ، ئاپام ئىنتايىن بوزەك بولغاچقا ، ئۆمۈر بويى دەرد تارتتى ، ئەمدى مەن ئۇلارغا ئىلگىرى - كېيىن كۆرسىتىمەن ! مېنىڭ مەنتىقەم ، بىرگە - بىر ! خەق ماڭا نېمە قىلسا ، مەنمۇ خەققە شۇنى قىلىمەن !

تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدىم . ئانچە ئۇزاق ئۇخلىمىغاندەك قىلاتتىم ، گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم . تاڭ ئېتىپ قۇياش نۇرى كارىۋىتىمغا چۈشۈپ تۇرۇپتۇ ، بۇ ، كەم ئۇچرايدىغان ئوچۇق بىر كۈن ئىدى ! مەن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپلا بىر كېرىلىۋالدىم ، دالاندىن پاراڭ

ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەغەز ئىشىك بېپىقلىق ئىدى ، قۇلاق سالسام خې شۇخۇەنىنىڭ ئاۋازى ئىدى ! كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ سائىتىمگە قارىدىم ، سائەت توققۇز يېرىم بوپتۇ ! كىيىمىمنى كىيدىم ـ دە ، چاچلىرىم چۇۋۇق پېتى قەغەز ئىشىكنى قىيا ئېچىپ بېشىمنى چىقىرىپ :

— خې ئەپەندى ، كەچۈرۈڭ ، يەنە بىر پەس ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ! — دېدىم .

— كېرەك يوق ، — دېدى خې شۇخۇەن ، — ئاۋازىمدىن ئويغىنىپ كەتتىڭىز ـ ھە !

— كۆندە ئورنۇمدىن بالدۇرلا تۇرۇپ كېتەتتىم ! — دېدىم مەن ۋە ئالدىراپ چىقىپ يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ چېچىمنىمۇ تارىغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم . خې شۇخۇەن ئاپام بىلەن ھاۋا رايى ۋە يامغۇر پەسلى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن . خې شۇخۇەنگە قاراپ كۈلۈپ :

— مەن تېخى سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويمىدىم ، — دېدىم .

— ئاۋارە بولماڭ ، مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم !

ئاپام ئورنىدىن تۇردى .

— يېپىڭ ، سەن خې ئەپەندىگە ھەمرابولغىن ، مەن بېرىپ كۆكتات ئەكېلەي ، — دېدى ئۇ ۋە خې شۇخۇەنگە قارىدى ، — خې ئەپەندى ، بۈگۈن چۈشلۈك تاماقنى بىزنىڭكىدە يەڭ !

— ياق ! رەھمەت ! — دېدى خې شۇخۇەن ، — چۈشتە ئىشىم بار !

ئاپامۇ ئۇنى چىڭ تۇتماي كۆكتات سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . مەن ئۆيگە كىرىپ شارپىنى ئېلىپ چىقتىم ۋە ئۇنى خې شۇخۇەنگە سۇنۇپ :

— شارپىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ ، ئاخشام بېرىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ! — دېدىم .

— مەن شارپىنى ئېلىشقا كەلمىدىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ،

ئانـدىن كىچىك شـىرەنى كۆرسـەتتى . شـۇنـدا كىتابـلارغا كۆزۈم چۈشتى ، — كۆرۈپ بېقىڭ ، بۇ كىتابلارنى ئوقۇغانمۇ ؟

خۇشاللىقىمدىن ئاغزىم قۇلىقىمغا يەتتى ، ئۆزۈمنى كىتابقا ئاتتىم ـ دە ، كىتابلارنى تاقەتسىزلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم ، جەمئىي ئالتە كىتاب ئىكەن . بۇلار « هارپا » ، « ئوۋچى خاتىرىلىرى » ، « مۇشـۇك كۆۋرۈك » ، « يەتتە قەۋەت ئاسمان » ، « گىراچىرا » ۋە جېك لوندوننىڭ « مارتىن ئىلدون » دېگەن كىتابى ئىدى . بۇ كىـ تابلارغا قاراپ ئىختىيارسىز چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتىم . ئاندىن :

— نېمىدېگەن ياخشى ! — دەپ توۋلىۋەتتىم .

— ھەممىسىنى ئوقۇمىغانمىدىڭىز ؟

— بـۇنى ئوقۇغان ! — دېدىم مەن كىتابلار ئارىسىدىن « گىرا ـ چىرا » نى ئايرىپ ئېلىپ .

— دىرېيسېرنىڭ روماللىرىنى ياخشى كۆرەمسىز ؟ ئۇنىڭدىنمۇ بىرنى ئالغاچ كېلەي دېگەنىدىم ، — دېدى ئۇ .

— مـەن دىرېيسېرنىڭ « ئاجايىپ گۈزەل سىڭىل » دېگەن روما ـ ننى ئوقۇغاندىم ، — دېدىم مەن .

— مەندە يەنە ئۇنىڭ « ژېنىننىڭ تەرجىمىھالى » دېگەن رومانى بار ، بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن . مېنىڭچە بۇ رومان « ئاجايىپ گۈزەل سىڭىل » دىن قېلىشمايدۇ ، — ئۇ « گىراچىرا » نى قولىغا ئېلىپ سورىدى ، — بۇ كىتابنى ياخشى كۆرەمسىز ؟ ياشلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىتابنى ياقتۇرىدۇ !

— چاچما شېئىرلىرىنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ، — دېدىم مەن ، — بەك كۆپ نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن ، مۆتىدىلراق . لېكىن ، ئۇسـلۇبلىرى ھەققىدە ياخشى يازغان . مەن ئېمىلى براندېنىڭ « قىساس ـ كار » دېگەن كىتابىنى ئىنتايىن ياقتۇرىمەن .

— نېمە ئۈچۈن ؟

— بۇ كىتابتا مۇھەببەت ۋە نەپرەت چوڭقۇر يېزىلغان ، كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ . ئاشۇنداق تەلۋىلەرچە مۇھەببەتكە زوقلىنىمەن !

— شۇغىنىسى ، ئۇ كىتابتا سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن ، بىر ئادەمنى ئالۋاستىغا ئەمەس ، ئادەمگە ئوخشاش سۈرەتلىشى كېرەك ، ئەلۋەتتە !

— سىز ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ خەسكىلىقنى كۆزدە تۇتىسىزغۇ دەيمەن ؟ لېكىن مەن ئۇنىڭ مىجەزىگە زوقلىنىمەن !

— ئۇنىڭ كېيىنكى دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشىغىمۇ زوقلىنامسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ، — ئۇنىڭ ئىزابېلانى ئەمرىگە ئېلىپ قاتتىق خارلىغانلىقى ، كاسىرىنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆلەرمەن ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەنلىكىگىمۇ زوقلىنامسىز ؟ بۇ ئادەم ساراڭ ! ئۇنىڭ نەرىمۇ ئادەم بولسۇن ؟

— ئەمما ، ئۇ ئۆچمەنلىك ئىچىدە چوڭ بولغان ئادەم . سىز ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمىسىڭىز بولمايدۇ . . . — مەن بىردىنلا سۆزۈمنى توختاتتىم ، ئىچىمدىن بىر سوغۇق ئېقىم ئۆرلەپ ئىختىيارسىز غالىلداپ تىترەپ كەتتىم ، خې شۈخۈەن ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى :

— نېمە بولدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ھېچنېمە ، — دېدىم مەن ، ئاندىن دېرىزىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ، كۆزنى چىقىپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا قاراپ خۇشال قىياپەتتە سۆزلىدىم ، — بۈگۈن سەيلە قىلغۇدەك كۈن بوپتۇ .

— ئەمىسە سەيلە قىلىپ كېلەيلى ، قانداق ؟ — دېدى ئۇ .
مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدىم ۋە پەس ئاۋازدا :

— بۈگۈن چۈشتە ئىشىڭىز بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ ! — دېدىم .
ئۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن ! كېلىڭ ! مەسلىھەتلىشىۋالايلى ، قەيەرگە بارىمىز ؟ زۇمرەت كۆلگىمۇ ؟ ۋۇلەيگىمۇ ؟ يىنخېدۇڭغىمۇ ؟ گۇەنيىنشەنگىمۇ ؟ شيەنگۇڭمياۋغىمۇ ؟ ياڭمېڭشەنگىمۇ ؟ — دېدى .

— ھەببەللى ! — دەپ تۋۋلىۋەتتىم ، — ياڭمېڭشەنگە بېرىپ نورۇز گۈلىنى تاماشا قىلايلى !

ئاپام كۆكتات ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، نەگە باربدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇپ ، خې شۇخۇەن بىلەن چىقىپ كەتتىم ، تېخى ئەتىگەنلىك تاماق يېمىگەنىدىم ، دوقمۇشتىكى دۇكاندىن بىر چىنە پۇرچاق سۇتى ئېلىپ قۇيماق بىلەن ئىچىۋالدىم . خې شۇخۇەن قولىنى كۆتۈرۈپ تاكسى چاقىرماقچى بولۇۋىدى ، ئۇنى توختىتىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدىم :

— سىزنىڭ پۇلىڭىز كۆپ بولسىمۇ ، سۆلەتۋازلىقنىڭ ھاجىتى يوق . مەن بەكمۇ ئاقسۆڭەكلەرچە سەيلە ـ ساياھەتكە ئەدەتلەنمىگەن ، ئەگەر ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە ئويناپ كېلىش نىيىتىڭىز بولسا ، بىز ئاپتوبۇستا تەيبېي بېكىتىگە بارايلى ، ئۇ يەردىن تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ ياڭمىڭشەنگە بارايلى ! سىز ھازىر بىر پۇقرا بىلەن ئويناپ كەلمەكچى ، شۇڭا پۇقرالىششىڭىز كېرەك !

ئۇ ماڭا قارىدى ، چىرايىدا مەڭدەش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى . كېيىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ :

— مېنىڭ تاكسىغا چۈشۈپ سەيلە قىلىدىغان ئادىتىم يوق ئىدى . سىزنىڭ ھەدىڭىز ۋە سىڭلىڭىز بىلەن بىرقانچە قېتىم ئويۇنغىلى چىققاندا ، سىڭلىڭىز تاكسى چاقىرغان . شۇڭا مەن . . . — ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى ، — بۇ لۇ ئائىلىسىنىڭ ئادىتى ئوخشايدۇ دەپقاپتىمەن .

— سىز رۇپىڭ بىلەن مېڭپىڭنى دەۋاتامسىز ؟ — مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم ، — رۇپىڭ بىلەن مېڭپىڭ ماڭا ئوخشىمايدۇ ، ئۇلار ئېسىلزادىرەك ، مەن بۆلەك بىر قاتلامغا مەنسۇپ .

—ھەممىڭلار لۇ جېنخۇانىڭ قىزى ـ دە !

— لېكىن بىز بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان ! — دېدىم مەن زەھەردەك تەنە بىلەن .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ ئويغا پېتىپ ، — سىلەر ھەقىقەتەن ئىككى قاتلامغا مەنسۇپ ، سىز قەلب تەرەپدارى ، ئۇلار ماددا تەرەپدارى !

مەن قەدىمىمنى توختىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم . ئۇمۇ ئويچان ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى قانداقتۇر بىر نەرسە يۈرىكىمنى

ئوينىتىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئاپتوبۇس كېلىۋىدى، ئۇ قولۇمدىن تارتىپ مېنى ئاپتوبۇسقا چىقاردى، بۇ، ئەرلەرنىڭ تۇنجى قېتىم قولۇمنى تۇتۇشى ئىدى. ياڭمىڭشەندە ئادەملەر مىغىلدايتتى. پۈتۈن تاغ ھاۋاسىدا ئېچىلغان نورۇز گۈلىگە پۈركەنگەن، تاماشىچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى بىلەن تولغانىدى! باللار تاغدا يۇقىرى - تۆۋەن يۈگۈرۈشەتتى، چۆپلۈكتە مېۋە شۆپەكلىرى بىلەن قەغەز پارچىلىرى قالايمىقان تاشلانغانىدى، ماڭدامدا «گۈل - گىياھلارنى سۇندۇرماڭ» دېگەن خېتى بار تاختا بولسىمۇ، بىر تالدىن نورۇز گۈلىنى كۆتۈرۈۋالغانلار ئاز ئەمەس. بىز كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ باغچا تەرەپكە ماڭدۇق.

— ئەگەر مەن نورۇز گۈلى بولغان بولسام، ئىنسانلاردىن تازىمۇ بىزار بولغان بولاتتىم! — دېدىم مەن كېتىۋېتىپ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى ئۇ، — ئىنسانلار گۈل - گىياھلارنىڭ ئەڭ چىرايلىقلىرىنى نابۇت قىلىۋەتكىنى ئۈچۈنمۇ؟

— توغرا! تەڭرى ياراتقا جىمى نەرسە يېقىملىق، پەقەت بىر نەرسە ئىنتايىن رەزىل...

— ئىنسانلار! — دېدى ئۇ.

بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشتۇق.

— ئەپسۇسكى، ئۆزىمىزمۇ مۇشۇ رەزىللەر قاتارىغا كىرىمىز، — دېدى ئۇ.

— ئەگەر تەڭرى ئادەم بولىمەن دېمەي خالىغان نېمە بول دېسە، سىز نېمە بولۇشنى خالىغان بولاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— تاش بولۇشنى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— تاش ئىنتايىن مۇستەھكەم، بەكمۇ قاتتىق، بوران - چاپقۇن، تومۇزنىڭ ئاپتىپى، يامغۇر - يېشىندىن قورقمايدۇ!

— بىراق، ئىنسانلاردىن قورقىدۇ! ئىنسانلار سىزنى ئۇششاق چوقۇپ، سىلىقداپ يولغا يېيىتىدۇ، ئىمارەتلەرنى ياسايدۇ!

— ئۇنداق بولسا، سىز نېمە بولۇشنى خالايسىز ؟
مەنمۇ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردىم :
— بىر تۈپ گىياھ بولۇشنى !
— نېمە ئۈچۈن ؟
— يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتمۇ ئۇنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىۋېتەلەيدۇ، لېكىن باھار شامىلى بىلەن تەڭ ئۇ يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ !
— بىراق، ئىنسانلار سىزنى يىلتىزىڭىز بىلەن قومۇرۇپ تاشلايدۇ. — ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىدىم.
— شۇڭا، — دېدى ئۇ، — دۇنيادا ئادەمدىن قورقمايدىغان نەرسە يوق، پەقەت . . . — ئۇ سۆزىنى توختىتىۋالدى.
— ھە نېمە، — دەپ سورىدىم.
— تەيفىنىڭ بورىنى ! — دېدى ئۇ.
ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق، شادلاندۇق، چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق، ئۇ ئائىلە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. دېگەندەك، ئۇنىڭ دادىسى كاتتا زەردار، ئىنتايىن ئابرۇيلۇق، سىياسىي ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى داڭلىق زاتلاردىن ئىكەن. دېمەك، شۇ ئاچامنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە خۇشامەت قىلىپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ! خې شۇخۇەن يالغۇز ئوغۇل ئىكەن، بىر ھەدىسى بولۇپ، ياتلىق قىلىنغانىكەن. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا مەندىن سورىدى :
— ئەمدى سىز ئائىلىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ، ئاپىڭىز قانداق بولۇپ دادىڭىزغا ياتلىق بوپتىكەن ؟
— دادام ئاپامنى مەجبۇرلاپ ئاپتىكەن ! — دېدىم مەن.
— مۇشۇلىمۇ ؟
— مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇنچىلىك، ئاپام بۇ ئىشنى زادى تىلغا ئالمىدى، مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان.
ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى، بىز نۇرغۇن نەرسىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. سۆھبىتىمىز ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، رومان، شېئىر، تاغ - دەريالاردىن تارتىپ ئا-

دەملەرگىچە بولدى . تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتۇق ، تۇرۇپلا تالىشىپ قالاتتۇق . . . ئويۇن ـ كۈلكە ، شادلىق ئىچىدە ۋاقىتمۇ ئىنتايىن تېز ئۆتتى ، بىز كۈن ئولتۇرغاندا شادلىق ئىلكىدە ۋاڭ ـ چۇڭلۇق تەيپىيكە قايتىپ كەلدۇق . ئۇ مېنى ۋەنخۇاغا ئاپىرىپ كەچلىك بازارنى ئايلاندۇردى . بىز قىزىقسىنغان هالدا يايمىچىلارنىڭ خېرىدارلار بىلەن سودىلىشىشلىرىنى تاماشا قىلغاچ ، كىشلەر توپىغا ئەگىشىپ ماڭدۇق . يېمەكلىكلەرنى سېتىۋاتقان يايمىچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تېتىپ باقتۇق . ئاخىر ئۇ مېنى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى . بۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر كېچە ئىدى ، كوچا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى . تامغا يۆلەنگىنىمچە ئۇنىڭدىن سورىدىم :

— ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەتمەمسىز ؟

— ياق ، — ئۇ بىر قولىنى تامنىڭ سېمونت تۇۋرۇكىگە تىرەگەن هالدا ئويچانلىق بىلەن ماڭا بىرهازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا :

— بۈگۈن ئەجەب پەيزى ئوينىدۇق ـ هە ! — دېدى .

مەن كۈلۈپ قويدۇم .

— كېيىنكى قېتىمچۇ ؟ — سورىدى ئۇ .

— ئۇ ئىشىك سىزگە هەرقاچان ئوچۇق ، — دېدىم مەن ئىشىكنى بوشقىنا چېكىپ قويۇپ .

ئۇ يەنىلا مەندىن كۆز ئۈزمىدى ، بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن :

— سىز ئاجايىپ ئوچۇق ـ يورۇق ئىكەنسىز ، — دېدى .

— يامىنى شۇكى ، مەن تەكەببۇرلۇقنى قاملاشتۇرالمايمەن ، قانداق دېدىم ؟

ئۇ كۈلۈپ قويدى ، بوش ئاۋازدا :

— خەير ـ خوش ، — دېدى .

— خەير ـ خوش ، — دېدىم مەنمۇ .

لېكىن ئۇ جايىدىن قوزغالمىدى . مەن ئىشىكنى چەكتىم . ئاپام ئىشىكنى ئاچقىلى چىققاندىمۇ ئۇ قوزغالمىدى .

ئىشىك ئېچىلدى ، ئۇ ئاپامدىن ئەھۋال سورىدى . مەن كۈلۈمسىرەپ « خەير ـ خوش » دېدىم ـ دە ، ئۇنىڭ كۆزىچە ئىشىكنى ياپتىم ، ئۇنىڭ تەبەسسۇم ئىچىدىكى ئويچان چىرايى ئىشىكنىڭ يېپىلىشى بىلەن غايىب بولدى . مەن يۈرۈلۈپ ئۆيگە ماڭدىم ، ئاپاممۇ كەينىمدىن ئۇنچىقماي ماڭدى . سۇپىغا چىقىشىمغا :

— يېڭى تونۇشقان ئادەم بىلەنمۇ مۇشۇ چاغقىچە ئويىنىغان بارمۇ ! — دېدى ئاپام خاپا بولۇپ .

مەن ئاپامنىڭ بويىنىغا ئېسىلدىم ، ئاپامنى بىر كۈن يالغۇز قويغانلىقىمغا چىن كۆڭلۈمدىن خىجىل ئىدىم . ئاپامنى سۆيۈپ قويۇپ :

— ئاپا ، كۆڭلۈم يايراپ كەتتى ، مەن غالىبمەن !

— غالىب ! — دېدى ئاپام گاڭگىرىغان ھالدا ، — قايسى تەرەپتە ؟

— ھەممە تەرەپتە ! — دېدىم مەن ، ئاندىن پەلتويۇمنى سېلىپ سۇپىغا تاشلىدىم ـ دە ، كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېچىپ ، ئالدىراپ مۇنۇلارنى يازدىم :

« ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولدى ، رۇپىگىنىڭ يىگىتىنى ئوڭايلا قولغا كەلتۈرۈۋالدىم ، ئەمدى مەن شادلىنىپ كۈلسەم ، ئۇلار ھەسرەتلىنىپ يىغلايدىغان بولدى ! »

بەكمۇ چارچاپ كەتكەنىدىم ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ دېرىزىدىن كېچە ئاسمىنىغا قارىغىنىمچە خىيالغا كەتتىم ، كۆڭلۈمنى چۈشىنىكسىز بىر نەرسە تاتىلاپ مېنى تەشۋىشكە سالاتتى ، قايمۇقتۇراتتى . مەن مۇشۇنداق چىگىش ئەمما يېقىملىق كەيپىيات ئىچىدە ئۇخلاپ قالدىم .

## 4

چاغان ئۆتۈپ كەتتى . ھارپا ئاخشىمىنى ئاپام ئىككىمىز مىسكىنلىكتە ئۆتكۈزدۇق . چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى « ئۇياق » تا بول-

دۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قېتىم سو-
غۇق ئېقىم كىرىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆيلىرىگە سولىۋەتتى. لېكىن مېنى سوغۇق قورقىتالمىدى. مەن قېلىن-پوپايكا كىيىپ، مۇزلاپ قېتىپ قالغان قوللىرىمنى هورداپ ئىسسىتىپ، تاغ ئېتەكلىرى، سۇ بويلىرىدا شاد ـ خۇرام ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈردۈم. هاياتىي كۈچكە تولغان جۇشقۇن ياش يىگىت ـــ خې شۇخۇەن هەمرىھىم ئىدى. دوستلۇقىمىز كۈچەيمەكتە، بۇنىڭدىن جىددىيلىشىپ، گاڭگىراپ قالماقتا ئىدىم.

بۈگۈن فاڭ يۈنى يوقلاپ باردىم. ئۇ ھۇجرىسىدا رەسىم سىزىۋاتقانىكەن. چوڭ بىر رەسىم جازىسى ئۆيىنىڭ يېرىمىنى ئاپتۇ، فاڭ يۈ ئاق خالات (بۇ ئۇنىڭ خىزمەت كىيىمى ئىدى) تارتىۋاپتۇ، خالاتقا ھەرخىل بوياقلار تېگىپتۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كەيپىمۇ ناخۇش ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ مىدىرلاپمۇ قويماي خام سۈرۈپكە ماي بوياقنى سۈركەۋەردى.

ـــ ئولتۇر يېپىڭ، مېنىڭ رەسىم سىزىشىمنى كۆزىتىپ تۇر! ـــ دېدى ئۇ.

خام سۈرۈپتىكى ئابستراكتچىلارنىڭ رەسىمى بولۇپ، كۆك رەڭ، جىگەر رەڭ ۋە ھاۋا رەڭلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ خۇددى يېغىن ئالدىدا تەرەپ ـ تەرەپتىن يېغىلىۋاتقان بۇلۇتلارغا ئوخشىشىدىغان بىر نېمىلەر سىزىلغانىدى. مەن ئۇيان ـ بۇياندىن خېلى قاراپمۇ نېمە سىزىلغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتالماي سورىدىم:

ـــ بۇ نېمە؟

ـــ بۇ رەسىمنىڭ ماۋزۇسى مۇھەببەت! ـــ دېدى ئۇ زەردە بىلەن ۋە چوڭ موي قەلەمنى ئېلىپ قېنىق كۆك رەڭ، سۇس ھاۋا رەڭ بوياقنىڭ ئۈستىگە شارتتىدە قىزىل رەڭنى بەردى. يېڭى بەرگەن ماي بوياق ئېقىپ چۈشۈپ قانغا ئوخشىشىپ قالدى. مەن مۈرەمنى قىسىپ قويۇپ:

ـــ ماۋزۇسى توغرا بولماپتۇ، بۇنى فاڭ يۈنىڭ مۇھەببىتى دېيىش كېرەك! ـــ دېدىم.

ئۇ موي قەلەمنى تاشلاپ قويدى، خالىتىنىمۇ سېلىپ كارىۋاتقا

ئاتتى ـ دە ، قولۇمدىن تارتىپ مېنى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىزىمغا ئۇرۇپ :

— گەپ قىلە ، سېنىڭ خې ئەپەندىنىڭ قانداق ؟ — دېدى .

— ھېچقانداق ئەمەس ، — دېدىم مەن ، — مەن ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدىم ، مېنى ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلىدىمىكىن دەپ قالما ، مەن ئۇنى مەلىكە قىلىپلا تۇرماقچى ، مەقسىتىم شۇ ئاچام بىلەن رۇپىڭغا زەربە بېرىش . مەن ئاسانلىقچە مۇھەببەت باغلايدىغانلاردىن ئەمەس !

— شۇنداقمۇ ؟ — فاڭ يۇ ماڭا قاراپ قويدى ، — يىپىڭ ، ئوت بىلەن ئويناشما ، بەك خەتەرلىك ! نېمە ئۈچۈن خې شۇخۇەننى باشـ قىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ قۇربانى قىلىسەن ؟

— بۇنچە ئىنچىكىلەپ ئولتۇرغۇدەك ھەپسىلەم يوق . بەلكى بۇ ئۇنىڭغا كەلگەن بىر پېشكەللىكتۇر !

فاڭ يۇ ماڭا ئالىيىپ :

— بۇ قىلىقىڭنى ياقتۇرمايمەن ! — دېدى .

— ئوھوي ، سەن تېخى خاپا بولىدىغان بوپقاپسەنغۇ ؟

— مەن ھېسسىيات بىلەن ئويىنىشىشنى تەشەببۇس قىلمايمەن ، سەن باشقىچە ئۇسۇلدا ئىنتىقام ئالساڭمۇ بولىدۇغۇ ؟ بۇنداق قىلساڭ خې شۇخۇەنگە بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلىسەن !

— ئۆزۈڭ بىلىسەن ، — دېدىم فاڭ يۇگە يېقىنراق كېلىپ ، — ھازىر مەن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈنلا ياشىماقتىمەن ، باشقا ئىشلار بىلەن كارىم يوق !

— بوپتۇ ! — دېدى ئۇ ، — قېنى قانداق قىلىسەنكى كۆرەي !

ھەر قايسىمىز ئۆز خىيالىمىز بىلەن بولۇپ ئۇزۇنغىچە جىمپىلا كەتتۇق . مۇنداق ئولتۇرغانىنىڭ نېمە مەزمۇنى بولسۇن . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ فاڭ يۇ بىلەن خوشلاشتىم . ئۇ مېنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۇزىتىپ چىقتى .

— سېنىڭ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ھېلىقى يىگىتىڭ قانداق ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئۇ يۈرىكىمدە ياشىماقتا، مېنىڭ يۈرىكىمنى بولسا ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇز تېغىنىڭ ئاستىدا توڭلىتىپ قويدۇم، ئۇنىڭ كېلىپ ئېرىتىشىنى كۈتۈپ ياتماقتا.

— قالتىس شېئىرىي تۇيغۇ بۇ! — دېدىم مەن، — سەن رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ خاتا قىپسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەدەبىياتنى ئۆگەنسەڭچۇ!

— مەن سېنى ئازراق يەرگىچە ئۇزىتىپ قوياي! — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ.

بىز جۇڭخېشياڭ يولىدىن چوڭ كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدۇق. چوڭ كۆۋرۈككە بارمايلا بەشىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ كەتسەممۇ بولاتتى، لېكىن چوڭ كۆۋرۈك ئۈستىدىن مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا، فاڭ يۈ ئىككىمىز چوڭ كۆۋرۈككە كېلىپ كۆۋرۈك رىشاتكىسىنى بويلاپ ئاستا ماڭدۇق. فاڭ يۈ ئېغىر سۈكۈتتە ئىدى، بىر هازادىن كېيىن ئۇ بوش ئاۋازدا:

— يېپىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆزۈمنى تاشلايمەن! — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ — دېدىم مەن.

— يېپىڭ، مەن ئەقلىمدىن ئازىدىغان ئوخشايمەن! سەن بىلمەيسەن! سەن چۈشەنمەيسەن!

ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ سەل تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا كۈلۈپ كېتىپ:

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى! خەير - خوش! — دېدى.

فاڭ يۈ بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى، مەن ئىچ ئاغرىتقىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم. يېتىشىۋېلىپ تەسەللىي بېرەي دەپ تۇرغىنىمدا، توساتتىن جۇڭخېشياڭدىن شەھەر ئىچىگە كېتىۋاتقان بىر پىكاپ دىققىتىمنى تارتتى. يۈرىكىم سېلىپ قانلىرىم قىزىدى، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ بۇ پىكاپنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆزەتتىم.

خىزمەتتىن چۈشۈش ۋاقتى بولغاچقا ، كوۋرۈكتە ئاپتوموبىللار جىق ئىدى . شۇڭا بۇ قارا پىكاپمۇ ئاپتوموبىللارنىڭ ئارىسىدا قىلىپ ئاستا ماڭماقتا ئىدى . شوپۇرنىڭ ئورنىدا ئاۋاق ، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى راسا گىرىم قىلىپ گۈلدەك ياسانغان شۇ ئاچام ئىدى ! ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشىنىڭ بىر قولى رولدا ، بىر قولى شۇ ئاچامنىڭ بېلىدە ئىدى . شۇ ئاچام ئۇنىڭغا قاراپ پاراڭ قىلىۋاتاتتى . قارىماققا بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى .

پىكاپ يېنىمدىن غۇيىدە ئۆتتى ، شۇ ئاچام مېنى كۆرمەي قالدى . مەن بۇ ئەھۋاللارنى يەنىمۇ دەلىللەش نىيىتىدە ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم . پىكاپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئالدىدا توختىدى . شۇ ئاچام پىكاپتىن چۈشتى ، مەن ئۆزۈمنى ئىتتىك كۆۋرۈك رىشاتكىسىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ ئۇلارنى كۆزەتتىم . ئەر كىشىمۇ پىكاپتىن چۈشۈپ كۆۋرۈك تەرەپكە بۇرۇلغانىدى ، چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم : ئۇ سوزۇنچاق يۈزلۈك ، كۆرۈمسىز ، گازىر كۆز ئادەم بولۇپ ئېگىزلىكى قىسقا ئىدى . بۇ چىراي ماڭا تونۇشتەك قىلاتتى ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم . ئۇ شۇ ئاچام بىلەن ئازراق گەپلەشتى . ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچقا نېمە دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىيالمىدىم . شۇ ئاچام رىكشىغا چۈشۈپ ماڭدى . ھېلىقى ئەر پىكاپنى ھەيدەپ جوڭخېشياڭغا قايتتى . پىكاپ ئالدىمدىن ئۆتكەندە ئىختىيارسىز نومۇرىنى يېزىۋالدىم .

شۇ ئاچام چۈشكەن رىكشا يىراقلاپ كەتتى ، مەن يول بويىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن « ئۇياق » قا بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ باقاي ، دېدىم ــ دە ، دەرھال رىكشىغا چۈشۈپ ئۇدۇل « ئىناۋەت يولى » غا چاپتىم .

« ئۇياق » قا بارسام دادام مېھمانخانىدا ساپاغا يۆلەنگىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ ، ئېرجىي كىچىك شىرەدە دەرس يېزىۋېتىپتۇ ، دادام ئارىلاپ كۆزلىرىنى يۇرۇپ ئۇنىڭ يېزىۋاتقان خەتلىرىگە قاراپ ئاندا ــ ساندا ئەسنەۋېتىپتۇ . مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ دادامنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

— كەل، يېپىلىڭ، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، — دېدى دادام ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن.

مەن دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. دادام تاماكىسىنىڭ كۆلىنى كۈلدانغا قېقىۋېتىپ ئورۇق بارماقلىرى بىلەن غاڭزىسىدىكى تاماكا قالدۇقىنى كولىدى. ئۇنىڭ چېكىسىدىكى قورۇقلارغا ۋە ساقال-بۇرۇتلىرىغا كۆزۈم چۈشكىنىدە، ۋۇجۇدۇمنى ھېسداشلىق كەيپىياتى قاپلىدى. دادام ياشىنىپ قالغان، غېرىبلىق باسقان، ئۇنىڭ تارىخىدىكى ھەيۋىسى تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىشلاردىن ئىز-دېرەكمۇ قالمىغانىدى. مەن، بىر قەھرىماننىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا قاراپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە مېھرىبانلىققا مايىلراق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— ئاپاڭ ئوبدان تۇردىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياخشى، — دېدىم مەن ئادەتتىكىدەكلا، يېڭىلا قەلبىمدە ئۇرغۇغان مېھىر-شەپقەت شۇئان يوقالدى. ئۇنىڭ سوئالى ۋۇجۇدۇمغا چوڭقۇر سىڭگەن ئۆچمەنلىكنى يادىمغا سالدى. ئۇ يۇقىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ بىر قىزنى ئوڭايلا ئىلكىگە ئالغان، ئۇنى خالىغىنىچە بوزەك قىلغاندىن كېيىن قىزى بىلەن ھەيدىۋەتكەنىدى! ئاپامنىڭ سۇلغۇن چىرايى، كۆز يېشى، چەكسىز قايغۇ-ھەسرىتى نەدىن كەلگەن؟ كۆز ئالدىمدىكى بۇ چىرايغا قارىغىنىمچە، ئۇنىڭ ئاپامنىڭ ياشلىق باھارىنى ۋە كۆڭۈل شادلىقىنى نابۇت قىلغانلىقىغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كەلدى! ئۇ تېخى ساختىپەزلىك قىلىپ ئاپامنىڭ ھالىنى سورىماقتا ئىدى.

— ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتتىڭلارمۇ يوق؟ — دەپ سورىدى دادام يەنە.

— دوختۇر ئۇنى نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتكەن دەيدۇ، — دېدىم مەن ئاددىيلا. شۇ ئاچام قايتىپ كەلدىمىكىن، دەپ بويىنۇمنى سوزۇپ ئىچكەركى ئۆيگە قارىدىم.

بىبى بىبي يۆگۈرۈپ چىقتى، ئۇ يېڭىلا ھويلىدا ئېغىنىغان بولسا كېرەك، ئۈستىۋېشى لاي ئىدى. مەن بويىندىكى قوڭغۇراقنى تۇتۇپ ئۇ-

نىڭ بىلەن ئويناشتىم ، دادام بىردىنلا خۇش ـ خۇيلۇق بىلەن :
— كەل يىپىلىك ، بىز بىبى بىبىنى يۇيۇپ قويايلى ! — دېدى .
مەن ھەيران بولۇپ دادامغا قارىدىم . بۇ پىستە كۆچۆكنى دادام يۇيامدۇ ؟ بۇ دادام قىلىدىغان ئىشمۇ ؟ لېكىن ، دادامنىڭ كەيپى چاغ ئىدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالەننى تووْلاپ سۇ تەييارلاشقا بۇيرۇدى . دادامنىڭ بۇ قىلىقىنى چۈشىنەلمىسەممۇ نائىلاج ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم ، ئېرجىپ ئولتۇرالماي قالدى .
— مەنمۇ بارىمەن ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ .
— سەن بارما ! دەرسىڭنى تەكرارلا ! — دېدى دادام .
ئېرجىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ بەغەرەزلىك قىلدى :
— ياق مەنمۇ ئىتنى يۇيىمەن !
مەن ئېرجىپقا قاراپلا قالدىم . تووْا ! ئۇنىڭ گازىر كۆزلىرى ، ئېڭىكىنىڭ قىسقىلىقىنى كۆرۈپ مەن بايىلا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا كۆرگەن ئادەم كۆز ئالدىمغا كەلدى . مەن ئېرجىپنىڭ ئارقا ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان ۋىجىك گەۋدىسىگە قارىغىنىمچە ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىدىن قالغان خاتىرىلەرنى ئىزدىدىم . ئاۋاق ، سوزۇنچاق يۈز ، قىسقا ئېڭىكى شۇنداققۇ ؟ ھەقىقەتەن شۇنداقمىدۇ ؟ پەرزىمگە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم ! شۇ ئاچام مۇشۇنداق ئىشنىمۇ قىلارمۇ ؟ شۇ ئاچامنىڭ دادامغا ھىيلە ئىشلىتىشى مېنى قاتتىق چۆچۈتتى . ئەگەر ئېرجىپ شۇ ئاچامنىڭ باشقا بىرىدىن تۇغقان بالىسى بولسا ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش ـ ھە ؟
— يىپىلىك ، چاپسان كەل ! — دادامنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم . ئارقا ھويلىغا چىقسام ، دادام بىلەن ئېرجىپ سېمونتنىڭ ئۈستىدە بىبى بىبىنى يۇيۇۋاتقانىكەن . دادام غاڭزىسىنى چىشلىگىنىچە بىبى بىبىگە سوپۇن سۈركىمەكتە ئىدى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ياردەملىشىشىمنى ئىشارەت قىلدى . ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىبى بىبىنى چوتكىلاشقا باشلىدىم . ئېرجىپ ھەدەپ بىبى بىبىنى كاڭشىتاتتى ، بەغەرەزلىك قىلىپ يۇڭىنى تارتاتتى ، بىبى بىبى ئۆزىنى قاچۇرسا كۆرەڭلەپ كۈلۈپ كېتەت-

www.uyghurkitap.com

تى . مەن سەپسالماي دىسەممۇ كۆزۈم شۇنىڭدا ئىدى. قارىغانسىرى گۈمانىم كۈچەيدى . ئۇنىڭدا نەدىمۇ لۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە خاس قاڭشار ، قارا قاش ۋە بۇلاقتەك كۆزلەر بولسۇن ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا لۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەردىن ئەسەرمۇ يوق ! ئۇنداقتا ، ئۇ راستلا لۇ ئائىلىسىنىڭ ئادىمى ئەمەسمىدۇ ؟

دادام بەكمۇ خۇشال بولۇپ ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بىپى بىپىنىڭ قۇيرۇقىنى يۇماقتا ئىدى ، شۇ تاپتىكى قىزغىنلىقى بىلەن ئۇ بەئەينى كىچىك بالا ئىدى . تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى ، تۇرمۇشنىڭ ئىنتايىن مەنىسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم . بىر مەھەل قارا يىلپىز لۇ جېنخۇا دەپ داڭق چىقىرىپ كىشىلەرنى يۈرەكزادە قىلغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ پىستە كۈچۈك يۇماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ھەيۋىسى يوقالغانىدى . ئۇنىڭغا كۈندىن ـ كۈنگە قېرىلىق يەتمەكتە ئىدى .

ئىتنى يۇيۇپ بولۇپ مېھمانخانىغا قايتىپ كىردۇق . رۇپىكىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى چاقىردىم . ئۇ كارىۋىتىدا چاچلىرى پاخپايغان ھالدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ گۇمپىچى پالۋانلار ھەققىدە بىر رومانىنى ئوقۇۋاتقانىكەن . چاقىرغىنىمنى ئاڭلاپ ماڭا قارىدى ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئۈچىسىدىكى كەمزۇلى پۈرلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ پالشوپكا يېپىنچاقلاپ چىقىپ كەلدى . چىرايى بەكمۇ سۇلغۇن ئىدى . خې شۇخۇەن ئىككىمىز توغرۇلۇق ئۇنىڭ قانچىلىك بىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم ، ئېھتىمال ئانچە كۆپ بىلمىسە كېرەك . ھازىر خې شۇخۇەن ئىككىمىزنىڭ ھېسسىياتى ئىنتايىن مۇرەككەپ باسقۇچتا توختاپ قالغان . ئەمما ، مۇھەببەت دائىرىسىگە كىرمىگەنىدى . ئەگەر مەن ئازراقلا ئىلھاملاندۇرسام خې شۇخۇەن شۇئان ئارىمىزدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلايتتى . ئۆزۈم رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقان بۇ ئويۇندا يالغانىنىڭ راستقا ئايلىنىش خەۋپى بار ئىدى . مەن « ئىنتىقام ئېلىش » نى قالقان قىلغان بولسامۇ ، كۆڭلۈم بەكمۇ دەككە ـ دۈككىدە ئىدى . مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشنىمۇ

كۆڭلۈمگە پۈككەندىم . بۇ خىل مۇرەككەپ كەيپىياتىم ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم ، تەھلىل قىلغان بىلەنمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتىم .

رۇپىنىڭ كەينىمدىن مېھمانخانىغا كىردى ، بىبي بىبي ساپادا تۈگۈلۈپ تىترىمەكتە ئىدى .

— يىگىلا بىز بىبي بىبىنى يۈيۈپ قويدۇق ، — دېدىم رۇپىنگغا .

رۇپىنىڭ خالار — خالىماس ھالدا كۈلۈپ قويدى . روشەنكى ، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى . ئۇنى كۆرۈپ مۇھەببەتنىڭ بىر قىزنى نە ھالغا سېلىپ قويىدىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم . بىر ئاينىڭ ئىچىدىلا ئۇ بەكمۇ يادىغان ،چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ، مەستخۇش ئادەمدەكلا بولۇپ قالغانىدى . خې شۇخۇەن دائىم كېلىپ ، ۋەدىسى بويىچە رۇپىنگغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بېرەتتى . قارىماققا خې شۇخۇەن رۇپىنگغا قىلچە كۆڭۈل بەرمىگەن . ئەكسىچە ، رۇپىنىڭ مۇھەببەت تورىغا قاتتىق چىرمىشىپ ئۆزىنى ئوڭشىيالماس ھالغا يەتكەنىدى .

كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى شۆ ئاچام قايتىپ كەلدى . مەن ئۇنىڭغا زەن سالدىم . ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى بىمالال تۇتاتتى ، تۇرقىدىن ھېچقانداق ھودۇقۇش ۋە جىددىيلىك كۆرۈنمەيتتى . مەن ئۇنىڭ ئۆز قىياپىتىنى يوشۇرۇشتىكى بۇ كارامىتىگە ئىختىيارسىز قايىل بولدۇم . ئۇ ماڭا بىر قارىۋېتىپ خالار — خالىماس ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە دادامغا :

— بۈگۈن ئامەت كەلمىدى ، ئازراق ئۇتتۇرۇپ قويدۇم ، — دېدى .

قارىغاندا دادامنىڭ شۆ ئاچامنىڭ ئۇتقان — ئۇتتۇرۇپ قويغىنى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى . مەن شۆ ئاچامغا سەپسېلىپ قارىدىم . دېمەك ئۇ قارتا ئويناش باھانىسى بىلەن سىرتقا چىققان ئىكەن — دە ، مەن شۆ ئاچامنىڭ « قارتا ئويناش » ئۈچۈن دائىم سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامەت كەلمىگەنىدى . ئۇ راست قارتا ئوينامدىغاندۇ ياكى قارتا ئويۇنىشى يالغانمىدۇ ؟

كەچلىك تاماقنى « ئۇياق » تا يېدىم . تاماقتىن كېيىن دادام مەندىن ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇش نىيىتىمنىڭ بار ــ يوقلۇقى ھەمدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىشقا قانداق قارايدىغانلىقىمنى سوراپ قو-رۇۋالدى . مەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇ-قىنى ، ئەمما ئۇنىۋېرستېتكە يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم . پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمىزدا خې شۇخۇەن كېلىپ قالدى . شۇندىلا بۇگۈن ئاخشام ئۇنىڭ رۇپىڭغا دەرس ئۆتىدىغانلىقى يا-دىمغا چۈشتى . رۇپىڭنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرغانلىقى بىكار ئە-مەس ئىكەن ــ دە !

خې شۇخۇەن مېنى كۆرۈپ قىلچە ئىككىلەنمەي خۇش تەبەسسۇم بىلەن :

ــ ئېيتىڭا بۇگۈن چۈشتىن كېيىن قەيەردە بولغاندىمەن ؟ ــ دېدى .

ــ مەن نەدىن بىلەي !

ــ سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بولدۇم ، سىزنى يېرىم كۈن ساقلىدىم . كەچلىك تاماقنى ئاپىڭىز بىلەن يېدىم !

مېنىڭچە ، خې شۇخۇەن بۇ گەپلەرنى كۆپچىلىك ئاڭلى-سۇن ، دەپ شۇنداق ئوچۇق قىلىۋاتاتتى . روشەنكى ، ئۇ مۇناسىۋىتىمىز-نىڭ « دوستلۇق » باسقۇچىدا تۇرغانلىقىغا قانائەتلەنمەيتتى ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەشكە تەقەززا ئىدى . شۇڭا ئۇ غەرەزلىك ھالدا كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى .

رۇپىڭ تاتىرىپ كەتتى ، شۇ ئاچامنىڭ ھەپسىلىسى پىر بولدى . ئۇلارنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ ئىچىمدە خۇش بولدۇم . خې شۇخۇەن سا-پانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى . دوستلۇقىمىزنىڭ شۇ قەدەر چې-كىپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلانغان شۇ ئاچام ئۆتكۈر كۆزلىرىنى خې شۇخۇەنگە تىكىپ ئۇنى كۆزەتتى . ماڭمۇ يەر تېگىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، نەزەرىنى خې شۇخۇەنگە يۆتكەپ قاش ــ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ياسىما خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە يېقىملىق ئاھاڭدا :

— قەھۋە ئىچەمسىز ؛ ياكى پەمىل چاي ئىچەمسىز ؟ — دېدى ، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى ، — ياخشىسى قەھۋە قاينىتاي ! قېنى خې شۇخۇەن ، بۇ ياققا كېلىڭ ، ئوتقا يېقىنراق ئولتۇرۇڭ ، قاراڭ مۇزلاپ كەتكىنىڭىزنى !

ئۇ خې شۇخۇەنگە رۇپىگىنىڭ يېنىدىكى ساپانى كۆرسەتتى . روشەنكى ، ئۇ خې شۇخۇەننى قولىغا كەلتۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى . مەن پەرۋاسىز كۈلۈپ قويۇپ قېنى قانداق قىلىدىكىن ، دەپ خې شۇخۇەنگە قارىدىم . خې شۇخۇەن زورىغا كۈلۈپ قويۇپ :

— كېرەك يوق ، مۇزلىمىدىم ، — دېدى ـ دە ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى . شۇ ئاچامنىڭ تۆت پۈتى ئۆرىلا قالدى ، ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ ماڭا قاراپ قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى ، خې شۇخۇەن دادام بىلەن پاراڭغا چۈشتى . دادام ئۇنىڭدىن ھەربىي ئىشلار ھەققىدە يېزىلغان بىرەر كىتاب بارمۇ ، دەپ سورىدى . خې شۇخۇەن يوق دېدى ، دادامدىن ئەينى يىللاردىكى جۇڭگو مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن قالايمىقان ئۇرۇشلار ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەب ـ ئاقىۋەتلىرىنى سورىدى . بۇنى ئاڭلاپ دادام بۆلەكچە ھاياجانلىنىپ كەتتى . يېقىندىن بۇيان دادامنىڭ بۇنداق خۇشال بولغانلىقىنى ئاز كۆرگەنىدىم . ئۇ تارىخنى سۆزلەش ۋە تەھلىل قىلىشقا كىرىشتى . مەن بۇ كونا تارىخقا قىلچە قىزىقمايتتىم . ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قاراشلىق مىلىتارىستلار ، جايلاردىكى مىلىتارىستلار دېگەن گەپلىرى مېنى زېرىكتۈرەتتى . لېكىن ، خې شۇخۇەن قىزغىن تالاش ـ تارتىش قىلدى . دادامنىڭ كۆپتۈرۈلگەن سەپسەتىلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشلار جۇڭگونى نابۇت قىلدى ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى . دادام سەل تېرىكىپ خې شۇخۇەننى « سىز تېخى ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان بالا » دۇنيادىكى چوڭ ئىشلار ھەققىدە گەپ ساتماڭ ، دېدى . شۇغىنىسى ، شۇ ئاچام قەھۋەنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشنى ئۈزۈپ قويغاندا ، دادام ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن بۇ « ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرى-

دىغان بالا» غا ئىنتايىن مەستلىكى كېلىپ قاراپ كەتتى.
خې شۇخۇەننىڭ شاراپىتى بىلەن شۇ ئاچام كۆتۈرۈپ چىققان قەھۋەدىن ماڭىمۇ بىر ئىستاكان تەگدى. شۇ ئاچام ئەمدىلا ئۆلتۈرۈشنىڭ ئېرجىپى قۇچىقىغا چىقىۋالدى ۋە خۇددى يۈگىمەچ تاڭگازىدەك چاپلىشىۋېلىپ پۇل سورىدى. مەن يەنە ئىختىيارسىز ئېرجىپىغا سەپسالدىم. گۇمانىم كۈچىيىپ، بارغانچە پەرىزىمنى جەزملەشتۈردۈم. مەن ھېلىقى ئەرنى كۆرگەندىلا تونۇش ھېس قىلغانىدىم، مانا ئەمدى بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپتىم! «ئىرسىيەت» جانلىقلار دۇنياسىدىكى ئاجايىپ ھادىسە جۇمۇ! ئېرجىپى ھېلىقى ئاۋاق ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئىدى. شۇ ئەمەسمۇ، ئائىلىمىزدىكى باللار بىرى ـ بىرىدىن چىرايلىق، ئېرجىپىلا كۆرۈمسىز ئىدى. ئىش راستتىنلا شۇنداق بولسا، دادامنى تازىمۇ نەس بېسىپتۇ! چۈنكى، دادام ياشانغىنىمدا كۆرگەن ئوغلۇم دەپ، ئۇنىڭغا كىچىكىدىنلا بەك ئامراق ئىدى! مەن شۇ ئاچامنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئىز تېپىش نىيىتىدە سوغۇق نەزەردە قاراپ ئولتۇراتتىم، لېكىن ئۇ بەكمۇ قوۋ بولۇپ، شۇنداق تەبىئىي ۋە بىمالال ئولتۇراتتى. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىتىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن پاكىتنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيتتىم. بۇ رەزىللىككە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلاندىم ۋە چىن دىلىمدىن غەزەپلەندىم. تۇرۇپلا كۆڭلۈمدىن غۇۋا بىر ئوي كەچتى، شۇ ئاچام بىلەن «رەزىللىك» نى بىرلەشتۈرۈپ قارىغانلىقىمدىن بۇ ئىككىسى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانىدى. مەن ئۇنىڭ «رەزىللىك» دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالسام، ماڭا بەكمۇ پايدىلىق بولمامدۇ؟
شۇ ئاچام خې شۇخۇەن بىلەن پاراڭلىشىپ بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا كىشىنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك خۇشامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇپىكنى گەپ قىلىشقا قىستايتتى. رۇپىك بولسا شۇ ئاچامغا يېلىنغاندەك قارايتتى، خې شۇخۇەنگىمۇ ئەيمىنىپ قاراپ قوياتتى. ئاخىر شۇ ئاچام چىدىماي خې شۇخۇەنگە مۇنداق دېدى:
— مېنىڭچە، سىز بۇگۇن دەرسنى رۇپىكنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆتسىڭىز بولامدىكىن، مېھمانخانىدا ئادەم كۆپ! رۇپىك، شۇخۇەننى

ھۇجراڭغا باشلا ، مەن ئالەنگە دەپ سىلەرگە ئازراق تاماق راسلىتاي !
رۇپىلك شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى :
— ئۆينى تېخى . . . تېخى . . . يىغىشتۇرمىغانىدىم ، — دېدى كېكەچلەپ .
رۇپىگىنىلڭ ھۇجرىسىدىكى قالايمىقانچىلىق — كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويۇلغان لىپتىكى ۋە كۇسارى ئېسىمگە كېلىپ ئىچىمدە كۈلدۈم . شۇ ئاچام دەرھال :
— ھېچقىسى يوق ، شۇخۇەن يات ئادەممىدى ! — دېدى .
نېمىدېگەن يېقىنچىلىق بۇ ! مەن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان شۇخۇەنگە قىزىقسىنىپ قارىدىم . ئاخىر شۇخۇەن :
— ئۆتكەندە تاپشۇرغان رانفىرونىڭ شېئىرىنى يادلاپ بولدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى رۇپىڭدىن .
رۇپىلك تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى ، بۇرۇلكىسىنىڭ ئىزمىسىنى تاتىلىغان ھالدا دۇدۇقلاپ :
— تېخى . . .تېخى . . . يادلىمىغان ، — دېدى .
— ئۇنداق بولسا ، — خې شۇخۇەن خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك مۇرىسىنى يېنىككىنە قىسىپ قويۇپ ، — دەرسنى سىز بۇ شېئىرنى يادلاپ بولغاندا ، ئاندىن داۋاملاشتۇرايلى ، بۈگۈنكى دەرس ۋاختىنچە توختاپ تۇرسۇن ، دەرسنى رېتى بىلەن ئۆتىمىز ، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق .
رۇپىلك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويدى ، خۇددى كىچىك بالىدەك قولىياغلىقىنى قولىغا يۆگىدى . شۇ ئاچام ئۇنى قاتتىق بىر چىمدىۋىدى ، رۇپىلك ئاغرىققا چىدىماي تووۋلۇەتكىلى تاس قالدى . ئامال قانچە ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، چىشىنى چىشلەپ قاققان قوزۇقتەك ئولتۇردى . شۇ ئاچام كەيپىياتنى ياخشىلايمەن دەپ ئالدىراپ مۇنداق دېدى :
— مېنىڭچە دەرسنى ئۆتىۋېرىڭ ، شېئىرنى كېيىنكى دەرسكىچە يادلىۋالسۇن !

ــــ مۇنداق قىلساق ئانچە ياخشى بولمايدۇ ، ــــ دېدى خې شۇخۇەن ، ــــ دەرسىنىڭ سۈرئىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ .

ــــ مېنىڭچە ، ــــ دېدى دادام توساتتىن گەپ قىستۇرۇپ ، رۇپىگىنىڭ ئىنگلىزچىنى ئۆگەنگىنى بىلەن ئۆگەنمىگىنىنىڭ ھېچ پەرقى بولمىدى ، ئۆگەنمەيلا قويسۇن ! ــــ ئاندىن دادام مېنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ــــ ئوقۇتىدىغان ئىش بولسا يىپىگىنى ئوقۇتقانغا يەتمەيدۇ ، ئۇ ئوقۇسا مەنپەئەت ئالالايدۇ ! سىز يىپىگىغا دەرس ئۆتۈپ بېرىڭ ، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بەرمەكچى !

دادامنىڭ سۆزىدە ئادەتلىنىپ قالغان بۇيرۇق ئاھاڭى بار ئىدى . لېكىن ، خې شۇخۇەن غادايغىنىچە ماڭا قاراپ قويۇپ :

ــــ ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن يىپىگىغا دەرس ئۆتىمەن ، پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلىمەن ! ــــ دېدى جۇشقۇن كەيپىياتتا .

مەن خې شۇخۇەنگە ئالىيىپ قويدۇم . چۈنكى ، ئۇ ئىسمىمنىلا ئاتىغانىدى ! ئەمما ، يۈرىكىمدە نامەلۇم شادلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى .

ــــ ئېيتىڭا ، ــــ دېدى دادام خې شۇخۇەنگە ، ــــ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سىلەرگە نېمە دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ ؟ مېنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلۇم ئېرخاۋ ئۈچ يىل ئېلېكتر ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى . ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئوقۇدۇڭ ، دەپ سورىسام ، كالدىرلاپ چەت ئەلنىڭ بىر نېمىلىرىنى سۆزلەيدۇ . تۇراقلىق توك ، تۇراقسىز توك ، ئۇلاش ـ ياندۇرۇپ ئۇلاش دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر مەن چۈشەنمەيدىغانلا بىر نېمىلەرنى دەيدۇ . گېپىگە قارىسا خېلى چوڭقۇر بىلىم ئالغاندەك قىلىدۇ . لېكىن ، ئۆيىنىڭ ئېلېكتر چىرىغى بۇزۇلۇپ قالسا ياسىيالمايدۇ !

خې شۇخۇەن كۈلۈپ كەتتى ، مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم . بىراق ، شۆ ئاچام تېرىكىپ تەتۈر قارىۋالدى .

ــــ نەزەرىيە جەھەتتە ئۆگەنگەن بەزى نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئىشلىنىپ كەتمەيدۇ ، ــــ دېدى خې شۇخۇەن .

ــــ ئەمىسە ، ئۇنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ ، ــــ دېدى دادام .

ــــ ئۆگىنىۋالسا ئۇنى زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتتە ئىشلەتكىلى

بولىدۇ .

دادام مەنسىتمىگەن هالدا تاماكىسىنىڭ كۈلىنى كۈلدانغا قېقىپ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ :

— ئۇ ، ئەتىۋارلىق ئوغلۇمدا كەشپىيات ، ئىجادىيەت ئىقتىدارى بار دەك قىلمايدۇ ! ئەمما ئۇ پۇل خەجلەيدىغانغا ئۇستا !

شۇ ئاچام ئولتۇرالماي قالدى ، ئورنىدىن تۇرۇپ غۇتۇلدىدى :

— قەھۋە سوۋۇپ قالدى ، ئىچىشمەيدىغىنىنى بىلگەن بولسام قاي- ناتماس ئىكەنمەن .

— سىز قايسى پەندە ئوقۇيسىز ؟ — دەپ سورىدى دادام خې شۇخۇەندىن .

— چەت ئەل تىلى .

— ئوهوي ، — دېدى دادام ماقۇللىمىغان تەلەپپۇزدا ، — مودا بولغان نەرسىلەرنى ئوقۇيمەن دەڭە !

خې شۇخۇەن دادامغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە سۆزلىدى :

— ئىنگلىز تىلى هازىر دۇنياۋى تىل بولۇپ قالدى . بۈگۈنكى دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىكەنمىز ، ئۇنى ئۆگىنىۋالماي بولمايدۇ . لېكىن ، چەت ئەلگە چوقۇنۇش ئىدىيىسىدە بولماسلىق كېرەك . ئەڭ ياخشىسى ، چەت ئەل تىلىنى ئوبدان ئۆگىنىپ ، چەت ئەللەرنىڭ بىلىمىنى قوبۇل قىلىشى- مىز ، ئۇنى ئىلىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز كېرەك . شۇنى ئىنكار قىلالماي- مىزكى ، بىز باشقىلارنىڭ كەينىدە قالدۇق ، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ بەكمۇ ئىچى قايناىدۇ !

دادام خې شۇخۇەنگە سىنچىلاپ قارىدى ۋە كۆزلىرىنى قىسىپ :

— شۇخۇەن ، سىز سىياسىينى ئۆگەنسىڭىز بولاركەن ، — دېدى .

— مەندە قارا نىيەت يوق ، — دېدى خې شۇخۇەن كۈلۈپ .

— شۇغىنىسى ، — دېدى دادام تاماكا تۇتقان قولى بىلەن خې شۇخۇەننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ، — قارا نىيەت دېگەن ئوبدان نەرسە ، ئۇ سىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۈندەيدۇ !

www.uyghurkitap.com

— ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ قورقۇنچلۇق نەرسە ، كىشىنى زاۋاللىققا يۈز-لەندۈرۈش ئېھتىمالى بەك كۆپ ، — دېدى خې شۇخۇەن.

دادام خې شۇخۇەنگە قارىغىنىچە چوڭقۇر ئويغا چۆمدى ، كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— قارا نىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئىنتىلىشچانلىق بولمىسا بولمايدۇ . شۇخۇەن ، يارايسىز ! — دېدى دادام مەنىلىك قىلىپ .

دادامنىڭ بىر ئادەمنى ماختىشىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى . خې شۇخۇەن ناھايىتى كۆرەڭلەپ ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈپ قويدى . بۇ كۈلكە يۈرىكىمنى ئۇنىڭ ئىل-گىردىكى تەمكىن ، مەنىلىك كۈلكىسىدىن بەكرەك ئوينىتىۋەتتى . ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم .

مەن يەنە بىرپەس ئولتۇردۇم ، دادام بىلەن خې شۇخۇەننىڭ پا-رىڭى قىزىغانسېرى شۆ ئاچامنىڭ كەيپى ئۇچماقتا ، رۇپىلك ئۈمىدسىز-لىككە چۆممەكتە ئىدى . سائەت ئونغا يېقىن قايتماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— شۇخۇەن ، ماڭا قىلغان ياردىمىڭىز شۇ بولسۇن ، يېپىڭنى ئۆيگە ئاپىرىڭ قويۇڭ ، بۇ قىز ئاخشىمى سىرتتا يۈرۈشنى ياخشى كۆ-رىدۇ !

مەن دادامغا قارىدىم ، دادام يېقىندىن بۇيان ماڭا ئىنتايىن كۆيۈ-نىدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇنىسى ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىل-مايۋاتاتتىم . خې شۇخۇەن خۇشاللىق ئىلكىدە شۆ ئاچام ۋە رۇپىلك بىلەن خوشلاشتى . رۇپىلك « خوش » دېگەن سۆزنى ئاران قىلدى — دە ، ھۇجرىسىغا ماڭدى ، بۇرۇلۇۋاتقان چاغدا ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غىلدىرلاپ تۇرغان ياشقا دىققەت قىلدىم . شۆ ئاچام بىزنى ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئۇ-زىتىپ چىقتى ۋە يەنە بىر نۆۋەت ئىرىشچانلىق كۆر-سەتتى :

— شۇخۇەن ، ئۆگۈنلۈككە كەچتە كېلىپ رۇپىڭغا دەرس ئۆ-تۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ — ھە ! — دېدى .

— بولىدۇ ، چوڭ ئاپا ، — دېدى خې شۇخۇەن ئېھتىرام بىلەن .
دەرۋازىنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا ، دادام مېنى چاقىردى :
— يېپىلىڭ ، توختاپ تۇر .
مەن توختاپ سوئال نەزەرىدە دادامغا قارىدىم . دادام شۇ ھامىمىغا بۇرۇلۇپ :
— شۇچىن ، يېپىڭغا مىڭ يۈەن ئاچىقىپ بەر ! — دېدى .
شۇ ھاما تۇرۇپ كېتىپ سۆزلىدى :
— شۇغىنىسى . . .
— پۇلنى ئاچىق ، ئارتۇق گېپىڭنى قوي ! — دېدى دادام تا-قەتسىزلىنىپ .
توۋا ، مەن پۇل سورىمىغان تۇرسام ، يەنە كېلىپ ھازىر بىزگە تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغان ۋاقىت بولمىسا ، ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق نېمە ئۈچۈن مىڭ كوي پۇل بېرىدۇ ؟ بوپتۇ ، پۇلنىڭ بولغىنى ياخشى ، شۇ ئاچام پۇلنى ئاچىقتى ، دادام پۇلنى ماڭا بېرىۋېتىپ :
— بۇ پۇلنى ئىشلىتىڭلار ، تۈگىگەندە ئېيتقىن ، — دېدى .
مەن تەئەججۈپ ئىچىدە پۇلنى ئالدىم . خې شۇخۇەن ئالدىمدا كېتىۋاتاتتى . شۇ ئاچامنىڭ ئۆچمەنلىككە تولغان كۆزلىرى ماڭا زەھەر-خەندىلىك بىلەن تىكىلدى . ئۇنى تېخىمۇ ئېچىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ غالىبانە كۈلۈپ قويدۇم . ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكىنىنى كۆرگىنىمدە چۈەندۈۋەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېلىقى پىكاپنىڭ ئىچى-دىكى ھالەت ئېسىمگە كېلىپ قوشۇمامنى تۈردۈم ، ئارقىدىنلا كۈلۈۋەت-تىم .
— نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز ؟ — دېدى خې شۇخۇەن
— ھېچنېمىگە ، — دېدىم پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ .
— مۇزلىدىڭىزمۇ ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ .
— ياق ، — دېدىم پەس ئاۋازدا ، ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ .
— ھېلىمۇ ياخشى يامغۇر يېغىپ كەتمىدى ، — دېدى ئۇ .
مەن ئاسمانغا قارىدىم ، يامغۇر ياغمىغىنى بىلەن كائىنات قاراڭغۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇققا چۆمگەنىدى ، نە ئاي ، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى . كېچىنىڭ ئاچچىق شامىلىدا ئىككى مەگزىم توگلاپ كەتتى .

— سىز زادىلا شارپا ئورىمايدىكەنسىز ، — دېدى خې شۇخۇەن ھەمدە ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز شارپىسىنى بوينۇمغا ئوراپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولى سىيرىلىپ مۈرەمدىن بېلىمگە چۈشتى ـ دە ، توختاپ قال‍دى . دەسلەپ ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى تارتتىم . لېكىن ، شۇئان كۆڭلۈمدە غۇۋۋا شادلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىلكىگە ئالدى ، شۇگا ، ئۇنىڭ قولىنى قايتۇرالمىدىم . بىز گەپ ـ سۆزسىز ماگدۇق .

— يېپىلىك ، — دېدى بىرھازادىن كېيىن خې شۇخۇەن بوش ۋە يېقىملىق ئاۋازدا .

— نېمە دەيسىز ؟

— دادىگىزغا ئوبدانراق مۇئامىلىدە بولۇڭ ، — دېدى ئۇ پې‍چىرلاپ .

— نېمە ؟ — دېدىم مەن ھەيرەتتە .

— دادىگىز ئىنتايىن زېرىكەرلىك مۇھىتتا ياشىماقتا ، ئۇ سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ !

— ھىم ! — دېدىم مەن سوغۇققىنا كۈلۈپ ، — ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ ! مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان .

— مۇنداق دېمەڭ ، ئۇ سىزگە ئامراق ، بۇنى مەنمۇ كۆرۈپ تۇ‍رۇپتىمەن . يېپىلىك ، ئۇ دېگەن ياشانغان ئادەم ، سىز ئۇنى ئەپۇ قىلىشىگىز كېرەك ، ئۇ سىزنىڭ كۆڭلىگىزنى ئېلىشنىڭلا كويىدا . سىز بولسىگىز چىرايىگىزنىمۇ ئاچمايسىز ، مۇنداق قىلسىگىز ئۇنى ئازابقا قويىسىز .

— سىز ئارىمىزدىكى ئىشلارنى بىلمەيسىز ! غەم قىلمايلا قويۇڭ ! — دېدىم مەن بىرئاز خاپا بولۇپ .

— بولىدۇ ، بۇ گەپلەرنى قويايلى ، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلار ناھايىتى مۇرەككەپ ، مەنمۇ چۈشىنىپ يېتەلمىگۈدەكمەن ، — دېدى ئۇ .

ئۇدۇلىمىزدا بىر ۋېلىسىپىت كۆرۈندى ، ئۇ تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتاتتى ، بىز ئۆزىمىزنى يولنىڭ چېتىگە ئالدۇق . ۋېلىسىپىتنىڭ

چىرىغى يورۇق ئىدى ، ئۇنى قىزىل پالشوپكا كىيىۋالغان بىر قىز مىنىۋال-
غان ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەنىدى . ۋېلىسىپىت
يېنىمىزدىن خۇددى قويۇندەك مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى . مەن ۋېلىسىپىت
قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مۇرەمنى قى-
سىپ قويۇپ :

— ئۇ قىز مېڭىپتۇ . ئۇ خانىنىڭ ئەركە مەلىكىسىدەكلا بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ ! — دېدىم .

خې شۇخۇەن گەپ - سۆز قىلمىدى ، بىز بىرئاز ماڭغاندىن كې-
يىن ئاسماقچىلاپ سورىدىم :

— سىزچە رۇپىڭ قانداق ؟

— ھېچقانداق ئەمەس ، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ، ئىنتايىن ئەدەپ-
لىك ، — دېدى ماڭا قاراپ . روشەنكى ئۇ مېنىڭ ئۇنى سورىشىمدىكى
مەقسىتىمنى قىياس قىلماقتا ئىدى .

— سىز شۇ ئاچامنىڭ غەربىزىنى چۈشەنمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدىم
مەن گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا قىلىپ .

— غەربىزىنى ؟ — دېدى ئۇ بىلمەسلىككە سېلىپ .

— ئۇنىداق خۇپسەنلىك قىلماڭ . نېمە ، ئۇقمايۋاتامسىز ؟ رۇپىڭ
سىزگە ئاشىق ، شۇ ئاچامۇ سىزنى بەك يارىتىدۇ !

— شۇنداقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي .

— سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىۋاتىمەن ، — دېدىم مەن قەستەن
تەمكىن ۋە جىددىي قىياپەتتە ، — رۇپىڭ بىلەن توي قىلسىڭىز ئالتۇن
ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك بولىدۇ . نەسەب جەھەتتىن ئائىلىمىز ئا-
ئىلەڭلارغا ماس كېلىدۇ . ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىن ئالساق ، رۇپىڭ
سىلىق - سىپايە ، مۇلايىم ، مىجەزىمۇ ياخشى . پەزىلەتلىك خوتۇن ، قا-
بىلىيەتلىك ئانا بولالايدۇ . ئۇنى ئالسىڭىز چەكسىز بەختىيار بولىسىز .
قابىلىيەت جەھەتتە ئۇ بەك قابىللاردىن بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا خەقتىن
ئانچە قېلىشمايدۇ . ئايال دېگەن ئۆيىنى ئوبدان تۇتسا ، قائىدە - يوسۇنلۇق
ۋە ئېرىگە ۋاپادار بولسىلا بولمىدىمۇ ؟ . . . — بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ قالغاندۇق ، ئىشىكنىڭ يېنىدا توختاپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم ، — رۇپىنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل پەزىلەتلىرى بار . گەرچە ئۇ باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسىمۇ ، قىلچە سۆلەتۋاز ئەمەس ، مېنىڭگە ئوخشاش ئەخلاقسىز ئەمەس . ئەر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، مۇشۇنداق ئايال ئەڭ ياخشى . . .

خې شۇخۇەن قولىنى ئىشىككە تىرەپ ماڭا قارىغىنىچە تۇرۇپ كەتتى ۋە :

— سۆزلەپ بولدىڭىزمۇ ؟ — دېدى سوغۇققىنا .

— ياق تېخى ، رۇپىنىڭ . . .

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتقۇچە ئۇ توساتتىن مېنى سۆيۈۋالدى ۋە چىڭ قۇچاقلىدى ، لەۋلىرىمىز بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭدىن بۇنى كۈتمىگەچكە ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم . گويا كى بىر ئىسسىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا ئېقىپ كىرگەندەك بولدى - دە ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك سوقۇپ نېرۋىلىرىم سېزىمىنى يوقاتتى . ئۇ مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرغاچقا بىز بىر گەۋدىگە ئايلانغاندۇق ، نەپىسىم بوغۇلۇپ قالدى . ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم ، ئۇنىڭ يۈرىكى ۋەزىنلىك ، جىددىي ۋە قىنىغا پاتماي سوقاتتى . ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنى سۆيۈۋاتقانلىقىمنى خىرە - شىرە ھېس قىلدىم . نەپىسىم ئىتتىكلەپ كەتكەندى ، تەھلىل ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمنى يوقاتقاندىم ، شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكەندى .

— يىپىڭ ! — دەپ چاقىردى ئۇ مېنى بوش ئاۋازدا . بۇ ئاۋاز مېنى چۈشىنىكسىز ، كۆز يەتكۈسىز بىر دۇنياغا قايتۇرۇپ كەلدى . ئەڭ ئاۋۋال كۆرگىنىم مانان ئىچىدە ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز بولدى .

— يىپىڭ ، — ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە يەنە بىر قېتىم چاقىردى .

تىلىم گەپكە كەلمىدى ، كۆڭلۈم ئالاقزادە ئىدى ، ئۇ ئېڭىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى ، مەنمۇ كۈلۈمسىرىمەكچى بولدۇم . لېكىن ،

قولۇمدىن كەلمىدى . يۈرىكىم سۆيگۈ دېڭىزىدا مەۋج ئۇرماقتا ، بەخىرامان داۋالغۇماقتا ۋە باشقا بىر دۇنيادا ئۈز ئەركى بىلەن لەيلەپ يۈرمەكتە ئىدى . خې شۇخۇەن مەندىن كۆز ئۈزمىدى ، قاشلىرىنى يىمىردى ، ئاندىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ :

— يىپىڭ ، بۇ مىنۇتلارنى مەن ئۇزۇندىن بۇيان تەشنالىق بىلەن كۈتكەنىدىم ، — دېدى .

ئۇنىڭ سۆزى يۈرىكىمگە ئوت سالدى . يۈزى يۈزۈمگە تېگىپ تۇرغاچقا نەپەس ئالالماي قالدىم . نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئاخىر ئىشكنى قاقتىم ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا « خەير ـ خوش ! » دېگەن گەپنى ئارانلا قىلالىدىم .

مەن ئۇنى « كېتىڭ » دەپ ئىتتەردىم . لېكىن ئۇ مىدىر قىلماي تىكىلگىنىچە تۇرىۋەردى . ئىشىك ئېچىلدى . مەن غىپپىدە كىردىم ـ دە ، دەرھال ئىشكنى يېپىۋالدىم ، ھەيران بولغان ئاپام سورىدى :

— يىپىڭ ، ساڭا نېمە بولدى ؟

— ھېچنېمە بولمىدى ، — دېدىم مەن ۋە ھودۇققان ھالدا يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە كىردىم ـ دە ، ئۇدۇل تاش ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزۈمگە قارىدىم . ئىككى مەڭزىم ئاناردەك قىزارغانىدى ، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى . ئالىقىنىم بىلەن يۈرىكىمنى بېسىپ ئاستا ئولتۇردۇم . قولۇمغا ئۇنىڭ شارپىسىنىڭ چۇچىسى ئۇرۇلدى . شارپىنى بويىنۇمدىن ئاستا يەشتىم . بۇ ئاچ سىرىق ، قىزىل مەشۇتتا « شۇخۇەن » دېگەن خەت كەشتىلەنگەن يۇڭ شارپا ئىدى . خەتكە قارىغىنىمچە يەنە سۆيگۈ دېڭىزىغا غەرق بولدۇم .

كۈندىلىك خاتىرەمگە مۇنۇلارنى يازدىم .

« مەن رۇپىڭ بىلەن شۆ ئاچامنى يەڭدىم ، خې شۇخۇەننىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالدىم . لېكىن ، ئىنتايىن گاڭگىراپ قالدىم . »

مەن خې شۇخۇەننى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم . بۇ ، مېنىڭ ئۆچ ئېلىش پىلانىمدا يوق بىر ئىش ئىدى . ئەسلى مەن ئۇنىڭغا ئىشقىمنى بەرمەكچى ئەمەس ئىدىم . بىراق ، يۈرىكىمدە ئىشق ئوتى لا-

ۋۇلداپ يانغاندا بەرداشلىق بېرەلمىدىم . بۇ كېچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم . ئاپامنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقانلىقىنى بىلىپ ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئاپامنىڭ قېشىغا چىقتىم ـ دە ، ئۇنىڭ قوينىغا كىرىۋالدىم .

ئاپام مەگزىمنى سىلاپ بوش ئاۋازدا سورىدى .

ـــ خېي شۇخۇەن بىلەن مۇھەببەت باغلىدىڭمۇ ؟

ـــ شۇنداقراق .

ـــ خۇداغا شۈكۈر . يېپىك ، سەن بەختلىك بولىسەن ، ـــ دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ .

ـــ ئاپا ، سەن مۇھەببەت باغلاپ باققانمۇ ؟

ئاپام سۈكۈتكە چۆمۈپ ئۇزۇنغىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى ، مەن يەنە سورىدىم :

ـــ ئاپا ، سەن دادامغا زادى قانداق تېگىپ قالغان ؟

ئاپام يەنە بىرھازا جىمىپ كېتىپ ، كېيىن ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى :

ـــ شۇ يىلى يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدىم ، خاربىندا تۇراتتىم ، ـــ ئاپام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ، ـــ كىشىلىك ھاياتتا ھەممە نەرسە تاسادىپىيلىق ۋە تەقدىرگە باغلىق بولىدىكەن . بىر كۈنى كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بېرىپ سائەت تۆتلەردە قايتىپ كەلدىم . ئەگەر سەل بالدۇرراق ياكى كېيىنرەك قايتقان بولسامۇ ھېچ ئىش بولمايدىكەن . ئەمدىلا چوڭ كوچىغا كېلىشىمگە كىشىلەرنىڭ كوچىنىڭ چېتىگە چىقىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشتى ، ئارقىدىنلا ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ بىر ئاتلىق ئەترەت دۈكۈرلەپ كەلدى . مالىمانلىق ئىچىدە مەن بىر موناستىر ئىشىكىنىڭ دالدىسىغا ئۆزۈمنى ئېلىپ ئاتلىق ئەترەتكە قىزىقسىنىپ قاراپ تۇردۇم . ئاتلىق ئەترەتنىڭ باشلىقى داداڭ ئىدى . ئۇ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتىيۇ ، بىردىنلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ موناستىرنىڭ ئالدىدا توختاپ ماڭا سەپسالدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەرمۇ توختاشتى . مەن ساراسىمىگە چۈشۈپ نەپەس ئېلىش-

قىمۇ جۇرئەت قىلالمىدىم . ئۇ ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ، پەقەت يېنىدىكى فۇگۇەنگە ئېگىشىپ بىر نېمىلەرنى دېدى ـ دە ، ئېتىنى قامچىلاپ يۇرۇپ كەتتى ، ئارقىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى . دەككە ـ دۇككە ئىچىدە ئۆيگە قايتتىم ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىدى . مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ بىلەن تۈگىدى ، دەپ ئويلاپتىمەن . نەدىكىنى ، ئەتىسى ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر توپ ئادەم بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مېھمانخانىغا قويدى ـ دە ، لۇ جېنخۇانىڭ مېنى توقاللىققا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى !

— دادامغا شۇنداق تەگكەنمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدىم .

— ھەئە ، شۇنداق تەگكەن ، — دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا ، قاراڭغۇدىمۇ ئاپامنىڭ ھەسرەتلىك كۈلۈمسىرىشىنى كۆرۈپ تۇردۇم ، — ساندۇق كېلىپ ئەتىسى گۈللۈك تەختىراۋان كەلدى . مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يىغا زارىسى ئىچىدە تەختىراۋانغا چۈشتۈم ۋە يېڭى ئۆيگىچە يىغلاپ باردىم . . .

ئاپامنىڭ سۆزى بىردىنلا توختىۋىدى ، مەن كوچىلاپ سورىدىم :

— كېيىن قانداق بولدى ؟

— كېيىن ؟ — ئاپام يەنە كۈلۈمسىرىدى ، — كېيىن لۇ جېنخۇانىڭ توقىلى بولدۇم . ئېسىل ، ياخشى تاماق ، كاتتا كىيىم ـ كېچەك ، قىممەت باھالىق زىبۇ زىننەتلەر ئىچىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈردۈم ، ئۆزۈم يالغۇز بىر كورپۇس ئەجنەبىيچە ئۆيدە ئولتۇردۇم ، بەش ـ ئالتە قىز خىزمىتىمدە بولدى . . .

— ئۇ چاغلاردا دادام سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىمۇ ؟

— ھەئە ، ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ، ئۇ بىر ئالتۇن دەۋر ئىدى . . . — ئاپام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ، — ئۇ چاغلاردا دادائڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى ، خۇشى تۇتۇپ قالغاندا بەكمۇ مۇلايىم بولۇپ كېتەتتى ، ھەربىي كىيىم كىيىپ ئاتقا مىنگەندە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە غەيۇر ئىدى . كۆپچىلىك مېنى بەختىڭ ئېچىلدى ، دېيىشەتتى . بىراق مەن شىپىڭغا ھامىلدار بولغان ۋاقتىمدا دادائڭ بىر چاكچىلىكەشنى ئالدى ، ئۇ شۆچىن ئىدى . شىپىڭ تۇغۇلۇپ ئىككىنچى يىلى شۆچىن ئىرخاۋنى

تۇغدى . شۇنىڭدىن كىيىن داداڭ ئاز دىگەندە يەنە ئون خوتۇن ئالدى . لېكىن ئۇلارغا ئانچە كۆڭۈل بەرمىدى . پەقەت شۆچىن ئىككىمىزنىڭلا باشقىچە كۆزدە قارىدى . شىپىڭ ئايدەك چىرايلىق قىز ئىدى ، داداڭنىڭ بىر مەزگىل مېنى تاشلىۋەتمىگەنلىكى ئېھتىمال ئۇنىڭ شىپىڭنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك . شىپىڭ ئۆلۈپ كەتكەندە داداڭ بەكمۇ قاتتىق يىغلاپ ھەسرەت چەكتى ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىققانلىقىنى مەن شۇ ۋاقىتتا كۆردۈم . شىپىڭنىڭ شاراپىتى بىلەن داداڭ مېنى تەيۋەنگە ئېلىپ كەلدى . . . بەزىدە داداڭنى بەكمۇ رەھىمسىز ئەمەس دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن . . .

مەن چارچاپ قالغانىدىم ، ئەسنەپ قويۇپ مۇگدىگەن ھالدا :

— بۇ سۆزۈڭگە قارشىمەن ئاپا ، دادام رەھىمسىز ئادەم ! ئۇنىڭ ئىككىمىزنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغىنىنىڭ ئۆزى رەھىمسىزلىك !

— بۇنى پۈتۈنلەي داداڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ ، دۇنيادا ھەقىقىي رەھىمسىز ئادەم يوق ! پۈتۈنلەي يامان ئادەممۇ يوق ! ھازىر بىلمىسەڭ كېيىن بىلىپ قالىسەن . داداڭنىڭ شىپىڭغا ئامراقلىقىغا قارىساق ، ئۇنى رەھىمسىز دېگىلى بولمايدۇ . شىپىڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان چاغلاردا ، داداڭ ھەر قانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا باراتتى ، بىردەم — يېرىمدەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى ، — ئاپام ئۇلۇغ — كىچىك تىنىدى ، — داداڭ بىلەن شىپىڭنىڭ بىر — بىرىگە بولغان مېھىر — مۇھەببىتىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى . شىپىڭنىڭ نازاكەتلىكى ۋە مۇلايىملىقى داداڭنىڭ ئۆز بىشىمچىلىقى ۋە تەرسالىقى بىلەن تۇپتىن ئوخشاشمايتتى . ئەمما ئۇلارنىڭ ئاتا — بالىلىق مېھرى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى . دوختۇر شىپىڭنى قۇتقۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا ، داداڭ دوختۇرنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان ، قورالنى چىقىرىپ دوختۇرغا تەھدىت سالغان . . .

مېنى يەنە ئەسنەك تۇتتى .

— ئۇنىڭ شىپىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقى بىر مۆجىزىكەن ! — دېدىم مەن .

— مەن داداڭ بىلەن شۇنچە يىل ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتكەن بولسامۇ ، داداڭنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىم ، لېكىن شۇنى جەزم قىلالايـ مەنكى ، ئۇ رەھىمسىز ئادەم ئەمەس ، ئەكسىچە تېخى باھايىتى مېھىرلىك ، شەپقەتلىك ئادەم . ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشمايدۇ ، سەن ئۇنى ئادـ دىيلا قاراش بىلەن ئۆلچىسەڭ بولمايدۇ .

— مېنى قامچىلىغاندا ، ئۇنىڭدا مېھىر - شەپقەتنىڭ نامۇنىشانىنى كۆرمىدىم ، ئۇنى خۇددى ئادەمگەرچىلىكنى ئۇقمايدىغان يىرتقۇچ هايۋانـ غىلا ئوخشاتتىم ، — دېدىم - دە ، بىر يېنىمغا ئۆرۈلدۈم . قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ كۆزۈم يۇمۇلماقتا ئىدى .

— يىپىلك ، سېنىڭ غېمىڭدە قالدىم ، — ئاپام گەپ قىلدى . لىـ كىن ، ئاۋازى بەكمۇ يىراق يەردىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ، چۈنكى مېنى ھەقىقەتەن تاتلىق ئۇيقۇ باسقانىدى ، — بىر قېتىم تاياق يېيىش ئۈنچىۋالا ئېغىر ئالغۇدەك ئىش ئەمەس ، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كۆڭلۈڭدە مۇنچە ئۆچمەنلىك ساقلايسەن ؟ بۇ مىجەزىڭنى ئۆزگەرتمەيدىغان بولساڭ مەڭگۈ خاتىرجەملىك ۋە شادلىققا ئىگە بولالمايسەن . . .

مەن مۇجمەللا بىر گەپ قىلدىم ، لېكىن نېمە دېگەنلىكىمنى بىلـ مەيتتىم ، ئاپامنىڭ ئاۋازى يەنە كەلدى :

— يىپىلك ، مەن ساڭا قارىغاندا كۆپ ئازاب چەككەن . ئېغىر دەرد - ئەلەملەردە يۈرىكىم پۇچۇلانغان . سەن چىدامىلىق ۋە كەڭ قورـ ساق بولۇشۇڭ كېرەك ، مەن سېنىڭ خۇشال - خۇرام يۈرۈشۈڭنى ئارزۇ قىلىمەن . يىغلىشىڭنى خالىمايمەن ، سۆزۈمنى چۈشەنگەنسەن ؟

— ھە ، — دەپلا قويۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم ، خېلى بىر ۋاقىتلارـ دىن كېيىن ئاپامنىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم ، ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا ئانچە - مۇنچە كىردى .

— يىپىلك ، سەن بايا مەندىن مۇھەببەت باغلىغانمۇ دەپ سورىغاـ نىدىڭغۇ ؟ توغرا ، مەن بىر ئادەمنى سۆيگەن . . . بۇ ھەقىقىي سۆيگۈ . . . چىرايلىق . . . غەيۇر . . . ھەر قانداق بىر ئايال ئۇنى سۆيەتتى . . . مۇـ شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇنى قەلبىمدىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدىم . . .

ئاپام نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەندەك قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى مېنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىدىم  ھەرقانچە قىلساممۇ كۆزۈمنى ئاچالمىدىم . ئاخىر ئاپامنىڭ ئاۋاز دولقۇنلىرىنى تۇتۇشتىن ۋاز كېچىپ ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولدۇم.

## 5

كۈن ئىللىشقا باشلىدى ، مارت ئېيى تەيۋەندە ئەڭ ئىسسىق چاغلار . شىمالنىڭ سىمىلداپ يامغۇر يېغىپلا تۇرىدىغان ھۆل – يېغىن پەسلى ئۆتۈپ قۇياش پارلاپ تۇرىدىغان كۈنلەر كەلدى . خۇددى مۇشۇ كۈنلەردىكى ھاۋاغا ئوخشاش مېنىڭمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تولغىمەس – پۈتمەس ھاياتىي كۈچكە تولدى . مەن ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلمىدىم . سەۋەبى بىرىنچىدىن ، كۆڭلۈم تارتمىدى . كىتابنى قولۇمغا ئالسام سىلا خىيالىم چېچىلىپ كېتەتتى ؛ ئىككىنچىدىن ، ۋاقتىم چىقمىدى . خې شۇخۇەن بىلەن كۆرۈشۈش ، سەيلە قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، ئىنتىقام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماقتا ئىدىم ، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم « مۇھەببەت » نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشەندىم . ئىلگىرى ، « مۇھەببەت » دېگەن ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل رايى دەپ قارايتتىم . ئەمدى بىلدىمكى ، مۇھەببەت كۆڭۈل رايىلا ئەمەس ، بەلكى ئادەمنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىدىغان ، ھەر كويلارغا سېلىپ پاراكەندە قىلىدىغان ، ئازدۇرىدىغان نېمىكەن !

خې شۇخۇەن يەنىلا ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم « ئۇياق » قا بېرىپ دەرس ئۆتۈپ تۇردى . بۇ ئىشقا ئاچچىقىم كېلەتتى ، ئۇنىڭ دەرس ئۆتۈشىنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلاتتىم . شۇندا ئۇ مەن بىلەن كۆپرەك بىللە بولاتتى . لېكىن ئۇ جاھىللىق قىلىپ ، ئۆز ۋاقتىدا ماقۇل بولغان ئىشتىن ئەمدى يېنىۋالسام بولمايدۇ ، دەپ تۇرۇۋالدى .

بۈگۈن ئاخشام ئۇ رۇپىڭغا دەرس ئۆتەتتى . مەن ئەرمەك بولغۇدەك ئىش يوق ئاپام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم . تۇرۇپلا خىيال

كـەپتىرىم « ئۇياق » قا ئۇچتى ــ دە ، ئۇدۇل خې شۇخۇەن بىلەن رۇ-
پىڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قوندى . مەن ئولتۇرالماي قالدىم . قانداقتۇر
بىر غەيرىي سېزىم مېنى ۋەسۋەسىگە سالدى . ئىچىم تىت ــ تىت بولۇپ ،
ئۆينىڭ ئىچىدە بىرپەس ئۇياقتىن ــ بۇياققا ماڭدىم . ئاخىر « ئۇياق » قا
بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ كېلىش قارارىغا كەلدىم ــ دە ، ئالمان ــ تالمان
يوپكامنى كىيىپ ئاپامغا خوش دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتىم .

« ئۇياق » قا بېرىپلا خې شۇخۇەننىڭ دەرسنى رۇپىڭنىڭ ھۇجـ-
رىسىدا ئۆتىدىغان بولغانلىقىنى بىلدىم . بۇ ھال مېنى تېخىمۇ پاراكەندە
قىلدى ، رۇپىڭنىڭ خې شۇخۇەننى تارتىۋېلىشىدىن قورقۇپمۇ كەتـ-
مەيتتىم . بىراق ، مۇھەببەت دېگەن شۇنداق كۆزى كىچىك ، شەخسىـ-
يەتچى ، سىرلىق نەرسە ئىكەنكى ، ئۇنى چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىكەن .
ئۇلارنىڭ خاس ھۇجرىغا كىرىۋېلىپ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا
قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى . چۈنكى ، شۇخۇەن دەرسنى رۇ-
پىڭنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆتىدىغان بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتمىغانىدى .

دادام مېھمانخانىدا بولۇپ ، رېزىنكە بىلەن بامبۇك پارچىلىرىنى
چېتىپ پىلدىرلىغۇچ ياساشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ ، ئېرجيې ئۇنىڭغا يار-
دەملىشىۋېتىپتۇ . دادامنىڭ قورايدەك قوللىرى زادىلا قولاشمايتتى ، قانچە
ھەپىلەشسىمۇ بامبۇك پارچىلىرى چېچىلىپ كېتەتتى . نارازى بولغان
ئېرجيې توۋلاپ كېتەتتى . بۇ ھالنى كۆرۈپ دادامغا بۇ ئاچ كۆز ، بەتقىـ-
لىق بالا سېنىڭ نامىڭنى بۇلغاپ ھارامدىن بولغان بالا ! دەۋېتىشكە تاس
قالدىم ( مەن ئېرجيېنى كۆزەتكەنچە ، بۇ ئىشنى شۇنچە جەزملەشتۈر-
مەكتە ئىدىم ) . شۇغىنىسى ، پۇرسەت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى .
شۇڭا ھەممىنى ئاشكارىلىۋېتىشتىن زورىغا ئۆزۈمنى باستىم ــ دە ، ئۇدۇل
رۇپىڭنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ ، ئىشىكنى غاچ ئاچتىم .

شۇئان داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم ! كۆڭلۈم بىكار ئۆيمىگەنىكەن .
مەن ئۇخلىساممۇ چۈشۈمگە كىرمەيدىغان بىر ھالنى كۆردۈم : رۇپىڭ
يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا خې شۇخۇەننىڭ قولىنى تۇ-
تۇپ ، مەڭزىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە ياققان ھالدا ئولتۇراتتى ، خې شۇخۇەن

رۇپىڭغا يۆلەنگىنىچە ، ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى . ئىدىشىكنىڭ ئېچىلىشى ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى . ئىككىسى تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى . مەن دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، بۇرۇلۇپ كەينىمگە ياندىم ـ دە ، ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىپ ، ئوقتەك ئېتىلغىنىمچە هويلىغا چىقتىم ۋە دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردۈم . هەيران بولغان دادام :

ـــ يىپىك ! يىپىك ! يىپىك ! نېمە قىلىغىنىڭ بۇ ! نېمە قاچىسەن ؟ ـــ دەپ ۋارقىراپ قالدى .

مەن دادامنىڭ توۋلىغىنىغىمۇ قارىماي ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ، دەرۋازىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، خې شۇخۇەن خۇددى قۇيۇندەك كېلىپ ئالدىمغا ئۆتۈپ قولۇمنى تۇتىۋالدى . غەزىپىمدە قولۇمنى سىلكىپ تارتىپ ئۇنى بىر كاچات سالدىم ـ دە ، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە دەرۋازىنى ئېچىپ قېچىپ چىقىپ كەتتىم .

ئىككى قەدەم مېڭىشىمغا خې شۇخۇەن يېتىشىۋېلىپ مۈرەمدىن تۇتۇپ كۈچەپ تارتىپ مېنى ئۆزىگە قاراتتى . ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى ، ئۇ تاقەتسىزلىك ئىچىدە هاسىراپ تۇرۇپ :

ـــ يىپىك ، بۇنى چۈشەندۈرەي ، ئاڭلاڭ !

ـــ ياق ! ـــ دېدىم مەن جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي دەپ .

ـــ يىپىك ، چوقۇم ئاڭلىشىڭىز كېرەك ! ـــ ئۇ بىلىكىمدىن مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى . مەن خېلى كۈچىگەن بولساممۇ ئاجرىيالمىدىم . كوچىدا ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدۇق .

ـــ مېنى قويىۋېتىڭ ، چوڭ كوچىدا مۇنداق قىلماڭ ! ـــ دېدىم مەن تىپىرلاپ پەس ئاۋازدا .

ـــ كارىم نېمە ! ـــ دېدى ئۇ مېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ ، ـــ گېپىمنى ئاڭلاڭ !

مەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ تىپىرلاشتىن توختىدىم . ئۇ مېنى

قويۇۋېتىپ ، كۆزۈمگە تىكىلگىنىچە سۆزلىدى :

— يېپىلىڭ ، بىر ئاجىزە پۇتۇن غەيرىتىنى يىغىپ سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلسا ، سىز ئۇنىڭغا باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىسىڭىز ، ئۇ كۆز ئالدىڭىزدا ھەسرەت چەكسە ، ئۇمىدسىزلەنسە مۇڭغا پاتسا قانداق قىلغان بولاتتىڭىز ؟

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە ، ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلدىم . بۇ چىراي شۇنداق سەممىي ئىدىكى ، ھەرگىز شەك كەلتۈرگىلى بولمايتتى . ماڭا سەممىيلىك بىلەن تىكىلگەن بۇ كۆزلەردە بىلىنەر - بىلىنمەس ھەسرەت ۋە ئىلتىجا ئىپادىلىنەتتى . مەن قايىل بولۇپ بېشىمنى ساڭگىلاتتىم ، بوش ئاۋازدا :

— دېمەك ، قۇچاقلاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپسىز — دە ؟ — دېدىم .

— ئۇنى قۇچاقلىمىدىم ! مەن نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ قېشىغا بېرىۋىدىم ، ئۇ مېنى تۇتىۋالدى . يىغلاپ كەتتى . نائىلاج سۈكۈت قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز سىڭلىمغا نەسىھەت قىلغاندەك تەسەللى بەردىم . ئۆزىڭىزگە ئايان ، ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىلمەن . ئۇ ئاق كۆڭۈل قىز ، ئازار بېرىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى ! يېپىلىڭ ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ ؟

— ئۇ سىڭلىڭىز ئەمەس ، — دېدىم تەرسالىق قىلىپ ، — ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئۆزى خەتەرلىك ئىش ، بولۇپمۇ ئوغۇل بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا .

— شۇنىسى ، ۋۇجۇدۇمدا ئۇنىڭغا قارىتا مۇھەببەتتىن ئەسەر يوق .

— ئەگەر مەن بولمىسام ، ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولاتتىڭىزمۇ ؟

ئۇ ئويغا چۆمدى . كېيىن گاڭگىرىغان ھالدا بېشىنى چايقىدى :

— بىلمەيمەن .

— بۇ سۆزىڭىز ئۇنىڭ يەنىلا سىزنى جەلپ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ، — دېدىم مەن ئەزۋەيلەپ ، — ئۇ ھېسداشلىقىڭىز ۋە ئىچ

ئاغرىتىشىڭىزدىن پايدىلىنىپ سىزنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى . شۇڭا ، بايىقى ئەھۋال يەنىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن !

— يىپىك ! — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ كۆزۈمگە تىكىلگىنىچە ، — قەسەم ئىچىمەنكى ، ئەتىدىن تارتىپ « ئۇياق » قا قەدەم باسمايمەن ، سىز بىلەن بىللە بارسام بارىمەن ، ئۆزۈم بارمايمەن ! رۇپىڭلارغا بەرگەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىشقا رازىمەنكى ، مەندىن گۇمانلىنىشىڭىزغا چىداپ تۇرالمايمەن ! يىپىك ، ماڭا ئىشىنىڭ ، ئىشىنىڭ دەيمەن !

روشەنكى ، ئۇ تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى . ئۇنىڭ جىددىي تەلەپپۇزىدىن باغرىم يۇمشاپ ئىچىم سىيرىلدى . ئۇ بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇردى . بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە ، ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئۇچراشتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىلتىجا ۋە مۇلايىملىق مېنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى . گەپمۇ قىلالماي قولۇمنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قويدۇم . قوللىرىمىز جۈپلەشتى ، ئۇ دەرھال قولۇمنى ئاغرىغۇدەك چىڭ سىقتى . بىر - بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ، چىڭ چاپلىشىپ نىشانسىزلا ئالغا قاراپ ماڭدۇق . كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخلەر بىر - بىرلەپ كەينىمىزدە قالدى . كوچا چىراغلىرى شولىمىزنى بىردە كەينىمىزگە ، بىردە ئالدىمىزغا چۈشۈرەتتى . بىر - بىرىمىزگە چاپلىشىپ كەتتۇق ، ئۇنىڭ ئالقىنىدىن چىققان ئىسسىق ئېقىم مېنىڭ ئالقىنىمغا ئۆتمەكتە ئىدى . كوچىنىڭ چېتىگە چىققاندا تەڭلا توختاپ قالدۇق .

— يانايلىمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

كەينىمىزگە يېنىپ ئاستا ماڭدۇق ، كوچىدا ئادەم سىيرەككەنىدى .

— مۇشۇ پېتىمىزچە مېڭىۋېرەيلى ، تاڭ ئاتقۇچە ماڭايلى ، — دېدى ئۇ .

مەن زۇۋان سۈرمىدىم . ئۇ بىر تۈپ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ يېنىدا توختىدى .

— مەن سىزنى سۆيۈۋالاي ، — دېدى ئۇ ، — كۆزىڭىزنى يۇمۇپ تۇرۇڭ !

كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇردۇم . بۇ چوڭ كوچا ئىدى ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم !

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرى ، بۇ كۈنلەردە بىز بېيتەنگە بېرىپ ئويناشنى ياقتۇرۇپ قالدۇق . چۈنكى ، خې شۇخۇەن تاغنى ياخشى كۆرەتتى ، مەن سۇنى ياخشى كۆرەتتىم ، بېيتەندە سۇمۇ تاغمۇ بار ئىدى . باھار پەسلىدە بېيتەن ياپيېشىل تاغلىرى ، زىلال سۇلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەم تۇس ئالاتتى . بىزمۇ ئاشۇ ياپيېشىل ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە تولماقتا ئىدۇق . كىچىككىنە يېشىل قولۋاققا چۈشۈپ كۆلدە بەھۇزۇر سەيلە قىلىپ ، ھاياتلىقنىڭ ، ياشلىق باھارىنىڭ ، شېرىن چۈشتەك يېقىملىق مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈردۇق . ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ساز ئىدى ، مېنىڭ ئاۋازىممۇ قېلىشمايتتى . داۋالغۇپ تۇرغان قولۋاقتا ئۇ ماڭا بىر ناخشا ئېيتىپ بەردى :

قار ئۇچقۇنى كەتتى ئۆتۈپ ئېچىلغۇسى مېيخۇا گۈلى ،
ئويناقشىغان جۈپ قارلىغاچ كۆكتە پەرۋاز ئەيلىدى .
ئىللىق باھار كەلگەچ يانا گۈل ـ چېچەككە تولدى جاھان ،
ئالدى دىيار يېپيېڭى تۇس گۈزەللىكى بولدى ئايان .

مەن قاقاقلاپ كۈلگىنىمچە قولۇم بىلەن سۇنى قوچۇپ ، سۇ يۈزىدە سان ـ ساناقسىز مەيىن دولقۇنلارنى ھاسىل قىلدىم ، كېيىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ خې شۇخۇەنگە چاچتىم . ئۇ پالاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭا ھەيۋە قىلدى . نەتىجىدە قولۋاق كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ كەتتى . ئويۇن ـ چاقچاقتىن كېيىن ئېگىكىمنى قولۇم بىلەن تىرەپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇردۇم ، ئۇمۇ جىمىپ قالدى . شۇ تەرىزدە گەپ ـ سۆز قىلماي ، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدۇق .

— بۇ ناخشىڭىز قاملاشمىدى ، — دېدىم مەن ، — قارمۇ يوق ، مېيخۇا گۈلىمۇ ئېچىلمىغان پەسىلدە مۇھىتقا ماس كەلمىدى !

— ئۇنداق بولسا ، قايسى ناخشىنى ئېيتاي ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرىسى

— مۇھىتقا ماس كەلگۈدەك ناخشا ئېيتىڭ.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ بەكمۇ ياخشى بىر ناخشا ئېيتتى:

ھۆسنىڭگە زەپ قوشتى ھۆسن، سۈرەت كەبى ئاسمانۇ تاغ،
قارلار ئېرىپ سۇ كۆۋەجەر، مەيىن شامال سۆيگەن شۇ چاغ.
زەپمۇ گۈزەل باھار پەسلى بۇ، ياپپېشىل ئەتراپ تۈگۈل،
گۈل سايىسى، گۈللەر ھىدى، مەجنۇن تاللار ئوينار ئۇسسۇل.
قورقۇنچتۇر باھار كېتىپ، گۈل ـ گىياھلار بولسا غازاڭ،
تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىن جۇدۇن ـ چاپقۇن قىلسا خازان.
ياشلىق ئۆتەر ئېقىن سۇدەك، ئەستە مەھكەم تۇتقىن يىگىت،
ھايات گۈزەل، مۇھەببەت دەپ يۈرمىگىن سەن پىراق چېكىپ

خې شۇخۇەن بۇ ناخشىنى بوش ئاۋازدا شۇنداق لەرزان، مۇڭلۇق ئېيتتىكى، ساداسى سۇ يۈزىدە چۆرگىلەپ ئۇزاققىچە قۇلىقىمدىن كەتمىدى، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كىرپىكىم نەملەشتى. ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى، قولۋاق سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالدى، «قارلار ئېرىپ سۇ كۆۋەجەر، مەيىن شامال سۆيگەن شۇ چاغ . . .» بىز كۆلنىڭ مەنزىرىسى ۋە تاغنىڭ گۈزەللىكىگە مەست بولۇپ، ئۇنچىقماي بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدۇق.

ئاپرېل ئايلىرىدا بىز تانسا ئويناشقا قىزىقىپ قالدۇق. تانسخانىغا كىرىۋېلىپ، قىن ـ قىنىمىزغا پاتماي قانغۇچە تانسا ئوينايتتۇق، بۇ تانسىنىڭ راسا ئەۋجىگە چىققان چاغلىرى ئىدى. شۇنىسى، ئىككىمىز تانسا ئويناشنى بىلمەيتتۇق. خې شۇخۇەن ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي مېنى مەيدانغا تارتىپ چۈشۈرەتتى، باشقىلار مازاق قىلارمۇ دېمەي، چېلىنۋاتقان مۇزىكىغا كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئويناۋېرەتتۇق، خۇددى كىچىك بالىلاردەك كۈلۈپ قىن ـ قىنىمىزغا پاتماي كېتەتتۇق.

يېرىم كېچىدە، چەكسىز شادلىق ئىلكىدە تانسخانىدىن قايتقىنىمىزدىمۇ، مەن ئۇنىڭ مۆرىسىگە بېشىمنى قوياتتىم، كوچىغا پاتماي كۈلۈپ ماڭاتتۇق. ئۆيگە كەلگىنىمدە، ئۆزۈمنى باسالماي ئۆيىنىڭ ئىچىدە

پىرقىراپ ئىختىيارسىز كۈلەتتىم . ئۇخلاش كىيىممنى كىيىپ چاچلىرىمنى تارىغۇچە ھەم پۇتۇمنى ئۇدارغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ناخشىغا غىڭشىيتتىم . ئاپام ماڭا قاراپ ھەيران بولۇپ :

— بۇ قىز ئەقلىدىن ئېزىپتۇ ! — دەپ قوياتتى .

راست ئەقلىمدىن ئازغانىدىم ! دۇنيادا پەقەت مۇھەببەتلا ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرالايتتى .

بۈگۈن شۇخۇەن ئىككىمىز كىنو كۆرگىلى باردۇق ، ئېلىزابېت تايلور ئورۇندىغان سىمفونىيە ئىكەن . تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا ئادەم تولۇپ كېتىپتۇ . بېلەتكە ئۆچىرەت تۇرغانلارنىڭ ئايىغى كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاپتوموبىللار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ . خې شۇخۇەن نەق بىر سائەت ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئىككى بېلەت ئالدى . ئالدىنقى مەيدان تېخى تۈگىمىگەنىدى . ئويۇن باشلانغۇچە ماگىزىنلارغا كىرىپ ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرگەچ ، تىياتىرخانىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۇق .

توساتتىن ، كۆزۈم ئاۋاق بىر ئادەمگە چۈشۈپ قالدى ، گازىر كۆز ، قىسقا ئېگەك بۇ ئادەم شۇ ئاچامنىڭ ئوينىشى ئەمەسمۇ ! بۇ قېتىم ئۇ پىيادە ، ئۆزى يالغۇز ئىدى . ئالدىراپ بىر يەرگە كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇئان كاللامغا ، ئۇ شۇ ئاچامنىڭ يېنىغا ماڭدى ، دېگەن ئوي كەلدى - دە ، دەرھال پېيىگە چۈشمەكچى بولدۇم . خې شۇخۇەنگە :

— ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى ، ھازىرلا كېلىمەن ، — دەپ قويۇپلا ، بۇرۇلۇپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدىم .

— يېپىڭ نەگە بارىسىز ؟ — دېدى خې شۇخۇەن كەينىمدىن توۋلاپ .

خې شۇخۇەنگە جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم . چۈنكى ، ھېلىقى ئادەم تار بىر كوچىغا كىرىپ كەتكەنىدى . مەنمۇ تاپ بېسىپ شۇ كوچىغا كىرىدىم . بۇ تار كوچىدا « كىچىك پارىژ » ناملىق قەھۋەخانا بار ئىكەن .. ھېلىقى ئادەم قەھۋەخانىغا كىرىپ كەتكەندە ، مەن ئۇنىڭ شۇ ئاچام بىلەن مەشەدە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەنلىكىنى تېخىمۇ جەزملەش-

تۇردۇم ـ ده ، قەھۋەخانىغا كىردىم . ئۇنىڭ ئىچىدىكى غۇۋا يورۇقلۇققا كۆنەلمەي بىرپەس تۇرۇپ قالدىم . كۇتكۇچى قىز يېنىمغا كېلىپ بوش ئاۋازدا سورىدى :

— بۇ يەرگە ۋەدە بىلەن كەلگەنمىدىڭىز ؟ بىرىنى ئىزدەمسىز ياكى كۇتەمسىز ؟

مەن ھېلىقى ياداڭغۇ ئادەمنى ئىزدەپ ئەتراپقا قارىغاچ كۇتكۇچىنىڭ سوئالىغا يالغاندىن جاۋاب بەردىم :

— چېچىنى ئۇتتۇرىدىن ئايرىپ تارىغان بىر ياش ئەپەندى كەلدىمۇ ؟ ئۇ مېنى مۇشۇ يەردە كۇتمەكچى ئىدى ! — دېدىم .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — دېدى كۇتكۇچى ۋە ئويلانغان ھالدا سورىدى ، — ئۇ ئەپەندى ئېگىز بويلۇقمۇ پاكارمۇ ؟

— ئوتتۇرا بوي ، — دېدىم مەن يەنىلا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ، شىرما بىلەن ئايرىلغان خانىلارنى زادىلا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى .

— يۇرۇڭ مەن سىزگە ئىزدىشىپ بېرەي ، — دېدى كۇتكۇچى . ئۇ كۆڭلۇمدىكىنى تاپقانىدى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم . خانىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەرگە سەپسالدىم . ھېلىقى ئاۋاقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتاردا ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇ يالغۇز ئىدى . بىرىنى كۇتۇپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك . مەن خۇشاللىقىمدا خې شۇخۇەن بىلەن كىنونى ئۇنتۇدۇم ، بۇگۈن بۇ ئىشتىن چوقۇم نەتىجە چىقىرىشىم لازىم ! مەن بۇرۇلۇپ كۇتكۇچىگە :

— ئۇ تېخى كەلمىگەن ئوخشايدۇ ، مەن بۇ يەردە كۇتۇپ تۇراي ، ئەگەر بىرەر ئەپەندى كېلىپ ، لى خېنىمنى ئىزدەيمەن دېسە باشلاپ كېلەرسىز ، — دېدىم .

مەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىدىكى قاتاردا ئولتۇردۇم ، ئارىمىزنى بىرلا شىرما ئايرىپ تۇراتتى . مەن ئورنۇمدىن قوزغالماي سەۋرچانلىق بىلەن كۇتتۇم .

كۇتكۇچى قەھۋە ئەكەلدى ۋە سەممىيلىك بىلەن مەن كۇتۇۋاتقان ئەپەندى كېلىشىگىلا يېنىمغا ئەكېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئىشلارغا

ئىچىمدە كۈلەتتىم، مەنىسىز ئىز قوغلاپ يۈرگەچكىمكىن جىددىيلىشەتتىم، مەمنۇنمۇ بولاتتىم. يېرىم سائەت ئۆتتى، شۇ ئاچامنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. شۇنچە ھەشەم بىلەن بېلىتىنى ئالغان سىمفونىيە ئالللىقاچان باشلىنىپمۇ كەتتى. بۇ ئاۋاق ئادەممۇ قوزغالماي ئولتۇراتتى. مەن پېيىگە چۈشكەندىن كېيىن، بىر نەرسىگە ئېرىشەي دېگەن نىيەتتە چىداپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

يەنە يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئالدىمدىن ئۆتۈپ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋىدى، ئۇ غەزەپ بىلەن:

— توپتوغرا بىر سائەت كۈتتۇم، — دېدى.

مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۈتكىنى ئەر كىشى ئىكەن ئەمەسمۇ! شۇ ئاچامغا قىلچە مۇناسىۋەتسىز بىر ئىشنى دەپ شۇنچە ياخشى تىياترنى قۇربان قىلىۋېتىپ، بۇ قاراڭغۇ قەھۋەخانىدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق بىر سائەت ئولتۇرغىنىمغا ئىسست دەپ قالدىم. كۈتكۈچىنىڭ ھېسداشلىق بىلەن ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشلىرىگە چىدىغىنىمچۇ تېخى! ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن خورلۇقتە - بۇ! كەتمەكچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلگىنىمدە، ئاۋاقنىڭ بوش ئاۋازدا سۆزلىگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— كەلدىمۇ - يوق؟

— بۈگۈن كېچە سائەت بىردە، — دېدى جاۋاب بەرگۈچى بوغۇق ئاۋازدا. ئۇلار ئىنتايىن پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، سۆھبىتى بەكمۇ سىرلىق ئىدى. بۇ ھال يەنە دىققىتىمنى قوزغىدى. نېمىنى كەلدىمۇ - يوق دېيىشىدىغاندۇ؟ كېچە سائەت بىردە؟ بۇ چاغدا چوقۇم ياخشى ئىش قىلىشمايدۇ، «كېچە» دىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق - ئاشكارا ئىش ئەمەس! مەن قۇلىقىمنى شىرەمنىڭ تاختىسىغا يېقىپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىم. بوغۇق ئاۋازلىق ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— پەخەس بول، ئاتو ياردەمگە بارىدۇ، كونا جايدا. پابىداڭنى ئورمانلىقتا توختات. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئادەم كۆپ كەلمسۇن ، — دېدى ئاۋاق .
— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن ، قولۋاقتىكى بىرلا ئادەم يېگى.
— ئىشەنچلىكمۇ ؟
— ئىشەنچلىك .
— نېمىلەرنى ئەكەلدىڭ ، ھېلىقى نەرسە بارمۇ ـ يوق !
— ئۇ نەرسە يوق ، كۆپىنچىسى گىرىم بۇيۇملىرى ، ئازراق مەرۋايىت پاراشوكى بار ، — ئۇلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسىيىپ كەتتى .

مەن چۈشەندىم . ئەسلى بۇ خەق ئەتكەسچى ئىكەن ـ دە ، مەن قۇلىقىمنى شىرما تاختىسىغا يېقىپ خېلى زەن قويدۇم . لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى بەك پەسىيىپ كەتكەچكە ، ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇنلىغان غەلىتە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكىنى ئۈچۈن زادىلا چۈشىنەلمىدىم . ئۇلار بىر ـ بىرىگە بەزى ئىشلارنى جېكىلەشتى . مەن ئورنۇمدىن قوزغىلىشىمغا بوغۇق ئاۋازنىڭ بىر گېپى قۇلىقىمغا كىردى :
— لاۋۋېي ، لۇ ئائىلىسىدىكى ئايالدىن ئېھتىيات قىل .
— خاتىرجەم بول ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمەن !
— شۇنداقتىمۇ لۇنىڭ چىشىغا تەگكىلى بولمايدۇ !
— ئۇ قېرىپ قاپاق باش بولۇپ قالدى ، قورقۇپ نېمە كەپتۇ !

بۇ خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى . چۈنكى بۇ گەپلەر مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان ۋە ساراسىمىگە سالغانىدى . ئىستاكاننىڭ ئاستىغا ئون كوينى باستۇرۇپ قويدۇم ـ دە ، يېنىپ چىقتىم . خېي شۇخۇەن ئاچچىقىغا پايلىماي كېتىپ قالدى ، دېگەن ئوي بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدىغىمۇ بارماي ، ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇدۇل « ئۇياق » قا باردىم . شۆ ئاچام ئۆيدە ئىكەن . ئۇ خۇددى قەدىردان خوتۇن ، ئاق كۆڭۈل ئانىدەك ، ساپاغا يۆلەنگىنىچە بەخىرامان ئولتۇرۇپ پوپايكا توقۇۋاتاتتى . ئەپتىدىن جىنايەت ئىزىنى تاپقىلى بولمايتتى . دادام ئاۋۋالقىدەكلا ساپادا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ ، مېڭىپىڭ بىلەن ئېرخاۋ يوق ئىدى ، رۇپىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ ھىجران دەردىنى تارتىۋاتقان

بولسا كېرەك . ئېرجيې مېهمانخانىدا ئەينەك شارىك ئويناپ ، ساپا بىلەن شىرەنىڭ چۆرىسىدە ئۆمىلەپ يۈرەتتى . دادام مېنى كۆرۈپلا غاگزىسىنى قولىغا ئېلىپ :

— رۇپىگنى ئەۋەتىپ سېنى چاقىرتاي دەپ تۇراتتىم ، — دېدى .

— بىرەر ئىش بارمىدى ؟ — دەپ سورىدىم مەن .

دادام كۆزلىرىنى يۇرۇپ ماڭا بىر قارىۋېلىپ سورىدى :

— سېنى ئىش بولسا ئاندىن چاقىرتىدىغان گەپمۇ ؟

مەن دومسايغىنىمچە ساپانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردۇم . شۇ ئاچام ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى ، مەن يىگىت تالىشىش ئويۇنى قويغاندىن كېيىن ، شۇ ئاچام ئىككىمىزنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كۆرۈشكەندە ئەھۋاللىشىپمۇ قويمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق . بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە بەكمۇ ئېغىر بىر ئىشتىن خەۋەر تاپقانلىقىم ئۈچۈن ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم قاراپ قويدۇم . دادام ماڭا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى :

— غەمكىن تۇرىسەن ، پۇل لازىم بولۇپ قالدىمۇ ؟

مەن دادامغا قارىدىم ، دادامنىڭ نۇرغۇن بايلىقى بارلىقىنى بىلەتتىم . بۇ بايلىقنىڭ كۆپى نا ئېنىق يوللار بىلەن قولغا كەلگەنىدى . نېمىلا بولمىسۇن ، دادام كېلىپ چىقىشى ئېنىق بولمىغان ، بايلىقنىڭ مەنبەسىمۇ توغرا بولمىغان مىلىتارىست ئىدى . ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقى دادامنىڭ قولىدا بولسىمۇ شۇ ئاچام باشقۇراتتى . ھازىر بۇ بايلىق زادى قانچىلىك ؟ بەلكى كۆپ قىسمى ھېلىقى لاۋۋېي دېگەن ئاۋاقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندۇ . مەن ئويلىنىپ كۆرۈپ ، ئاۋۋال سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم ـ دە ، چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي سورىدىم :

— دادا ، پۇلىڭىز شۇنچە كۆپمۇ ؟

دادام كۆزلىرىنى يۇرۇپ ، مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى :

— نېمە قىلاتتىڭ ؟ پۇل كېرەكمىدى ؟

— ياق ، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ ، — ئەگەر ئۆي ئالساق لازىم بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئۆي ئالساق ؟ — دادام ئىشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى ، — قايسى ئۆينى ئالماقچىسىلەر ؟

— بۇنى ئۆزىڭىز دېگەنغۇ ؟ — دېدىم بوشقىنا ، — بىز ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى ساتىدىكەن ، مېنىڭچە ئېلىۋالساق بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— قانچىگە ساتىدىكەن ؟

— سەكسەن مىڭ كويغا ، — دېدىم قورقماي .

— سەكسەن مىڭ كوي ! — دېدى شۇ ئاچام ئولتۇرالماي ، — بىزدە سەكسەن يۈز كويمۇ يوق .

مەن كۆز قىرىمدا شۇ ئاچامغا قارىدىم . ئۇ غەزەپلەنمەكتە ھەم بىئارام بولماقتا ئىدى . مەن ئۇنىڭ ھالىغا پەرۋا قىلماي :

— دادا ، سىز بەزىدە بەكمۇ پۇلداردەك ، بەزىدە گادايدەك كۆرۈنىسىز . ئۆزىڭىزنىڭ ھېسابىنىمۇ ئېنىق بىلمەيسىزغۇ دەيمەن ؟ دادا ، زادى قانچىلىك بايلىقىڭىز بار ؟

— بۇنىڭغا بەك كۆڭۈل بۆلەمسەن ؟ — دەپ سورىدى دادام .

مەن دىمىغىمدا كۈلۈپ قويدۇم :

— بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ نىمە قىلاي . مەن سىزنىڭ بايلىقىڭىزغا تايىنىپ ياشىماقچى ئەمەسمەن ، ئۆزۈمگە تايىنىپ ياشايمەن . ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ، ھېساباتنى ئېنىق - ئايدىڭ قىلاتتىم ھەرقانداق ئادەمگە ئوڭايلىقچە ئىشەنمەيتتىم .

گەپلىرىم چەنلىگەن نىشانىغا تەگدى . دادامنىڭ گۇمانخورلۇق كېسىلىنى قوزغىۋەتتىم . ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە :

— سەن زادى نىمە دېمەكچى ؟ بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— ھېچ گەپ يوق ، — دېدىم مەن قاشلىرىمنى ئۈچۈرۈپ شۇ ئاچامغا قاراپ قويۇپ ، شۇ ئاچاممۇ يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن . توقۇۋاتقان پوپايكىسىنى تاشلاپلا ماڭا بىشەملىك قىلدى .

— گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن . ھوي پەس . . .

— شۆچىن ! — دادامنىڭ قاتتىق تووۇلىشى بىلەن شۆ ئاچامنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى ، دادام ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، — ئاخشاملىققا يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئومۇمىي ھېسابات دەپتىرىنى ئاچقىپ ماڭا كۆرسەت . سەكسەن مىڭ كوي چىقىرىش قىيىنغا چۈشكۈدەك ئىش ئەمەستۇ ؟

— مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسىز ؟ . . . — دېدى شۆ ئاچام كۆكىرىپ .

— سەندىن گۇمانلىنىۋاتقىنىم يوق ! — دېدى دادام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — مەن ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزنى بىلىپ باقاي دەۋاتىمەن ! ھېساباتنى ئۇقۇپ تۇرۇشۇم كېرەك ! چۈشەندىڭمۇ ، ئاخشاملىققا ماڭا ھەممىنى كۆرسەت !

— ھېساابات دەپتىرىنى ؟ — دېدى شۆ ئاچام ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، — ئائىلىنىڭ ھېسابى قالايمىقان تۇرسا ، نەدىمۇ ھېسابات دەپتىرى بولسۇن ؟

— ئۇنداق بولسا بانكىنىڭ چېكى بىلەن قەرزگە بېرىلگەن پۇللارنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆرسەت !

شۆ ئاچامدىن سادا چىقمىدى . ئۇنىڭ پوپايكا تۇتقان قولى تىترەمەكتە ئىدى . چىرايى كۆكىرىپ كەتتى ، كالپۇكىنى چىشلىگەن پېتى ئولتۇرۇپ قالدى . مەن ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم ، ئەمدى ئۇنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئېچىلغان كاۋاكنى قانداق ياپىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايچۇ ، باش - ئايىغى يوق ھېسابات ، ھېلىقى ئاۋاق ، ھارامدىن بولغان بالا ، تېخى . . . ئەتكەسچىلىك ! نېمىدېگەن پەسكەشلىك ، نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ ! ئەگەر مەن ھەرىكەتلىنىپ بۇ ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى پاش قىلسام نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر ؟ ئەپسۇسكى دەلىل - ئىسپاتىم بەك ئاز ئىدى ، قەھۋەخانىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ ئاساس بولالمايتتى ، ئۇنىڭ بىلەن خەقنى ئىشەندۈرەلمەيتتىم . . .

— يېپىڭ ، — دادامنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئېسىمنى يىغدىم ، — ئۆينى جەزمەن ئىلىپ بېرىمەن ، قانداق ؟

www.uyghurkitap.com

— بولىدۇ ، — دېدىم تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا ، — ئۆي ئىجارىسى تۆلەپ يۈرۈشمۇ ئاۋارىچىلىق ئىكەن .

— ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بېرەمسەن - يوق ؟ — دەپ سو-رىدى دادام .

— ئىمتىهان ! — دېدىم مەن ھەمدە دادام راستلا ماڭا غەمخورلۇق قىلىۋاتامدۇ - قانداق ، دەپ سوغۇق نەزەردە دادامغا قارىدىم . ئۇ ئەجەب ماڭا ئامراق بولۇپ قالدىغۇ ؟ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى نەقەدەر مۈرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز - ھە !

— نېمە ئىشلار بىلەن بولۇۋاتىسەن ؟

— مۇھەببەت بىلەن ، — دېدىم ئاددىيلا قىلىپ .

دادامنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلدى ، ئۇ ماڭا ياندىن قاراپ .

— ھېلىقى پوچى ئەزىمەت بىلەنمۇ ؟ — دېدى .

ئۇنىڭ خې شۇخۇەنى دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم .

— ئوھوي ، — دېدى دادام كۈلۈمسىرەپ ، ئاندىن ئالدىمغا كەلدى ۋە مۈرەمگە ئۇرۇپ :

— يېپىلىك ، ئادەم تونۇيدىكەنسەن ، ئۇ ئىستىقبالى بار يىگىت ، — دېدى .

مەن گەپ - سۆز قىلماي كۈلۈپ قويدۇم .

— يېپىلىك ، يۈر ، ھۇجرامغا كىرەيلى ، ساڭا بىر نەرسە كۆرسى-تەي ! — دېدى دادام .

بەكمۇ ھەيران بولدۇم . ئادەتتە بۇ يەرگە كەلسەم ، مېھمانخانىدا ئازراق ئولتۇرۇپلا قايتاتتىم . ئارىلاپ رۇپىگىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قو-ياتتىم . دادامنىڭ ھۇجرىسىغا ناھايىتى ئاز كىرەتتىم . دادامنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم ، دادام ماڭا قاراپ ئىنتايىن سىرلىق ۋە يېقىم-لىق كۈلۈپ قويۇۋىدى ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم . چۈنكى ، ھازىرقى دادام بىلەن ئىلگىرىكى دادام بەئەينى ئىككى ئادەم ئىدى . لېكىن مېنىڭ كاللامغا سىڭىپ كەتكىنى رەھىمسىز ، قاتتىق قول دادا بولغاچقا ، ئۇنىڭ-دىكى ئۆزگىرىش مەندە يوچۇن بىر تۇيغۇ ۋە ئەنسىزلىك پەيدا قىلاتتى .

دادام ئىشكاپتىن ناھايىتى چىرايلىق بىر قەغەز كوروپكىنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ :

— ئېچىپ كۆرۈپ باق ! — دېدى .

مەن شۇبھە بىلەن لېنتىنى يېشىپ ، قەغەز كوروپكىنى ئاچتىم - دە ، داڭقېتىپ قالدىم . بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىيىملىق يىپەك رەخت ئىدى. كەن . رەختكە ئوچۇق رەڭدە مېيخۇا گۈلى كەشتىلەنگەن بولۇپ ، يورۇق چۈشۈپ تۇرغان تەرىپى پارقىرايتتى . بۇ مەن كۆرۈپ باقمىغان چىرايلىق ۋە ئېسىل نەرسە ئىدى . دادام بۇنى قەيەرلەردىنمۇ تاپقاندۇ . مەن سوئال نەزەرىمدە دادامغا قارىدىم . دادام غاڭزىسىنى چېشلىگىنىچە :

— ساڭا ياقتىمۇ ؟ — دېدى .

— ماڭا ئالغانمۇ ؟ — دەپ سورىدىم شۇبھە ئىچىدە .

— ھەئە ، ساڭا ئالغان ، — دېدى دادام كۈلۈپ ، — ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئۈچىنچى ماي تۇغۇلغان كۈنۈڭ ، بۇ ، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە تەييارلىغان سوۋغىتىم .

دادامغا قارىغىنىمچە ئىنتايىن ھاياجانلاندىم ۋە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغ- رىدى . لېكىن ، ھەش - پەش دېگۈچە بۇنىڭ ئورنىنى ئۆچمەنلىك ئىگى- لىدى . دادام مېنىڭ كۆڭلۈمنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى . بىراق ، مەن ئۇنداق ئوڭاي سېتىلىپ كېتىدىغان لۇ يىپىڭ ئەمەس ! ئۇ- نىڭ ئۈستىگە ئۈچىنچى ماي مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئەمەس !

— دادا ، خاتالىشىپسىز ، — دېدىم مەن دادامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئولتۇرمايلا ، — ئۈچىنچى ماي شىنپىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى !

— ھوي ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدى دادام گاڭگىرىغان ھالدا . ئاند- دىن ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ ، كاللىسىدىكى خاتىرىلەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى ، — ھە راست ، شىنپىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىكەن ، ئۇ ئون يەتتە ياشقا تولغان كۈنى چوڭ زىياپەت بەرگەنىدىم . ئۇ پەرىزاتتەك چىرايلىق ئىدى . ئەپسۇسكى ، تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ يېرىم يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى ، — دادام كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا ئول- تۇردى ، تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى . كې-

www.uyghurkitap.com

يىن خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈردى، — ئۇنداق بولسا، سېنىڭ ـ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ . . .

— ئون ئىككىنچى دېكابىر ! ئەستە ساقلىماق ئاسان ! — دېدىم مەن سوغۇققىنا، شۇنداق دادام ماڭا قاچانمۇ كۆيۈنۈپ باققان ! ئېھتىمال تۇغۇلغاندا مېنى قولىغا ئېلىپمۇ باقمىغان بولغىيتتى ! مەن يىگىرمە ياشقا كىرگۈچە، دادام ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە نېمە بولدى ؟ پۇل ! راست، پۇلدىن باشقا نەرسە بولمىدى .

— ھە، — دېدى دادام، — دېكابىر، ئۇنداق بولسا، بۇنى ئېلىپ كېتىۋەر بوپتۇ، سەۋەبسىز قىلىنغان سوۋغات بولسۇن . بۇ يىل تۇغۇلغان كۈنۈڭ بولغاندا مېھمان چاقىرىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرەمەن . . .

— ھاجىتى يوق، — دېدىم مەن سوغۇققىنا، — زىياپەتكە قىلچە ھەۋىسىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پېشانەمگە مۇنداق ئامەت پۈتۈلمىگەن !

دادامنىڭ بىگىزدەك قادالغان كۆزلىرىدىن پوزىتسىيەمدىن نارازى بولغانلىقى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قاشلىرى تېخىمۇ يىمىرىلدى، كۆزلىرىنى غەزەپ بۇلۇتلىرى قاپلىدى . مەن بارمىقىمنى كورۇپكىدىكى رەختكە سۈركەپ تۇراتتىم، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز ئوچۇق ئاڭلىناتتى . مەن قەستەن دادامغا قارىماي تۇرۇۋالدىم . كېيىن دادام مەن ئويلىغاندەك غەزەپ بىلەن ئەمەس ئادەتتىكىچە تەلەپپۇزدا :

— يىپىڭ، مەن ساڭا بەرگەن ھەر قانداق نەرسە كۆڭلۈڭگە ياقمايدىكەن ـ دە !

مەن رەختنى سىلاپ تۇرۇپ دادامغا لاپپىدە قاراپ قويدۇم .

— مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ! — دېدىم مەن تەكەببۇرلۇق بىلەن قەددىمنى رۇسلاپ، — ئەپسۇسكى سىزدىن ئېلىۋاتقانلىرىمنىڭ قىممىتى بار ! — سۆزۈمنى تۈگەتتىم ـ دە، بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدىم . دادامنىڭ چىشىغا خوپلا تەگدىم، شۇڭا ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىمەستە تىكىۋەتكىنىم تۈزۈك ئىدى . بىراق، ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا، دادام ئادەتتىكىدەك بۇيرۇق ئاھاڭىدا

توۋلىدى :

— توختا ، يېپىلغ !

مەن شىپپىدە توختاپ بۇرۇلۇپ دادامغا قارىدىم ، دادامىۇ ماڭا تىكىلدى . ئاتا – بالا ئىككىمىز شۇ تەرزدە تىكىلىپ بىر – بىرىمىزنى كۆزەتتۇق . تەتقىق قىلدۇق . كېيىن دادام يېنىدىكى كارىۋاتنى ئۇرۇپ قويۇپ ، ناھايىتى ئىللىق چىرايدا :

— كەل يېپىلغ ، بۇ يەردە ئولتۇر ، بىردەم مۇڭدىشايلى ، — دېدى .

بۇ گەپ ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى . مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردۇم . دادام ئوڭايسىزلانغان ھالدا تاماكىسىنى چېكىپ بىردەم ئولتۇردى . روشەنكى ، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ، مەن بولسام زۇۋان سۈرمەي ، ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم .

— يېپىلغ ، — دادام ئاخىر ئارىسالدىلىق بىلەن گەپ باشلىدى ، — ئاپاڭ بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىش نىيىتىڭ بارمۇ يوق ؟

— كۆچۈپ كېلىش ؟ — مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم ، — ياق ! دادا ، ئانا – بالا ئىككىمىز ناھايىتى خۇشال ياشىماقتىمىز ، ھازىرقى تۇرمۇش ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىش نىيىتىمىز يوق . راست گەپ قىلسام ، بىز شۇ ئاچامنىڭ خارلىشىغا چىدىمايمىز ! نېمە ئۈچۈن كۆچۈپ كېلىپ ئۆزىمىزگە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىمىز ؟ ھازىرقى تۇرمۇشىمىز تىنىچ ۋە خاتىرجەم . ئاپام كېلىشنى خالىمايدۇ ، مەنمۇ خالىمايمەن !

دادام مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ ، دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالدى . شۇندا مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى كۆرۈپ ، دادامنىڭ ھەقىقەتەن قېرىغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇ غاڭزىسىنى قولىغا ئېلىپ ئېغىر خورسىنغاندىن كېيىن :

— شۇنداق ، سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ، — دېدى ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ھەسرەت ئىپادىلىنەتتى ، ئۇ بىزنىڭ خۇشال-

www.uyghurkitap.com

لىقىمىزغا ھەسەت قىلىۋاتامدۇ يا ؟ — كۆچۈپ كېلىشنى خالىمايدىغانلى-
قىڭلار ماڭىمۇ ئايان . ئاپاڭ ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىكمەن ، — ئۇ
بىردىنلا سۆزدىن توختىدى . سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملاش-
تۇردى ، — مەن يەتتە خوتۇن ئېلىپ ئون نەچچە پەرزەنت كۆردۈم .
ئەمدىلىكتە ھەممىسىدىن ئايرىلدىم . شۆچىنىنىڭ باللىرى چاكىنا ، بىرەر
ئالاھىدىلىكى ۋە باشقىلاردىن ئارتۇق يېرى يوق . يېپىلىك ، — ئۇ بىر قو-
لىنى مۈرەمگە قويدى ، — سېنىڭ مىجەزىڭ مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكىگە
ئوخشىشىدۇ . قەيسەر ، تۈز ، دېگىنىڭدىن يانمايسەن . ئوغۇل بالا بولغان
بولساڭ ، مېنىڭ ئۆزۈملا بولار كەنسەن !
— مەن سىزدەك بولۇشنى خالىمايمەن ، دادا ! — دېدىم مەن .
— راست دەيسەن ، مەنمۇ سېنىڭ مەندەك بولۇشۇڭنى ئۈمىد
قىلمايمەن ! — دېدى دادام ۋە تاماكىسىنى كەينى - كەينىدىن پۈۋلىدى ،
تۇساتتىن كۆڭلۈمدە غەلىتە ، سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان بىر
تۇيغۇ پەيدا بولدى ، دادام مىسكىن تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى . ئەمدى ئۇ
ئۆمرىدە قىلغان خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتامدىغاندۇ ؟ مەن ئۇنچىق-
ماي ئولتۇردۇم . بىرئازدىن كېيىن دادام بوش ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاش-
تۇردى ، — يېپىلىك ، نېمىنىڭ قىممىتى بار ؟ نېمىنىڭ قىممىتى يوق ؟
بىر قانچە ئون يىل ئىلگىرى مەن ناھايىتى كۆپ ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە
ئىدىم . شەرقىي - شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە مېنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق
ئىدى . لېكىن ھازىر ، — ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ، — ئۆمرۈمنى
مۇساپىرچىلىقتا ، غېرىبلىقتا ئۆتكۈزۈپ ، ئىگە بولغانلىرىمنىڭ بەكمۇ ئەر-
زىمەس نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن . ئەمدىلىكتە مەندە
پۇلدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى ، قىممىتى بار نەرسىگە قىممىتى يوق
نەرسىنى سېتىۋالماقتىن باشقا ئامالىم يوق ، — ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى
ۋە قەددىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى ، — بولدى ، بۇلارنى سۆزلەپ
نېمە قىلاي ، ئاۋۇ كىيىملىكنى ئەكەت ! مەن قىز باللىنىڭ چىرايلىق يا-
سىنىپ يۈرۈشىنى ياخشى كۆرىمەن . سەن تەڭرى ئاتا قىلغان چىرا-
يىڭنى قەدىرلىشىڭ كېرەك . بۇ رەختنى تىككۈزۈپ كىيىپ كېلىپ ماڭا

كۆرسەت !

— دادا ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ رەختنى سىلىغىنىمـ چە ، — ماڭا بۇ رەخت بەك ئېسىل كېلىدۇ . تىكتۈرگىنىم بىلەن كىيـ گۈدەك پۇرسەت چىقماسمىكىن . ئادەتتىكى سورۇنلاردا كىيىۋالسام ، كىـ شىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويارمەن . . .

— خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەت ! ئەكەت بۇنى ، — دېدى دادام .

مەن رەختنى قايتا كوروپكىغا سېلىپ ، ئاغزىنى ئەتتىم ـ دە ، قولتۇقۇمغا قىسىپ مېھمانخانىغا ماڭدىم .

— كەچلىك تاماقنى يەپ كەت ! — دېدى دادام .

— ياق ، ئاپام ساقلاپ قالىدۇ ، — دېدىم مەن .

مېھمانخانىغا چىقسام ، شۆ ئاچام بايىقى ئورنىدا قىمىرلىماي ئولـ تۇرۇپتۇ ، پوپايكا توقۇۋاتقان بىگىزى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ، بۇ تۇرـ قىدىن ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەنلىكى ئايان ئىدى . ئاھھاي ! مەن ئاـ خىر ئۇنى ۋەھىمىگە سالغانىدىم . دادام ئىككىمىزنىڭ بىللە چىققىنىمىزنى كۆرۈپ ، ئۇ ماڭا يەۋەتكۈدەك قارىدى . قولۇمدىكى كوروپكىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى . مەن قەددىمنى تىك تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا نەزەر كۆزۈمنىمۇ سالماي دەرۋازىغا قاراپ ماڭدىم . دادام كەينىمدىن يېتىپ كەلدى ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ :

— خې شۇخۇەنگە ئېيتىپ قوي ، بىر كۈنى كېلىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ كەتسۇن . مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى ناھاـ يىتى ياخشى كۆرىمەن .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ، دادام يەنە قوشۇپ قويدى :

— يېپىڭ ، خې شۇخۇەن بولىدىغان يىگىت ، ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ مەھكەم تۇت ، ئەرلەرنىڭ ئاز تولا ئەيىبى بولىدۇ . . .

— دادا ، — دېدىم مەن ، ئۇنىڭ گېپى ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلـ دى ، دادام ئۇنى ئۆزىگە ئوخشاتقانىدى ، — ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچمە كۆڭۈل بولمايدۇ !

www.uyghurkitap.com

— ئوهوي ، — دېدى دادام بېشىمدىن ـ ئايىغىمغىچە قاراپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى ، — ئۆزۈڭگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمە .

مـەن كۈلۈپ قويدۇم ۋە دادام بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتىم . ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئېچىشىمغىلا ، ئاپام ئىتتىك ماڭا قارىدى ـ دە :

— نەگە كەتكەنىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى تاقەتسىزلىك بىلەن .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ .

— شۇخۇەن ئالاقزادە بولۇپ كېلىپ ، سېنى يىتتۈرۈپ قويدۇم ، دېۋىدى . يۈرىكىم قېپىدىن چىقايلا دەپ قالدى . يېڭىلا كېلىپ سېنى كەلدىمۇ يوق دەپ سورىدى . ئەمدى « ئۇياق » قا بېرىپ باقاي ، دەپ كەتتى . نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟ شۇخۇەن سېنى غىپپىدىلا بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بارسام بۇ كوچىدا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ يوق ، قاتتىق تەشۋىشلەندىم ، قەسەم ئىچىمەنكى ، خەق ئۇنى باغلاپ ئەكەتتى دېمەسمۇ ! بەك ئەنسىرىدىم .

مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم ، كۈلگەندىمۇ ئۇچەيلىرىم ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈم . ئاپامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قايناپ كەتتى :

— بـالام بۇ ساڭا ئويۇن تۇيۇلۇۋاتامدۇ ؟ شۇخۇەن ئىككىمىز سېنى دەپ تىت ـ تىت بولساق ، سەن تېخى كۈلۈۋاتىسەنغۇ ، كىچىك بالا ئەمەس . سەن بويىغا يەتكەن قىز تۇرۇپ ، مۆكمۆكىلەك ئويندىڭمۇ ؟ شۇخۇەنىڭ دىققەتچىلىكتە نېمە بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەمسەن !

— ئۇ نەگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدىم كۈلۈشتىن توختاپ .

— سېنى ئىزدەپ « ئۇياق » قا كەتتى .

— شۇياقتىن كېلىشىم ، ئەجەب ماڭا ئۇچرىماپتۇ .

— ئۇ ئالدىراش ماشىنىغا چۈشۈپ كەتكەن ، يولدا ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئوخشايسىلەر . يېپىڭ ، قارىغىنا سېنى ، « ئۇياق » قا بارىدىغان بولساڭ ، نېمە ئۈچۈن دەپ قويماي بىزنى مۇنچە پاراكەندىچىلىككە سالىسەن !

بۇ ئىشنى چۈشەندۈرەلمەيتتىم . شۇ ئاچامنىڭ ئىشى ۋە ئۆچ ئېلىشىم توغرۇلۇق ئاپام بىلەن خې شۇخۇەنگە تىنىشقا بولمايتتى . سۇپىغا

چىقىپ كورروپكىنى شىرەگە قويدۇم . ئاپام يەنە بىرمۇنچە سۆزلىدى ، ئاندىن كورروپكىنى كۆرۈپ :

— بۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ .

— دادامنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتىغان سوۋغىتى ! — دېدىم ۋە كورروپكىنى ئاچتىم .

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئاپام قاشلىرىنى يىمىرىپ .

— قىزىق ئىش ! — دېدىم مەن سوغۇق كۈلۈپ ، — ئۇ مېنى ئۈچىنچى مايدا تۇغۇلغان دەپ يۈرۈپتۇ ! — مەن كورروپكىدىكى رەختنى يېيىپ شىرەگە قويدۇم . بۇ رەخت ئاجايىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى ، — قانداق ئېسىل ـ ھە ؟ ئاپا ، شۇنىسى بۇنىڭغا خۇشتار ئەمەسمەن .

ئاپام تەئەججۇپتە بۇ رەختكە قاراپ چىققاندىن كېيىن ، سىلاپ باقتى ۋە ئويغا پاتقان ھالدا سۆزلىدى :

— ئىلگىرى شىنپىڭنىڭ مۇشۇنداق رەختتىن كىيىمى بار ئىدى داداڭ بىلەن توي قىلغان چاغلىرىمدىمۇ مۇشۇنداق كىيىمىم بار ئىدى . ئۇ قىزلارنىڭ كۈمۈش رەڭ كىيىم كىيىشىنى ياخشى كۆرەتتى ، مۇشۇنداق رەختتە كىيىم كىيسە پاكلىق ۋە ئېسىلزادىلىك چىقىپ تۇرىدۇ ، دەيتتى .

— پاكلىق ! ئېسىلزادىلىك ! — دېدىم مەن تەنە قىلىپ ، — دادام تېخى پاك ۋە ئېسىلزادە قىزلارنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە ! دادامنىڭ خىلى شۆ ئاچام !

ئاپام ماڭا تىكىلگىنىچە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ قويدى ۋە دۇدۇقلاپ :

— يېپىلىڭ ، داداڭ ئەسكى ئادەم ئەمەس ، — دېدى .

— ئۇ ياخشى ئادەممۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن ، — ئۇ سېنى بۇلاپ ئالدى ، ئاياغ ئاستى قىلدى ، ئاخىر تاشلىۋەتتى ! ئۇ قانچىلىغان ئاياللارنى ئەخمەق قىلدى ؟ قانچىلىغان پەرزەنتلەرنى تاشلىۋەتتى ؟ ئۇنىڭ پۇلى نەدىن كەلگەن ؟ ئۇ ياخشى ئادەممۇ ؟ ھەي ئاپا ، سەن كۆڭلۈڭنىڭ يۇمشاقلىقى ، باشقىلارنى ئوڭايلا ئەپۇ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈنلا زىيان

تارتىپ كەلدىك !

ئاپام ماڭا قاراپ يەنىلا بېشىنى چايقىدى .

— دۇنيادىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق مۇتلەق ئەمەس ، — دېدى ئاپام ئاستاغىنا ، — ئەڭ ياخشى دېگەن ئادەمنىڭمۇ يامان تەرىپى بولىدۇ . يىپېك ، سەن تېخى ياش ، كۆپنى كۆرمىدىڭ . مەن سېنىڭ ھەدەڭگە ئوخشاش قىز بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن . . .

— شىنپىڭنى دېمەكچىمۇسەن ؟ — دەپ سورىدىم ، — ئاپا ، شىنپىڭ زادى قانداق ياخشى ئىدى . ئەجەب ھەممىڭلار ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنسىلەرغۇ !

— ئۇ ئىنتايىن تەمكىن قىز ئىدى ، ھەممىگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى ، ھەر كىم ئۇنى ياخشى كۆرەتتى . بۆلەكچە ئېغىر ـ بېسىق ئىدى ، كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايتتى .

— مەن مەڭگۈ شىنپىڭغا ئوخشاش قىز بولالمايمەن ! — دېدىم كېسىپلا ، — شىنپىڭنىڭ بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈشى ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا لايىق كەلمىگىنىدىن بولسا كېرەك !

ئاپام دەردلىك غەمكىن كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە قاراپلا قالدى . كېيىن بېشىنى چايقاپ ماڭا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا بىرى ئىشىكنى قاقتى . مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم ، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن خې شۇخۇەن ئېتىلىپ كىردى . كۈن ئىسسىق بولمىسىمۇ ئۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى ، ھاسىراپ تۇراتتى ، ئۇ كاپپىدە مېنى تۇتۇۋېلىپ :

— يىپېك ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكىنىگە قاراپ يەنە كۈلۈپ كەتتىم . كۈلگىنىمنى كۆرۈپ ، ئۇ تەرنى بۇزدى ۋە بىلىكىمنى قاتتىق قىسىپ :

— خېنىم ، سىزگە ئويۇن بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟ — دېدى .

مەن كۈلكەمنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدا قان يوق ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى ، غەزەپ بىلەن ماڭا تىكىلگەنىدى . پېشانىسىدىن چىققان تەر تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى ،

تـەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر تۇتام چېچى ماڭلىيىغا چاپلىشىپ قال-
غانىدى. ئۇنىڭ بۇ قاتالىق تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقى ۋە ئاچچىقى كەل-
گەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلۈشكە پېتىنالمىدىم، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ
ئامالسىز ئىدىم. ئۇ تېخىمۇ چىڭ سىقىپ ئاغرىتىۋەتتى.

— بۇ ئەھـۋالنى چۈشـەنـدۈرمىسىڭىز، سـىزنى مەڭـگۈ
كەچـۈرمەيمەن!

— چۈشەندۈرەلمەيمەن، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — شۇ-
خۇەن، مەن راستلا سىز بىلەن ئوينىشمىدىم. ئەمما، غىپپىدە كېتىپ
قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

— بىلەمسىز؟ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن پۈتۈن تەيبېي شەھىرىنى
ئارىلاپ چىقتىم. ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ مەلۇم قىلىشقا تاس قالدىم.

— ئەپۇ قىلىڭ، بولامدۇ؟ — دېدىم كۈلۈپ ئۇنىڭدىكى جىد-
دىيلىكنى پەسەيتىش نىيىتىدە.

— سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىگىنىڭىزگە ئۇنىمايمەن، — دېدى ئۇ
ئاچچىقىدىن يانماي.

— ئېيتالمايمەن، — دېدىم مەن.

— ئېيتالمايسىز! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، —
چۈنكى، ئېيتقۇدەك سەۋەب يوق! سىز مېنى ئويۇنچۇق قىلدىڭىز، كول-
دۇرلاتـتىڭىز! يىپىڭ! بۇ چاقچىقىڭىز بەكمۇ ئېشىپ كەتتى! مېنى
ئۇنداق بىھۇدە قىينىماڭ.

— غەرەزلىك شۇنداق قىلغىنىم يوق، — دېدىم مەن.

— غەرەزلىك ئەمەس دەمسىز! خېنىم، سىز ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق
غەرەزلىك ئىش قىلدىڭىز! ئەگەر غەرەزلىك مۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز
سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئېيتقۇزماي قويمايمەن! — دېدى توۋلاپ ۋە
خۇددى تەلۋىلىكى تۇتقان بۇقىدەك جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— غەرەزلىك قىپتىمەن ئەمىسە، — دېدىم مەنمۇ خاپا بولۇپ، —
بوپتۇ، سىز بىلەن ئويناشقانمۇ بولاي، ئەپۇ سورىساممۇ ئاچچىقىڭىزدىن
يانمايسىزغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— بەللى! مەنزە مايمۇن ئويۇنىدىكى مايمۇننىڭ ئۆزى بوپتىمەن — دە! ئۇ غەزەپ بىلەن قولۇمنى سىلكىپ تاشلىۋېتىپ سىرتقا ماڭدى. ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرۇپ مەنمۇ غەزەپ بىلەن توۋلىدىم:

— كەتسىڭىز ئىككىنچى كەلمەڭ!

شۇغىنىسى ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. مەن ئىشىك ئالدىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. قايتىپ كېلەر دېسەممۇ، قايتىپ كەلمىدى. ئىشىكنى گۈپپىدە ياپتىم — دە، ھەم تېرىكتىم ھەم بىئارام بولدۇم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىمغا تىت تىت بولاتتىم، خې شۇخۇەننىڭ ئەپۇ قىلمىغانلىقىغا غەزىپىم كېلەتتى، ئۆيگە كىرىشىمگە:

— قانداق؟ ئاخىر ئۇنى تېرىكتۈرۈپ قاچۇرۇۋەتتىڭ، — دېدى ئاپام كۆيۈمچانلىق بىلەن.

— كارىڭ بولمىسۇن! — دەپ توۋلىدىم، ئىتتىك ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېلىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتىم، — ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى قارىمامدىغان، تېپىلماسىنىڭ خورمىسىمىدى ئۇ! كەتسە كەتمەمدۇ! دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا يىگىت يوقمىكەن!

— يېپىڭ، مۇشۇ مىجەزىڭلا بولىدىكەن، زىيان تارتماي قالمايسەن! — ئاپام ماڭا قارىغىنىچە بېشىنى چايقاپ ئۇھ تارتتى.

— سەن بېشىڭنى چايقاۋەرمە، — دېدىم ئاپامنىڭ گېپىگە تېرىكىپ، — مەن ھېچكىمنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەپ باقمىغان. خې شۇخۇەن كۆزۈمدىن يوقالسۇن!

ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كېچىچە يىغلاپ چىقتىم. كۈتۈلمىگەن بىر ئىش تۈپەيلى خې شۇخۇەن بىلەن ماي تارتىشىپ قېلىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ شۇنداق چېپىلسا، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ باش ئېگەتتىممۇ؟ مەن تۇرۇقسا قاراپ تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ياتتىم. ئېھتىمال تاڭ ئاتقاندا ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلەر. قانداقلىكى بولمىسۇن، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيانقى مۇھەببەت مۇنداق ئوڭايلا ئاخىرلاشماسلىقى لازىم!

تاڭ ئاتتى . ئورنۇمدىن ئەتىگەن تۇرۇپ يولغا قارىدىم . لېكىن ، كەلمىدى . قاراڭغۇ چۈشتى . يەنە تاڭ ئاتتى ، كەچ كىردى . . . شۇ تەرىقىدە تۆت كۈن ئۆتتى . بۇ كۈنلەر ئۆمرۈمدە ئەڭ ئۇزۇن بىلىندى . ئۆيدە ئولتۇرۇپ توختىماي سائەتكە قارايتتىم ، ئۇنى ئۇياققا بۇنى بۇياققا تاشلاپ تىپرىكەتتىم . تۆتىنچى كۈنى ئاخشىمى ئاپام تاقەت قىلالماي مۇنداق دېدى :

— يېپىلىڭ ، سەن ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلگەندىكىن بېرىپ ئىزدەپ باققىن ، سەۋەنلىك سەندىن ئۆتتى ئەمەسمۇ !

ئۆزۈممۇ ئۇنى ئىزدەپ بېقىش نىيىتىدە ئىدىم ، لېكىن بۇ گەپ ئاپامنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىغا يەنە جۇدۇنۇم تۇتتى :

— كىم ئىزدەپ بارىدىكەن ئۇنى ! مەن نېمىكەنمەن ئۇنىڭ ئالدىدا ! مەيلى بولسا كەلسۇن ، بولمىسا ئۇزۇنغا چىقسۇن ! مەن نېمىشقا ئۇنى ئىزدەپ باراتتىم ؟

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرغۇچە ، سىرتقا چىقىپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلسەڭچۇ !

ئاپامنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى . مەن ئايلىنىپ كىرمەكچى بولۇپ ئايىغىمنى كىيىپ ، سومكامنى ئالدىم ــ دە ، سىرتقا چىقتىم . دەرۋازىدىن چىقىشىمغا ، كوچا چىرىغىنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ تۇرغان بىر ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى ! مەن توختاپ سىنچىلاپ قارىدىم ، ئۇ خې شۇخۇەن ئىكەن ! ئۇ تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە مىدىر قىلماي ماڭا قاراپ تۇراتتى . مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدىم . ئىككىمىز بىر ــ بىرىمىزگە تىكىلىپ بىر ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق . ئاخىر مەن ئېغىز ئاچتىم .

— شۇخۇەن ! ــ ئاۋازىم تىترەپ ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە يىلىنىش تەلەپپۇزىدا چىقتى . مەن باشقا گەپ ــ سۆز قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ جىممىدە تۇرۇپ قالدىم . ئۇ تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ مىدىرلىماي ، گەپمۇ قىلماي تۇراتتى . بىز شۇ تەرىقىدە يەنە خېلى تۇردۇق . ئېيتقۇسىز ئوڭايسىزلاندىم . مەن ئۇنىڭغا

گەپ قىلسام، جاۋابمۇ بەرمەيدۇغۇ! ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە چىدىمىدىم — دە، بۇرۇلۇپ كەتمەكچى بولدۇم، ئەمدىلا ئايىغىمنى يۆتكىشىمگە، بىلىكىمنى كۈچلۈك بىر قول قاماللاپ تۇتتى. بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك قىزغىن ۋە سەممىمي هالدا ماڭا تىكىلگەن، كۆڭۈلسىزلىك، ئۇقۇشماسلىق، سوغۇق مۇئامىلىلەر ئاللىقاياقلارغا كەتكەنىدى. ئۇ مېنى قۇچاقلىۋالدى. كوچا چىرىغى ناهايىتى يورۇق ئىدى. ئەتراپىمىزدا ئادەملەر ئۇيان — بۇيان ئۆتۈپ تۇراتتى... لېكىن ئۇلار بىلەن كىمنىڭ كارى، ئۇلار نېمە دېسە دېيىشسۇن، بىزنى تەنقىدلەشسۇن! هېچنېمە بىلەن كارىم يوق!

## 6

بۈگۈن بىرىنچى قېتىم خې شۇخۇەننىڭ ئاتا — ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. خې شۇخۇەننىڭ دادىسى بەك ئالدىراش بولغاچقا، بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش شۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان ۋاقتىغا توغرىلىنىپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. مەن راسا كۆڭۈل قويۇپ ياساندىم. ئاپام ئاددىيراق كىيىنىشىمنى تەشەببۇس قىلغاچقا ئاق كوپتا، هاۋا رەڭ يوپكا كىيىپ چېچىمغا كۆك لېنتا باغلىدىم. لېۋىمگە سۇسلا قىزىل بەردىم. خې شۇخۇەن كېلىپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. تووۋا ئادەتتە هېچنېمىدىن قورقمايتتىم، بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر مېنى سۈر باستى. يولدا خې شۇخۇەن مەن بىلەن چېقىشىپ:

— ئاپام، مېنى بىر نەۋرە سىڭلىم بىلەن توي قىلسا دەيتتى، — دېدى.

مەن خې شۇخۇەنگە لەپپىدە قارىدىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ كۆزىنى قىسىپ دېدى:

— بۈگۈن ئاپامغا كىمنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بولدۇم!

مەن توختاپ قالدىم :

— شۇخۇەن ، ھازىرغىچە ئارىمىزدا تولا ھەقىقىدە پاراڭ بولمىدىغۇ !

ئۇمۇ توختىدى :

— ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەلەپ قويسام ھېسابمۇ ؟ — دېدى .

— ۋايىيەي ، — دېدىم مەن كۈلۈپ ، — تىزلىنىپ تەلەپ قويۇشىڭىزمۇ ماقۇل دېيىشىم ناتايىن !

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ ، — ئۇنداقتا مەن ئافرىقىدىكى مەلۇم ئىرققا ئوخشاش ئېپىقېچىپ تويى قىلىش ئويۇننى قويسام بولىغۇدەك !

يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق . بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي يوسۇندا تويى توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭىمىز ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەنىدىم .

خې ئائىلىسىنىڭ ئۆيلىرى كۆركەم ، ئازادە بولۇپ ، ھەشەمەتتە « ئۇياق » نى بېسىپ چۈشىدىكەن . خې شۇخۇەن مېنى چوڭ ئەينەك دېرىزىلىك مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى . مېھمانخانىدىكى نەپىس ياسالغان ساپالار ، ئىشكاپلىق ئېلېكتر پاتېفون ۋە يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان تور پەردىلەردىن بۇ ئائىلىنىڭ باي ـ باياشاتلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . تاملارغا ھۆسن خەت ۋە رەسىملەر ئېسىلغان بولۇپ ، ھەممىسى جۇڭگوچە ، بىر پارچىمۇ چەت ئەلنىڭ رەسىمى يوق ئىدى . مەن شۇ بېيخۇڭ سىزغان بىر پارچە رەسىمگە ئۇزاق قاراپ كەتتىم . بۇ ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ مول ئىدى .

كېلىشكەن بىر ئايال خىزمەتچى ماڭا بىر پىيالە چاي ئاچىقتى . خې شۇخۇەن ئېلېكتر پاتېفوننى ئېچىپ قويۇپ ، پلاستىنكا ساقلايدىغان تارتمىنى كۆرسىتىپ مېنى پلاستىنكا تاللاڭ دېگەنىدى . مەن چايكوۋسكىنىڭ « ھەسرەت سىمفونىيىسى » نى تاللىدىم . كېيىن بۇنى تاللىمىسام بوپتىكەن ، دەپ ئويلاپ قالدىم .

بىردەمدىن كېيىن ، خې چوڭ دادام بىلەن خې چوڭ ئاپام چىقـ.
تى . خې چوڭ دادام ئېگىز بويلۇق ، سېمىزغىنا ئادەم ئىدى . تولۇق كـەلگەن چىرايىغا ياراشقان ئۆتكۈر ۋە سىرلىق بىر جۈپ كۆزى كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغاپ ، شىجائەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلاتتى . ئۇنىڭ ئەكسىچە خې چوڭ ئاپام ئورۇق ، زىلۋا ئايال بولۇپ، ئوتـتۇرا ياشلىق بولسىمۇ ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى . ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئېسىلزادىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى ، تەمكىن ۋە لاتاپەتلىك ئىدى . خې شۇخۇەن تونۇشتۇرۇپ بولغىچىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، ئۇلارنى چوڭ دادا ، چوڭ ئاپا دېدىم . خې چوڭ دادام ياڭراق ئاۋازدا سۆزلىدى :

— ئولـتۇرۇڭ ، ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ ! لۇ خېنىم ، شۇخۇەن بىزگە تەرىپىڭىزنى كۆپ قېتىم قىلىپ بەرگەن !

مەن كۈلۈپ قويدۇم . خې چوڭ دادام :

— لۇ خېنىم ، سىز بىزنىڭ ئۆيگە خېلى بۇرۇنلا كېلىپ ئويناپ كەتسىڭىز توغرا بولاتتى ، — دېدى .

مەن يەنە كۈلۈپ قويدۇم ۋە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم . مۇنداق سورۇندا ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشنى بىلمىدىم .

— لـۇ خېنىم ، دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن ، ئىلگىرى ئۇ كىشى شەرقىي شىمالدا . . . — دېدى خې چوڭ دادام ئۆتمۈشنى ئەسلىگەنـ.
دەك .

مەن باشقىلارنىڭ دادامنى تىلغا ئېلىشىنى ياقتۇرمايتتىم . ئۇنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى قالتىس چاغلىمايتتىم ، لۇ جېنخۇا-نىڭ قىزى بولغانلىقىمدىن پەخىرلەنمەيتتىم . شـۇڭـا مـەن ئويـلانـغان ھـالـدا :

— دادام نـامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوي - پىكرى بار . ئۇ مۇشت بىلەن قورال - ياراغ بولسىلا ، بۇ دۇنياغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ ، دەپ قارىغاچقا ، مۇشت ۋە قورال ئىشلەتتى . نەتىجىدە ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكىنى بىر مەيدان ئويۇن قويغانغا تەڭ بولدى . ئۇ نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل پۇقرالارنى پاراكەندىچىلىككە

سالدى . ئاخىر ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا قالدى . دادامنىڭ تارىخى توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولساق ، ھەسرەتلىنىمىز ، خالاس .
— دادىڭىزنى قەھرىمان دەپ قارىمامسىز ؟ — دېدى خې چوك دادام ماڭا سىنچىلاپ قاراپ .
— ياق ! — دېدىم مەن ، — ئۇنداق قارىمايمەن .
— دادىڭىزغا ئېتىقاد قىلمامسىز ؟ — سورىدى ئۇ يەنە .
— ياق ! — دېدىم مەن ئويلانماستىنلا ، — مەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش كېرەك ، دېگەننى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم ! كىچىككىمدىنلا ئاپام ئىككىمىز ئايرىم ئۆي تۇتۇپ كەلگەنمىز.
— ھە ، — دېدى خې چوك ئاپام گەپ قىستۇرۇپ ، — ئاپىڭىز بىلەن بىرگە تۇرىدىكەنسىز ـ دە .
— شۇنداق .
تېزلا سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكىدۇق . بىرئازدىن كېيىن ، خې شۇخۇەن قورۇنۇپ قىلىشمىدىن ئەنسىرەپ مېنى كۇتۇپخانىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى . خې چوك دادام كۈلۈپ :
— لۇ خېنىم ، كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭ ! بىزنىڭ بۇ كىتاب خالىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كۇتۇپخانىسى بار !
مەن خې شۇخۇەننىڭ كەينىدىن كۇتۇپخانىسىغا كىردىم . ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى ھەقىقەتەن كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ئىكەن . ئۆيىنىڭ تۆت تېمىنى بويلاپ قويۇلغان كىتاب جاۋەنلىرىگە خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە كىتابلار تىزىلغانىدى . مەن ئىنگلىزچىنى ئانچە ئۇقمايتتىم . خەنزۇچە كىتابلارنىلا كۆرەلەيتتىم . بۇ كىتابلارغا قاراپ خۇشاللىقىمدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدىم . پولدىلا ئولتۇرۇپ ، تىزىمنى قۇچاقلىغىنىمچە ئۇھ تارتىپ قويۇپ :
— بۇ ئۆيدىن چىققۇم كەلمەيلا قېلىۋاتىدۇ ! — دېدىم .
خې شۇخۇەن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ :
— بىز چاپسانراق توي قىلايلى ، شۇندا بۇ كۇتۇپخانا سىزنىڭ بولىدۇ ! — دېدى .

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم ، خې شۇخۇەن بۇ يىلقى يازلىق تەتىلدە ئوقۇش پۈتتۈرەتتى . ئۇ ئويغا پاتقان ھالدا :

— يېپىك ، بىز رەسمىي گەپنى قىلىشايلى . دادام ، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ ، دوكتور بولۇپ كېلىسەن ، دەپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭغا ئاز دېگەندە ئۈچ ـ تۆت يىل كېتىدۇ ، راستىنى ئېيتسام سىزنى مۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كۈتەلمەسمىكىن دەيمەن .

— ھە ، مۇنداق دەڭ ، — سەل ئاچچىقىم كەلدى ، — مېنىزە شۇنداق ئۇچمە كۆڭۈل كۆردىڭىزمۇ ؟

— يوق گەپنى قىلماڭ ! — دېدى ئۇ ، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم سىز ناھايىتى چىرايلىق ، مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن ، ئەمما تەقدىرگە ئىشەنمەيمەن ، بۇ دۇنياغا ئىشەنمەيمەن . دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . تۆت يىلدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ . مەن شۇنداق قارايمەنكى ، تەگرى ھەممىدىن قۇدرەتلىك ، ئىنسان ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ ، شۇڭا مەن كۆز ئالدىمدىكى ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيمەن .

— دېمەك ، سىزچە بولغاندا . . .

— بىز يېقىندىلا توي قىلايلى ، تويدىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىمەن !

— چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ بېشىمنى باغلاپ قويماقچىمۇسىز ؟

— شۇنداق ، تويدىن كېيىن ئاپىڭىز ئىككىڭلار بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىسىلەر ، مەن خەقنىڭ كەينىڭىزگە كىرىۋېلىش يولىنى ئەتمەكچىمەن !

— سىز ئاجايىپ شەخسىيەتچىكەنسىز ! — دېدىم مەن ، — ئۇنداقتا ، سىز چەت ئەلدىكى چېغىڭىزدا ، مەن خەقنىڭ سىزنىڭ كەينىڭىزگە كىرىۋېلىش يولىنى قانداق ئېتىمەن ؟

ئۇ قولۇمنى سىقتى :

— راست دەيسىز ، مەن بەك شەخسىيەتچى . چۈنكى مەن سىزنى

www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ!

— سىز ماڭا ئىشەنمىگەن يەردە، مەن سىزگە قانداق ئىشىنەي!

خې شۇخۇەننىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— شۇخۇەن. ئەگەر مەن ئۆزۈمنى سىزگە ئاتىۋەتمىگەن بولسام، هازىر توي قىلغان بىلەنمۇ بىكار؛ سىزگە ئاتىۋەتكەن بولسام، هازىر توي قىلمىغان هالەتتىمۇ، تۆت يىلدىن كېيىن ئوخشاشلا سىزنىڭ بولۇۋېرىمەن! — دېدىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز مېنىڭمۇ ئەمەسمۇ؟

— سىزچە قانداق؟ — قايتۇرۇپ سورىدىم. ئۇ ماڭا تىكىلدى، مەنمۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. بىردىنلا ئۇنى تىترەك باسقانلىقىنى بايقىدىم، شۇ ئەسنادا مېھمانخانىدىن «هەسرەت سىمفونىيىسى» نىڭ ئاۋازى بوش ئاڭلاندى. ۋۇجۇدۇمنى بىئاراملىق قاپلىۋالدى، كۆڭۈل ئاسمىنىمىزدا توساتتىن پەيدا بولغان بۇ قارا بۇلۇتنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قوينىغا ئېتىپ، بوينىغا مەهكەم گىرە سېلىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلاپ قويۇڭ! مەن سىزنىڭ، مەڭگۈ، مەڭگۈ سىزنىڭ! — دېدىم.

خې شۇخۇەننىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى فاڭ يۈ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۇ تاتىرىپ، ياداپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ناهايىتى تەمكىن ۋە خاتىرجەم ئىدى. ئۇ هۇجرامغا كىرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ خۇش خۇيلۇق بىلەن گەپ باشلىدى:

— سەن بىلمەيسەن، كېلەر شەنبە مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان هېلىقى يىگىت يۈرگەن قىزنىغا چاي ئىچكۈزىدۇ، فاكۇلتېتىمىز ئۇلارنى تەبرىكلەپ تانسا ئۇيۇشتۇرۇپ بەرمەكچى.

مەن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ كۈلۈپ يەنە:

— هەيران قېلىۋاتامسەن؟ مېنى يىغلاپ - قاقشاپ پەرياد كۆتۈرىدۇ، هاياتىدىن ۋاز كېچىدۇ، دەپ قارامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— ھېچبولمىغاندا مۇنداق خاتىرجەم يۈرمەس، دېگەن ئويدا ئى-
دىم، — دېدىم مەن.

— مەن ساڭا بۇددىستلارنىڭ بىر تەمسىلىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى فاڭ يۈ، — سەن كىچىك بالىغا بىر چاقماق قەنت بەرسەڭ، ئۇ چەكسىز شادلىققا چۆمۈپ ئالىدۇ، قەنتنى تارتىۋالساڭ، قاتتىق يىغلايدۇ. ئەگەر كىچىك بالىنىڭ ئورنىدا چوڭ ئادەم بولسا، قەنتنى تارتىۋالساڭ غەم تارتمايدۇ. يېپىڭ، سەن ئاشۇ بىر چاقماق قەنتتىن ئايرىلىپ قالساڭ يىغلاپ ئولتۇرمايدىغانسەن؟

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن چۈشەنمەلمەي، — بۇ تەمسىلنىڭ سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— خوش، ئۇنداق بولسا ئادەم نېمە ئۈچۈن ئازاب چېكىدۇ؟ سەۋەبى شۇكى ئادەم ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. ئەگەر سەن ھەممىلا نەرسىنى بىر چاقماق قەنت دەپ قارىساڭ، ئۇندا سەن بىر چاقماق قەنتنى ئالالغانلىقىڭ ياكى ئالالمىغانلىقىڭ ئۈچۈن شادلىنىپ ياكى ھەسرەت چېكىپ ئازابلانمايسەن، چۈشەندىڭمۇ؟ يېقىندىن بۇيان بۇ رىجىنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن خۇددى كىچىك بالىدەك بىر چاقماق قەنت ئۈچۈن يىغلاپ يۈرمەي، چوڭ ئادەمگە خاس ئىش قىلىشىم لازىم...

— شۇغىنىسى، بىر يىگىتنى بىر چاقماق قەنت دېگىلى بولمايدۇ - دە! — دېدىم مەن.

— سەن ئىگە بولماقچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزى بىر چاقماق قەنت! — دېدى فاڭ يۈ سىرلىق كۈلۈپ، — يېپىڭ، ئوبدان ئويلىنىپ باق، ئەگەر ئۆمرۈڭنى خۇش ئۆتكۈزەي دېسەڭ، ھەممىلا نەرسىنى قەنت دەپ قارىغىن!

— راستىنمىنى ئېيتسام، مۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدىم مەن.

— كۆڭۈلدە ئۆچمەنلىك، دىلخەستىلىك، تەشۋىش، قايغۇ - ئەلەم... لەرنىڭ بولۇشى بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە، بۇ ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، سېنىڭ ھەممە نەرسىگە ناھايىتى

جىددىي قارىغانلىقىڭدا ! ــ ئۇ بېشىنى چايقاپ ئېغىر خورسىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ــ مىڭ يىل ياشىغان كىم بار ؟ دائىم غەم قىلىش ، ئاھ ئۇرۇش نەھاجەت !

ــ سەن قاچانلاردىن بۇددىستلىق ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىپ قالدىڭ ؟ ــ دەپ سورىدىم مەن .

ــ بۇددىستلىق ئىدىيىسىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رىجىسى بار ۋاقتىڭ چىقسا بۇ ھەقتىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ باق . شۇندا سەن خىيانەت ، رەنجىش ، خىيال ، ھەۋەس دېگەنلەرنىڭ بىردەملىكلا نەرسە ئىكەنلىكىنى ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ بىردەملىكلا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن . بۇنىڭغا كۆزى يەتكەن ، رىجىسىنى چۈشىنەلمىگەن ئادەملەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ .

ــ مەن قوشۇلمايمەن ، ــ دېدىم مەن ، ــ ئەگەر بىر ئادەمدە ئۈمىد بولمىسا ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولمىسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ قەلبىدە نېمە بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى نېمە ؟ مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇددى چۆل باياۋانغا ئوخشىشىدۇ .

ــ خاتالاشتىڭ ! ــ دېدى فاڭ يۇ بوشقىنا ، ــ كۆڭلىدە خىيانەت ، رەنجىش ، خىيال ، ھەۋەس بولمىغان ئادەم بۇ دۇنيانىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق ، دەپ قاراپ ، تىنچ ۋە بەھۇزۇر ياشايدۇ . ئۇنىڭ كۆڭلى بىر پارچە مۇنبەت تۇزلەڭلىككە ، جىمجىت باغچىغا ئوخشىشىدۇ . پەقەت بىر خىللا ئادەمنىڭ كۆڭلى چۆل ـ باياۋانغا ئوخشىشىدۇ ، يەنى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ، خانىۋەيران بولغان ، خاتا ئىش قىلىپ بۇ ئالەم تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ، رەت قىلىنغان بولسىمۇ ئۆزىنى چاغلىيالمىغان ئادەمنىڭ . . .

ــ قوي بۇ گەپلىرىڭنى ، ــ دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ ، ــ ماڭا دىنىي تەشۋىق قىلمىغىن ، مەن سېنىڭ دىيانەتلىك ، كەڭ قورساق بولۇپ ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى تەرك ئەتكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيمەن !

ــ ھەقىقەتەن ، ــ فاڭ يۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ مورەمگە ئۇرۇپ قويدى ، ــ يىپىڭ ، تەگرىدىن باشقا

www.uyghurkitap.com

ھېچكىم بۇنداق قىلالمايدۇ ! شۇڭا ھازىر سەن بىلەن چوڭ رىنجىلەر ئۆستىدە سۆزلەشكىنىم بىلەن ، ئاخشىمى يوتقانغا كىرتۆبلىپ يىغلايمەن .

— ھەي فاڭ يۇ ، — دېدىم مەن ئىچىم ئاغرىپ .

— بولدى ماڭا ئىچ ئاغرىتما ، يۇر ! بۇگۇن بىر كۇن مەن بىلەن ئوينا ! ئۇدا ئۇچ كىنو كۆرەيلى !

بىز راستتىنلا كەينى - كەينىدىن ئۇچ كىنو كۆردۇق ، يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم . ئاپام ئىشىكنى ئېچىپلا :

— كەچقۇرۇن رۇپىلىڭ كەپتىكەن ، — دېدى .

— نېمە دەپ كەپتۇ ؟ — مەن سەل خاۋاتىرلەندىم . ئۇ مېنى جازالىماقچىمىدۇ ؟ خې شۇخۇەنىنى تارتىۋالدىڭ دەپ ئەيىبلىمەكچىمىدۇ ؟

— ئۇ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ ، — دېدى ئاپام ، — داداڭ شۇ ئا-چىغا ناھايىتى ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ ، ئۇلار قاتتىق سوقۇشۇپتۇ ، رۇپىلىڭ سىنى بېرىپ دادامغا نەسىھەت قىلىپ قويسا دەپ كەپتىكەن .

— ئاھاي ! مەن بېرىپ نەسىھەت قىلالمىدىكەنمەن ! مەن ئۇ خەق-نىڭ ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىزارمەن ، — دېدىم سو-غۇق كۇلۇپ ۋە قايتۇرۇپ سورىدىم ، — نېمە سەۋەبتىن سوقۇشۇپتۇ ؟

— رۇپىڭنىڭ ئېيتىشىچە پۇلنىڭ جېدىلى ئىكەن . شۇچىن رە-ڭىگە پۇل بېرىپ ئەكسىچە نەتىجە چىققان بولسا كېرەك ، شۇڭا داداڭ قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ !

— ھە ! — دەپ قويدۇم سوغۇق كۇلۇپ ، دېمەك ئاتقان ئوقۇم نىشانغا تېگىپتۇ - دە ! مانا ئەمدى شۇ ئاچام پۇل باشقۇرىدىغان چوڭ ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ ، تېخى دادامنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ مەھرۇم قا-لىدۇ ! تېخى ئۇنىڭ كارامىتى بۇنىڭدىن كېيىن ئاشكارا بولىدۇ !

ھېلىقى ئاۋاق لاۋۋېي بىلەن ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسى بولغان ئىرجىي كۆز ئالدىمغا كەلدى . مەن شۇ ئاچامنىڭ پۇلنى رەنىگە ئەمەس ، بەلكى لاۋۋېينىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىشىغا دەسمايە قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم . ھېلىقى كۇنى لاۋۋېينىڭ سۆزىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىغاندىن كېيىن ، گې-زىتلەرگە بېسىلغان ئەتكەسچىلىك ئەنزىسىنىڭ پاش قىلىنىشى ھەققىدىكى

خەۋەرلەرگە دىققەت قىلغانىدىم ، لېكىن بۇ ھەقتە بىرەرمۇ خەۋەر بېسىل-مىدى . دېمەك ، جىنايەتچىلەرگە تەقدىر - قىسمەتمۇ بەك ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىدىكەن .

ئەتىسى مەن ياققان ئوتنىڭ قانچىلىك تۇتاشقانلىقىنى كۆرەي دەپ « ئۇياق » قا باردىم . مېھمانخانا سۆرۈن ، ئادەم يوق ئىدى . ئادەتتە ۋاڭ - چۇڭ بېسىلمايدىغان بۇ ئۆيلەر ئىنس - جىن يوق شەھەردەك بو-لۇپ قالغان بولۇپ ، تونۇگۈنكى ئۇرۇش - جېدەلنىڭ قاتتىق بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . مەن مېھمانخانىدا خېلى تۇردۇم . رۇپىك ئالەندىن مې-نىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ئالدىمغا چىقتى ۋە مېنى كاپپىدە تۇتۇۋې-لىپ ، تىترىگەن ھالدا :

— تونۇگۈن نېمىشقا كەلمىدىڭ ؟ ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتىم ، دادام ئاپامنى يەۋەتكىلى تاس قالدى ، — دېدى .

— نېمە بولدى ؟ — دېدىم مەن ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ .

— پۇلنىڭ جېدىلى بولىمدۇ ، مەنمۇ تېگىگە يېتەلمىدىم ، دادام ئاپامنى بانكىغا قويغان ھەممە پۇلنىڭ چەكلىرىنى ئاچچىقىشقا قىستىدى ، ئاپامنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ تەكشۈردى . بۈگۈن ئاپام ئىرجىينى ئې-لىپ چىقىپ كەتتى ، ئىرخاۋ ئاپامنى ئىزدەپ يۈرىدۇ .

— خاتىرجەم بول ، — دېدىم مەن ، — شۇ ئاچام جەزمەن قاي-تىپ كېلىدۇ ! دادام قېنى ؟

— ئۆيدىن چىقماي ئاچچىقلاپ ئولتۇرىدۇ !

— مەن كىرىپ باقاي ، — دېدىم مەن ۋە بۇرۇلۇۋاتسام رۇپىك يەنە مېنى تۇتۇۋالدى ، تىلىنى چايناپ دۇدۇقلىغان ھالدا :

— يىپىك ، مەن . . . مەن . . . ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى ! — دېدى .

— قېنى ئېيت ! — دېدىم مەن .

— يىپىك ، — ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى ، — ئاڭلى-شىمچە خې شۇخۇەن بىلەن رەسمىي يۈرۈۋېتىپسەن ، مېنىڭ . . . مې-نىڭ . . . ساڭا ئېيتىپ قويماقچى بولغىنىم ، سەن . . . جەزمەن بىلىسەن ،

مەن خې شۇخۇەننى ئىنتايىن — ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا بىر مەھەل ساڭا ھەققەتەن ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم، — ئۇ تېخىمۇ قىزىراپ كەتتى. ماڭا قاراشقا پېتىنالماي قولىغا قاراپ سۆزلىدى، — شۇ چاغلاردا ئۆلۈپ كېتىمەنغۇ، دەپ ئويلىغان، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدىمۇ بولغانىدىم، لېكىن، جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەمدى چۈشەندىم. سەن مەندىن چىرايلىق، مەندىن ئەقىللىق، ماڭا قارىغاندا سەن خې شۇ-خۇەنگە تېخىمۇ پار كېلىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئەزەلدىن ماڭا ئوبدان مۇئامىلىدە بولدۇڭ، شۇ — شۇڭا ساڭا ئېيتىپ قويماقچى بولغىنىم، ھەدە — سىڭىل ئىككىيلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ھەرگىز خاپا بولۇشمايلى، مەن سېنى ئاۋۋالقىدەكلا ياخشى كۆرىمەن...

رۇپىڭنىڭ دۇدۇقلاپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ قىزىرىشقا باشلىدىم. بۇ بىچارە ھاماقەت مېنىڭدىن رەھىم — شەپقەت تىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تامامەن بەربات بولۇشىغا تەقەززا ئىكەنلىكىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن! ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرىپ كەتمىدىم. ماڭا ئۇ پەقەت كۈلكىلىك ۋە بىچارە تۇيۇلدى، خالاس. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېيتتىم:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بىز بۇ ئىشقا خاپا بولۇشمايمىز، سەن كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە! — دېدىم — دە، ئۇنى تاشلاپ دادامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم.

دادام يۇمشاق ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرغانىكەن. شىرەنىڭ ئۈستىگە ھېسابات دەپتەرلىرى دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ، دەپتەرلەرنىڭ يېنىدا بىر چوت تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن دادامنىڭ يېڭىلا ھېسابات قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دادام مېنى كۆرۈپ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى ۋە:

— يېپىڭ، كەل، بۇياققا ئۆت! — دېدى تەمكىنلىك بىلەن.

مەن دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ماڭا ئوبدان قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— شۇخۇەن بىلەن توي قىلماقچىمۇسەن؟ تۈنۈگۈن ئەتىگەن شۇخۇەن كېلىپ بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىمنى سورىدى. ئۇ مەكتىپىنى

پۈتتۈرۈپلا سەن بىلەن توي قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن .

— مەن تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم ، — دېدىم مەن .

— مۇنــداق دېــگىنە ، — ئۇ قوشــۇمىسىنى تۈرۈپ ئويــلانغان ھالــدا ســۆزلىدى ، — يىپىلىك ، توي قىلىدىغان بولساڭ ، جەزمەن قىز مېلى راســلاپ بېرىمەن ، — دادام قاتــلاقلىق ھېســابات دەپــتەرلىرىنى غەزەپ بىلەن چىكىپ قويــدى ، — شــۆچىن دېــگەن دۆيۈز پۇلنىڭ ھەمــمىســنى تۈگــتىپتۇ ! — دادامــنىڭ چىرايىدىن زىيانــنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىــنى بىلدىم ، — شۇنداق بولسىمۇ ، يىپىلىك ، سەن خاتىرجەم بول ، مەن چوقۇم ساڭا يېتەرلىك قىز مېلى راسلاپ بېرىمەن .

مەن كۈلۈپ قويدۇم :

— دادا ، مەن سىزدىن ھەرگىز قىز مېلى ئالمايمەن ، بۇنىڭغا قىلچە ھەۋەس قىلمايمەن .

دادام مــاڭا تىكىلدى ، يىمىرىلگەن قاشلىرى كۆزىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى .

— ھــە ! — ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى ، — مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلەتتىم ! — ئۇ بېشىنى ماڭا يېقىن ئەكېلىپ ھۆركىرەپ دېگۈدەك سۆزلىدى ، — يىپىلىك ! مەيلى ئال ياكى ئالما ، قىز مېلىنى چوقۇم بېرىمەن ! — ئۇ مۇرەمنى تۇتۇۋېلىپ ، مۇرەمنىڭ سۆڭەكلىرىنى مىجىپ تالقان قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا توۋلاپ كەتتى ، — سەن مۇنچە تەكەببۇرلۇق قىلما ، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان نادان قىز ! ئېسىڭدە بولسۇن ، مېنىڭ پۇلۇم سېنى كۆيدۈرۈپ جېنىڭنى ئالمايدۇ !

ئۆززۈمــنى ئۇنــىڭ قولىدىن ئاجراتتىم ۋە مۇرەمنى قىسىپ قويۇپ :

— دېــگىنىڭىزچە بولــسۇن ، پــۇل بەرســىڭىز بــۇنىڭ نېمــە يامىنى ؟ — دېدىم .

دادام ئاران دېــگەندە بېسىلدى ۋە بېگىز قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ :

— يىپىلىك ، ئەقلىڭنى ئىشقا سال ، بۇ دۇنيادا پۇل بەكمۇ لازىم بولىدۇ ، غۇربەتچىلىك ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور قايغۇ ـ ئەلەم . مەن يــاشىنىپ قالدىم ، پۇلنىڭ ئانچە لازىمى يوق ، سەن تېخى ياش ، بۇنىڭ-

دىن كېيىن پۇلنىڭ قەدرىنى بىلسەن !

مەن نىمە دېيىشىمنى بىلمەي كۈلۈپلا قويدۇم . دادام مال ـ مۈلكىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىۋىدى ، ئۇنىڭ تەخمىنەن 550 مىڭ كوي كۆچمە مۈلكىنىڭ بارلىقىنى بىلدىم . شۇ ئاچامنىڭ سالغان زېيىنى تېخى بۇنىڭدىنمۇ جىقكەن . بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم . 550 مىڭ ! توۋا ، بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا مەن دادامدىن بىر نەچچە يۈز كوي ئۈچۈن قامچا يېدىم ئەمەسمۇ !

شۇ ئاچامنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى . ئۈچىنچى كۈنى مەن جۇڭخېشياڭ ئەتراپىغا بېرىپ قارىسىغا ئايلىنىپ يۈردۈم . لاۋۋېي دېگەننىڭ دېرىكى چىقىپ قالارمۇ ، دېگەن ئەخمىقانە ئۈمىدتە ئىدىم ، شۇ ئاچام جەزمەن لاۋۋېينىڭ يېنىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ ، دېگەن پەرەز كاللامدىن كەتمەيتتى . شۇنىسى ، بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەنلىرىم بىكارغا كەتتى ، شۇ ئاچامنىمۇ ، لاۋۋېينىمۇ ئۇچرىتالمىدىم . ئاخشىمى « ئۆيۋاق » قا بېرىپ شۇ ئاچامنىڭ توساتتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم . ئېھتىمال ئۇ بۇ ئائىلىدە قالغان 550 مىڭ كوي بىلەن زامانىۋى باغلىق جاي ـ زېمىننى تاشلاپ كېتىشكە قىيىمىغاندۇ !

خې شۇخۇەن ئىككىمىز « بىر كۈن كۆرۈشمىسەك چىدىمايدىغان » دەرىجىگە يەتكەنىدۇق . مەن يۈرىكىمدىكى مۇھەببەت ئوتىنىڭ مۇنچە كۆچلۈك ۋە ياللۇنلۇق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولاتتىم . شۇڭا ، خې شۇخۇەننىڭ چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىشىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىمغا توغرا كېلەتتى ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئارىسالدىلىق قاپلىۋالغانىدى . ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، ئۇ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىشقا ئىلتىماس يازغان ھەمدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، بەزىدە ماڭا مۇنداق دەيتتى :

ـــ ئىستىقبال ، غايە دېگەن نىمىلەر ئۈچۈن ، ئادەمگە سۆيگىنىدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلىدىكەن ، نىمىدېگەن غەلىتە ئىش بۇ ، مەن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ، سىزنىڭ ماشايىقىڭىز بولسام دەيمەن !

— ئالدى بىلەن چىقىپ ئوقۇپ كېلىڭ . قايتىپ كەلگەندە يېـ
نىمدا بولۇڭ ، جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق ، خۇدانىڭ كۈنى ئۈزۈن ،
نېمىگە بىتاقەت بولىسىز ؟ — دەپ قوياتتىم . بۇ پەقەت تىلىمنىڭ ئۇچىـ
دىكى گەپ ئىدى . ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىغا خېلى ۋاقىت بولغاچقا ،
ھازىردىن باشلاپلا جۇدالىق يۈكىنى يۈدۈۋېلىشنى خالىمايتتىم . بىر كۈن
بولىسىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكەنگە يېتەمدۇ ؟

بىز ئويـۇن ـ تاماشـىمىزنـىڭ تۈرلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتـ
تـۇق . قىـزىق ئىش ، يېقىنـدىن بۇيان بىرگە بولـغىنىمىزدا ، چۇقـان
سېلىپ ئويناپ ـ كۈلمىسەك كۆڭلىمىزدىكى تەشۋىشنى باسقىلى بولمايـ
دىغاندەك ، بىرخىل ئالاقزادىلىك ۋە جىددىيلىك ئىچىدە قالاتتۇق . نېمە
ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم . ئىلگىرى بىز ئادەم
يـوق جايلارغا بېرىۋېلىپ ، بىر ـ بىرىمىزگە چاپلىشىپ جىمىمدە ئولتۇـ
رۇپ كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە قارىشاتتۇق ، خۇشخۇي ھالدا سۆھبەتلىشەتـ
تۇق ، چوڭقۇر پىكىرلىشەتتۇق . ھازىر بولسا خۇددى كېلىشىۋالغاندەك
كىشلەر توپى ئىچىگە ئۆزىمىزنى ئېتىپ ، تانسا ئويناپتتۇق ، كۈلەتتۇق ،
ھەتتا ئازراقتىن ھاراق ئىچىۋېلىپ كۆڭلىمىزنى خۇش قىلاتتۇق . تاسادىـ
پىي خالىي قالغان چاغلىرىمىزدا ، ئۇ مېنى ئەمدى سۆيۈۋالمىسا مەڭگۈ
سۆيەلمەيدىغاندەك ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كېتەتتى . بەزىدە مەندە ئۆمرىـ
مىزدىكى خۇشاللىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئالدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك
خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ، كۆڭلۈم پاراكەندە بولاتتى .

ئۆتكەندە لاۋۋېينى رازۋېدكا قىلىمەن دەپ ، يېرىم يولدا تاشلاپ
كەتكىنىم تۈپەيلى خې شۇخۇەن بىلەن بىر قېتىم قىيىداشقاندىن كېيىن ،
خې شۇخۇەننىڭ غۇرۇرى كۈچلۈك ئىكەنلىكى ، بۇ جەھەتتە مەندىن قېـ
لىشمايدىغانلىقى ، بەلكى مېنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندىم . مەن
غۇرۇرى بار ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتىم ، لېكىن ئاپام دائىم مەندىن غەم
قىلىپ مۇنداق دەيتتى :

— ئىككىڭلارنىڭ مىجەزى بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىكەن ،
بۇ كىشىنى بەختلىكمۇ قىلىدۇ ، بەختسىزمۇ قىلىدۇ . يېپىڭ ، مەن

كۆتــلەرنىڭ بىرىدە، سىلەرنىڭ خۇددى ئىككــى كالىدەك ئۇسسۇشۇپ قېلىپ، بىر ـ بىرىڭلارغا يول قويماسلىقىڭلاردىن بەك ئەندىشە قىلىمەن.

شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ مەنمۇ كېيىنكى بەزى ئىشلاردا مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم.

خې شۇخۇەن ئىككىيلەن نۇرغۇن سورۇنلاردا مېڭپىڭنى ئۇچرىتاتتۇق. ئۇ بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان تار كىيىملەرنى كىيىپ، يېپىنلگەن كۆكسىنى دومبايتىپ، تولۇق بالاغەتكە يەتمىگەن بىر توپ تەنتەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتالمايدىغانلىقى ۋە فىگۇرىسى مېنى چۆچۈتەتتى. ئۇچرىشىپ قالغاندا ھەرقايسىمىز ئۆز ئويۇنىمىزنى ئوينايتتۇق، بىر ـ بىرىمىزگە ئارىلاشمايتتۇق، بەك يېقىنلاشقىنىمىزدا بېشىمىزنى لىڭشىتىپ قوياتتۇق، خالاس. بىر كۈنى ئاخشىمى خې شۇخۇەن ئويۇن تۈرىنى ئۆزگەرتىپ، يەر ئاستى تانسخانىسىغا بېرىپ تانسا ئويناپ باقايلى، دېدى. بىز باردۇق، تانسخانا ناھايىتى چوڭ، چىراغلىرى غۇۋا، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن، ئىس ـ تۈتەك قاپلىغانىدى. مۇزىكا ئاۋازى قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى، بۇ، كىشىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، مەستخۇش قىلىدىغان بىر سورۇن ئىدى!

ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا خې شۇخۇەن مېنى نوقۇپ:

— قاراڭ، مېڭپىڭ ئايەردىكەن! — دېدى.

كۆرسەتكەن يەرگە قاراپ، ئىختىيارسىز قوشۇمام تۈرۈلدى. مېڭپىڭ بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان قىزىل كوپتا، قارا تاۋاردىن تار يوپكا كىيگەن بولۇپ كوپتىسىنىڭ ياقىسى مەيدىسىگىچە ئوچۇق، يوپكىسى بەدىنىگە تېڭىپ قويغاندەك لىققىدە كەلگەنىدى. پۈتۈن بەدىنى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر يىگىتنىڭ تىزىدا ئولتۇراتتى، ئۇلار ئولتۇرغان شىرەنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە يىگىت ئورىۋالغان، كىيىنىشىدىن قارىغاندا ھەممىسى لۈكچەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېڭپىڭدىن باشقا يەنە بىر قىز بولۇپ، بىر يىگىت ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى. شىرەدە قاچا ـ قۇچىلار چېچىلىپ ياتاتتى، يېرىملاپ قالغان ئىككى بوتۇلكا چەت ئەل ھارىقى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مېڭپىڭ بىر قولىدا رومكا تۇتقان، بىر قولىدا ھېلىقى يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان ھالدا بەدىنىنىڭ يېرىمىنى يىگىتكە يېقىپ تۇراتتى. ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيگەن پۇتى بوشلۇقتا پۇلاڭلايتتى، ئۇ خىرقىراپ كۈلەتتى. ئەتراپىدىكىلەرمۇ كۈلۈپ چۇقان ـ سۈرەن بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىشكەندى. بۇنى كۆرۈپلا مېڭپىڭنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدىم.

— ئۇلارنىڭ ئىچىۋاتقىنى براندى بىلەن ۋىسكى، قەيەردىن تېپىشقاندۇ؟ — دېدى خې شۇخۇەن ھەيران بولۇپ.

خىزمەتكارلار ئالدىمىزغا كېلىۋىدى، خې شۇخۇەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ يەردە چەت ئەلنىڭ ھارىقىمۇ سېتىلامدۇ؟

— سېتىلمايدۇ، — دېدى خىزمەتكار بېشىنى چايقاپ.

— ئۇلارنىڭ ئىچىۋاتقىنىچۇ؟ — دېدى خې شۇخۇەن مېڭپىڭ ئولتۇرغان شىرەنى كۆرسىتىپ.

— ئۆزلىرى ئەكەپتۇ، — دېدى خىزمەتكار.

خىزمەتكار كەتكەندىن كېيىن، خې شۇخۇەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ۋەز ئېيتقاندەك تەلەپپۇزدا:

— چەت ئەل ھارىقى ئىچكەنلىكىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرىنىڭ ئائىلە شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولسا كېرەك. ئائىلىسىنىڭ باي بولۇشى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشى بىلەن مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ياشلار يېتىشىپ چىقتى! لۈكچەكلەر ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەسئۇلىيەت ئائىلە بىلەن جەمئىيەتتە!

مېڭپىڭ دەلدەڭشىگىنىچە ھېيىقماستىن قاقاقلاپ كۈلدى ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتتى:

چىقاي دېسەم ئاسمان يىراق،
يەرنى قاتتىق دەر.
شىرىن بولار ئىنسانچىلىق،

بەزىدە زەھەر .
تويدۇم يالغۇز زىرىكىشتىن ،
ئۇنى يېسۇن يەر

— يارايدۇ ! — ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەر ئاغىل ـ تاغىل تـوۋلاشتى ، ئىسقىرتىپ كۈلۈشتى . مېڭىپىڭ بېشىنى كەينىگە تاشلاپ رومكىدىكى هاراقنى ئاغزىغا قۇيۇۋىدى ، تەگىدىن تولىسى كىيىمىگە تۆ- كۈلدى . ئۇ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى :

كېزىپ چىقتىم بۇ دۇنيانى ،
جاپايىم تولا .
ئىزدەپ يۈرىمەن مەن سېنى ،
بولساڭچۇ جورا .

ئۇ نـاخشىنى ئېيتىپ كېلىپ ، ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغان يىگىتنىڭ پـېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى ، كۆپچىلىك « يارايدۇ » دەپ چۇقان سېلىشتى . خې شۇخۇەن ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ماڭا :

— سـىڭـلـىڭىز مەسـت بولـۇپ قاپـتۇ ، ئۇنى ئۆيـگە ئاپىرىـپ قويايلى ! — دېدى .

— كارىڭىز بولمىسۇن ، ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىڭ ! — دېدىم ئۇ- نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ .

— بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمايمەن . شۇنداقلا بولسا چاتاق چىقماي قالمايدۇ ! — دېدى ۋە ئۇ تەرەپكە ماڭماقچى بولدى .

مەن ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىۋالدىم :

— ئۇنىڭدىن چاتاق چىقسا سىزگە نېمە ؟ ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇڭ ! ئۇ مـۇشۇنداق قىلىشقا ئامراق تۇرسا ، سىز ئۇنى باشقۇرۇپ نېمە قىلاتتى- ڭىز ؟ — دېدىم .

خې شۇخۇەن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئورنىغا كېلىپ ئول-

تۇردى ، ئەمما كۆزى مېڭىپىك تەرەپتە ئىدى . مەن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپ قويۇپ :

— كېلىڭ تانسا ئوينايلى ، — دېدىم .

بىز تانسىغا چۈشتۇق ، خې شۇخۇەن مېڭىپىك ئولتۇرغان شىرە-دىن كۆزىنى ئۈزمىگەنىدى ، مەن ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزۈمگە بۇرىدىم ، ئۇ ماڭا قارىدى ۋە :

— سىز ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشىڭىز كېرەك ، ئۇ سىزنىڭ سىڭلىڭىز ! — دېدى .

— ھىم ، — دېدىم سوغۇق كۈلۈپ ، — مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس ، ئۇ شۇ ئاچامنىڭ قىزى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شۇ ئاچامنىڭ قېنى !

— بوپتۇ ، دوستىڭىزمۇ بولسۇن ، ئۇنىڭ مەست بولۇپ ساراڭلىق قىلىشىغا قاراپ تۇرماسلىقىڭىز كېرەك !

— ئۇ ، مېنىڭ دوستۇم ئەمەس ، — دېدىم توڭلۇق بىلەن ، — مەن بىلەن دوست بولۇش سالاھىتى يوق ئۇنىڭ .

— مۇنداق دېمەڭ ، — دېدى خې شۇخۇەن ، — ئۇ سىزنىڭ رەقىبىڭىزمۇ ئەمەس !

— كىم بىلىدۇ ! — دېدىم ۋە بېشىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ پەس ئاۋازدا سۆزلىدىم ، — بۇ مۇزىكا بەك ياخشىكەن ، تانسىمىزنى ئوي-نايلى ، باشقىلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن ، قانداق ؟ — پاتېفوندا « ۋا-لىس ياكى تاڭگولىقىنى بىلمىدىم » دېگەن ناخشىنىڭ پىلاستىنكىسى قو-يۇلۇۋاتاتتى .

بىز گەپ - سۆز قىلىشماي بىرپەس تانسا ئوينىدۇق ، مېڭىپىك بىردەم كۈلەتتى ، چىرقىرايتتى ، بىردەم ناخشا ئېيتاتتى . رومكىنىڭ سۇنغان ئاۋازى دىققىتىمىزنى تارتتى . مېڭىپىكنى قۇچاقلىۋالغان دارازا ئۇنى قولىدىن تارتىپ سىرتقا ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى . مېڭىپىك دەلدەڭشىپ كېتىپ بېرىپ :

— مېنى نەگە ئاپىرىسىز ؟ — دەپ سورايتتى .

— سىزنى ئىچ پۇشۇقىدىن خالاس قىلىدىغان يەرگە ئا-

پىرىمەن ! ــــ دېدى دارازا هاياسىزلىق بىلەن . شىرەدە ئولتۇرغانلار بىرـ
دىنلا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى .
ــــ ياق ، بارمايمەن ! ــــ مېڭپىڭ ئاززاق سەگەكلەشتى .
ــــ مەن سىزنى يەۋەتمەيمەن ! ــــ دېدى دارازا ۋە مېڭپىڭنى سۆرىگىلى تۇردى ، بۇ يەرنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتى ياتاق ئىدى . مەن ئىچى قارىلىق بىلەن غەرق مەست مېڭپىڭغا قاراپ ، ئۇنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ، نابۇت بولۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇراتتىم ! شۇ ئاچام باشلىق ھەممىسىنىڭ رەسۋا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم . لېكىن ، خې شۇخۇەن مېنى تاشلاپ قويۇپ ، ئۇلار تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلدى ۋە توۋلىدى :
ــــ بۇ ئىش پەقەت قاملاشمىدى !
مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ خې شۇخۇەننى تۇتۇۋېلىپ :
ــــ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭىز ؟ بولدى قويۇڭ ! ــــ دېدىم .
خې شۇخۇەن بۇرۇلۇپ ماڭا قاتتىق ئالايدى ـ دە ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ ، دارازىنى مۇرىسىدىن ئالدى .
ــــ قويۇۋەت ! ــــ دېدى ئۇ جىددىي ئاھاڭدا .
دارازا ئىتتىك بۇرۇلدى . تۇساتتىن كەلگەن توسقۇنلۇق ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى . ئۇ مۇرىسىنى سىلكىپ :
ــــ سېنىڭ نېمە كارىڭ ؟ ــــ دېدى .
مېڭپىڭ شۇخۇەننى تونۇپ ، خۇددى ئېگىز بۇيىلۇقنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغاندەك :
ــــ شۇخۇەن ، مېنى ئەكېتىڭ ! ــــ دېدى .
دارازا غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ :
ــــ غوجا ئاكاڭنى تونۇساڭ يوقال كۆزۈمدىن ، ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئىشىغا ئارىلاشما ! ــــ دېدى مېڭپىڭنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي . شۇ ئەسنادا ، بايا كۈلۈشكەنلەر دۈررىدە كېلىپ خې شۇخۇەننى ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە چۇقان سالدى :
ــــ ئۇرۇڭلار ئۇنى ! ئۇر ! سال !
تانىسخانىنىڭ باشقۇرغۇچىسى يېتىپ كەلدى ، خې شۇخۇەننى

ئاجرىتىۋالاي ، دەپ مەنمۇ ئۇ خەقنىڭ ئارىسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . شۇنىسى ئۆلگۈرەلمىدىم . قالايمىقان جەڭ باشلىنىپ ، بىردىنلا قاچا ـ قۇچىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ ، شىرە ، ئورۇندۇقلار ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى . بۇ لۈكچەكلەر خې شۇخۇەنگە يېپىشتى . ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى . خې شۇخۇەننىڭ خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقانلىقىغا ئاچچىقىم كېلەتتى ، بۇ جېدەلنىڭ ئاخىرى قانداق بولۇشىنى بىلەلمەي بىتاقەت بولاتتىم . ھېلىمۇ ياخشى شۇ ئارىلىقتا بەستلىك ئۈچ ئادەم كېلىپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا قالايمىقان جەڭنى توختاتتى ۋە :

— مۇشتلىشىدىغىننىڭ بولسا بىز بىلەن مۇشتلاش ، — دەپ تووۋلىدى .

مەن بۇلارنىڭ تانسخانىنى قوغداش ئۈچۈن ياللىۋېلىنغانلار ئىكەنلىكىنى پەملىدىم . خې شۇخۇەننىڭ يۈز ـ كۆزى ئىششىغان ، ئالقىنىنى ئەينەك پارچىسى تىلىۋەتكەن بولۇپ ، قان ئېقىپ تۇراتتى ، ھالى بەكمۇ خاراب ئىدى . شۇ ھالدىمۇ غەزىپىدىن يانماي مېڭىپىڭنى ئۇ خەقنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش كويىدا ئىدى . لېكىن ، لۈكچەكلەر مېڭىپىڭنى ئارىغا ئېلىپ ، غۇژمەك بولۇۋېلىشقانىدى ، مەن خې شۇخۇەننىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىغا :

— ساقچى كېلىپ قالمىسۇن يەنە ، ئېھتىيات قىلىڭ ، بۇ ، يەر ئاستى تانسخانىسى ، دادىڭىزنىڭ نامىنى كۆزدە تۇتۇڭ ! — دېدىم .

بۇ گېپىم دەرھال تەسىر قىلدى . خې شۇخۇەن ماڭا لەپپىدە قارىدى ، مېڭىپىڭغىمۇ كۆڭلى غەشلىك بىلەن قاراپ قويدى ـ دە ، نائىلاج مەن بىلەن بىللە تانسخانىدىن يېنىپ چىقتى .

چوڭ كوچىغا چىققاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز زۇۋان سۈرمىدۇق . رىكشا چاقىردۇق . خې شۇخۇەن رىكشىچىغا مېنىڭ ئادرېسىمنى ئېيتتى ، رىكشىغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ خې شۇخۇەن زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى . بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەن رىكشىدىن چۈشۈپ :

— ئۆيگە كىرىڭ ، يارىڭىزنى تاڭايلى ! — دېدىم .

— ھاجەتسىز ! — دېدى خې شۇخۇەن توڭلۇق بىلەن . ئاندىن

چىرايى بەكمۇ سۆرۈن تۈس ئالدى :

— يىپىلڭ ، مېنىڭچە بىز ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەنمەيدىكەنمىز . مەن باشتىن ـ ئاخىر سىزنى خۇش مۇئامىلىلىك ، ئىدراكلىق قىز دەپ قارىغانىدىم . بۈگۈنكى ئىپادىڭىزدىن سىزنى ئوبدان تونۇپ يەتتىم ! مەن ۋاقتىنچە يىراقلىشىپ ئۆزىمىزنى توختىتىپ ئوبدان ئويلىشىپ باقساقمىكىن دەيمەن !

قورقىنىمدىن چۆچۈپ كەتتىم ، بىردەمگىچە تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى . شۇغىنىسى ، غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى غورۇرۇمغا تەگكەنىدى . ئەگەر بۈگۈن ئاخشام مېڭپېڭنىڭ ئورنىدا ھەرقانداق بىر ناتونۇش قىز بولغان بولسا ، خې شۇخۇەننىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا قوشۇلاتتىم ، بىراق مېڭپېڭنى ھەرگىز قۇتقۇزمايمەن . خې شۇخۇەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي ، « ئۇياق » قا بولغان ئۆچمەنلىكىمنىمۇ بىلمەي ، دۈشمىنىمنى قۇتقۇزۇپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولدى . « سىزنى تونۇپ يەتتىم » دېگىنىچۇ تېخى . ئەمىسە ئۇ مېنىڭ ئىدراكسىز ، تاش يۈرەك ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىپتۇ ـ دە ؟ مەنمۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ :

— ئىختىيارىڭىز ! — دېدىم .

ئىككىمىز بىردەم قېتىپ قالغاندەك تۇردۇق . ئاندىن مەن ئىشىكنى قاقتىم . ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭا بىر قاراپ قويدى ـ دە ، شارتتىدە بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ تۇردۇم . يۈرىكىم غايىبانە ئارقان بىلەن چىڭ باغلاپ تارتىلغاندەك بولۇپ كەتتى . شۇئان ۋۇجۇدۇمنى قايغۇ ـ ھەسرەت ، كۆڭۈل غەشلىكى قاپلاپ كۆز ئالدىم غۇۋالاشتى . ئاپام چىقىپ ئىشىكنى ئاچقاندىمۇ ، مەن سېزىمىنى يوقاتقان ئادەمدەك قېتىپلا تۇراتتىم . ئاپام :

— نېمە بولدۇڭ ؟ يىپىلڭ ؟ — دەپ سورىغاندىلا چۆچۈپ ئېسىمنى يىغىپ ئۆيگە كىردىم . ئاپام كەينىمدىن ئۆيگە كىرىۋېتىپ سورىدى :

www.uyghurkitap.com

— شۇخۇەن قېنى ؟

— ئۆلۈپ كەتتى ! — دېدىم مەن ۋە كىيىمىمنىمۇ سالماي ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم . ئاپام بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— يەنە قىيىدىشىپ قالدىڭلارمۇ ؟ بۇ ئىككىڭلارنى قانداق قىلسا بولار ، ھەي !

بۇ قېتىم خېلى ۋاقىت قىيىدىشىپ يۈردۇق . شۇخۇەنىنىڭ بۇ ئىشنى دەپ ماھىيىتىمنى يوققا چىقىرىۋەتكەنلىكى ، مېنى چۈشەنمىگەنلىكى ماڭا ئىنتايىن ئەلەم قىلدى . شۇڭا ، ناھايىتى ئازاب چەككەن بولسامۇ ، ئۇنى ئىزدىمىدىم . ئەمما ئۇنىڭ سىماسى كېچە ـ كۈندۈز كۆز ئالدىمدىن كەتمەي مېنى قىينايتتى ، ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا چىرايىم زەپىران بولدى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەسلىك نىيىتىدە ئىدىم . بوپتۇ ، ئۇ مېنى خاتا چۈشىنىۋەرسۇن ، مەندە خەيرخاھلىق ، ھەققانىيەت ھېسسى يوق ، دەپ قاراۋەرسۇن ، خالىغانچە باھا بېرىۋەرسۇن ، مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، شۇ ئاچام ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ . مەن ئىنتىقام ئالماي قالمايمەن . تاياق يېگەن كۈنى يامغۇرلۇق كېچىدە « ئۇياق » نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئىچكەن قەسىمىم قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى . مەن ئىنتىقام ئالىمەن ! ئىنتىقام ئالىمەن ! ئىنتىقام ئالىمەن !

شۇغىنىسى ، خې شۇخۇەنسىز ئۆتكەن كۈنىنىڭ ھېچ مەززىسى بولمىدى . قىلغان ئىشىم ئىش بولمىدى . بىر ھەپتىدىن كېيىن فاڭ يۈنىڭ يېنىغا باراي ، دەپ ئۆيدىن چىقىپ ئازراقلا مېڭىشىمغا ، بىر پايدا كېلىپ يېنىمدا توختىدى . شۇنداق قاراپلا يۈرىكىم ئىختىيارسىز قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سوقۇپ كەتتى . بۇ خې ئائىلىسىنىڭ پايدىسى ئىدى . مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم . خې چوڭ ئاپام پايدىدىن چۈشۈپ ، قولۇمنى تۇتۇپ خۇش مۇئامىلە بىلەن :

— سىزنى يىراقتىنلا كۆرۈپ تونۇغاندەك قىلدىم . نېمە بولدى ، خېلىدىن بۇيان كۆرۈنمىدىڭىزغۇ ! نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئويناپ

كەتمەيسىز ؟

مەن زورىغا كۈلۈمسىرىدىم ، بىراق نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي قالدىم . خې چوك ئاپام ھالىتىمگە پەرۋا قىلماي قولۇمدىن يېتىلەپ :

— كېلىنلىك ، كېلىنلىك ، سىزنى تەستە ئۇچراتتىم ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئويناپ كېلىڭ ! — دېدى .

— مەن . . . مەن . . . — مەن باھانە كۆرسىتىپ بارماي دېدىميۇ ، تىلىم تۇتۇلۇپ قالغاندەكلا بولدى ، ۋۇجۇدۇمدا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچ يوق ئىدى . خې چوك ئاپام بىردىنلا :

— كېلىنلىك ، شۇخۇەن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئاغرىپ ياتىدۇ ، سىز گەپ - سۆز قىلىسىڭىز ئوڭشىلىپ قالار !

ئەمدى مېنىڭ بىر نېمە دېيىشىمگە ئورۇن قالمىغانىدى ، ئەمەلىيەتتە ، بىر نېمە دېيىشكىمۇ ئۇلگۈرەلمەيتتىم . چۈنكى ، پۇتلىرىم مېنى پابىدىنغا ئېلىپ كىرگەنىدى . ئۇ كېسەل بولۇپ قاپتۇ ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن كېسەل بولغانمىدۇ ؟ شۇئان ئۇنى كۆرۈش ئىستىكى مەندىكى تەكەببۇرلۇق ۋە غۇرۇرنى يوق قىلىۋەتتى ، پابىدىدا خې چوك ئاپام قولۇمغا ئۇرۇپ قويۇپ مېھرىبانلىق بىلەن :

— لۇ خېنىم ، شۇخۇەننىڭ مىجەزى ئوسال ، كىچىكىدىن ئۇنى يامان ئۆگىتىپ قويۇپتۇق ، ئۇنىڭدىن سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا كەچۈرگەيسىز ! — دېدى .

مەن خې چوك ئاپامغا قارىدىم ، ئۇنىڭ ئالايىتەن مېنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى بىلدىم . مەن سىرتقا قاراپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ خې ئائىلىسىگە باردىم . خې چوك ئاپام مېنى ئۇدۇل خې شۇخۇەننىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئىشىكنى قاقتى . ئىچكىرىدىن خې شۇخۇەننىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— تولا چىشىمغا تەگمەڭلار !

— شۇخۇەن ، ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ باق ! — دېدى خې چوك ئاپام يېقىملىق ئاۋازدا ، — مەن بىر دوستۇڭنى ئەكەلدىم .

ئىچىمدە خې چوڭ ئاپامدىن مىننەتدار بولدۇم. چۈنكى ئۇ. «مەن بىر دوستۇڭنى ئەكەلدىم» دەپ مېنىڭ غۇرۇرۇمنى ساقلاپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ «بىر دوستۇڭ سېنى يوقلاپ كەلدى» دېگەن بولسا، مەن جەزمەن كەينىمگە بۇرۇلۇپلا ماڭاتتىم. ئاۋۋال باش ئەگمەيتتىم.

ئىشىك دەرھال ئېچىلىپ، خې شۇخۇەن كىيىملىرى رەتسىز ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، كىيىمىنىڭ ياقا ۋە يەڭلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن، پەرىشان ھالەتتە ئىدى. ھەر ئىككىمىز داڭقېتىپ قالدۇق. خې چوڭ ئاپام مېنى بوشقىنا ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى، ئۇ نەقەدەر پەملىك ۋە مېھرىبان ئانا ـ ھە!

مەن ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە تەشۋىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆيگە سەپسالدىم. ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتى قالايمىقان، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇن ـ كۆرپە ۋە ئۇنىڭغا تاشلانغان كىتابلار ئىنتايىن رەتسىز ئىدى. تۆۋەندىمۇ كىتاب ۋە گېزىتلەر چېچىلىپ ياتاتتى، دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈلگىلۈك بولغاچقا ئۆي غۇۋا يورۇق ئىدى. مەن ئىنتايىن تەڭقىسلىقتا نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. خې شۇخۇەن ئالدىمدا ئۆرە تۇراتتى، روشەنكى، ئۇ مېنىڭ كېلىشىمنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، شۇڭا ئوخشاشلا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى. بىز شۇ يوسۇندا بىردەم تۇردۇق. خې شۇخۇەن بىر ئورۇندۇقنى ئالدىمغا ئىتتىرىپ قويۇپ توڭلۇق بىلەن:

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

مەن ئارىسالدىلىقتا ئولتۇردۇم، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق تېپىپ:

— كوچىدا ئاپىڭىز ئۇچراپ قېلىپ مېنى باشلاپ كەلدى، — مېنىڭ گېپىم ئۆزۈممۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن دەرىجىدە غەيرىي ۋە تۇۋزۇتلۇك چىقتى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ. چىرايى ناخۇش تۈس ئالدى، ئېھتىمال ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىدىن نارازى بولغاندۇ

شۇنى دەپ بولۇپلا ئۇنىڭ زوۋانى تۇتۇلدى . مەنمۇ ھېچنىمە دېمىدىم . بىز خېلى ئۇزۇن شۇ تەرىقىدە ئولتۇردۇق . مەن بۇ جىددىي كەيپىيات ۋە سوغۇق مۇئامىلىنى كۆرۈپ كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم . يەنە بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن تاقىتىم تاق بولدى ـ دە ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا :

— مەن كېتەي ! — دېدىم .

بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ئىنتايىن ئازابلاندىم ، ئاۋازىممۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى . ئىتتىك كەينىمگە قارىۋالدىم ، چۈنكى كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولغانىدى . ئىشىكنى ئاچاي ، دەپ قولۇمنى سوزۇشۇمغا ، خې شۇخۇەن يىبىرىم كۆتۈرۈلگەن قولۇمنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ، مېنى ئاستا ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا ئەكەلدى ۋە :

— يىپىلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ! — دېدى بوش ئاۋازدا .

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا غايەت زور كۈچ بەخش ئەتتى . مەن ئىختىيارسىز ئولتۇرۇپ قالدىم . ئۇ يەرگە يۈكۈندى ـ دە ، بېشىنى تىزىمغا قويدى . مەن كۆز چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم . كېيىن پىغان بىلەن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ مۇنداق دېدىم :

— شۇخۇەن ، سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق . . . بىز تەيۋەنگە يېڭى كەلگەن چاغلىرىمىزدا ، دادام ، ئاپام ھەممىمىز بىر ئائىلىدە تۇراتتۇق . كېيىن شۆ ئاچامنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنىڭ ئازابىنى چەكتۇق . ئاپام قورقۇنچاق ۋە مۇلايىم ئىدى . نەتىجىدە بىز قوغلاپ چىقىرىۋېتىلدۇق . سىز كۆرگەن ئاشۇ كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە دادامنىڭ ئېيىغا بېرىدىغان 800 كويلۇق تۇرمۇش خىراجىتىگە تايىنىپ ياشاپ كەلدۇق . ھەر ئايدا « ئۇياق » قا پۇلغا بارغىنىمدا زېرىلدەك سارغىيىپ ، دادام بىلەن شۆ ئاچامنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىغا قارايمەن ، ئۇلارنىڭ تولۇق گەپلىرىنى ئاڭلايمەن . مەن سىز بىلەن تونۇشۇشتىن سەل ئىلگىرى ئۆي ئىجارىسىنى ئالغىلى بارغىنىمدا ، شۆ ئاچامنىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىشى بىلەن دادامدىن بىر قېتىم قامچا يېدىم . تاياق يەۋاتقان ، بىر نەچچە يۈز كويي ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان ۋاقتىمدا ، ئۇلار تاماشا كۆرۈشتى ،

كۆڭلى يايرىدى. ھېچقايسىسى مەن ئۈچۈن بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىدى. ھېچقايسىسى دادامنى ئۇرۇشتىن توسمىدى. شۇ ئاچام ماڭا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇردى، ئىرجىيىپ تېخى ماڭا قاراپ شەيتانلىق قىلدى... — مەن كەينى - كەينىدىن تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — پۇل ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاپام ئىككىمىزنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. ئاپام مەندىن يوشۇرۇن بىر كۈن كەچكىچە تاماق يېمەي يۈرگەن كۈنلىرىمۇ بولدى. شۇ ئاچاملار بولسا، ئىنتايىن راھەت ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈردى... شۇڭا مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە مەن ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىمەن، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇقسا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ جان تالىشىشىغا خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ قاراپ تۇرىمەن دەيتتىم...

مەن گەپتىن توختىدىم. خې شۇخۇەن بېشىنى كۆتۈرۈپ چىراييمغا قارىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىمنى ئاستا كۆكرىكىگە باستى ۋە چېچىمنى سىلاپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— ھازىر ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداققۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئاچاملارنىڭ ئىشى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن! يىغلىما، مېنى كەچۈرۈڭ، مىجەزىم ئوسال، — دېدى.

يىغام كۈلكىگە ئايلاندى، ئەمما كۆزلىرىم ياش ئىدى. بېشىمنى شۇخۇەننىڭ كۆكرىكىگە چىڭ ياقتىم. يۈرىكىنىڭ ۋەزمىن سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

# 7

ياز كەلدى. ئىيۇلدا خې شۇخۇەن مەكتەپ پۈتتۈردى.

بىر كۈنى خې چوڭ ئاپام ئاپامنى رەسمىي زىيارەت قىلدى. بىزنىڭ بۇ ئاددىي كۆلبىمىزنى كۆرگەندە خې چوڭ ئاپام قىلچىمۇ تەئەججۈپلەنمىدى، ياقتۇرمىغاندەك قىلمىدى. ئۇ تۈزۈتمۇ قىلماي ئاپامنىڭ

كارىۋىتتىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ھەدەپ مېنى ماختىدى . ئاپاممۇ باشقا گەپ قىلماي خې شۇخۇەننى ماختىدى . بۇ ئىككى ئاپا شۇ يوسۇندا بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولۇپ ، چەكسىز ئېپتىخارلىق ۋە شادلىق ئىلكىدە شۇخۇەن ئىككىمىزنىڭ توپى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. شۇخۇەننىڭ يىل ئاخىرىدا چەت ئەلگە چىقىدىغانلىقى بېكىتىلگەنىدى ، شۇڭا ئۇلار توپىمىزنى كۈز پەسلىدە ، سېنتەبىر ياكى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا ئۆتكۈزۈشكە پۈتۈشكەن بولدى .

خې چوڭ ئاپام قايتقاندىن كېيىن ئاپام مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ھاياجان ئىچىدە :

— يىپىڭ ، مۇشۇنداق قىيىنانىغا ئېرىشكەن ئىكەنسەن ، تۇرمۇشۇڭ بەختلىك ئۆتىدۇ . مەن بەك خۇش بولۇپ كەتتىم ، مەن ئۆمۈر بويى ئېرىشەلمىگەنگە سەن ئېرىشىدىغان بولدۇڭ . يىپىڭ ، بۇ دۇنيادا سەن خۇشال ئۆتسەڭلا بولدى . ماڭا باشقا نەرسىنىڭ لازىمى يوق .

بېشىمنى ئىتتىك ئاپامنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدىم . ۋۇجۇدۇمدا ئىللىق بىر ئېقىم ئۇرغۇپ ، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمدۇم . كۆز ئالدىمدا كەلگۈسىنىڭ مەنزىرىلىرى نامايان بولدى . بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن گۈزەللىك ۋە بەخت زايىر ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئادەتتە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان ئاپام توپلۇق كىيىمىنى تەييارلاش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم بازارغا بېرىپ ماڭا كىيىملىك ئالدى . ئاپامنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىقى مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . مەنمۇ بىر ياقتىن خې شۇخۇەن بىلەن كۆرۈشمەن ، بىر ياقتىن ئاپامغا ھە ـ ھۇ دەيمەن ، دەپ يۈرۈپ پۈت ـ قولۇم يەرگە تەگمەيلا قالدى . خېلىغىچە « ئۆياق » قا بارالمىدىم . بىر كۈنى خې شۇخۇەن :

— دادىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ، توي ۋە چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ كەلسەك دەيمەن ، — دېدى .

ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى . مەنمۇ دادامدىن پۇل سورايتتىم . چۈنكى ، دادام تۇرمۇش خىراجىتىمىزنىڭ سىرتىدا بەرگەن پۇللارنى ئا-

پام يېقىندىن بۇيان ماڭا كىيىملىك ئېلىپ تۇگەتكەنىدى . خې شۇخۇەن ئىككىمىز « ئۇياق » قا باردۇق .

يازنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ، يېقىملىق ئاخشىمى ئىدى . بىز بىر بې-سىپ ، ئىككى بېسىپ « ئۇياق » قا يېتىپ باردۇق . ئىشىكتىن كىرىپلا كەيپىياتنىڭ ياشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق . ئالەن بىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپلا ئىتتىك كىرىپ كەتتى . مېھمانخانىدىن دادامنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇخۇەن ئىككىمىز بىر ــ بىرد-مىزگە قارىشىپ قويۇپ ، ھەيرانلىق ئىچىدە مېھمانخانىغا كىردۇق .

مېھمانخانىنىڭ ئىچى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ھالەتتە ئىدى . شۆ ئاچام ساپادا ئولتۇراتتى . مېڭپىڭ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ يىغلاۋاتاتتى ، شۆ ئاچام غالىلداپ تىترەپ مېڭپىڭنى چىڭ قۇچاقلىۋالغا-نىدى . رۇپىڭ يەنە بىر يۇمشاق ئورۇندۇقتا جىددىيلىك ۋە ۋەھىمە ئى-چىدە ئولتۇراتتى . پەقەت ئېرجىپلا دادامغا قىزىقسىنىپ قارىغىنىچە رادى-ئونىڭ يېنىدا بەخىرامان ئولتۇراتتى . ئېرخاۋ يەنىلا ئۆيدە يوق . دادام غاڭزىسىنى تۇتقىنىچە دەرغەزەپتە يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ۋارقىرايت-تى .

— مېنىڭ سەندەك قىزىم يوق . سەندەك بىر نېمىنىڭ ئۆلگىنى ياخشى ، ھازىرلا ئۆل ، ئۆلسەڭ پاكلىنىشسەن !

شۇخۇەن ئىككىمىز كىرىشىمىزگىلا رۇپىڭ ماڭا قول ئىشارىسى قىلدى . ئېھتىمال ئۇ مېنى دادامغا نەسىھەت قىل دېمەكچى بولسا كېرەك . رۇپىڭ خې شۇخۇەننى كۆرۈپ شارتتىدە تەتۈر قارىۋالدى . خې شۇخۇەننىڭمۇ تەمتىرەپ قالغىنى نەزەرىمدىن ساقىت بولالمىدى . شۇ تاپتا ئۇلارنى مۇھاكىمە قىلغۇدەك ۋاقتىم يوق ئىدى ، نېمە ئىش سادىر بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ تۇرغاچقا :

— دادا ! — دەپ توۋلىدىم .

دادام بۇرۇلۇپ بىزگە قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن چېكىسىدىكى كۆك تومۇرلىرى كۆپكەن بولۇپ ، دەرغەزەپتە خۇددى مېنى قامچىلىغان كۈندىكى ھالەتتە ئىدى ، مېنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ

ئۆلتۈرماستىنلا سۆزلەپ كەتتى:

— مېكىپىكنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىنى بىلەمسەن ـ يوق؟ ئۇ ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، تېخى بالىنىڭ ئاتىسىنى بىلمەيدۇ. لۇ ئائىلىسىدە مۇنداق شەرمەندىچىلىك بولۇپ باقمىغان، بۈگۈن مەن بۇ جالاپنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويمايمەن؟

دادام ئېتىلىپ بېرىپ مېكىپىكنىڭ مۈرىسىدىن كاپپىدە تۇتتى. مېكىپىك ئالاقزادىلىكتە چۆشۈپ قاتتىق چىرقىرىدى. شۇ ئاچام ئالدىغا ئېتىلىپ ھىمايە قىلدى ۋە تاقەتسىزلىكتە سۆزلىدى:

— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، ئەمدى ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئوبدان مەسلىھەتلىشەيلى، ئاچچىقلانغان بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ!

— ۋاھ بۇنىڭ سۆزمەنلىكىنى قارا! — دادام شۇ ئاچامغا تۇۋلىدى، — سەن جالاپتىن تۇغۇلغان ياخشى قىز مۇشۇ! قىلمىشلىرىنى قارا! سەن مېنىڭ پۇلۇمنى نەگە يوقاتتىڭ؟ ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق! ھەممىڭ بۇزۇق! ھەممىڭ ئۆلۈش! ھەممىڭ يوقىلىش!

دادام مۇشتۇمىنى شۇ ئاچامنىڭ بۇرنىغا تەڭلىۋىدى، شۇ ئاچام بېشىنى كەينىگە تارتىپ، ئۆزىنى قاچۇردى. دادام مېكىپىكنى مۈرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۈرۈك ئېغىتقاندەك سىلكىگىلى تۇردى، مېكىپىك چىدىماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. شۇ ئاچام ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولۇۋىدى، دادام ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى ۋە مېكىپىكنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— سەن ئەسكىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىسەنۇ، نېمىشقا ئۆلۈۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمايسەن؟ سېنى ئارقان بىلەن ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئىش تۈگەيدىغۇ؟

شۇخۇەن مېنى تۇرتۇپ قويۇپ قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— يېپىك، دادىڭىزنى ئاجرىتىۋېلىڭ، مېكىپىكنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدى!

مەن شۇخۇەنگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ مىدىرلىماي تۇردۇم . مەن تاياق يېگەن كۈنى شۇ ئاچامنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كۈلۈپ ئولتۇرغىنى ، مېڭىپىڭنىڭ مىدىر قىلىپ قويماي تاماشا كۆرگەنلىكى كۆز ئالدىمغا كەلدى . بۇ كۈن ئۇلارغىمۇ كېلىدىكەن ـ ھە ! ئەمدى كۈلۈپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى . مەن قاشلىرىمنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ مىدىرلىمىدىم . شۇخۇەن ماڭا قاراپ قويۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى . مېڭىپىڭ كۆچەپ سىلكىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىيالماي قاتتىق تووۋلىدى :

— مەن ئۆلەي ! ئۆلەي ! ئۆلەي !

شۇخۇەن ئۆزىنى باسالمىدى ، ئېتىلىپ بېرىپ دادامنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى ۋە كەسكىن تۈردە :

— چوڭ دادا ! ئۇنى قويۇۋېتىڭ ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە شەرمەندىچىلىكنى يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ، — دېدى .

دادام قولىنى بوشاتتى ۋە :

— سەن تەنتەك نېمە دەيسەن ! خەقنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىڭ ! — دېدى خې شۇخۇەنگە يەۋەتكۈدەك ئالىيىپ .

خې شۇخۇەن مېڭىپىڭنى ھىمايىسىگە ئېلىپ ، قىلچە ئەيمەنمەستىن دادامغا تىكىلگىنىچە :

— بالىلارنىڭ خاتا ئىش قىلىشىدا ئاتا ـ ئانىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار ! باشتا مېڭىپىڭنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى سۈرۈشتە قىلمىدىڭىز . ئەمدى چاتاق چىققاندا ئۇنى ئۆلۈشكە قىستىسىڭىز بەكمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ !

— ۋاھ ، — دادامنىڭ غەزىپى خې شۇخۇەنگە ئۆرۈلدى ، — قاراڭلار بۇ تەنتەكنى ! ماڭا تەلىم بەرگۈدەك بولدۇڭمۇ تېخى ؟

— يوقسۇ ، — دېدى خې شۇخۇەن سالماقلىق بىلەن ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدىن ساراسىمىگە چۈشتۈم ، شۇنداقلا خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىنىغا ئاچچىقىم كەلدى ، — مەن ھەرگىز سىزگە تەلىم بەرمەكچى ئەمەسمەن ، پاكىتنىلا سۆزلەپ قويدۇم . سىز ئادەتتىكى چاغلاردا مېڭىپىڭنى

باشقۇرۇپ تەربىيە بەرمىگەندىكىن ، ئۇ خاتا ئىش قىلغاندا ئەپۇ قىلىشىڭىز كېرەك ! بېقىپ چوڭ قىلىشنى بىلىپ ، تەربىيىلىمەسلىك ئاتىنىڭ سەۋەنلىكى ، تەربىيىدە قاتتىق بولماسلىق مۇئەللىمنىڭ يارامسىزلىقى ! پەرزەنت ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنىڭ 80% مەسئۇلىيىتى ئاتا ـ ئانىدا ، 20% مەسئۇلىيىتى ئۆزىدە بولىدۇ . شۇڭا سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز مېڭىپىڭىزنىڭكىدىن جىق ، — دېدى .

دادام خې شۇخۇەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ، كۆزلىرىنى پۇرۇپ :

— مەن باشقۇرسام ئۆزۈمنىڭ قىزىنى باشقۇردۇم ، سېنىڭ نېمە ئىشىڭ ! ئەڭ ياخشىسى ئاغزىڭنى يۇمۇپ ، كۆزۈمدىن يوقال ! — دېدى .

خې شۇخۇەن ئورنىدىن قوزغالماي دادامغا مىختەك تىكىلىپ قاراپ :

— لۇ چوڭ دادا ، مەن سىزدىن قورقمايمەن ، سىزدە مېنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىڭىزدىن تالاغا تاشلىۋەتكۈدەك مادار يوق ! — دېدى . ئۇ قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇراتتى ، بويى دادامدىن ئانچە قېلىشمايتتى . بىلەكلىرىدىكى تومپىيىپ تۇرغان بۇلجۇڭ گۆشلەر بۇ يىگىتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تولۇق نامايان قىلاتتى . دادامۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى . شۇ تۇرقىدا ئۇلار خۇددى ھۈرپىيىپ ، قۇيرۇقلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرغان سوقۇشقاق خورازلارغا ئوخشىشاتتى . دادام بىردىنلا قولىنى بوشىتىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە :

— بوپتۇ ، شۇخۇەن ، يارايسىز ! — دېدى .

دادام كەينىگە يېنىپ ھۇجرىسىغا ماڭدى ، مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن كىشى ئازار يېگەندە بولىدىغان بىر خىل كاچىلىقنى بايقىدىم . خې شۇخۇەننىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغانىدى . يىلپىز قېرىغاندا يىگى تۇغۇلغان موزايغىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن ! مەنمۇ ئىختىيارسىز دادامنىڭ كەينىدىن كىردىم . دادام بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ، مېنى يېنىغا تارتىپ بىر قولىنى بېشىمغا قويدى ، ئۇنىڭ قولى ھېلىمۇ قاتتىق تىترىمەكتە ئىدى . ئۇ مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمى-

غان مېھرىبانلىق ۋە ھەسرەت بىلەن :

— يېپىلىك ، شۇخۇەن ئوبدان بالا ! مېنىڭ ئۆمرۈم مەغلۇبىيەتلىك بولدى ، شۇخۇەن ئىككىڭلار مەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈڭلار ! — دېدى ، ئاندىن بېشىمنى قويۇۋەتتى ، — بىردەم يالغۇز ئولتۇراي ، سەن چىقىپ مېڭپىڭغا قارا !

دادامنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتىم . شۆ ئاچام بىلەن رۇيپىڭ مېڭپىڭغا ھەدەپ تەسەللىي بېرىۋاتاتتى ، مېڭپىڭ ھەدەپ يىغلاۋاتاتتى . مەن شۇخۇەنگە كېتىش ئىشارىسىنى قىلدىم . بىز ماڭايلى ، دەپ تۇرغاندا ، مېڭپىڭ ئېتىلىپ كېلىپ شۇخۇەننىڭ كىيىمىنى تارتىپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ :

— رەھمەت . . . سىزگە ! ئەگەر ھېلىقى كۈنى مېنى ئاخىرغىچە قوت . . . قۇز . . . غان بولسىڭىز ، بۇ . . . ئىش . . . — دېدى .

شۇخۇەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سورىدى :

— ×× تانسىخانىدا سىز مەست بولۇپ قالغان كۈنى دەمسىز ؟ ئۇنداق بولسا ، بۇ ھېلىقى دارازىنىڭ ئىشمۇ ؟

— مېڭپىڭ بېشىنى قاتتىق چايقىدى .

— يالغۇز ئۇ ئەمەس ، ئاڭقىرالمىدىم ، ئۇلار . . . مېنى . . . مەست قىلىپ قويۇپ ، مەن . . .

بىردىنلا ئاشقازىنىم ئىچى تېشىغا ئۆرۈلگەندەك كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كەلدى . خې شۇخۇەننىڭ قوشۇمىسى تېخىمۇ چىڭ تۈرۈلدى ، ئۇ كالپۇكىنى چىشلەپ قويۇپ سورىدى :

— ئۇلار كىملەر ؟ ماڭا ئىسىملىكنى يېزىپ بېرىڭ !

— ياق ، ياق ، بولمايدۇ ! — دېدى مېڭپىڭ قورقۇپ . خې شۇخۇەن ئېغىر خورسىنىپ قويدى - دە ، قولۇمدىن تارتىپ سىرتقا ماڭدى .

بىز « ئۇياق » تىن چىقتۇق . چوڭ كوچىدا سالقىن ھاۋا يۈزىمىزگە ئۇرۇلغاندا ئاندىن ئۇھ دېدۇق . شۇخۇەن يېنىمدا ئۈن چىقماي ماڭدى . بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ، شۇخۇەن يەنە ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، بوش ئاۋازدا :

www.uyghurkitap.com

— شۇ كۈنى سىز توسمىغان بولسىڭىز مېنىڭكىنى قۇتقۇزۇۋالاتتىم ! — دېدى .

— بۇ ئىشنى مەندىن كۆرۈۋاتامسىز ؟ — دېدىم مەن خاپا بولۇپ ، — سىز ئۇنى بىر توپ ئادەمنىڭ قولىدىن قانداقمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالالايتتىڭىز ؟

— ئەگەر بولمىغاندا ساقچىغا مەلۇم قىلاتتىم . قاراپ تۇرۇپ مېنىڭكىنى ئۇلارغا تاشلاپ بەردۇق ، ئەسلىدە مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالايتتىم ، بىراق قۇتقۇزمىدىم ! — دېدى ئۇ پۇشايمان يېگەن تەلەپپۇز بىلەن .

— ساقچىغا مەلۇم قىلماقچىمىدىڭىز تېخى ؟ — مەن سوغۇق كۈلدۈم ، — پالانىنىڭ ئوغلى يەر ئاستى تانسىخانىسىدا لۈكچەكلىك بىلەن مۇشتلاشتى ، دەپ چاۋىڭىزنى چىتقا يايماقچىمىدىڭىز ؟

— مېنىڭكى تارتقان زىيان ئالدىدا ئۇ قانچىلىك ئىش ! — دېدى شۇخۇەن ماڭا دىققەت بىلەن قاراپ ، — يېپىڭ ، سىڭلىڭىز ئۈچۈن ئازابلانمامسىز ؟ ئۇنىڭ نابۇت بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆكۈنمەمسىز ؟ بىئارام بولمامسىز ؟

— مەن ئاپام ئۈچۈن ئازابلىنىمەن ، — دېدىم مەن سوغۇققىنا ، — ئۆزۈمنىڭ ئون نەچچە يىللىق غۇربەتلىك تۇرمۇشۇم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن .

— يېپىڭ ، بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنسىز .

— راست ، مەن بەك شەخسىيەتچى ، — دېدىم مەن يەنە سوغۇق كۈلۈپ ، — مەن سىزدەك ئەمەس ، سىز كاتتا پالۋان ، ئەتىدىن - كەچكىچە خەلقئالەمنىڭ ھەممىسىگە ياخشىلىق قىلىش كويىدا يۈرىسىز ، مەن ئۆز غېمىمنىلا يەيمەن ، ئاپام ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن يەتكۈدەك ئازاب چەكتىم ، باشقىلارغا يىغلىغۇدەك ئارتۇقچە كۆز يېشىم يوق . سىز مېنى شۆ ئاچامنىڭ بالىلىرىغا ياش ئاققۇزامدىكىن ، دېگەن خام خيالدا بولماڭ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، پەرۋايىم پەلەك !

ئۇ ماڭا زەن سېلىپ قاراپ ئويلىنىپ قالدى . كېيىن :

— يىپىلگ ، سىز نېمە ئۈچۈن مۇنچە ئۆچمەنلىك ساقلايسىز ؟ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆچمەنلىك ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ . ئاداۋەتنىڭ ھەممىسىگىلا ئىنتىقام ئالىدىغان ئىش بولسا ، ئۆچمەنلىك مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ .

— شۇخۇەن ، — دېدىم مەن ، — سىزدە ئۆچمەنلىك دېگەن نەرسە بولۇپ باقمىغان ، شۇڭا سىز ماڭا بۇ تەنتەنىلىك گەپلەرنى قىلدىسىز . ئەگەر سىزنىڭ دادىڭىز مېنىڭ دادام بولۇپ ، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇپ قالسىڭىز ، ئىشىنىمەنكى ، سىز مەندىنمۇ بەك ئۆچمەنلىك ساقلىغان بولاتتىڭىز !

شۇخۇەن بېشىنى چايقاپ ، پۈتۈنلەي قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى . ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئۇ ئۆيگىمۇ كىرمەي خوش ، دەپ قويۇپلا كەتتى . مەن ئۇ يىراقلاپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇپ ئويغا چۆمدۈم ، ئارىمىز يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى ، بۇ ئارىلىقنى يېقىنلىتىشقا قۇربىتىم يەتمەيتتى . چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ماھىيىتىمنى ياپالمايتتىم ، شۆ ئاچامدىن ئىنتىقام ئېلىشتا ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتىم . ئۆيگە كىرىپ بۈگۈن « ئۇياق » تا يۈز بەرگەن ئىشنى ئاپامغا ئېيتىپ بەردىم . ئاپام ھەيران بولۇپ :

— مېڭىپىڭنى دەۋاتامسەن ؟ ئۇ تېخى بالا ئەمەسمۇ ! مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم ، — دېدى .

— خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ قويۇپ ، — سەن خىيالىڭغا كەلتۈرمىگەن ئىشلار تېخى كۆپ ! — كۆز ئالدىمغا شۆ ئاچام ۋە ھېلىقى ئاۋاق لاۋۋېي كېلىپ ، ئاستا قوشۇپ قويدۇم ، — ئانىسى بۇزۇقنىڭ قىزىمۇ بۇزۇق .

— نېمە دەۋاتىسەن ؟ — دېدى ئاپام ماڭا مىختەك تىكىلىپ ، — بىرەر ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭمۇ ؟

— ھېچنېمە دېگىنىم يوققۇ ! — دېدىم گەپنى ياساپ ۋە لۆڭگىنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتىم .

فاڭ يۈنى كۆرمىگىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈن ئۇنى

www.uyghurkitap.com

يوقلاپ باردىم . قارىسام ، ئۇ بىر ئىنجىلنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئوقۇۋېتىپتۇ . مەن كۈلۈپ :

— بىردەم بۇددا نومىنى ئوقۇيسەن ، بىردەم ئىنجىلنى ئوقۇيسەن ، دىن تەتقىقاتچىسى بولىدىغان ئوخشىمامسەن .

— راست گەپ قىلدىڭ ، — دېدى ئۇ ، — ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئىلاھى ئوخشىمىغىنى بىلەن مەقسىتى ئوخشاش ، دۇنيانى ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدۇ ، كىشىلەرگە شاپائەت قىلىپ ، مەۋجۇداتلارنى ئاسرايدۇ . دىننى تەتقىق قىلىش باشقا نەرسىلەرنى تەتقىق قىلغاندىن ياخشىراق .

— رەسسام سىزغاندىنمۇ ياخشىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— رەسسام سىزىش ئۈچۈن ئىلھام ، ماھارەت كېرەك ، بۇلارنىڭ دىن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق . بىلىپ قويغىنىڭكى ، ئەگەر قەلبىڭ تىنچلانمىسا ، دىننى تەتقىق قىلىپ باقساڭ بولىدۇ ، ئۇ قەلبىڭنى تىنچلاندۇرىدۇ .

— رەھمەت ساڭا ، — دېدىم مەن ، — مەندە تىنچلانمىغۇدەك ھېچ ئىش يوق . ئېسىمدە قېلىشىچە ، ھەر ئىككىلىمىز ئاتېئىزمچىلاردىن ئىدۇق ، سەن نېمىشقا بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدىڭ ؟

— ئېھتىمال بۇ دۇنيادا ئىلاھ يوقتۇ ، — فاڭ يۈ سۇپىدا تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئولتۇرۇپ ، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى غايىۋى دۇنياغا كۆز تىكتى ، چىرايىدا بىر خىل غەلىتە ۋە دىققەتلىك كەيپىيات ئىپادىلەندى ، — شۇنىسى دۇنيادا جەزمەن تەبىئەتتىن ھالقىغان بىر كۈچ مەۋجۇت . ئۇ ئاخىرەتتە ھەممىنى ئىدارە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئادەملەر ئۇچرىشىدۇ ، ھاياتلىق دۇنياغا كېلىدۇ . ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ . يەرشارى ئايلىنىدۇ ، بۇ كۈچكە ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ . سىرلىق بولىدۇ . . .

— بولدى ، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم ، — سەن مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپلا گاڭگىراپ قاپسەن ! مېڭەڭ قوچۇلۇپ كېتىپتۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تېزرەك چىقىۋال !

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بوشقىنا :

— مەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىمەن ، كېلەر يەكشەنبە كۈنى خرىستىئان دىنىغا رەسمىي مۇرىت بولۇپ كىرىمەن ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ سورىدىم :

— نېمە مەقسەت بىلەن ؟

— دىنغا كىرىشتە نېمە مەقسەت بولسۇن !

— مېنىڭچە سەندە مەقسەت بار ، — دېدىم مەن ، — سەن راستلا دىنغا ئىشىنەمسەن ؟ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ چەكلەنگەن نېمەتنى يەۋېلىپ جەننەتتىن ھەيدەلگەنلىكىگە ئىشىنەمسەن ؟ ئۇنداق بولسا ، نېمە ئۈچۈن پەن گۇ[1] نىڭ ئالەم ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئىشەنمەمسەن ؟ . . .

— سەن بىلەن دىن ئۈستىدە مۇنازىرىلەشمەيمەن ، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بار ، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە تەسىر كۆرسەتمەيمىز .

— بولىدۇ ! — دېدىم مەن ۋە سۇپىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرغىنىمچە فاڭ يۈگە قاراپ ، — سەن دىنغا كىرسەڭلا ئارام تېپىشىڭغا ئىشىنىمەن ؟

— ئىشىنىمەن .

— ئۇنداق بولسا كىرىۋەرگىن ! — دېدىم مەن ، — ئارام تاپالىساڭلا بولدى .

فاڭ يۈ قولىنى ئالىقىنىمغا قويۇپ ، ماڭا تىكىلىپ سورىدى :

— سەنچۇ ؟

— مەنمۇ پەرىشانمەن . لېكىن ، مەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ دىننىڭ ئىچىگە كىرىۋالمايمەن !

— مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — سەن ئۆچ ئادىمىڭنى مەڭگۈ سۆيمەيسەن ، — ئاندىن ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، — توۋا ، سېنىڭ بېشىڭغا بىر پالاكەت كېلىدىغاندەكلا كۆڭلۈم ئۆيۈۋاتىدىغۇ !

---

① پەن گۇ — پەن گۇ مەملىكىتىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئالەم ۋە زېمىننى ياراتقۇچى دېيىلىدۇ — ت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— فاك يۇ ، مەن سىنىڭ خرىستىئان مۇرىتى بولۇشۇڭغا ئىشەنسەممۇ ، ئەۋلىيا بولۇشۇڭغا ئىشەنمەيمەن ! — دېدىم مەن كۈلۈپ.

فاك يۇمۇ كۈلۈپ قويدى . مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كەچلىك تاماق يېدىم . فاك يۇ مېنى چۇەندۇەن كۆۋرىكىدىن ئۆتكۈچە ئۇزىتىپ قويدى . مەن ئاۋاق لاۋۋېينى ياكى ئۇنىڭ پابىدىسىنى ئۇچرىتارمەن ، دېۋىدىم ، ئۇنداق بولمىدى . بۇنداق « تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش » ئەمدى بولمىسا كېرەك .

ئۆيگە كەلسەم ئاپام ئىشىكنى ئېچىپلا :

— چاپسان ئۆيگە كىر ، شۇخۇەن ھۇجراڭدا سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ! — دېدى .

— ئۇ قاچان كەلدى ؟ — دەپ سورىدىم خۇشاللىق بىلەن .

— يېرىم سائەتتەك بولدى !

ئاپامنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ ھۇجرامغا كىردىم - دە ، سومكامنى كارىۋاتقا تاشلاپ خۇشاللىق بىلەن :

— شۇخۇەن ، كىنوغا بارايلى ، بولامدۇ ؟ — دېدىم .

لېكىن ، شۇئان داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . شۇخۇەن مېنىڭ يېزىق شىرەيىمنىڭ يېنىدا كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىمنى تىزىغا قويغان ھالدا ئولتۇراتتى . كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى ، مەن ئۆچمەنلىك چاقناپ تۇرغان مۇنداق كۆزلەرنى ، نومۇس كۈچى ئۇرغۇغان ۋە غەزەپ ئوتى يېنىپ تۇرغان چىرايىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدا قان يوق ، لېۋىنى چىشلىگەن ، كۆزلىرى ماڭا خۇددى زەھەرلىك يىلانغا تىكىلگەندەك قادالغانىدى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ قورقىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم ! چاتاقنىڭ ئۇنىڭ تىزىدىكى كۈندىلىك خاتىرىدىن چىققانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ خاتىرىدىن نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ، ئوي - پىكىرلىرىمنىمۇ بىر يەرگە يىغالماي تۇگۇلۇپ ، ئىشىككە يۆلىنىپ قالدىم ، ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە تۇرۇپ قالدۇق .

ئاخىر ئۇ كۆندىلىك خاتىرەمنى ئايىغىمغا تاشلىدى . ئېگىشىپ قارىۋىدىم ، ئۇ يېڭىلا ئوقۇغان بىر بەتكە كۆزۈم چۈشتى :

« مېنىڭ خې شۇخۇەننى قولغا كەلتۈرۈشتىكى غەرىزىم ، رۇپېڭ-نىڭ سۆيگىنىنى تارتىۋېلىشلا ، مەن ئېھتىياتچان بولىمەن ، مۇھەببەت تورىغا چىرمىشىپ قالمايمەن . سوغۇق قانلىق بىلەن ئىش كۆرىمەن ، مەن شۇنداق چوڭ بىر ئالدىنقى شەرتنى ئەستە ساقلىشىم لازىمكى ، قىلـ-غان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بىرلا ، ئىنتىقام ئېلىش دېگەن مەقسەت ئۈچۈن ! »

بۇنى كۆرۈپ ، بېشىم پىررىدە ئايلىنىپ ، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى ، مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى . مەن خې شۇخۇەننىڭ غۇ-رۇرى كۈچلۈكلىكىنى بەش قولدەك بىلەتتىم ، خې شۇخۇەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشكەنىدى . ئىشىككە يۈلەنگىنىمچە ئېغىز ئاچالماي قېتىپ تۇردۇم . شۇخۇەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئالدىمغا كەلدى ۋە ئېڭىكىمدىن تۇتۇپ ، غە-زەپ بىلەن مىختەك تىكىلگىنىچە چىرايىمغا سىنچىلاپ قارى-غاندىن كېيىن :

— نەقەدەر كېلىشكەن چىراي ، نەقەدەر پەسكەش قەلب ! گۈزەل-لىك مېنىمۇ ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ ! — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ .

ئۇنىڭ ئاۋازى پەس ئىدى ، لېكىن ھەر بىر سۆزى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى . ئەگەر مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيمىگەن بولسام مۇنچە ئازابلانماس ئىدىم . ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى يۈرەك ـ باغ-رىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى ، كۆز ـ چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ ، ئۇنىڭ چىرايى غۇۋالاشتى . ئۇ ئېڭىكىمنى سىقتى ، ئېڭىكىمنىڭ سۆڭىكى ئېزىـ-لىپ كەتكۈدەك ئاغرىسىمۇ ۋاي دېمەي ، مىدىرلىماي تۇردۇم . ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى ، ئاۋازىدىن چوڭقۇر ئەلەم ، قاتتىق ئازاب ۋە ھەسرەت بىلىنەتتى . ئۇ دانە ـ دانە سۆزلەيتتى :

— سىز ئۆزىڭىزگە چۈشىنىڭ قانىتىدەكمۇ زىيان ـ زەخمىتى يەتمىگەن بىر قىزدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ، مېنى ئالدىدىڭىز ، مۇھەب-

بىمنى ئويۇنچۇق قىلدىڭىز ، مەن سىزنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق قىز ئە-
كەنلىكىڭىزنى بالدۇراق بىلسەم ، ھېلىقى تانسخانىدىلا رەھەرلىك نىيىتى-
ڭىزنى چۈشىنىۋالسام بوپتىكەن !

ئۇ مېنى قاتتىق تىللاپ رەسۋا قىلىۋەتتى . بىراق ، ئۆزۈمنى
ئاقلاپ بىھۇدە ئاۋارە بولمىدىم . كۆز يېشىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا
باشلىدى . ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ :

— كۆزىڭىزنىڭ سۈيىنى ئېقىتماڭ ، ئەمدى كۆز يېشىڭىزغا ئالدى-
نىپ قالمايمەن ! ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، لۇ يېپىڭ ، مەنمۇ سىزگە بوزەك
بولىدىغان ئوغۇل بالا ئەمەس ، مېنى ھاقارەتلىگىنىڭىز ئۈچۈن ئىنتىقام
ئالماي قالمايمەن ! كۆرۈپ قالارسىز ! — دېدى .

خې شۇخۇەن شۇلارنى دەپ مېنى زەپتى بىلەن ئىككى كاچات
سالدى . شۇئان كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى . كۆزۈمنى يۇمۇپ بېشىمنى
تامغا تىرىۋالدىم . مېنىڭ ئۈنچىقماي ، قارشىلىقمۇ كۆرسەتمەي ئىتائەت-
چانلىق بىلەن تۇرغىنىمدىن ئېرىپ قالدى بولغاي ، تاياق زەربىسىدىن
ئوتتەك يېنىپ كەتكەن مەڭزىمنى سىلاپ قويدى . كۆزۈمنى ئېچىپ ،
ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان ھالدا ماڭا تىكىلىپ تۇرغىنىنى غۇۋا
كۆردۈم . مەن تىلىم بىلەن كالپۇكىمنى نەمدىۋېلىپ ئارانلا سۆزلىدىم :

— شۇخۇەن ، ئەگەر سىز تاقەت قىلىپ بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى
باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىققان بولسىڭىز ئىدى ، ئۇ چاغدا . . .

— ياق ! — دېدى ئۇ توۋلاپ ، — مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈ-
شەندىم ، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ! يېپىڭ ، مەن سىزنى يامان كۆرد-
مەن ! سىزگە ئۆچمەن ! سىزگە ئۆچ !

ئۇ مېنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئاپام ئۇنى چاقىردى ،
ئەمما ئۇ قاراپمۇ قويمىدى ، ئۇنىڭ ئىشىكنى جالاقىدە ياپقىنىنى ،
يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇردۇم . . . مەن سىيرىلىپ
سۇپىدا ئولتۇرۇپ قالدىم . تىزىمنى سەل كۆتۈرۈپ ، بېشىمنى يوپكامغا
يۆگەپ جىممىدە ئولتۇردۇم . شۇ تاپتا نە تەپەككۇر قىلغۇدەك ، نە تەھ-
لىل قىلغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى ، مېڭەم ئېلىشىپ سىزىمىمنى يوقاتقانىـ

دىم .

ئاپام ئۆيگە كىرىپ ئەيمەنگەن هالدا :

— بىر ئوبدانلا ئىدىڭلار ، يەنە نېمىگە سوقۇشتۇڭلار ؟ كىچىك بالىمۇ سىلەر ، ئىككى كۈندە بىر سوقۇشۇپ ئەپلىشىپ يۈرىدىغان ! — دېدى .

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاپامغا تىكىلىپ :

— بۇ دورەم ئەپلەشمەيمىز ، ئاپا ، ماڭا تەييارلىغان تويلۇق كىيىملەرنى كۆيدۈرۈۋەت ، ئەمدى ئۇنىڭ كېرىكى يوق ، — دېدىم .

— نېمە بولدى ؟ — ئاپام سەل تەشۋىشلەندى ، زوڭزىيىپ مۆرەمگە ئۇرۇپ تەسەللى بەردى ، — كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلما ، ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە ئەپلىشىپ قالىسىلەر .

مەن ئەلەم بىلەن بېشىمنى چايقىدىم ۋە ئۆزۈمنى تو ختىتىۋېلىپ :

— ئەپلەشمەيمىز ، پەقەتمۇ ئەپلەشمەيمىز . ئاپا ، ئارىمىز پۈتۈنلەي بۇزۇلدى . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغىن .

توۋا ، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ، ئۇنىڭ ئىسمى يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەن تۇرسا ، ئۇنى تىلغا ئالغان بىلەن ئالمىغاننىڭ نېمە پەرقى ؟

بوسوغا ئاتلىماي ئۆيدە ئولتۇرغىنىمغا توپ توغرا بىر هەپتە بولدى . كۈندىلىك خاتىرەمنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسامىمۇ ، كۆڭلۈمدىكى خاتىرىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكىلى بولمىدى . خې شۇخۇەن ئوخلىسام چۈشۈمدىن چىقمايتتى ، تۈنلەردە ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ دېرىزىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوش ئاۋازدا ئۇنى چاقىراتتىم . ئەگەر فاڭ يۈ ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ هەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا ، چاقىرغان ئاۋازىمنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدۇ ، ئۇ ، ئاۋازىمنى ئاڭلىغان هامان يېتىپ كېلىدۇ . . . كېلىدۇ . . . كېلىدۇ . . . دەپ ئويلايتتىم . مەن ئۇنى سېغىنىپ ئۇنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولغان چاغلاردا ، بىرى ئىشىكنى چېكىۋاتقاندەك ، ئۇ هويلا تىمىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ مېنى چاقىرىۋاتقاندەك بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ ماڭا ئارام بەرمەيتتى . بېرىم كېچىلەردە ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ ، دەرۋازىنى ئاچاتتىم - دە ، ئۇ بىرىنچى قېتىم سوقۇشۇپ قالغىنىمىزدىكىگە

ئوخشاش ئىستولىبىغا يۆلىنىپ تۇرامدۇ ـ قانداق دەپ قاراپ باقاتتىم. لېكىن ئۇ كەلمىدى، بىر پارچە خەتمۇ يازمىدى. مەن ئازابتا تولغىناتتىم، ئۈمىدسىزلىك ئوتىدا پۇچۇلىناتتىم. ئۇيقۇدىن بىدار بولغان تاڭ ئاتماس كېچىلەردە، قولۇمنى بېشىمنىڭ ئاستىغا قويۇپ، دېرىزىدىن ئايغا قارىغىنىمچە چوڭقۇر ئويغا چۆمەتتىم، تەھلىل قىلاتتىم. كۈندىلىك خاتىرىنى كۆرگەندىن كېيىن خې شۇخۇەنىڭ قانچىلىك زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ماڭا چۈشىنىشلىك. ئۇنىڭ غۇرۇرى مېنىڭكىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. كۈندىلىك خاتىرەمدىكى بۇ سۆزلەردىن ئۇ يېڭى تونۇشقان چاغلاردىكى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش غەرىزىمنى بىلىپ يەتتى. بۇنىڭ زەربىسىدە خاتىرىنىڭ ھېسسىياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەر يېزىلغان قىسمىنى ئوقۇشقا تاقەت قىلالمىدى، پەرزىمچە، ئۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغىنى بىلەنمۇ مېنى كەچۈرمەيتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىپ، ئىشەنچىسىگە بەرھەم بەرگەنىدىم! شۇ كېچىلەردە مەن يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم: ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام ئەپۇ قىلارمىدىم؟ «ياق!» دېگەن جاۋابنى بەردىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىش ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى: مېنى ھاقارەتلىگىنىڭىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماي قالمايمەن! يېپىلىڭ، مەن سىزنى يامان كۆرىمەن! سىزگە ئۆچمەن! ئۆچ!

ئەمدى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئوڭشىلىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى! مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق نەقەدەر قىسقا ـ ھە! بىر قەدەم باسسىلا ئادەم «مۇھەببەت» چېگرىسىدىن «نەپرەت» دائىرىسىگە ئۆتۈپ كېتىدىكەن. لېكىن مەن ئۇنى بەكمۇ سۆيىمەن، بەكمۇ سۆيىمەن! كۆزۈمنى يۇمسام ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىماسى، ئۇنىڭ باشقا ھېچكىمدە يوق تەمكىن مىجەزى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يۈرەك ـ باغرىمنى پارە قىلغان دەرد ـ ئەلەم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تەسىر قىلىپ مېنى قىينايدۇ، پاراكەندە قىلىدۇ، ياقامنى چاك ئېتىپ يىغلاپ، داد ـ پەرياد سالغۇم كې-

لىدۇ .

تاماقتىن ، ئۇيقۇدىن قالدىم . قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايتتى . كىتاب ئوقۇشقىمۇ رىغبىتىم يوق ئىدى . ئاپامنىڭ كۆيۈنۈشلىرىدىن ئىچىم پۇشاتتى ، مېنى دەپ ئالاھىدە ئىشلەپ قورۇغان سەيلىرىنى يەپمۇ قويماي كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپلا ئولتۇراتتىم . بىر كۈنى ئاپام سىرتقا چىقىپ ، سالپىيىپ غەمگە چۆمگەن ھالدا قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقىنى سوراپمۇ قويمىدىم . ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيتتىم ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كارىم يوق ئىدى . ئاخشىمى ئاپام ئۆزىنى تۇتالماي قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ :

— يىپىلىك ، خې شۇخۇەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە ئىش بولدى ؟ بىر ئوبدان ئىدىڭلار ، توي قىلىش ئالدىدا تۇراتتىڭلار ، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ ؟

— كارىڭ بولمىسۇن ! — دېدىم توۋلاپ . مەن بۇ دەردنىڭ ئازابىنى جىممىدە يۇرۇپ ، ئۆزۈملا تارتىشنى خالايتتىم . شۇڭا ، ئاپام بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىۋىدى ، خۇددى جاراھەت ئېغىزىغا گاچچىدە پىچاق تىققاندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتىم .

— كارىم بولماي تۇرالمايمەن ، — دېدى ئاپام بوشقىنا ، — سەن مېنىڭ يالغۇز قىزىم ، سېنىڭ مۇنچە ئازابلىنىشىڭغا قانداق چىدايمەن !

— مەن قىلچە ئازاب چەككىنىم يوق ، — دەپ توۋلىدىم غەزەپ بىلەن ، — ئاپا ، بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ! كارىڭ بولمىسۇن !

— يىپىلىك ، — دېدى ئاپام ئىللىق قولى بىلەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى بېسىپ تۇرۇپ ، كارىۋاتنىڭ بېشىدىن بىر ئەينەكنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى ، — ئۆزۈڭگە قاراپ باق !

ئەينەككە قارىدىم ، چىرايىمدا قان يوق ، سولغۇن ، ياداڭغۇ ئىدىم . يوغان كۆزلىرىم پىلدىرلاپلا قالغان ، ئىنتايىن روھسىز ئىدىم . چۇۋۇلغان چاچلىرىم قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى . ئەينەككە قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم . . . ياشلىرىم كۆز چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقتى ،

ئەينەكتىكى شولام خۇددى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك خىرەلىشىپ كەتتى. ئاپام قولۇمنى يەنە بېسىپ قويۇپ بوش ئاۋازدا:

— يېپىلىڭ، بۈگۈن مەن خې شۇخۇەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم.

— نېمە؟ — مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈردۈم، — ئاپا، بارمىساڭ بولاتتى! مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مۇھەببەت قەلەندەرى ئەمەس!

— يېپىلىڭ، — دېدى ئاپام، — سەن تەكەببۇرلۇق تۈپەيلى بەك كۆپ ئازار يېدىڭ! مۇنچە ئازاب تارتىپ يۈرگۈچە ئازراق يول قويساڭ بولمامدۇ؟ ئەپسۇسكى، خې شۇخۇەن بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

— ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشمىدىمۇ؟ — بىردىنلا ۋۇجۇدۇمنى غەزەپ ۋە خورلۇق قاپلىدى، — ئاپا، ئۇ يەرگە بېرىپ شۇ خورلۇققا قېلىپ نېمىمۇ قىلاتتىڭ؟

— سىلەرنىڭ مۇھەببىتىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇنىڭدىن دەككە يېيىشكىمۇ رازىمەن! — ئاپام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇغىنىسى، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئاپىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۇ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمايۋېتىپتۇ، ئاخشىمى كېتىپ تاڭغا يېقىن غەرق مەست قايتىپ كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ماڭا ئوخشاش تىت - تىت بولۇپ يۈرۈپتۇ! يېپىلىڭ، سىلەر زادى نېمە بولدۇڭلار؟ ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام، ئۇنى كۆرگىلى باراتتىم!

— بارمايمەن! — دەپ توۋلىدىم، — سەن بېرىپ تۇمشۇقۇڭغا يەپ كەپسەن. ئەمدى مەن بېرىپ يېلىنامدىمەن؟ ئاپا، بولدى، بۇ ئىشنى ھەرگىز تىلغا ئالما، ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت تۈگىدى، پۈتۈنلەي تۈگىدى، چۈشەندىڭمۇ؟ ئاپا، مېنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنى ھەرگىز تىلغا ئالما، بىزنىڭ ئىشىمىزغىمۇ زادى ئارىلاشما! مەن ئۇنى مەڭگۈ كۆرمەيمەن! ئۇ كۆرەڭلەپ تەكەببۇرلۇقنى قىلىۋەرسۇن! مەن ئۇنى مەڭگۈ كۆرمەيمەن!

— كۆپ چاغلاردا ، — دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا ، خۇددى مېنىڭ غەزەپلىرىمنى ھېس قىلغاندەك ، — بىز ئەرزىمىگەن ئۇقۇشماسلىق بىلەن ئۆمۈرلۈك بەختتىن ئايرىلىپ قالىمىز . پەرىزىمچە ، ئاراڭلاردا ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتىدۇ ، سىلەردىكى تەكەببۇرلۇق قارشى تەرەپكە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە يول قويمايۋاتىدۇ . يېپىلىڭ ، سەن ئەقىل ئىشلەتسەڭ بولامدۇ !

— بوپتۇ ، مەن دۆت ، مېنى ھالىمغا قوي ! — دېدىم ، ئاندىن ھۇجرامغا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم - دە ، يوتقاننى بېشىمغا پۈركەپ يېتىۋالدىم .

بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئاپامنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق ئىكەن ، دېگەن يەرگە كەلدىم . مۇھىمى سېغىنىش ۋە تەشنالىق مەندىكى تەكەببۇرلۇقنى يەڭگەنىدى . بۇنىڭ بىلەن ئەتراپلىق ئويلىنىش ۋە ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن غۇرۇرۇمنى زورمۇزور بېسىپ ، شۇخۇەنگە بىر پارچە خەت يازدىم :

شۇخۇەن :

مەن سىزگە «ئۇياق» تىكىلىرگە ئۈچ ئىكىنلىكىمنى ئېيتىپ بەرگەن . يېڭى تونۇشقان چاغلىرىمىزدا ، راست ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە سىز بىلەن يېقىنلاشقىنىمغا ئىقرارمەن . ئەپسۇسكى ، شۇخۇەن ئەگەر سىز تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرگەن ، ئويدان ئەسلەپ باققان بولسىڭىز ، مېنىڭ سىزگە بېغىشلىغان مۇھەببىتىمنىڭ ۋەزنىنى ، چىنلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتىڭىز ! ئەگەر مەن سىزنى چىن دىلىمدىن سۆيمەيدىغان بولسام ، بىز توي قىلىشقا پۈتۈشمەيتتۇق ، ئۆزۈمنى زىنھار سىزگە ئاتىمىغان بولاتتىم . بۇلارنى ئويلاپ باقسىڭىز بولامدۇ ؟

سىزنى كۆرمىگىنىمگە ئون كۈن بولدى . بۇ كۈنلەردە مەن دوزاخ ئازابىنى تارتتىم . سىزنىڭمۇ شۇنداق بولغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن . شۇخۇەن ، ئەگەر مەن خاتالىقىمنى تونۇسام ، بۇ ئىشنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتەمسىز ؟ بولدى ، مۇشۇنچىلىكلا يازاي ، بىلىپ قويۇڭ ، مەن سىزنى سۆيىمەن ! ئىشىنىڭ ئىشەنمەڭ ، ئىختىيار سىزدە !

ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكى سىزگە ئوچۇق ، ھەرگىز سىزنى رەت قىلمايدۇ !
سىزگە بەخت تىلەپ :

يىپەك

خەتنى سىلىۋەتتىم . كۆڭلۈمنى زىددىيەتلىك ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى . بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېلىنىپ - يالۋۇرغىنىمغا گۆڭلۈم غەش بولاتتى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم . بۇ خەت ئۇنى يېنىمغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ ، دەپ قارايتتىم . چۈنكى ئۇنىڭ يەنىلا مېنى سۆيىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى ! ئۇ قايتىپ كېلىدىغانلا بولسا ، تەكەببۇرلۇقۇمنى تاشلايتتىم ! ئۇنى ئىنتايىن سېغىنغان ، كۆرۈشكە بەكمۇ ئىنتىزار ئىدىم !

شۇغىنىسى ، چوتنى خاتا سوقۇپتىمەن ! يازغان خېتىم خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك ئىز - دېرەكسىز يوقالدى . ئۇ مەن مۆلچەرلىگەندەك خەتنى كۆرۈش بىلەنلا يېتىپ كەلمىدى . مەن ئۇنى زارىقىپ كۈتتۈم . بىر كۈن ، ئىككى كۈن ، ئۈچ كۈن . . . ئۆتتى ، نەتىجىسىز كۈتۈش تۇيغۇسى سەۋر قاچام چېقىلدى . مەن خەت ياردىم ، باش ئەگدىم ، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلمىدى ! ئەگەر بۇ خەتنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام ، بۇ خەتنى يېزىپ بۇنچە خورلۇق تارتىپ نېمە قىلاتتىم ! نېمە قىلاتتىم ؟ نېمە قىلاتتىم زادى ؟ ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تىلىگىنىم ئۈچۈن ناھايىتى ئاچچىقلاندىم . ئۇنىڭ مۇنداق باغرى تاشلىق قىلغانلىقىغا غەزىپىم تاشتى ! ئۇنىڭ سۆكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ۋە كارى بولماسلىقى ماڭا بەكمۇ ھار كەلدى . شۇڭا ئۇنى ئۆچ كۆرۈشكە باشلىدىم ، ئۇنىڭغا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتتىم ! لېكىن ، ئۆچمەنلىكنىڭ ئەكس تەرىپى سۆيگۈ ئىدى ، سۆيگۈ بىلەن ئۆچمەنلىك ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىپ سەكپارە ۋە زەردىگۆش بولدۇم . ئۇ مېنى كۆرگىلى كېلىدىغۇ دېگەن ئۈمىد يوققا چىققاندىن كېيىن ، مەن ئۇنى قارغىدىم ، ماشىنا ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈشىنى تىلىدىم . لېكىن ، تۈن نىسبىگە بارغاندا ئۇنى چاقىراتتىم ، تەگرىگە سېغىنىپ ئۇنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەرھال قېشىمغا ئەۋەتسەڭ ، دەيتتىم .

ئېرخاۋ ئىككى قېتىم كەلدى ، دادام مېنى كەلسۇن ، دەپ ئېيتىپ بەرگەنىكەن . « ئۇياق » قا باردىم . قىسقىغىنا يېرىم ئاي ئىچىدە خېلىلا ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ . مېھمانخانا جىمجىت ، ئادەم يوق ، رادىئو موللام مۇشۇكتەك ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا يېتىپتۇ ، شۇنچە چوڭ بىر كورپوس ئۆي چۆلدەرىگەن شەھەردەك بولۇپ قاپتۇ . دادام بىلەن كۆرۈشتۈم . مېڭىپىلڭ بالىنى چۇشۇرۇۋېتىمەن ، دەپ قالايمىقان دورا ئىچىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ . ھازىر جۇڭشەن شىمالىي يولىدىكى بىر شەخسىي دوختۇرخانىدا يېتىپتۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، پات ئارىدا ساقىيالمىسا كېرەك ، شۇ ئاچام ئېرجىيېنى ئېلىپ دوختۇرخانىدا مېڭىپىڭغا قاراۋېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ ئانچىكى خورسىنىپ قويدۇم . دادام ماڭا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئۆتكۈر ئىدى ، ياشىنىپ قالغىنى بىلەن ئۆتكۈر كۆزلىرى ئاۋۋالقىدەك چاقناپ تۇراتتى . ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي سورىدى :

— نېمە بولدۇڭ ؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ ؟

بۇ چىرايىم بىلەن دادامنى ئالدىيالمايتتىم ، شۇڭا :

— ھەئە ، ئاغرىپ بىرنەچچە كۈن يېتىپ قالدىم ، — دەپ قويدۇم .

دادام ماڭا قاتتىق تىكىلىپ سورىدى :

— شۇخۇەن بىلەن نېمە بولۇشتۇڭلار ؟

مەن ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇ قانداق بىلگەندۇ ؟

— ھېچنېمە بولۇشمىدۇقۇ ! — دېدىم مەن مۇنداقلا .

— ماي تارتىشىپ قالدىڭلارمۇ قانداق ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەممىنى بىلىدىغاندەك .

— ھەئە ، — دەپ قويدۇم . ئۇ بىلگەن بولسا بىلىۋەرسۇن ! دېمەك ھەممىلا ئادەم خې شۇخۇەن ئىككىمىزگە دىققەت قىلىپ يۈرۈپتىكەن — دە !

— نېمە ئۈچۈن ؟

www.uyghurkitap.com

— مىجەزىمىز توغرا كەلمەيدىكەن، ئايرىلىپ كەتتۇق، مۇشۇنچىلىكلا ئىش!

دادام ماڭا مىختەك تىكىلىپ قارىدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— يېپىلىك، ھاماقەتلىك قىلما، ئۇ تولىمۇ ئوبدان يىگىت! — دېدى.

— ئۇ ئوبدان بولسا ماڭا نېمە! — دېدىم مەن زەردە بىلەن، — ئۇنىڭ بىلەن تۈگەشتۇق! ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشتىنمۇ بىزارمەن! نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشى بىلەنلا قالىسىلەر؟

— ھىم! — دېدى دادام سوغۇققىنا، — مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمەن، ئەگەر ئۇ تەنتەك ئۈچمە كۆڭۈللۈك قىلغان بولسا، مەن راسا كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىنى بېرىمەن!

— دادا! — دەپ توۋلىدىم مەن شۇئان ئاناردەك قىزىرىپ. — بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭ! ئۇنى مەن تاشلىۋەتتىم، ماڭا ئۇنىڭ كېرىكى يوق، چۈشەندىڭىزمۇ؟ دادا، سىز ھەرگىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىپ يۈرمەڭ! مەن سىزنى بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرمايمەن!

دادام كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈردى ۋە غاڭزىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنى سەن تاشلىۋەتتىڭمۇ؟ ئۇنداقتا، سەن بەك ھاماقەتلىك قىپسەن! ئادەم تونۇمايدىكەنسەن! — دېدى.

— ئادەم تونۇمىغان بولسام بوپتۇ، — دېدىم توۋلاپ، — سىز ئۇنى گۈل قىلىپ قىسۋېلىڭ! ئۇ دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس، — غەزەپ ۋە ھەسرەت تۈپەيلى بۇ يەردە تۇرغۇم كەلمەي كەينىمگە يېنىپلا سىرتقا ماڭدىم. دادام مېنى چاقىردى:

— يېپىلىك!

مەن توختىدىم. دادام مەندىن سورىدى:

— پۇل كېرەكمۇ؟

پۇل لازىم ئىدى. بېشىمنى لىڭشىتتىم. دادام تارتمىسىنى ئېچىپ ماڭا بىر تاتازا پۇل ئېلىپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

— يېپىلىك، ئوبدانراق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يېگىن، چىرايىڭ

ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. ئىككى قۇر چىرايلىق كىيىم تىككۈزۈپ كىيگىن، قىز بالا دېگەن چىرايلىق ياسىنىپ يۈرگىنى ياخشى!

پۇلنى ئالدىم ـ دە، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي چىقىپ كەتتىم. ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، رۇپىڭنى كۆرمىگەنلىكىم، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىشىم لازىملىقى ئېسىمگە چۈشتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. دادامنىڭ گەپلىرى دەدلىرىمگە دەرد قوشقاندى! شۇخۇەن، شۇخۇەن! مەن سېنى سۆيگەن، ھېلىھەم سۆيىمەن، ئېھتىمال سەندىن باشقا يىگىتنى مەڭگۈ سۆيمەيمەن. سەن مەندىن ئايرىلدىڭ، كەلمەسكە كەتتىڭ! شۇخۇەن، خې شۇخۇەن، بۇ نەقەدەر يېقىن ھەم نەقەدەر يىراق، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە تولغان ئىسىم ـ ھە!

بۈگۈن ئاخشام، مەن يېڭى بىر خاتىرە تۇتۇپ، قەتئىي نىيەتكە كەلدىم ـ دە، ئىرادەمنى يازدىم:

«ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەلمەسكە كەتتى. مەن ئەمدى ئۆتكەن كۈنلەرگە تاۋاپ قىلىپ ئولتۇرمايمەن. ئۆتكەنگە سالاۋات! مەن ئۆزۈمنى ئەزەلدىنلا قەيسەر، ھېچقانداق كۈچ تىز پۈكتۈرەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلاپ كەلگەن! شۇڭا ئەمدى ئۆتكەنكى ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكۈشۈم ۋە ھەسرەت چېكىشىم ئورۇنسىز! يېپىڭ، ئورنۇڭدىن دەس تۇر، سەن ئاجىزلاردىن ئەمەس! قەيسەرلەردىنسەن!»

«بۈگۈندىن باشلاپ، خې شۇخۇەن يۈرىكىمدە ئۆلسۇن! ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمۈلسۇن! باھاردىكى چۈشتەك ئىز دېرەكسىز يوقالسۇن! سەن قەيسەر بولغاندىكىن، ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتىپ چىداملىق بولۇشۇڭ كېرەك!»

«قولدىن كەتكەن نەرسە خۇددى مەڭگۈ ئېرىشەلمىگەن نەرسىدەك قولدىن كەتكەنگە ھېساب بولسۇن. شۇخۇەن بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، سەن ئوخشاشلا ياشاپ كەلگەنىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭدىكى قانداق كۈچ سېنى شۇنچە ھىجران دېغىدا قويدى؟ ئۇ...»

خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، قەلەم تۇتقان قولۇم تىت-

www.uyghurkitap.com

رەپ ، يېزىپ قويغان خەتلىرىم مىدىرلىغاندەك بولدى . دەپتەرگە سىنە-چىلاپ قارىدىم ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ ، بېشىم قىيىپ ، قولۇمدىكى قەلەم سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ، بېشىم لاسسىدە شىرەگە چۈشتى ، يۈرىكىمدىن ھەسرەتلىك سادا كۆتۈرۈلدى !

خې شۇخۇەن ! خې شۇخۇەن ! خې شۇخۇەن !

# 8

يارىم كېتىمەن دەيدۇ تۇتۇپ قالغىلى بولماس !
مېنى قويۇپ ھەسرەتتە ئۆزىمۇ ئارام تاپماس !

يامغۇر ياغماقتا .

مەن يامغۇرلۇق چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ ، يېڭى ھايات جەنۇبىي يولى بىلەن « ئۇياق » قا قاراپ يول ئالدىم . كۆڭلۈم غەش ، كەيپىم بۇ-زۇلۇپ تۇرغاچقا ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئاستا ماڭماقتا ئىدىم . كوچا چىراغلىرى شولامنى بىردەم ئالدىمغا ، بىردەم كەينىمگە چۈشۈرەتتى . يازنىڭ دائىملىق ئۆتكۈنچى يامغۇرى تۇرۇپلا يېغىپ ، تۇرۇپلا توختاپ قالاتتى . بىردە تاراسلاپ يېغىپ ، بىردە سىمىلداپ چۈشەتتى . مەن يام-غۇرلۇق چاپاننىڭ بۆكىنى يەلكەمگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ، تۆگمىسىنىمۇ ئەتمەي ، ھۆل بولسام بولمامدىمەن ، تېخى سالقىنداپ قالىمەن ، ئېلىشىپ تۇرغان كاللام سەگىپ قالار ، دەپ پەرۋاسىز مېڭىۋەردىم .

« ئۇياق » نىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ، گۈللۈكنىڭ ئارىسىدىكى سېمونت يول بىلەن مېھمانخانىغا ماڭدىم . مېھمانخانىنىڭ دەرپەردىلىك ئىشىكىدىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، خېلىدىن بۇيان بىر تام چىرىغىلا يېقىلىدىغان مېھمانخانا بۈگۈن يوپيو-رۇق ئىدى . بۇ نېمە ئىشتۇ ؟ مېڭپىڭ دوختۇرخانىدىن چىققانمىدۇ ؟ ئۇ دوختۇرخانىدىن ھازىر چىقالمايتتى ، چۈنكى ئۆتكەن يەكشەنبە دادام ئۇنى ھالى پەسرەك ، ئوپېراتسىيە قىلىنىش ئېھتىمالى بار دېگەنىدى .

ئۇنداقتا مېھمانخانىنى شۇنچە يورۇتۇۋەتكۈدەك نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ مەن ھويلىدىكى گۈپپىدە ئېچىلغان ئەتىر گۈللەرنىڭ پۇرىقىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئېرەنسىزلا مېڭىۋەردىم . . . بىردىنلا توختاپ قالدىم . كىشلەرنىڭ شو-لىسى ، كۈلكە پاراڭلار . . . بۇ ھالەت مەن بىرىنچى قېتىم خې شۇخۇەننى كۆرگەن چاغدىكىگە نەقەدەر ئوخشىشىدۇ ـ ھە ؟ ئوخشاشمايدىغىنى پە-قەت ئۇ چاغ قىش ئىدى ، ھازىر بولسا ياز . ئۇ چاغدا مەن تېخى مۇھەب-بەت دەرۋازىسىنى چېكىپ باقمىغانىدىم ، ئەمدى مۇھەببەت دەرۋازىسىدىن قايتىپ چىقتىم . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇراقسىز-لىقى تۇپەيلى قىسقىغىنا يېرىم يىلدا ھەممە نەرسە ئۆزگەردى !

مەن دەرپەردىلىك ئىشىكنى ئاچقىنىمدا تېخىچىلا ئېسىمنى يىغۇۋالمىغان ، يەنىلا ئۆز خىيالىم بىلەن ئىدىم . بوسۇغىغا قەدەم قويۇ-شۇمغىلا ، خۇددى كاللامغا قاتتىق بىر مۇشت تەگكەندەك ، بېشىم ئايلى-نىپ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى ، يېقىلىپ چۈشمەي دەپ ساپانىڭ يۆ-لەنچۈكىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدىم . ئاسمان ـ زېمىن پىرقىراپ تۇرغان ھا-لەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بېشىمنى سىلكىۋېتىپ ئۆزۈمنى سەل توختىتىۋېلىپ ، كۆز ئالدىمدىكى بۇ ھالەت راستمۇ ياكى بۇ مەندىكى خىيالىي سېزىممۇ دېگەن ئوي بىلەن زېھنىمنى يىغىپ قارىدىم .

دەرۋەقە ! كۆرگەنلىرىم راست ئىدى . خې شۇخۇەن بىلەن رۇ-پىڭ قول تۇتۇشۇپ كۈلۈمسىرىشىپ بىر ساپادا يانمۇيان ئولتۇراتتى ، رۇپىڭنىڭ كۈلكىسى بەختىيار ، خۇددى چۈشىدىكىدەك يېقىملىق ، ئىشق ئوتىدا كۆيگەن ھەرقانداق بىر قىزنىڭ چىرايىدا جىلۋە قىلىدىغان كۈلكە ئىدى . ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە قانداقتۇر بىر نۇرمۇ جىلۋىلىنىپ ، ۋاي دې-گۈچىلىكى يوق چىرايىنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى . مەن ئۆ-زۈمنى زورىغا بېسىپ ، كۆزلىرىمنى پۈرۈشتۈرۈپ خې شۇخۇەنگە قارى-دىم . ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپتىكەن . ئۇ مېنى كۆرۈپلا بىر قىسما بولدى ، چىرايىدىكى تەبەسسۇم غايىب بولدى . ئەمما ، شۇئان لەۋلىرىگە قايتا كۈلكە يۈگۈردى . ئۇ جۇدەپ كەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن كەيپى چاغ ئىدى . ئۇ رۇپىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى پۇلاڭلىتىپ مەندىن

www.uyghurkitap.com

ئەھۋال سورىدى :

— ھوي ! يىپىلك ، ياخشىمۇسىز ؟ ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ !

ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچە ئەركىن ۋە بىمالال ، كۈلكىسىمۇ تەبىئىي ئىدى . پۈتۈن ئەزايى – بەدىنىم قىيما – چىيما بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ ، تىزلىرىم تىترەپ ساپادا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم . شۇندا ئۆيدە شۆ ئاچام ، ئىرجىپ ، ئىرخاۋلارنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدىم . دادام بىلەن مىڭپىڭلا يوق ئىكەن . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەنىدى . ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ زەربىگە ئۇچرىغانلىقىمنى سەزدۈرمەسلىك ، بولۇپمۇ شۆ ئاچام بىلەن شۇخۇەن ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم . پەرۋاسىزلىق بىلەن چىرايىمغا كۈلكە تۈسى بېرىشكە تىرىشىپ باقساممۇ مەغلۇپ بولدۇم . پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ ، گېلىم قۇرۇپ ، خۇددى ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم . شۇخۇەنىڭ سوئالىغا تەسلىكتە جاۋاب بەردىم ، ئاۋازىممۇ غەلىتە چىقتى :

— ھە – ئە ، ئۆزۈڭدىن بۇيان كۆرۈشمىدۇق !

— يىپىلك ، — دېدى ئىرخاۋ ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ ، — ساڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەي ، شۇخۇەن رۇپىڭغا چاي ئىچكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ . قارىغىنا ، ئۇلار بىر – بىرىگە نېمىدېگەن پار كەلگەن – ھە ! خۇدا قوشقان جۈپلەر بولار !

مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . ساپاغا يۆلىنىپ خې شۇخۇەن بىلەن رۇپىڭغا قارىدىم . رۇپىلك ئۇيالغان ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا ماڭا قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا قارىشىمغا شۇئان چىرايىدا ئۇياتچان تەبەسسۇم پەيدا بولدى . خې شۇخۇەن رۇپىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى ، چىرايىدىمۇ ئىرەنسىزلىك كۈلكىسى ئەكس ئېتەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچراشقاندا ، ئۇ تۇرۇپ قالغاندەك بولدىيۇ ، دەرھال يەنە كۈلۈپ :

— يىپىلك ، ئىرخاۋ سىزگە رۇپىلك ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى خەۋەر قىلدى ، بىزنى تەبرىكلىمەمسىز ؟

مەن گەپ قىلىشقا تەمشەلدىم ، لېكىن تىلىم قېتىپ گەپ قىلالمى‑دىم . مەن خې شۇخۇەنگە قادىلىپ قارىغىنىمچە ئۇنىڭ « مەنمۇ سىزگە بوزەك بولىدىغان ئوغۇل بالا ئەمەس ، مېنى ھاقارەتلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماي قالمايمەن ! كۆرۈپ قالارسىز ! » دېگەن گەپلىرىنى ئەسكە ئالدىم .

ھە ، بۇ ئۇنىڭ ئىنتىقام ئالغىنى ئىكەن ــ دە ! ۋاي دۈشمەن ! ۋاي زەھەر ! ۋاي ئىپلاس ! مەن چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم ، گەپ قىلاي ، خۇش پېئىللىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ، خې شۇخۇەننى نەزەر ــ كۆزلىرىمگە ئىلمىغانلىقىمنى ، ئۇنى پەقەت كولدۇرلىتىپ يۈرگىنىمنى دەي دېدىمىيۇ ، زادىلا قاملاشتۇرالمىدىم . شۇ ئاچام مېنى چاقىردى . ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىبە ۋە كۆرەڭلىك تەبەسسۇمى ئوينايتتى ( دەرۋەقە ، خېلى‑دىن بۇيان ئۇنىڭغا مۇنداق خۇشاللىق نېسىپ بولمىغانىدى ) ، ئۇ كۈلۈپ ئەتەي ماڭا كۆيۈنگەن تەرىزدە :

ــ يېپىلىڭ ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە ؟ چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ ! ــ دېدى .

مەن يېرىلغۇدەك بولغان بولسامۇ ، كۈچەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ :

ــ رەھمەت سىزگە ، مىجەزىم جايىدا ! ــ دېدىم سوغۇققىنا .

ــ شۇنداقلا بولسا بولدىغۇ ! ــ دېدى شۇ ئاچام ۋە ماڭا قاراپ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ بەدنىيەتلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ، ــ ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، بىز بىر مەزگىل خې شۇخۇەننى سىز بىلەن . . . دەپ يۈرگەن ئىكەنمىز . . . ھا ھا ھا ، بۇ دېگەن تەقدىر ــ پېشانە ، ئەمدى نېمە چارە !

مەن چىشىمنى چىشلەپ ، زۇۋان سۈرمىدىم . دۇرۇس ، ھازىر ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ماڭا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتاتتى . مەن ھەممىگە بىر ــ بىرلەپ سەپسېلىپ چىقتىم ، ھەممىسى مېنىڭ دۈشمەنلىرىم ئىكەن . مەن قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە تەنھا ، يار ــ يۆلەكسىز قالغان‑دىم . بۇ جەڭدە ئۇلار تولۇق غەلىبە قازانغان ، مەن يەر بىلەن يەكسان

بولغانىدىم ! ئىبراخاۋ يەنىلا مەسخىرىلىك كۈلۈپ :

— يىپپىك ، يەنە بىر ئىشتا سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمىز ! رو- پىلىك ئۈكتەبىردە توي قىلىشى مۇمكىن ، بىز خېلى ئويلىشىپ ، سېنى قىز قولدىشى بولسا تازا مۇۋاپىق دېگەن يەرگە كەلدۇق . قانداق ؟ بولىدۇ-غاندۇ ؟

— بولىدۇ ! — دېدىم كەسكىن تۈردە ، ئاندىن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ، قان تومۇرلىرىم چىڭقىلىپ تېنىمگە پاتماي كېتىۋاتاتتى ، بۇ يەردىن تېز كەتمىسەم بولمايتتى ، — مەن سىلەرگە خۇشاللىق بىلەن قىز قولدىشى بولىمەن . بىللە ياشاپ ، بىللە قېرىشىڭلارنى تىلەيمەن ! — ئارقىدىنلا شۇ ئاچامدىن سورىدىم ، — دادام قېنى ؟

— سىرتقا چىقىپ كەتتى !

— ئۇنىڭغا كەلگەنلىكىمنى دەپ قويۇڭ !

سۆزۈمنى تۈگىتىپلا مېھمانخانىدىن ئىتتىك چىقىپ ، دەلدەڭشى-گىنىمچە دەرۋازىغا ئۈزۈمنى ئاتتىم . گۈللۈككە كەلگەندە روپىلىك قوغلاپ كېلىپ مېنى چاقىردى :

— يىپپىك ، توختاپ تۇر

مەن توختىدىم ، روپىلىك يېتىشىۋېلىپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارى-ماي ، قولۇمنى تۇتۇپ خىجىللىق بىلەن :

— يىپپىك ، مەندىن ئاغرىنمايدىغانسەن ، مەن سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلىمەن ! — دېدى .

مەن چىدىماي قالدىم ! شۇ تاپتا خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋولقاندەك ، سەللا بېسىم بولسا پارتلاپ كېتەتتىم . ئۇنىڭ قولىنى سىل-كىۋەتتىم :

— ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈمە ، بۇ ئىشنى قېتىمغىمۇ ئالغىنىم يوق !

لېكىن بۇ ھاماقەت قولۇمنى قويۇۋەتمەي ئاق كۆكۈللۈك بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى :

— يىپپىك ، سېنىڭ پەرىشان بولۇۋاتقىنىڭنى بىلىمەن ، مەنمۇ بۇ

كۆنلەرنى بېشمدىن ئۆتكۈزگەن . سېنىڭ يىگىتلىكنى تالاشماقچى ئەمەس ئىدىم ، بىراق ، ئۇ ماگا . . . ئامالسىز قالدىم . يېپىڭ ، ئىلگىرى مەن سەندىن ئاغرىنمىغان . ئەمدى سەنمۇ مەندىن ئاغرىنما ، بولامدۇ ؟ بىز يەنىلا ئۇبدان ھەدە ـ سىڭىللاردىن بولايلى ، قانداق دېدىم ؟

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوغام قاينىدى ، مېڭەم چىڭقىلىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئەيمىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ يېرىلغۇدەك بولۇپ توۋلاپ كەتتىم :

— ئاڭلاپ قويغىنكى ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك ! پەرۋايىم پەلەك ! چۈشەندىڭمۇ ؟ ھوي دۆت !

سۆزۈمنى تۈگىتىپ ، كەينىمگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ دەرۋازىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . سىرتقا چىقىپ تامغا يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . بىرپەستىن كېيىن ، تۈيۇقسىز زەربىدىن ئايلىنىپ كەتكەن بېشىم سەل ئوڭشالدى . تاياق يېگەن كۈنى مۇشۇ تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ، ئىنتىقام ئالىمەن دەپ قەسەم ئىچكەنلىكىم بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كەلدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈزۈمنى يامغۇرغا تۇتتۇم . يۈرەك باغرىم پارە ـ پارە بولدى ، بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىپ كەتتى ! بىر مەھەل ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە مەشەگە كېلىپ قالغاندەك ئىدىم . خې شۇخۇەن . . . تامغا يۆلەنگىنىمچە بېشىمنى چايقاپ ئۈنسىز نىدا قىلدىم :

— خې شۇخۇەن مەن سېنى يامان كۆرىمەن !

مەن دەلدەڭشىگىنىمچە يېگى ھايات غەربىي يولىنى بويلاپ ماڭدىم . يامغۇر ئەدەپ شامال كۈچەيدى ، مەن يامغۇرلۇق چاپاننىڭ ياقىسىنى كۆتۈرمەي مېڭىۋەردىم . شامال يامغۇرلۇق چاپىنىمنى يەلپۈپ تۇرغاچقا ، يېغىۋاتقان يامغۇر كىيىمىمنى چۆپ ـ چۆپ قىلىۋەتتى ، چېچىمدىن سىرغىپ چۈشكەن يامغۇر سۈيى ئىچىمگە كىرمەكتە ئىدى . بۇنىڭ بىلەنمۇ كارىم بولمىدى ! شۇ تاپتا مېنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارىم يوق ئىدى ! بېشىمنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ ، كۆز ئالدىم خىرەلەشتى . بىر جايىنى تېپىپ غەزەپ بىلەن ناخشا توۋلىغۇم ، قاتتىق نالە ـ پەرياد قىلغۇم ، ھۆڭرەپ يىغلىغۇم كەلدى . مەن بۇ ۋەھشىي دۇنيادىن نەپرەتلىنىپ

يىغلايتتىم ، رەھىمسىز ئالەم ئۈستىدىن نالە ـ پەرياد قىلاتتىم !

تىنچلىق شەرقىي يولىغا بارغاندا بۇرۇلاتتىم . بۇنى ئۇنتۇپ ئۇزۇل كېتتۇۋېرىپتىمەن . كۆڭلۈم ئازار يېگەن ، ئۈمىدسىزلىك ۋە غەزەپكە تولغان ، ھاقارەتلەنگەندى . مەن جىنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان خېشۇخۇەن بۈگۈن مېنى يەتكۈدەك ھاقارەتلىدى . ئەمدى ئۇ مۇرادىغا يەتكەندۇ ، قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىدىغاندۇ ! ئېھ . . . نەقەدەر غەلىتە دۇنيا بۇ ، ئىنسانلار نېمانداق غەلىتىدۇ ، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ چېكى نەقەدەر غەلىتە بولىدىغاندۇ ! يېڭى ھايات غەربىي يول روزۋېلت يولىغا تۇتىشاتتى ، مەن مۇشۇ يول بىلەن سولغا بۇرۇلۇپ ، تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىشىمغىلا بىر ئاپتوبۇس كېلىپ توختىدى ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىمۇ ئازادە ئىكەن ، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاچقا ، قارىسىغىلا ئاپتوبۇسقا چىقتىم ، نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم . ئاپتوبۇس قوزغالدى ، مەن ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم . بېشىم ئاغرىپ كەتتى . ئاپتوبۇسنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختىشىغا پەرۋا قىلماي ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ئولتۇردۇم .

ئاپتوبۇس ئۇيەر ـ بۇيەردە توختاپ ماڭدى . ئاخىر بىر يەرگە كەلگەندە توختىدى . بېلەت ساتقۇچى خېنىم مۈرەمنى تۇرۇپ مېنى ئېغىتتى ۋە :

— ھوي ، خېنىم ! ئاخىرقى بېكەتكە كەلدۇق ! — دېدى .

— كەلدۇق ! نەگە كەلدۇق ؟ نە بولسا بولمامدۇ ! ئىشقىلىپ ئاخىرقى بېكەتكە كەلگەندىكىن ئاپتوبۇستىن چۈشۈش كېرەك ـ تە . ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەتراپقا سەپسالدىم . تاشيول ئىدارىسىنىڭ بېكەت تاختىسىدىكى خەتنى كۆرۈپ ، بۇ يەرنىڭ شىندىيەن بېكىتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم . ئالدىمغا مېڭىپ شىندىيەن بازىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بېيتەن ئاسما كۆۋرۈكىگە باردىم . كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە يۈزۈمنى شامالغا تۇتۇپ ئۇزاق تۇردۇم . ئۈستۈمگە يامغۇر چۈشمەكتە ئىدى ، مېنى قاراڭغۇ تۈن ئۆز قوينىغا ئالغان ، تۈن قاراڭغۇسىدا دەريا

www.uyghurkitap.com

يۈزىنى ئاق يېغىنلىق تۇمان قاپلىغانىدى .
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ مەقسەتسىزلا قاشقا چۈشتۈم ۋە دەريا بويىدىكى سازلىقتا ئاستا ماڭدىم . ئەتراپ جىمجىت ، شامالنىڭ غۇرقىرىشى ، يامغۇرنىڭ سىمىلدىشىدىن باشقا ئاۋاز يوق . تەبىئەتمۇ ماڭا ئوخشاش پەرىشان ، كائىنات قاراڭغۇ تۈن ئىلكىگە ئۆتكەن ، ئەتراپ سۆرۈن ۋە سىرلىق . بېشىمنىڭ ئاغرىقى كۈچىيىپ كەتتى . چېچىمدىن سىرغىپ چۈشكەن يامغۇر سۈيى گەدىنىمنى بويلاپ ئىچىمگە كىرمەكتە . تۈگمىسى ئېتىلمىگەن يامغۇرلۇق چاپان ھېچنېمىگە دالدا بولمايۋاتاتتى . ناھايىتى مۇزلاپ غالىلداپ تىترىمەكتە ئىدىم ، مېڭەم ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى .
بىر دۆۋە تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغىنىمدا ، دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىدىم . بۇ يەردە بىر سۇئېيى قاش بولۇپ ، سۇ ئازايغان ۋاقىتلاردا كۆرۈنەتتى . بۇ ، دەريا سۈيىنىڭ كەلكۈندىن ساقلىنىش لىنىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتىدىغان چاغلار بولغاچقا ، قاشتىن ئۆتۈۋاتقان سۇ خۇددى شارقىراتمىغا ئوخشاش كېچىدىمۇ يالتىراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . مەن بىر تاشنىڭ ئۈستىدە جەينىكىمنى تىزىمغا قويۇپ ئېڭىكىمنى تۇتقىنىمچە دەريا سۈيىگە قاراپ جىممىدە ئولتۇردۇم .
سۇ يۈزىدىكى دولقۇنلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، كۈندۈزى بۇ يەرلەردە خې شۇخۇەن بىلەن كۆپ قېتىم ئايلىنىپ تاماشا قىلغانىدۇق . ئەمدىلىكتە خې شۇخۇەن باشقا بىر قىزغا ، مەن ئۈچ قىزغا ، شۆ ئاچامنىڭ قىزىغا تەئەللۇق بولۇپ قالغانىدى ! مەن لېۋىمنى چىشلەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم . خې شۇخۇەن ئەجەب كېلىشتۈرۈپ ئۈچ ئېلىۋالدى ــ ھە ! شۇخۇەن ! شۇخۇەن . . . ئاپام ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ، مەن خەت يېزىپ يېلىنغان بولسامۇ ، ئۇ پەرۋا قىلمىدى ، تولىمۇ تاش يۈرەكلىك قىلدى ! شۇنداق بولسىمۇ ، مەن ئۇنى سۆيىمەن ! قاراڭغۇ كېچىدە ، دەريا بويىدا ئۇنىڭ ماڭا سالغان ئازابلىرىغا چىداپ تەنھا ئولتۇرغان مۇشۇ تاپتىمۇ ، قەلبىمدە ئازاب ۋە غەزەپ ئارىلاشقان سۆيگۈنى ھېس قىلىۋاتىمەن . لېكىن بۇ سۆيگۈ كۈچەيگەنسېرى مەندىكى ئۆچمەنلىكمۇ شۇنچە كۈچىيىۋاتاتتى ! خې شۇخۇەن دېگەن ئىسىممۇ خۇددى پىچاقتەك يۈرىكىمگە قاتتىق

سانجىلىۋاتاتتى . ئېقىۋاتقان قاپقارا دەريا سۈيى يۇرىكىمدىن ئېقىپ چىق-
قان قانغا ئوخشايتتى .

خىيال سۈرگۈدەك مادارىم قالمىدى . بېشىمنىڭ ئاغرىقى كۆزۈمنى
ئاچقۇزمايتتى . ئەس ـ هوشۇمنى يىغىپ ، ئۆزۈمنى سەگەك تۇتۇشقا تى-
رىشاتتىم . تۇساتتىن بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى قۇلىقىمغا كىردى . ئاستا
كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ، يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن ، ئېگىز بويلۇق بىر
ئەر كىشىنىڭ قارىسى مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . مەن ۋەھىمىگە چۈش-
مىدىم ، تەمتىرەپمۇ قالمىدىم ، مەقسەتسىزلا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم .
ئۇ مېنىڭدىن بىر جاڭ يىراقلىقتا توختاپ ، بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئول-
تۇردى . بۇ ئىشقا كۈلگۈم كەلدى . بۇ دۇنيادا مەندىن باشقا هاماقەتمۇ بار
ئىكەن ـ دە ! ئۇمۇ كۆڭلىدە يامانلىق يوق ، ماڭا ئوخشاش دەردمەنمى-
دۇ ؟ ئەگەر ئۇ مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن بولسا ، مەن ئۇنىڭ
بىلەن هەرقانداق بىر جايغا بېرىشنى بېرىۋېرەتتىم . هازىر مەن توپان
بالاسىغىمۇ پەرۋا قىلمايتتىم ! لېكىن ئۇ ئادەم مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى
سەزمىگەندەك ، ماڭا ئوخشاش دەرياغا قارىغىنىچە قىمىر قىلماي ئول-
تۇراتتى . ئوش ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم ! مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئې-
لىپ قولۇمنى پېشانەمگە قويدۇم . بېشىمنىڭ ئاغرىقى توختاپ قالسىچۇ
كاشكى . . . دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ماڭا ئۇرۇلىدىغاندەك
شىددەت بىلەن ئۆركەشلەيتتى . مەن قاشلىرىمنى يىمىرىپ ، مەۋج ئۇرۇپ
تۇرغان دەريا سۈيىگە تىكىلگىنىمچە ، ئۆزۈمچىلا خېلى شۇخۇەن ئېيتقان
مۇنۇ ناخشىنى ئەسكە ئالدىم :

هۆسنىگە زەپ قوشتى هۆسن سۈرەت كەبى ئاسمانۇ تاغ ،
قارلار ئېرىپ سۇ كۆۋەجەر ، مەيىن شامال سۆيگەن شۇ چاغ .
زەپمۇ گۈزەل باهار پەسلى بۇ ، ياپيېشىل ئەتراپ تۈگۈل ،
گۈل سايىسى ، گۈللەر هىدى ، مەجنۇنتاللار ئوينار ئۇسسۇل .
قورقۇنچتۇر باهار كېتىپ گۈل ـ گىياهلار بولسا غازاڭ ،
تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىن جۇدۇن ـ چاپقۇن قىلسا خازان .

ياشلىق ئۆتەر ئېقىن سۇدەك ئەستە مەھكەم تۇتقىن يىگىت ،
ھايات گۈزەل ، مۇھەببەت دەپ يۈرمىگىن سەن پىراق چېكىپ .

مەن بۇ ناخشىنى ئەسلەش بىلەنلا قالماي ، ئېيتتىم . « قورقۇنچ-تۇر باھار كېتىپ ، گۈل – گىياھلار بولسا غازاڭ » ھازىر باھار ئىز – دېرەكسىز غايىب بولغان چاغ ئەمەسمۇ ؟ ئەمدى تۇرمۇشۇمدا باھار بول-مايدۇ . « ھايات گۈزەل ، مۇھەببەت دەپ يۈرمىگىن سەن پىراق چې-كىپ » دېگەندىن ئەسەر قالدىمۇ ؟ مەن بۇ ناخشىنى بوش ئاۋازدا ياندۇرۇپ – ياندۇرۇپ ئېيتتىم . ئاۋازىم ئۆزۈلۈپ – ئۆزۈلۈپ چىقاتتى ، ئاخىر بېشىمنى ئالقىنىمغا قويۇپ ئۈنسىز يىغلىدىم . پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالاي .

ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ بىرى ئالدىمغا كەلدى . مەن ئىختىيارسىز بېشىمنى كۆتۈردۈم ، بۇ بىر ئەر كىشى ئىدى ! قاراڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم ، ئۇ يامغۇرلۇق چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى ، تونۇشتەكلا قىلاتتى . مەن چېچىلغان زېھنىمنى مەر-كەزلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىپ كۆرگەن بول-ساممۇ ، بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقاچقا ، زېھنىمنى يىغالمىدىم .

« ئىشقىلىپ ئۇ ئادەمكەن ، شۇ تاپتا ئالۋاستى بولسىمۇ مەيلى » .

مەن پەرىشانلىق ئىچىدە كۈلدۈم ، ئۇ ئادەم ئېڭىشىپ ماڭا سەپ-سېلىپ قارىدى . مەن ئۇنى ئېنىق كۆرەي دېسەممۇ ، لېكىن كۆزۈمگە ئۇ-نىڭ مىدىرلاپ تۇرغان غۇۋا قارىسىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى ، بۇ-نىڭدىن ئۆزۈمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى ، يىقىلىپ چۈشۈش ئال-دىدا تۇرغانلىقىمنى بىلدىم . ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭىشىپ قولۇمدىن تۇتقانلى-قىنى ھېس قىلدىم ، ئۇنىڭ قولى ئىسسىق ئىدى ، مېنىڭ قولۇمدىن مۇز چىقىپ تۇراتتى . ئەجەبا ، ئۇ مېنى ئالۋاستىمىكىن دەپ قورقمىغانمىدۇ ؟ مەن مۇشۇ تۇرقۇمدا جەزمەن جىنغا ئوخشىشىمەن دەپ ئويلايتتىم . ئۇ مېنى تارتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى . ئەمما ، بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم . ئۇ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ، قارشىلىق قىلمىدىم ، يېتىلەپ

مېڭىۋەردى ، ئىتائەت قىلىپ كەينىدىن ماڭدىم . ئۇ مېنى يېتىلەپ جەھەننەمگە ماڭسىمۇ ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋېرەتتىم .

دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ، سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدىم ، ئۇ مېنى قۇچاقلىۋالغانىدى ، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم . ئۇ مېنى قۇچاقلىۋالغىنىچە دەريانىڭ قېشىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ، ئاسما كۆۋرۈككە ئېلىپ كەلدى . كۆۋرۈك ئۈستى شاماللىق ئىدى . سوغۇق شامالدىن ئەندىكىپ سەل سەگىپ قالدىم . ئاران دېگەندە مەزمۇت تۇرۇۋېلىپ ، ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتىم ـ دە ، ئۆزۈمنى ئاسما كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكا زەنجىرىگە ئاتتىم . ھېلىقى ئادەم ئۇچقاندەك كېلىپ كىيىمىمگە ئېسىلىۋالدى . ئېھتىمال ئۇ مېنى دەرياغا ئۆزىنى تاشلايدۇ ، دەپ ئويلىغان چېغى . مەن كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭغا :

— مەن دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلىمايمەن ، لۇ ئائىلىسىدىكىلەر ھەرگىز ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالمايدۇ ! — دېدىم ۋە كۈلگىنىمچە بېشىمنى زەنجىرگە قويۇپ ، تۆۋەندىكى قاپقارا سۇغا قارىدىم . ھېلىقى ئادەم يەنە مېنى يېتىلەپ ماڭماقچى بولدى ، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قاپىقىمنى تۈرۈپ :

— سىز « بولمىغىن ئاۋارىسەن ئېقىن سۇنى ، ئۆتكۈر پىچاق كېسەرمىكىن دەپ ، ئىچمىگىن زىنھار مەينى زورلاپ ، قايغۇ ـ ئەلەم تۈگەرمىكىن دەپ ! » دېگەن شېئىرنى ياخشى كۆرەمسىز ؟ بىز بىر رومكىدىن ئىچىشسەك قانداق ؟ كېلىڭ « كىرىپ كەلسەك نەپىس ئېگەرلەنگەن ئاتقا مىنىپ ، ئۈستۈڭگە ھەم بىباھا تون تەلپەك كىيىپ ، خىزمەتكارلار كەلتۈرەر شۇئان ئېسىل مەيدىن ، قېنى ئىچىپ بولىلى خالاس دەردۇ ئەلەمدىن » ، — دېدىم ھەمدە جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ ، دەلدەڭشىگىنىمچە ئاسما كۆۋرۈكتىن چۈشتۈم .

شىندىيەن بازىرىدىكى ئاسما چىراغلار كۆز ئالدىمدا ئىمىر ـ چىمىر قىلاتتى . ھېلىقى ئادەم ماڭا ھەدەپ گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشەنمىدىم . كۆز ئالدىمدىكى ئۆيلەر چۆرگى-



www.uyghurkitap.com

لەيتتى . مەن شۇنچە كۆچەپ ئۇ ئادەمگە سەپسېلىپ قارىسامۇ ، لېكىن مېڭەمنىڭ ئاغرىقى بارغانچە كۈچىيىپ ھوشۇمنى يىغالمىدىم . كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مېنى تاكسىغا سېلىپ ياتقۇزغانلىقى ، يامغۇرلۇق چاپىنىنى سېلىپ ماڭا يېپىپ قويغانلىقى ھەمدە قول ياغلىقى بىلەن چاچلىرىمنى قۇرۇتمەن ، دەپ ھەپىلەشۋاتقانلىقىنى سەزدىم . مەن كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدىم ، تاكسى قوزغىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگەندەك بولدۇم . بۇ چىراي تونۇشتەكلا قىلاتتى . مەن تېپىرلاپ ئولتۇرۇۋالدىم ۋە توۋلاپ سورىدىم :

— سىز . . . سىز كىم ؟

ئۇ ئادەمنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى بىردە چوڭىيىپ ، بىردە كىچىكلەيتتى ، تۈرۈپ كىچىكلەپ يەنە چوڭلايتتى . . . خۇددى ماگىزىنلاردىكى نېئون چىراغدەك بىر يېنىپ ، بىر ئۆچەتتى . . . بېشىمنىڭ قاتتىق ئاغرىشى غەيرىتىمنىمۇ بەربات قىلدى ، ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلاپ كۆزۈمنى يۇمدۇم .

ھوشۇمغا كەلگەندە كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە يېتىپتىمەن ، ئەتراپ جىمجىت . ئۆينىڭ ئىچىگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتىم . يېزىق شىرەسى ، ئورۇندۇق ، كارىۋات . . . دۇرۇس ، قىلچە يالغىنى يوق ، بۇ مېنىڭ ھۇجرام ! جىممىدە يېتىپ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تىرىشىپ ئويلاشقا باشلىدىم . بولغان ئىشلار بىر ــ بىرلەپ ئېسىمگە كەلدى : « ئۇياق » قا بارغىنىم ، شۇخۇەننىڭ رۇپىيىگە چاي ئىچكۈزمەكچى بولغانلىقى ، ئۇلارنىڭ مېنى مەسخىرە قىلغانلىقى ، تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاپتوبۇسى ، شىندىيەن بازىرى ، ئاسما كۆۋرۈك ، يوچۇن ئادەم ، تاكسى . . . شۇغىنىسى ، مەن قانداقلارچە ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدىم ؟ ھېلىقى ئادەم نەگە كەتكەندۇ ؟ مېنى كىم ئەكىلىپ قويغاندۇ ؟ كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار پەيدا بولدى ، بېشىمنى كۆتۈرۈۋىدىم ، بىردىنلا قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ ، يەنە ياستۇققا قويۇۋالدىم . تورۇسقا قاراپ يېتىپ تەپسىلىي ئويلىنىشقا باشلىدىم .

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ، ئاپام پەتنۇستا بىر ئىستاكان چاي بىلەن

بىر ئىستاكان سۈت ئېلىپ كىردى . ئۇ پەتنۇسنى كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك شىرەگە قويغاندىن كېيىن ، غەمكىن كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ، مەن ئاپامغا سىنچىلاپ قارىدىم ، ئاپامنىڭ چىرايى بەكمۇ تاتىرىپ كەتكەندى ، تېخىمۇ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

— ئاپا ! — دېدىم ئاستاغىنا .

ئاپام كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن پېشانەمنى سىلىدى ، دۇدۇقلاپ :

— يىپىڭ ، سەن ، سەن . . . ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— بىسمىللا بىرئاز ئاغرىپ تۇرىدۇ ، — دېدىم مەن ، — ئاپا ، نېمە بولدى ؟ مەن كېسەل بولۇپ قالدىممۇ ؟

— ۋاي ، يىپىڭ ! — دېدى ئاپام ۋە كارىۋىتىمنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ يوتقاننىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قولۇمنى تۇتتى ، — مېنى قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭ ، سەن توپتوغرا بىر ھەپتە ھوشسىز ياتتىڭ ، جۆيلىدىڭ ، قىزىتماڭ ئۆرلەپ كەتتى ، ئەمدى ياخشى بولدۇڭ ، خۇداغا شۈكۈر ! — ئۇ خۇشاللىقىدىن بىر ئىستاكان سۈتنى ئەكىلىپ ، چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرسىمۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا دېدى ، — قورسىقىڭ ئاچتىمۇ ؟ بىر ھەپتىدىن بۇيان ئازراق سۈت بىلەن چاي ئىچكەندىن باشقا ھېچنېمە يېمىدىڭ ، شۈخۈەن ئىككىمىز تىت - تىت بولۇپ ئۆلەي دېدۇق !

— شۈخۈەن ؟ — مەن ھەيران بولۇپ ئاپامغا تىكىلدىم ، — ئۇ مېنى كۆرگىلى كەلدىمۇ ؟

— نېمە دەيسەنۇي ؟ — ئاپام داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى ، — شۇ كۈنى كېچىدە سېنى شۈخۈەن ئەكەلدى ، ئۇ سېنى بىيتەننىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ ، شۇ يەردىن ئەكەلدىم ، دېدى . سەن ھېچنېمىنى بىلمەيتتىڭ ، بىردە يىغلايتتىڭ ، بىردە سۆزلەيتتىڭ ، بىردە ناخشا ئېيتاتتىڭ . . . شۈخۈەن كېچىنى كېچە دېمەي چېپىپ يۈرۈپ دوختۇر چاقىرىپ كەلدى . قىزىتماڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن ، دوختۇر دىئاگنوز

قويالمىدى . مېڭىسى سىلكىنىدىمىكىن دېگەن ئەندىشىدە قوزغاشقا جۈرئەت قىلالمىدى . مېڭە ياللۇغى دەپمۇ باقتى . . . بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھەممىمىز بەكمۇ قورقتۇق . داداڭ كېلىپ سېنى كۆرۈپ نۇرغۇن پۇل قويۇپ كەتتى . شۇخۇەننى بىزنىڭ ئۆيدىن نېرى كەتمىدى دېسەممۇ بولىدۇ ، ئۇ بايىلا ماڭا كۆكتات ئەكېلىپ بەرگىلى چىقىپ كەتتى ، ھېلى كېلىپ قالار . . .

ئاپام باش ئايغى يوقلا سۆزلەپ كەتتى ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىلدىمكى ، شۇ كۈنى مەن بىپىتەندە ئۇچراتقان يوچۇن ئادەم باشقا بىرى بولماستىن خې شۇخۇەن ئىكەن ! ئەگەر شۇ چاغدا ئازراقلا ھوشۇم بولۇپ ، ئۇنى تونۇيالىغان بولسام ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭمىغان بولاتتىم ! خې شۇخۇەن نېمە ئۈچۈن بىپىتەنگە بېرىپ قالدى ؟ جەزمەن مېنىڭ كەينىمدىن باردى ، ئۇ نېمىشقا مېنىڭ ئىزىمغا چۈشىدۇ ؟ مېنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ھالىمنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن ھوزۇرلانماقچى بولدىمۇ ؟ « ئۇياق » تىكى كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ تومۇرۇمدىكى قانلىرىم قاينىدى . ئاپام ھەدەپ سۆزلىمەكتە ئىدى .

— . . . بۇ كۈنلەردە شۇخۇەن بەك ئەسقاتتى ، ئۆيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قاترىدى ، دوختۇر چاقىرىپ كەلدى ، دورا ئەكەلدى ، كىيىم-كېچەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدى . ساڭا قارىدى ، كېچىلىرى ئۆيگە كەتكىلى ئۇنىماي سېنىڭ يېنىڭدا بولدى . قىزىتماڭ ئىنتايىن ئۆرلەپ كەتكەن كۈنلەردە شۇخۇەن كىرپىك قاقمىدى . . .

— ئاپا ، — دېدىم مەن جىددىي ئاھاڭدا ، — مېنىڭ ئالدىمدا بۇ ئىسمنى ھەرگىز تىلغا ئالغۇچى بولما ! ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيمەن ! ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن !

— نېمە ! — ئاپام تۇرۇپلا قالدى ، كېيىن تاقەتسىزلىنىپ سۆزلەپ كەتتى ، — شۇخۇەننىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن ، بىلمەيدىكەنسەن ! يېپىڭ ، ئەمدى جاھىللىق قىلىۋەرمە ، ئۇ سېنى سۆيىدۇ ! سەن ئۇنى چۈشەنمەيدىكەنسەن ! ئۇ سېنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى دوختۇر كەتكەندىن كېيىن كارىۋىتىڭنىڭ

لېۋىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى . مۇشۇنداق غۇرۇرى كۈچلۈك يە-گىتنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي قالدىم . . . يېپىلىك ، شۇخۇەن سىنى . . .

— مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن ! — دەپ تۈۋلىدىم ، — ئۇ يىغلىدى دەمسەن ؟ يالغان !

ئاپام شۇئان گەپتىن توختىدى . مەن غەزەپ بىلەن :

— مېنىڭ ئەمدى ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق ! ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلىمايمەن ! چۈشەندىڭمۇ ؟ — دېدىم .

— ماقۇل ، ماقۇل ، ماقۇل ، — دېدى ئاپام يېنىش - يېنىشلاپ ۋە كۆڭلۈمنى ياساپ قولىنى بېشىمغا قويدى ، — ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن ، بىر نېمە يەمسەن ؟ ھازىر تەييارلاپ بېرىمەن ، ئاۋۋال ئىستاكاندىكى سۈتنى ئىچىۋەت بولامدۇ ؟

ئاپام مېنى يۆلەپ سۈتنى ئىچكۈزدى . بېشىمنى ياستۇققا قويغىنىمدا يەنە ئاغرىپ كەتتى . شۇندىلا كېسىلىمنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدىم . ئىنتايىن ئاجىزلاپ ۋە چارچاپ كەتكەنىدىم . كۆزۈمنى يۇمۇپ ئارام ئالماقچى بولدۇم . بىرى دەرۋازىنى قاقتى ، ئاپام چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى . ھويلىدىن خې شۇخۇەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئۇ قانداق ؟

— ھوشىغا كەلدى ، — دېدى ئاپام ، — پۈتۈنلەي ھوشىغا كەلدى !

— راستىمۇ ؟ — دەپ سورىدى خې شۇخۇەن ۋە ئىتتىك دالانغا كىرىپ سۇپىغا چىقتى ، ئاپام ئىتتىك ئۇنى توختىتىۋالدى :

— شۇخۇەن ! كىرمەي تۇرۇڭ !

— نېمىشقا ؟

— ئۇ ، — ئاپام دۇدۇقلاپ قالدى ، — ھازىرچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي تۇرسىڭىز بولارمىكىن ، ئىسمىڭىزنى ئاڭلاپلا تۈت پۈتى ئۆرە قىلىۋاتىدۇ .

دالاندا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . كېيىن ئىشىك ئې

چىلدى ، خې شۇخۇەن ئاپامنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي چوڭ ـ چوڭ چامداپ كىرىپ كەلدى . ئۇ كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېگىشىپ ماڭا سىنچىلاپ قارىدى . مەنمۇ ئۇنىڭغا تىكىلدىم . ئۇ خۇددى قاتتىق كېسەل تارتقان ئادەمدەك جۇدەپ كەتكەن ، يۈزىنى ساقال باسقانىدى . ئۇ كارىۋىتىمنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ئاستا مېنى چاقىردى :

— ھەي !

مەن ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ توڭلۇق بىلەن :

— سىز غالىب ! خې شۇخۇەن ، تېرىڭىزگە پاتماي قالغانسىز ھەقچان ؟ مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىڭىز ! ئەمدى كېلىپ غەلىبىڭىزدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىسىز ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدىم .

— يىپىڭ ، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى . مەن قولۇمنى تارتىۋېلىپ قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي :

— كەشكىزنى توغرىلاڭ ! خې شۇخۇەن ، سىزنى كۆرەر كۆزۈم يوق ! مېنىڭ ئالدىمدا ياسالمىلىق قىلىشىڭىز ھاجەتسىز . ئاستا رۇيىڭىنىڭ يېنىغا قايتىڭ !

ئۇ ماڭا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى ، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى . لېكىن ئۇ زۇۋان سۈرمەي شارتىدە كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم ، يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولۇپ ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى . ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئۇنى چاقىرمىدىم . ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا توختاپ قالدى ۋە بىردىنلا بۇرۇلۇپ ماڭا ئۆزىنى ئاتتى . سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، بېشىمنى قۇچاقلىغىنىچە تىترەك ئاۋازدا :

— بىز نېمىشقا مۇنداق قىلىمىز ؟ يىپىڭ ، بىز بىر ـ بىرىمىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمىدەپ ئۆزىمىزنى مۇنچە قىينايمىز ؟ — دېدى .

ياشلىرىم قۇيۇلدى . ئۇ يۈزۈمنى ئالقىنىغا ئالدى ـ دە ، ئېگىشىپ لەۋلىرىنى لېۋىمگە چىڭ ياقتى . مەن قارشىلىق قىلمىدىم . ھېچقانداق

ئىپادىمۇ كۆرسەتمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، چىرايىغا كۈلكە تۇسى بېرىشكە ئۇرۇندى ۋە بوش ئاۋازدا:

— مېنى كەچۈرۈڭ، يىپىك! — دېدى.

بېشىم يەنە ئاغرىپ كەتتى، قوشۇمامنى تۈرۈپ:

— مېنىڭ خېتىمنى كۆرۈپمۇ كەپقويمىدىڭىز، نېمانچە تەكەببۇرلۇق بۇ!

— مېنىڭ خېتىم دەمسىز؟ — دېدى ئۇ تەئەججۈپتە، — نېمە خەت ئۇ؟

— ئۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالمىغىنىڭىزغا ئىشەنمەيمەن، — دېدىم مەن سوغۇققىنا.

— قەسەم ئىچىمەنكى، — ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى ۋە پەرىشان بولدى، — بەلكى سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئالغاندىمەن. شۇنىسى، سىز بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن، ماڭا كەلگەن خەتلەرگە كۆز قىرىمنىمۇ سالغىنىم يوق. خەتنىڭ ھەممىسى شىرەدە دۆۋىلەگلىك! ھەي، نېمىشقا مۇنداق قىلغاندىمەن!

كۆزۈمنى يۇمغاندىم، «ئۇياق» تىكى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئېغىر خورسىندىم ۋە:

— چىقىپ كېتىڭ! مېنى ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭ، — دېدىم.

ئۇ قوزغالمىدى، چېچىمنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىز مېنى كەچۈرمەيمەن دېمەكچىمۇ؟

— مېنى ھاقارەتلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزدىن ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن! — مەن ئۇنىڭ سۆزىنىلا تەكرارلىدىم.

— يىپىك! — دېدى ئۇ بېشىنى يوتقىنىمغا تىقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى يوتقاننىڭ ئىچىدىن بوغۇلۇپ چىقتى، — مەن سىزنى مېنى كولدۇرلىتىپ يۈرۈپتۇ دەپ قاراپ، بۇ دەردكە چىدىماي شۇنداق قىلغاندىمەن... لېكىن، ھېلىقى كۈنى «ئۇياق» تا سىز مېھمانخانىدىن ئوقەتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتكىنىڭىزدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلدىم. سىز شۇ كۈنى ئاخشىمى بولغان

ئىشلارنى تەپسىلىي بىلەمسىز ؟ مەن كەينىڭىزدىن قوغلاپ چىقتىم ، سىر ئالدىمدا دەلدەڭشىپ ماڭدىڭىز ، مەن سىزنى چاقىرىشقا پېتىنالماي يىراقـ تىن ئەگىشىپ ماڭدىم . سىز ئاپتوبۇسقا چۈشكەندە ، مەن تاكسىغا چۈ. شۈپ قوغلىدىم . . . دەريا بويىغا بارغاندا ، مەن سىزگە يىراقتىن قاراپ تۇردۇم ، مەن تېخى سىزنى كەينىڭىزدىن كەلگىنىمنى بىلگەن چېغى دەپتىمەن . سىزنىڭ ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپ قويغانلىقىڭىزنى سەزـ گىنىمدە قانچىلىك ۋەھىمىگە چۈشكىنىمنى بىلەمسىز ؟ مەن سىزنى چاـ قىرسامۇ ، مىدىرلاتسامۇ ، ماڭا قاراپ كۈلۈپلا تۇردىڭىز . . . — ئۇ بېشىنى كۆتۈردى . كۆزىدىن ئاققان ياشلار مەڭزىمگە چۈشۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە يېيىلماقتا ئىدى . ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى ، — مەن سىزنى يېتىلەپ ماڭسام ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئەگىشىپ ماڭـ دىڭىز ، مەن سىزنىڭ مۇنداق ئىنتائەتچان ھالىتىڭىزنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم . سىز ماڭا شېئىر يادلاپ بەردىڭىز ، گەپ قىلدىڭىز ، ناخشا ئېيتتىڭىز ، مەن سىزنى تاكسىغا سالغاندىن كېيىن ھوشىڭىزدىن كەتتىـ ڭىز . كۆڭ سوغۇق ، ھەممە يېرىڭىز ھۆل ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىتـ مىڭىز ئۆرلەپ كەتتى . . . ئۆزۈمنى قانچىلىك ئەيىبلەپ كەتكىنىمنى بىلـ مەيسىز ، غەزەپتىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدىم ! سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىمۇ بىھوش يېتىپ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردىڭىز ، مەن پەقەت قولۇمنى قاتتىق چىشلەپ سىزگە ئامانلىق تىلىدىم . . . — ئۇ ئېـ غىر بىر تىنىۋېلىپ ماڭا تىكىلدى ، — يىپېك ، بىز بىر ـ بىرىمىزنى شۇنچە ياخشى كۆرىمىز ، بارلىق ئۇقۇشماسلىقلار تۈگىسۇن ئەمدى ، مۇـ ھەببىتىمىزنى يېڭىدىن باشلايلى ! يىپېك ، مەن سىزنى سۆيىمەن ! — ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ مەڭزىنى كۆكسۈمگە ياقتى ، — مەن سىزنى سۆـ يىمەن ، يىپېك ، مەن سىزنى سۆيىمەن !

مەن گەپ ـ سۆز قىلمىدىم ، بارماقلىرىمنى ئۇنىڭ قويۇق چاچـ لىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بېشىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم . شۇنداق قىلىپ ، بىز جىممىدە قۇچاقلىشىپ كەتتۇق . ئاپامنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىشىك تۈـ ۋىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئاڭلاندى . دېمەك ، ئۇ باياتىن بىز قىلىشقان

گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. مەن ئۇھ تارتتىم. ئىنتايىن چارچاپ كەتكەن، شۇنداقلا بەكمۇ تىنچلىنىپ قالغانىدىم. يوقاتقان مۇھەببىتىمنى تېپىۋالدىم. مەن بۇنى قەدىرلىشىم كېرەك. خې شۇخۇەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئويدا ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. بىز رەقىبتىن ئاشىق ـ مەشۇققا ئايلاندۇق. مەن ئۇنىڭ ئېڭەكىنى سىلاپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— جۇدەپ قاپسىز! — دېدىم. ئۇ قولۇمنى ئېڭىكىدىن ئېلىپ ئىتتىك تەتۈر قارىۋالدى. كېيىن ماڭا زورىغا كۈلۈپ:

— سىز بەك جۇدەپ كەتتىڭىز! شۇنداقتىمۇ، مەن سىزنى تېزلا ئەسلىڭىزگە كەلتۈرىمەن! قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ بىر ھەپتىدىن بۇيان ئاغزىڭىزغا گىياھ سالمىدىڭىز!

ئۇنىڭ گېپى ئېسىمگە بىر ئىشنى سالدى. چاچلىرىمنى سىلاپ باقتىم، چاچلىرىم پاخپىيىپ كەتكەنىدى، بىر ھەپتىدىن بۇيان چېچىممۇ تارالمىغانىدۇ. مەن شۇخۇەننى تارتىپ يېزىق شىرەسىدىكى ئەينەكنى ئېلىپ بېرىڭ دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ قولۇمنى تۇتتى ۋە:

— ئەينەككە قارىماڭ، ئىككى ئۈچ كۈندىن كېيىن قارارسىز! — دېدى.

— بەك سەتلىشىپ كەتكەن ئوخشايمەن ـ ھە؟

— سىز مەڭگۈ گۈزەل! — دېدى ئۇ، شۇئان كۆزلىرىدە ياش تامچىسى يالتىرىدى، بۇنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئۇ بېشىنى قولۇمغا قويىۋالدى، شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشتىن تۇتۇۋالالمىدى.

— يىپىڭ، ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن! سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن! — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتتى. ئويغانسام كەچ كىرىپ قالغانىكەن، ئاپام ئېلېكتر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ماڭا كۆڭلەك تىكىپ

ئولتۇرۇپتۇ ، خې شۇخۇەن كارىۋىتىمنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇ-
ۋېتىپتۇ . مەن مىدىرلاپ قويۇۋىدىم ، ھەر ئىككىسى تەڭلا بېشىنى كۆ-
تۈردى ، خې شۇخۇەن خۇشال بولۇپ :

— قارا باسماي بەك تىنچ ئۇخلىدىڭىز ! — دېدى .

— شۇنداقمۇ ؟ — دېدىم مەن ، كەيپىم ناھايىتى ياخشى ، قور-
سىقىممۇ ئاچقاندى ، — يېگۈدەك بىر نېمە بارمۇ ؟

— ئـويـغانـسا تامـاق يەيـدۇغـۇ دەپ ئويلىغـانـىدىـم ! —
دېـدى ئاپـام ، — ئاشـخانىغـا كىرىپ تاماق ئىسسىتىپ چىقاي ، كالا
گۆشىدە شورپا قىلغانىدىم ، بۇنىڭغا سەن ئامراققۇ !

ئاپام ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى ، خې شۇخۇەن كېلىپ قولۇمنى
تۇتتى . ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ رۇپىكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنى كۆز
ئالدىمغا كېلىپ ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىندىم .

— نېمە بولدىڭىز ؟ — خې شۇخۇەن سورىدى .

— سىز ئۆكتەبىردە رۇپىك بىلەن توي قىلماقچى ئەمەسمىدىڭىز ؟

— قويىڭە بۇ گەپنى ! — ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋال-
دى ، — ئۆكـتـەبىردە سىز بىلەن توي قىلىمەن ! چەت ئەلگىمۇ چىقماي-
مەن ، بىز ئايرىلمايمىز !

— لۇ ئائىلىسىنىڭ قىزلىرى سىزنىڭ تاللىۋېلىشىڭىزغا قاراپ قال-
غان ئوخشىمامدۇ ، قايسىسىنى ياخشى كۆرسىڭىز شۇنى ئالىدىغان .

— يـەنىلا مەندىن رەنجىۋاتامسىز ، يىپىك ، — دېدى ئۇ قولۇمنى
چىڭ سىقىپ .

— بـىزمۇ تازا خۇدا ئۇرغانلاردىن ئىكەنمىز ، قارىمامسىز ، ھەممى-
مىزنىڭلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمىزنى !

— بۇ گەپلەرنى قويسىڭىزچۇ ! — دېدى ئۇ ، — سەۋەنلىك
مەندىن ئۆتتى ، ئاستا - ئاستا ئەپۇ قىلارسىز !

سـىرتتا ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلىنىپ ، بىرى دەرۋازىنى قاقتى .
خې شۇخۇەن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ، كەلگۈچى دالانغا
كىرگەندە ، خې شۇخۇەن سىرتتا تۇرۇپ تووۋلىدى :

— يىپىك ، دادىڭىز سىزنى كۆرگىلى كەلدى!

ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ دادامنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى . ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان بولۇپ ، خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى ، قەددى سەل پۈكۈلگەنىدى ، ئۇ ھاسا تۇتۇپ كىرىپ :

— يىپىك ، كېسىلىڭ قانداقراق ؟ جەزمەن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىڭ كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى ، بىزنىڭكىلەر ئەزەلدىن كېسەلگە بوزەك بولمىغان ! — دېدى .

دادامغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم . دادام ماڭا زەن قويۇپ قارىغاندىن كېيىن ، بېشىنى لىڭشىتىپ :

— ھە ، چىرايىڭ ئۆتكەندە كۆرگىنىمدىن خېلى ئوڭشىلىپ قاپتۇ ، ئاپاڭ قېنى ؟ — دېدى .

— ئاشخانىدا .

— ساڭا تاماق قىلىۋاتامدۇ ؟ ئۇبدان غىزالىنىپ ماغدۇرۇڭغا كېلىۋال . پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماڭلار ، مەندە پۇل بار .

خې شۇخۇەن بىر ئورۇندۇقنى كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا قويدى ، دادام كېلىپ ئولتۇردى ۋە خې شۇخۇەنگە قاراپ جىددىي تۇردە :

— شۇخۇەن ! بۇ ياققا كېلىڭ ! — دېدى .

خې شۇخۇەن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى . دادام سۈرلۈك قىياپەتتە :

— سىزگە شۇنى دەپ قوياي ، شۇخۇەن قىزلىرىمنى يەنە كۆلدۈرلىتىدىغان بولسىڭىز ، سۆڭەكلىرىڭىزنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىمەن !

خې شۇخۇەن ئەلەملىك كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى . دادام بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ پېشانەمنى سىلىدى ، قىزىتما يوقلۇقىنى بىلىپ قانائەت ھاسىل قىلدى . مەن دادامنى ياخشى كۆرمىسەممۇ ( تېخى ئۇنىڭغا ئۆچلۈكۈم كەلسىمۇ ) ، مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئاز - تولا تەسىرلەندىم . كۈلۈپ تۇرۇپ :

— شۆ ئاچام ئوبدان تۇردىمۇ ؟ مېڭىپىڭ دوختۇرخانىدىن چىق-

تىمۇ ؟ — دەپ سوراپ قويدۇم .

دادام قوشۇمىسىنى تۈردى ، غاڭزىسىنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە راسا بىر شورىۋالغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى :

— مېڭىڭىڭ ئوپېراتسىيە قىلىندى ، دوختۇرخانىدا يەنە بىر - ئىككى ئايدەك يېتىشى مۇمكىن . مېڭىڭىڭ بالىنىڭ دادىسىنى زادىلا ئېيتقىلى ئۇنىمىدى . ئەگەر مەن بۇ ئىشنى قايسى جېنىدىن تۇيـ-غان هارامزادىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلسەم ، ئۇنى بوغۇزلىۋەتمەي قويمايمەن ! — دادام تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ ، ناخۇش هالدا سۆزلىدى ، — يېقىندىن بۇيان ئائىلىمىزنى سىلەر — بالىلار مالىمان قىلىۋەتتىڭلار ! سەن ئاغرىپ قالدىڭ ، مېڭىڭىڭ بالىنتىسىدا ياتتى ، رۇپىڭ ، — دادام ماڭا تىكىلدى ، مەن لەپپىدە خې شۇخۇەنگە قارىدىم . خې شۇخۇەن ئوڭايسىزلاندى ، ئەمما ئۇنىڭدا كۆپرەك بىـ-ئارامىلىق ۋە غەمخورلۇق ئىپادىلەندى . روشەنكى ، رۇپىڭغا قىلغان ئىشـ-دىن ئۆكۈنەتتى . بۇنى كۆرۈپ مەندە هەسەت قوزغالدى . دادام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان ، رۇپىڭمۇ غەلىتە بو-لۇۋالدى ، كەچكىچە يېمەي - ئىچمەي ئولتۇرىدۇ . هەي ، سىلەرزە ! ئەمدى هەممىڭلار ئوڭشىلىپ كېتىڭلار ! مەن قېرى جېنىمدا ئاغرىماي ساق يۈرۈۋاتسام ، سىلەر ياپياش تۇرۇپ ئاغرىپ بېرىۋاتىسىلەر ، قىزىق ئىش - تە بۇ !

— شۆ ئاچام قانداقراق ؟ — دەپ سورىدىم .

دادام كۆزلىرىنى يۇرۇپ قولۇمغا چېكىپ قويۇپ :

— ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ جېنىنى ئالدىڭ ، يەنە نېمىسىنى سورايسەن ! — دېدى .

— هىم ، — دەپ قويۇپ تورۇسقا قاراپ گەپ قىلماي ياتتىم . كۆڭلۈمگە ، ئەگەر دادام ئۇنىڭ هەقىقىي قىياپىتىنى بىلىدىغان بولسا ، ئۆزى تىرىكلا ئۆلۈپ قالار دېگەن ئوي كەچتى .

دادام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى ، دېرىزىـ-دىن سىرتقىمۇ قاراپ باقتى ، ئاندىن يېنىمغا كېلىپ :

www.uyghurkitap.com

— مەن ئانا ـ بالا ئىككىڭلارنى كۆچۈرۈپ ئەكېتەيمىكىن دەيمەن !

— ئاۋارە بولماڭ ، — دېدىم سوغۇققىنا ، — ئاپام ئەمدى سىز بىلەن تۇرۇشنى خالىمايدۇ ! دادا ، تۆكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ ، بىزنى قايتۇرۇپ كېتىمەن دەيدىغان ئادەم ئۆز ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن ؟

دادام ئاغزىغا تولدۇرۇپ شورىغان ئىسنى پۈۋلەپ چىقارغاندىن كېيىن ، سەل تېرىكىپ دېدى :

— قايتۇرۇپ كەتسەم سىلەرگە ياخشىغۇ . . .

— بولدى ، ئاپام ئىككىمىز بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلمايمىز !

دادام ئېچىنىشىپ غەزەپ بىلەن ماڭا تىكىلدى ، ئەپتىدىن ئاچچىقلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى :

— يېپىلىڭ ، مۇنداق تەرسالىق قىلما ، ئاخىر كېلىپ ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن ! بۇ ئۆيدە قانداقمۇ ئولتۇرغىلى بولسۇن ! بەك كونا ، بەك زەي ئىكەن ، كۆنمۇ چۈشمەيدىكەن . . .

— دادا ، — دېدىم تەرىمنى تۈرۈپ ، — بۇ ئەھۋالنى سىز ئەمدى بىلىۋاتامسىز ! ئەپسۇسكى ، بۇ ئۆيدە بىز ئون يىل ئولتۇردۇق .

دادام غاڭزىسىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا تىكىلدى . بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا ، ئاپام بىر چىنە شورپا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئۇ دادامنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كېتىپ شورپىنى تۆكۈۋالغىلى تاس قالدى ، سەل تەمتىرەپ ئەيمەنگەن ھالدا :

— قاچان كەلدىڭىز ؟ كەلگىنىڭىزنىمۇ بىلمەپتىمەن ، — دېدى .

— يېڭىلا كەلدىم ، — دېدى دادام ئاپامغا سەپسېلىپ . ئاپامنىڭ كەينىگە تۈرمەكلىۋالغان چار چېچى ، ئىنچىكە رىشتىدىن تىكىلگەن كەڭ ھەم چوڭ كۆڭلىكىگە قاراپ ، ئىختىيارسىز ئاپام بىلەن تەڭ دېمەتلىك شۇ ئاچام ، ئۇنىڭ دولقۇنسىمان بۇدۇر قىلىنغان قاپقارا چېچى ، بويىغا ئۆلچەپ كېسىلگەن ، چاقناپ تۇرىدىغان يارىشىملىق كىيىملىرى ... كۆز ئالدىمغا كەلدى . ئۇلار ھەقىقەتەن ئىككى دەۋرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشا

شـىپ قالغانىدى . ئاپامنى كۆرگەندە قانداق ھېسسىياتتا بولىدۇ ، بىلەي ، دەپ يـەر تېگىدىن دادامغا قارىدىم . ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمىدى .

— سىزگىمۇ بىر چىنە شورپا ئەكىرەيمۇ ؟ — سورىدى ئاپام ئو-ڭايسىزلىنىپ .

— ياق ، مەن ھازىر كېتىمەن ، — دېدى دادام . ئۇلار خۇددى ئويـۇن قويۇۋاتقاندەك تۈزۈت قىلىشاتتى . ئۇلاردا قىلچىمۇ ئەر - خوتۇن-لۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى .

ئاپام شورپىنى ئالدىمغا ئەكەلدى . شۇخۇەن مېنى يۆلەپ ئولتۇر-غۇزدى . مەن شورپىنى ئىچىپ بولۇپ ياتقىنىمدا ، دادام بىر تاتازا پۇلنى ئاپامغا سۇنۇپ :

— يېپىڭغا ئوبدان - ئوبدان يېگۈزۈڭ ، — دېدى .

— ئۆتكەندە بەرگەن پۇلىڭىز تېخى تۈگىمىدى ! — دېدى ئاپام ئارىسالدى بولۇپ . دادام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئاپامغا زەن سېلىپ قاراپ قويۇپ :

— شۇنداق بولسىمۇ ئېلىڭ ، لازىم بولار ! — دېدى .

ئاپام پۇلنى ئالدى ، دادام يېنىمغا كېلىپ قولۇمغا ئۇرۇپ قويۇپ كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك :

— تېزرەك ساقايغىن ، مەن ساڭا بىرنېمە سوۋغا قىلىمەن ، ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالىسەن ! — دېدى .

مـەن ھېلىقى كۈمۈش رەڭ كىيىملىكنى ئەسكە ئالدىم ، بۇ رەخت ھازىرغىچە تارتمىدا تۇراتتى ، ماشىنىچىغا ئاپىرىپ بەرمىگەنىدىم . دادام بـەرگەن سوۋغاتقا ھەقىقەتەن قىزىقمايتتىم . دادام كەتتى . بىر تاتازا پـۇلنى قالدۇرۇپ كېتىپ ئۆزىنى تېنىچلاندۇرغان بولدى . دادام پۇلغا زورلايتتى . لېكىن مەن ئۇنىڭ پۇلنى يامان كۆرەتتىم . ئانا - بالا ئىك-كىمىزنىڭ كۆڭلىنى پۇلغا سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقىنىغا تېخىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلەتتى ! مەن دادامغا نۇرغۇن ئىشلاردا پۇل ئارقىلىقلا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولاتتىم !

www.uyghurkitap.com

دادام كەتتى ، كەچمۇ كىردى ، خې شۇخۇەن كارىۋىتىمنىڭ پېنىدىكى ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇراتتى ، مەن ئۇنى تۈرتۈپ :

— شۇخۇەن قايتىپ كېتىڭ ! — دېدىم .

— ياق ، — دېدى ئۇ ، — مەن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ ئۇخلاۋېرىمەن !

— ئورۇندۇقتا قانداق ئۇخلىغىلى بولىدۇ ؟

— بىر ھەپتىدىن بۇيان مۇشۇنداق ئۇخلاۋاتىمەن ، ئۇخلىغىلى بولمايدۇ ، دېگەنمۇ گەپمۇ ؟

— شۇغىنىسى ، — مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم ، — ئەمدى مەن ياخشى بولۇپ قالدىمغۇ ، سىزمۇ قايتىپ ئارامخۇدا ئۇخلىۋېلىڭ !

— ياق ! — ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتقاندا قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى ، — مەن مەشەدە ئۇخلاۋېرىمەن ، سىزگە قاراپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىمەن !

مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— شۇخۇەن ، سىز قاراقچىغىلا ئوخشاپ قاپسىز ! — دېدىم .

— نېمە دەيسىز ؟

— سىز قايتىپ راھەتلىنىپ بىر ئۇخلىۋېلىڭ ، ئەتىگەنلىككە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ، ساقلىڭىزنى ئېلىپ ، پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ مېنى كۆرگىلى كېلىڭ ، ئۆزىڭىز بىلىسىز . بىزنىڭ ئۆيدە ساقال ئالغۇچ يوق !

ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى :

— چۈشىنىشلىك ، سىز مېنى ھەيدىۋەتمەكچى !

مەن كۈلدۈم . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن :

— بولىدۇ ، مەن كېتەي ، — دېدى ۋە بىردىنلا كارىۋىتىمنىڭ يېنىغىلا تىزلىنىپ ماڭا تىكىلگىنىچە سورىدى ، — يېپىڭ ، مەندىن ئاغرىنمايدىغانسىز - ھە ؟

— سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، — دېدىم مەن ، — شۇغىنىسى ، سىز بەك ئۆچمەنلىك ساقلايسىز دەپ مېنى ئەيىبلىگەنتىڭىز ، سىزمۇ مەندىن

قېلىشمايدىغاندەك تۇرىسىز .

— بىز بەندە ئەمەسمۇ ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ ، — پەقەت پەيغەمبەرلا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن خالىي بولالايدۇ !

بۇ گەپ ماڭا خرىستىئان دىنىغا مۇخلىس بولغان فاڭ يۈنى ئەسلەتتى .

خې شۇخۇەن كېتىشى بىلەن كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئاپام كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ يىپ ـ يىڭنە كىرگەن بولسىمۇ ، دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى . مەن ئۇنى مىدىرلىتىپ :

— ئاپا ، سەنمۇ ئۇخلىغىن ! — دېدىم .

مەن بۇ گەپنى ئىككى قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن ، ئۇ « ھە » دەپ قويۇپ سورىدى :

— ساڭا بىرنېمە كېرەكمۇ ؟ يېپىلىڭ ؟

— سەنمۇ چىقىپ ئۇخلىغىن دەۋاتىمەن ، — دېدىم مەن تەئەججۈپ ئىچىدە ئاپامغا قاراپ ، — ئاپا نېمە خىيالغا كەتتىڭ ؟

— ھە ، ھېچ ، — ئاپام ئورنىدىن تۇردى ، — مەن ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ، دېگەننى ئويلاۋاتىمەن .

ئاپام چىقىپ كېتىۋاتقاندا كەينىدىن قاراپ قالدىم . ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە ؟ دۇرۇس ، ۋاقىت ھەقىقەتەن تېز ئۆتكەنىدى . بولۇپمۇ دادامنىڭ ئاپامنى ئاياغ ئاستى قىلغىنىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ ئاپامنىڭ پۈكۈلگەن قەددىگە قاراپ كۆزۈمدىن ياش ئەگىدى .

## 9

دادامنىڭ ئېيتقىنىدەك ، لۇ ئائىلىسىدىكىلەر كېسەلگە بوزەك بولمىدى . مەن تېزلا ساقىيىپ ئۈچ ـ تۆت كۈندىلا ماغدۇرۇمغا كەلدىم . قاتتىق ئاغرىش ، قولدىن چىقىرىۋېتىپ قايتا ئېرىشكەن مۇھەببەت مېنى

خىلىلا تەمكىن قىلىپ قويغانىدى . مەن چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى ، تەھلىل قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم . قايتا ـ قايتا تەپەككۇر قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى پۈتۈنلەي « ئۇياق » تىن كۆردۈم . شۇڭا « ئۇياق » قا بولغان ئۆچمەنلىك يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى . كۆزۈمنى شۇنداقلا يۇمسام شۇ ئاچام ، دادام ، رۇپىلك ، مېگىپىك ، ئېرخاۋ ، ئېرجېيلارنىڭ چىرايى ئالدىمغا كېلىۋالاتتى ، مەن كېسەل بولغان كۈنى ئاخشىمى ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتى تېخى تۈنۈگۈنلا بولغان ئىشتەك ھامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى . كونا ئۆچمەنلىك بىلەن يېڭى زەربە قوشۇلۇپ ، تومۇرلىرىمدىكى قانمۇ ئىنتىقام قېنىغا ئايلىنىپ كەتتى . پۇرسەت تاپسىملا ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ، ئۇلارنىمۇ خۇددى مېنى قىلغاندەك ھاقارەت داغمىلىدا داغلاشقا تەشنا ئىدىم . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل زىددىيەتلىك كەيپىيات مېنى چاڭگىلىغا ئالدى . مەندە دادامنى ياخشى كۆرۈش ياكى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ مېنى پۇل ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش چارىسى ئۇنۇم بېرىۋاتامدۇ ـ قانداق ؟ « كۆڭلۈمنىڭ يۇمشاقلىقى » دىن رەنجىپ ئۆزۈمنى قەتئىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، زورمۇ زور دادامنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئويلايتتىم . ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى ، مېنى قامچىلىغىنى ، ئاپامنى خارلىغىنى . . . مۇشۇنداق خىلمۇخىل ئويلاردىن مېڭەم ئېلىشىپلا كەتتى .

شۇخۇەنمۇ ئىلگىرىكىدىن شۈكلىشىپ قالدى . ئۇ دائىم دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى ، ئۇ ھەر قېتىم خىيالغا چۆمگەندە ، رۇپىكنى « سېغىنىۋاتىمدۇ » دەپ پەرەز قىلاتتىم ـ دە ، كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىقىم تۇتۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈشىگە ، ھەتتا شۇنداق ئوي ـ خىيالدا بولۇشىغىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتىم . بۇ قېتىمقى كېسەللىك مېنى ئۆچمەنلىك ۋەسۋەسىسىدىن خالاس قىلمايلا قالماي ، بەلكى ئۆچمەنلىك دېڭىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتۇرۇپ ، ئىنتايىن سەزگۈر ۋە ئۆز غېمىنىلا يەيدىغان قىلىپ قويغانىدى . مەن خې شۇخۇەندىن قايتا ئايرىلىپ قې-

لىشتىن ئەندىشە قىلاتتىم . بۇ ۋەھىمە تۈپەيلى ، « ئۇياق » ماڭا نىسبەتەن روھىي جەھەتتىكى ئەڭ زور بېسىم بولۇپ قالدى . ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل شۇخۇەنگە « ۋىجدان » ئېغىر بىر يۈك ئىدى . بىز مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرغان چاغلاردا ، مەن ئۇنىڭ رۇپىڭغا قىلغان ئىشىغا ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم . بىر كۈنى ئۇ سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇھ تارتىپ :

— رۇپىڭ ماڭا ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتتى ! — دېدى پىچىرلاپ .

يۈرىكىم ئېغىپ ، كۈنداشلىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈردى . تەرىمنى تۈرۈپ :

— ئۇنى سېغىنىۋاتامسىز ؟ نېمىشقا « ئۇياق » قا بېرىپ باقمايسىز ؟ — دېدىم توڭلۇق بىلەن . ئۇ ماڭا قاراپ كەتتى ۋە مېنى باغرىغا باستى ، پېشانىسىنى پېشانەمگە يېقىپ تۇرۇپ كۆزۈمگە تىكىلدى .

— سىز بەك ئەسكى ، رەھىمسىز ، تاش يۈرەك ! ئەمما مەن سىزنى شۇنداق بەك ياخشى كۆرىمەن !

ئۇ مېنى سۆيدى . مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قۇدرىتى ۋە تەپتىنى ، شۇنداقلا بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىنتايىن كەسكىن ، جىددىي ۋە تۇراقسىزلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم . شۇئان ئەسەبىم ئۆرلەپ ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم .

شۇخۇەن چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىشنى قايتا تىلغا ئالمىدى ، ئەكسىچە بىر گېزىتخانىدا تەھرىرلىك ۋە تەرجىمە خىزمىتىنى ئىشلىدى . ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى :

— توي قىلايلى ، يىپىڭ ، دەرھال توي قىلايلى ، بۈگۈن ، ئەتە ياكى ھازىرلا !

ئۇ نېمىدىن قورقىدۇ ؟ دەرھال توي قىلمىسا مېنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورقامدۇ ياكى ئىرادىسىنىڭ چىڭ ئەمەسلىكىدىن قورقامدۇ ؟ رۇپىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېلىشتىن قورقامدۇ يا ؟ « ئۇياق » ، « ئۇياق » ، قاچانمۇ « ئۇياق » نى پۈتۈنلەي يوقىتارمەن ؟

www.uyghurkitap.com

— يىپىلىڭ ، مەن ئەتىدىن باشلاپ ، مەلۇم گېزىتخانىنىڭ پراكتىـ
كانت مۇخبىرى بولىمەن ، — دېدى بىر كۈنى خې شۇخۇەن ماڭا .

— مۇبارەك بولسۇن !

— خىزمەت تاپقاندىكىن چەت ئەلگە چىقماسلىق قارارىغا كەلدىم

مەن سىزنىڭ ھەممىلا ئىشتا دادىڭىزنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشنى خالىماي-
دىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . ئالدى بىلەن ئۆز ئالدىمىغا تۇرمۇش كەچۈرە-
لەيدىغان بولاي ، ئاندىن توي قىلايلى ، قانداق ؟

— بولىدۇ .

— يىپىلىڭ ، تويدىن كېيىن ئاتا - ئانام بىلەن تۇرۇشنى خالامسىز
ياكى ئايرىم ئۆي تۇتامدۇق ؟

— ھە ؟ — كۆڭلۈمدە باشقا خىياللار كەچمەكتە ئىدى .

— باشقا يەردىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشنى خالامسىز يا ؟

— ھە ؟

— يىپىلىڭ ، نېمە ئويلاۋاتىسىز ؟ — ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ كۆ-
زۈمگە تىكىلدى .

— نېمە ئۆي ، — مەن توختاپ قالدىم ، — ھە ، ھېچنېمىنى
ئويلىمىدىم . شۇخۇەن ، مۇخبىرلارغا نۇرغۇن ئىشلار قولايلىق - ھە ؟

— قايسى تەرىپىنى دېمەكچىسىز ؟

— مەن بىر پابىدىنىڭ ئىگىسىنى ئېنىقلىماقچى ئىدىم ، پابىدىنىڭ
نومۇرىنى بىلىمەن ، سىز شۇ بويىچە ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى
تاپالامسىز ؟

— سىز ، — دېدى ئۇ ماڭا گۇمان بىلەن تىكىلىپ ، — نېمە
قىلماقچى ؟ ئۆز ئالدىڭىزغا رازۋېدكىچىلىق قىلماقچىمۇ ؟

— ۋاھ ! — مەن كۈلدۈم ۋە تەتۈر قاراپ پەرۋاسىزلا
سۆزلىدىم ، — فاڭ يۈ بىلمەكچى ئىكەن . بىر لۈكچەك ئۇ پابىدا بىلەن
فاڭ يۈنىڭ ئالدىنى توسقانىكەن ، فاڭ يۈ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋېلىپ
ئەرز قىلماقچى !

— راستىمۇ ؟ — شۇخۇەن ماڭا دىققەت بىلەن قارىدى ، — بەـ

جەب قاملاشمىغان سەۋەبكىنا بۇ ! سىز زادى نېمە قىلماقچى ؟ ماڭا گەپ-نىڭ راستىنى دەڭ .

— تەكشۈرۈپ تاپالامسىز – يوق ، — دېدىم مەن سەل خاپا بو-لۇپ ، — تاپالىسىڭىز ياردەم قىلىڭ ، بولمىسا قويۇڭ ! بۇنى تەكشۈرۈشتە ئۆزۈمگە تۇشلۇق سەۋەبىم بار ، بۇنچىۋالا ئۇجۇر – بۇجۇرىنى سوراپ نېمە قىلىسىز ؟

— راست گەپنى قىلسام ، مەن تەكشۈرۈپ تاپالمايمەن ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ، — شۇنداقتىمۇ ، بىر دوستۇم بار ، ئۇ تەك-شۈرۈپ تاپالىشى مۇمكىن .

— ئۇنداق بولسا ، تەكشۈرۈپ بېرەرسىز .

— بۇ بەك مۇھىم ئىشمۇ ؟ — سورىدى شۇخۇەن قاشلىرىنى يې-مىرىپ .

— بەك مۇھىممۇ ئەمەس ، ئەمما ئۇنى تەكشۈرۈپ تېپىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن .

— بولىدۇ ، پابىدىنىڭ نومۇرىنى يېزىپ بېرىڭ

مەن چۆەندۈۋەن كۆۋرۈكىدە ئۇچراتقان پابىدىنىڭ نومۇرىنى يېزىپ شۇخۇەنگە بەردىم .

— سىزنىڭ يامان ئىش قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى شۇخۇەن نومۇرغا قاراپ قويۇپ .

— سىزچە ، مەن يامان ئىش قىلارمەنمۇ ؟

— ۋاي تاڭەي ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ .

ئۈچ كۈندىن كېيىن شۇخۇەن ماڭا ئىككىلىك قەغەز بەردى ، ئۇ-نىڭغا مۇنۇ خەتلەر يېزىلغانىدى : « ۋېي گۇاڭشيۇڭ ، جۇڭخېشياڭ بام-بۇكزارلىق يولى x كوچا x نومۇرلۇق قورو . »

— بولدىمۇ ؟ — خې شۇخۇەن ماڭا تىكىلىپ سۆزلىدى ، — ئەمدى دەپ بېرىڭ ، بۇ ئادەمنى تېپىپ نېمە قىلماقچىسىز ؟

— ھېچنېمە قىلمايمەن ، — مەن ئىنتىك قەغەزنى يېنىمغا سال-دىم .

— يىپىلىڭ ، بۇنى ئېيتىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ !
— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇرۇڭ ، بۇ ئادەم شۆ ئاچامنىڭ ئويـ
نىشى !
— يىپىلىڭ ، — شۇخۇەن تووۋلاپ كەتتى ۋە قولۇمنى تۇتتى ، —
دەلىل ـ ئىسپاتىڭىز بارمۇ ؟
— بۇ پەقەت مېنىڭ پەرىزىم ، — دېدىم ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا .
— يىپىلىڭ ، — دېدى شۇخۇەن ماڭا مىختەك قادالغان هالدا قو-
لۇمنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ ، — يىپىلىڭ ، بولدى ، ئۇلارنى كەچۈرۈڭ !
— ۋاھ ، — مەن قولۇمنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى
كەتتىم ، — ئۇلارنى كەچۈرۈڭ ! مەن تېخى ھېچنېمە قىلغىنىم يوققۇ ؟
ئۇلار توغرا يولدا ماڭسا مەندىن قورقۇپ نېمە قىلىدۇ ، توغرا يولدا ماڭ-
مىسا ، مەنسىزمۇ كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ ، بۇنىڭ مەن بىلەن
نېمە ئالاقىسى ؟
— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن ، دەپ ۋەدە
بېرىڭ !
— سىز ئۇلارغا نېمانچە كۆيۈنۈپ كېتىسىز ؟ — مەن غەزەپ بە-
لەن سورىدىم ، — يەنىلا رۇپېڭنى سېغىنىۋاتىسىز ـ ھە ؟
— يىپىلىڭ ! — خې شۇخۇەن گەپ ـ سۆز قىلماي بېشىنى چاي-
قىدى .
— بوپتۇ ، مەن « ئۇياق » قا باراي دەۋاتىمەن ، بىللە بارساق
قانداق ؟ — دېدىم مەن ئۇنى سىناپ .
— ياق ! — دېدى شۇخۇەن چورتلا ، — بارمايمەن !
— رۇپېڭنى كۆرۈشتىن قورقامسىز ؟
— ھەئە ، رۇپېڭنى كۆرۈشتىن قورقىمەن ، — دېدى ئۇ گەپنىڭ
راستىنى قىلىپ ، — قانداقلا بولمىسۇن رۇپېڭغا يۈز كېلەلمەيمەن ، مەن
ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالماسلىقىم ، ئاخىرىدا ئۇنى تاشلىۋەتمەسلىكىم لازىم
ئىدى !
ۋۇجۇدۇمغا كۈنداشلىق ئوتى تۇتىشىپ ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر



www.uyghurkitap.com

تاپالماي قالدىم . توۋا ، شۈخۈەنني يالغۇز ئىگىلەش ئارزۇيۇم تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى . شۇڭا ، چىدىماي قالدىم ! ئۇنىڭ رۇپىڭدىن ئەندىشە قىلىشقا تاقەت قىلالمىدىم ، كۆڭلۈمگە ئۇ ماڭا سادىق ئەمەسكەن ، دېگەن گۇمان چۈشتى . رۇپىڭ قەلبىدە مەلۇم ئورۇننى ئىگىلىمىگەن بولسا ، ئۇ رۇپىڭنىڭ ئالدىدا ھەرگىز خىجىل بولمايتتى دېگەن ئوي مېنى ئىسكەنجىگە ئالدى . مەن بويۇن قېقىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم .

— نەگە بارىسىز ؟

— « ئۇياق » قا .

— يىپىڭ ، — ئۇ يۈگۈرۈپ كەلدى ، يېڭىلا ئېرىشكەن ئاخباراتنى مەلۇم قىلماقچىمۇسىز ؟

— ياق ! مەن پەقەت دادامنى كۆرۈپ كېلىمەن ! — دېدىم ئۇنلۈك قىلىپ ۋە تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا ئالايدىم ، — ئۇلارغا چاپان يېپىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، خاتىرجەم بولۇڭ ، شۈخۈەن ، ھازىرچە ئۇلارنى تارمار قىلىۋەتكۈدەك قۇدرىتىم يوق ! ئەگەر خاتىرجەم بولالمىسىڭىز ، مەن بىلەن بىللە بېرىڭ ! بولۇپمۇ رۇپىڭدىن رىشتىڭىزنى ئۈزەلمەي تۇرغاندا . . .

— يىپىڭ ، — ئۇ گېپىمنى ئۈزۈۋېتىپ قوشۇمىسىنى تۈردى ، — سىز نېمانچە پەت ئۈچەي ، رەھىمسىز بولۇپ كەتكەنسىز !

— مەن رەھىمسىزمۇ ؟ — دېدىم قاشلىرىمنى ئۇچۇرۇپ .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى ئۇ توقامنى قارنىغا ئېلىپ ، — مەن ئەسكى ، مەن ناماقۇل ، خاپا بولماڭ خېنىم ، ئەڭ ياخشىسى بىز ئەمدى ئۇرۇش ـ تالاش قىلمايلى .

مەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان تەنە گېپىمنى يۇتۇۋەتتىم . دېمىسىمۇ بىز يەتكۈدەك ئۇرۇشقانىدۇق . مەن گەپ ـ سۆز قىلماي تاپسىغاچۈشۈپ ئايىغىمنى كىيىشكە باشلىدىم . خې شۈخۈەن يېنىمغا كېلىپ سۇپىدا ئولتۇردى ـ دە ، ئېڭىكىنى تىرەپ ماڭا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . مەن ئايىغىمنى كىيىپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئويچان ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئۆزۈمە-

نىڭ پوزىتسىيىسىدىن خىجىل بولدۇم ، زادى نېمە ئىش بۇ ؟ مەن ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىمەنيۇ ، نېمە ئۈچۈن دائىم نەشتىرىنى سانجىيمەن ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيمەن ؟ ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىمەن ؟

مەن قولۇمنى ئۇنىڭ قولىغا قويۇپ ، كەچۈرۈم سورىغاندەك كۈلۈپ قويدۇم .

— شۇخۇەن ، مەن ھايال بولمايلا قايتىپ كېلىمەن .

— سىز زادى نېمە قىلماقچى ؟ دادىڭىز چاقىرتمىغان تۇرسا .

— ساقايغىنىمدىن كېيىن دادامنى كۆرمىدىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتقا چىققۇم كېپقالدى . شۇنچە ۋاقىت ئۆيگە سولىنىپ ياتقاچقا ، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى !

ئۇ بېشىنى چايقىدى .

— يېپىلىڭ ، دادىڭىزنى سېغىنمايدىغانلىقىڭىز ماڭا ئايان ، چۈنكى دادىڭىز بىلەن خۇشىڭىز يوق ! ئەگەر پەرىزىم خاتا بولمىسا ، سىزدە چوقۇم بىر يامان نىيەت بار . يېپىلىڭ ، بىر قېتىم ئىنتىقام ئېلىشقا ئۇرۇنۇشىڭىز مۇھەببىتىمىزگە زامىن بولغىلى تاس قالدى . مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭ ، ئەمدى ئىنتىقام ئېلىشنى توختىتىڭ !

— ماڭا تولا ئۆگەتمەڭ بولامدۇ ؟ دادامنى كۆرۈپ كېلىشىمگىمۇ بولمامدۇ ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ، — دېدى ئۇ غەشلىكتە .

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم . بېشىمنى يۈزىگە يېقىپ تەسەللىي بەرگەندەك :

— خەير - خوش ! گېپىمنى ئاڭلاڭ ، مېنىڭ ئورنۇمدا ئاپامغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇڭ ! — دېدىم .

— سىزنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن ، — دېدى ئۇ تىت - تىت بولۇپ ، — سىز شۇ ئاچاملارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقماقچى ، غەلبىڭىزدىن ھۇزۇرلانماقچىسىز .

— نېمە غەلىبىكەن ئۇ ؟

— سىز مېنى يەنە تارتىۋالدىڭىز ـ دە !

— ۋاي ئانىمەي ! — سوغۇق كۈلدۈم ، — ئۆزىڭىزنى بەك قالتىس چاغلاپ كەتمەڭ ! مەن سىزنى تالاشقىنىم يوق جۇمۇ !

— بولدى ، يەنە غۇرۇرىڭىزغا تېگىپ كەتتى ـ هە ! — دېدى خې شۇخۇەن ۋە مېنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا ، — بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ ، سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن ! — دېدى .

مەن ئۆيدىن چىقتىم . چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى ، رىكشا چاقىرىپ ئۇدۇل « ئۇياق » قا باردىم . راست ، مەن ئىنتىقام ئېلىشنىڭ يەنە بىر قەدىمىنى باسقانىدىم . شۇ ئاچامنىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم . يەنە نېمىنى كۈتىمەن ؟ ئۇلار مېنى شۇنچە بوزەك قىلغان ، شۇنچە هاقارەتلىگەن تۇرسا ، مەن يول قويۇۋېرىمەنمۇ ؟ هويلىغا كىرىپ گۈپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشبۇي هىدىنى پۇراپ تۇرۇپ قالدىم ، ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى مېنى هاياجانغا سالدى ۋە جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى .

مېهمانخانا جىمجىت ئىدى . چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى بولغاچقا ، باشقىلار ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك . يالغۇز ئېرخاۋلا ( ئۇنى ئۆيدىن ئۇچرىتىش قىيىن ئىدى ) ساپادا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتى . مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ قارىداپ كەتتى ۋە ماڭا سوغۇق نەزەردە قارىدى . مەن ئۆيگە كىرىپ خۇددى هېچكىمنى كۆرمىگەندەك سومكامنى ساپاغا قويدۇم . ئېرخاۋ ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ :

— يېپىڭ ، سەنمىدىڭ ؟ كېسەل سېنى ئۆلتۈرەلمەپتۇ ـ دە ؟ — دېدى .

مەن تۇرۇپ قالدىم ، لېكىن كۈلۈپ كەتتىم ، هېلىقى كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ مېنى قانداق مەسخىرە قىلغانلىقى ئېسىمگە كېلىپ ، ئىنتىقام شادلىقىغا چۆمدۈم . قانداق ؟ شۇخۇەن ئاخىر مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدىغۇ ! ئۇنىڭ غەزىپىدىن كۆڭلۈم يايراپ كەتتى . كۆتۈرەڭگۈ روهبىلەن قاشلىرىمنى ئويىنتىپ :

— مەن ئىنتايىن ياخشى ، سىلەرمۇ ناهايىتى ياخشى ، بەكمۇ

كۆكۈللۈك تۇرغانسىلەر ؟ — دېدىم .

— ئەلۋەتتە ، — دېدى ئېرخاۋ ، — بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچكىم يالغاندىن ئاغرىپ ، يالغاندىن ئۆلۈۋالمەن ، دېمىدى .

بۇ گەپ ماڭا سەل تەگكەن بولسىمۇ ، يەنىلا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— رۇپىك ئۆيدىمۇ ؟ مەن ئالايىتەن ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم ، — دېدىم . مەن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم ، — مەن ئۆكتەبىردە توي قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن ، ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر رۇپىك ماڭا قىز قولدىشى بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىكەن ، دېگەن يەرگە كەلدىم . ئەگەر ئۇ ئۆيدە بولسا مەسلىھەتلىشىپ باقماقچىمەن !

بۇ كالتەك ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى ، ئۇ شۇئان شەلپەردەك قىزىرىپ ، خۇددى سوقۇشۇش ئالدىدىكى خورازدەك بويىنىنى سوزۇپ ماڭا ئالايدى . ئاران دېگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ :

— ھۇ يۈزى قېلىن !

— يۈزى قېلىن ؟ — مەن كۈلدۈم ، غەزەپ مېنى رەھىمسىز قىلىۋەتتى ، — بۇ ئۆيدىن بەكمۇ يۈزى نېپىز بىر قىز چىقتى ، قورسىقىدىكى ئاتىسىز بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ××× دوختۇرخانىدا ياتىدۇ !

ئېرخاۋنىڭ چىرايى قىزىللىقتىن كۆكىرىشكە باشلىدى ، ئۇ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى ، كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ :

— يېپىك ، سەن قالتىس سۆزمەن ، مەن ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن ! لېكىن سەن بىزنى مۇنچىۋالا بوزەك قىلما ! — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ ئۆيگە ماڭدى ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا ، بۇرۇلۇپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى ، — قىلغانلىرىڭ يېتىپ ئاشىدۇ ، ئەمدى ئىنساپ قىلساڭ بولارمىكىن !

مەن ئۇنىڭ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئىختىيارسىز داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . لېكىن ، دەررۇ ئۇ پەيدا قىلغان بىئارامچىلىقتىن خالىي بولۇپ ئۈنلۈك توۋلىدىم :

— دادا ، ئۆيدىمۇسىز ؟ مەن كەلدىم !

دادام دەرھال چىقىپ كەلدى . ياز كۈنلىرى ئۇ ئۈزۈن كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى ، شۇڭا ئۇچىسىدا فۇچۇدىن تىكىلگەن ئۈزۈن كۆڭلەك غىلدىرلاپ تۇراتتى . پۇتۈنلەي ئاقارغان چىچى ، قولىدىكى غاڭزىسى بىلەن ئۇ ئەدىبكە ئوخشىشىپمۇ قالغانىدى . غەزەپلەنمىگەن ، بىئارام بولمىغان چاغلاردا ئۇنىڭ چىرايى مېھرىبان ۋە ئىللىق تۇسكە كىرەتتى .

ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن مېنى ئۇرغان كۈندىكى رەھىمسىزلىكتىن ئەسەرمۇ تاپقىلى بولمايتتى : كۆز ئالدىمدا تەمكىن بىر بوۋاي تۇراتتى ، ئۇ ماڭا قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى .

— شۈكۈر ، تېز ساقىيىپسەن .

مەن دادامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردۇم ، كۆڭلۈم بىئارام ، كاللامدا ھەرخىل ئوي ـ پىكىر كەزمەكتە ئىدى . شۇ ئاچامنىڭ سىرىنى دادامغا دەيمۇ ـ دېمەيمۇ ؟ تېخىمۇ كۆپ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى يىغىشىم لازىممۇ يا ؟ دادامنىڭ قورۇق باسقان چىرايى ۋە خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۈم ئېقىنى يەنە بىر قېتىم داۋالغۇدى . دادام ! ئۇ ماڭا دادامۇ ياكى دۈشمەنمۇ ؟ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالايمۇ ؟ ئۇنىڭ بۇ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بەربات قىلايمۇ ؟ ئۇنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ ، مېنى سەل تىترەك باستى . ئۇ نېمىشقا ماڭا ئامراقلىق قىلىدىغاندۇ ؟ مەن ئۇنىڭ يەنىلا مېنى قامچىلىغان كېچىسىدىكىدەك رەھىمسىز بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم ، شۇنداق بولسا مەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە بولغاندا بىئاراملىق ھېس قىلمايتتىم . . .

— يىپىڭ ، مۇزىكىنى ياخشى كۆرەمسەن ؟ — دادامنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى .

— ھەئە ، — دەپ قويدۇم .

— مۇزىكىنىڭ نېمە مەزىسى بار ؟ — دادام ماڭا تىكىلدى

ھەي ، دادا ! ئۇ ماڭا قىلغۇدەك گەپ تاپالمايۋاتامدۇ قانداق ؟ ماڭا يېقىنلاشماقچى بولۇۋاتامدۇ نېمە ؟ ئۇ ھەقىقەتەن خې شۇخۇەن تەھلىل قىلغاندىكىدەك ماڭا « خۇشامەت » قىلىۋاتامدۇ ؟ مەن شۇنداق

www.uyghurkitap.com

بىر بوۋايدىن ئىنتىقام ئالامدىمەن ؟ مەن ـ ھە ؟ خىپ شۇخۇەن مېنى « رەھىمسىز . تاش يۈرەك ، ئەسكى » دېگەنىدى ، مەن راستىنلا شۇنداقمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى كەچۈرۈشنى ئۆگىنەلمەيمەن ؟ دادامغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىرادەم تەۋرىنىپ گاڭگىراپ قالدى .

— نېمىنى ئويلاۋاتىسەن ؟

— ھە ، مەن . . . — گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا شۇ ئاچام ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . روشەنكى ، ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ چىققانىدى . پاخپايغان چاچلىرى ۋە قاتلىنىپ كەتكەن كىيىمىدىن قارىغاندا ، مەن ئۇنىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتكەنىدىم . ئۇ ئۇدۇل ماڭا قاراپ كەلدى ، مەن ئۇنىڭ ئۇزايدىن بۈگۈن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدىم . ئۇ ھۈرپەيگەن ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا غەزەپ بىلەن ئالدىمغا كېلىپ توختاپ بىگىز قولى بىلەن جونۇپ چالۋاقىدى :

— ھەي ، يېپىلگ ، سەن بىلەن سۆزلىشەي ، دەپ تۇراتتىم ، ئۆزۈڭ كەپسەن ! بۈگۈن ئارىنى ئوچۇق قىلايلى ، رۇپىلگ سىنىڭ ئارپاڭنى خام ئورىغانمۇ ؟ ساڭا يىگىت كېرەك بولسا كوچىدا كۆپ ، شۇلاردىن بىرنى تېپىۋالماي نېمىدەپ رۇپىڭنىڭ يىگىتىنى تالىشىسەن ؟ ھوي زىدى پەس ! كۆزۈڭنى خەقنىڭ يىگىتىگىلا تىكەمسەن ؟ يىگىت تاپالماي خەقنىڭكىنى تارتىۋالدىغان ھالغا چۈشتۈڭمۇ ؟

مەن شۇ ئاچامغا قاراپ ھەيران قالدىم ، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن تىل ـ ئاھانەت ئىشتىكىلى كەلگەن ئوخشايمەن . شۇ ئاچامنىڭ گېپى پىلىموتىنىڭ ئوقىدەك ئۈزۈلمەي چىقىۋاتاتتى .

— يىگىتلەرنى مەپتۇن قىلغۇدەك كارامىتىڭ بولسا ، نېمىشقا باشقا بىرنى تاپمايسەن ؟رۇپىڭنىڭ يىگىتىنى تارتىۋېلىپ ، ئەمدى بىزگە كۆز ـ كۆز قىلغىلى كەلدىڭمۇ ؟ بىلىپ قويغىنكى ، رۇپىلگ ئەدەپلىك ، ئەخلاقلىق قىز ، ساڭا ئوخشاش ئۆلىمەن ـ تىرىلىمەن دەپ بىشەملىك قىلمايدۇ . بىز دېگەن دۇرۇس ئادەملەر . . .

— شۆچىن ! — دادامنىڭ تاقىتى تاق بولدى ، — نېمىشقا زەھىرىڭنى چاچىسەن ؟

شۆ ئاچام دادامغا پەرۋا قىلماي، مېنى تىللاۋەردى:

— ھوي رەسۋا، ئەر تاپقىنىڭ كەلسە، كوچىدىن تاپماي نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيدىن تاپىسەن... سەنمۇچۇ بىر جالاپ... قېرى جالاپنىڭ كىچىك جالىپى...

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. تووۋا دەپ ياقامنى تۇتتۇم. ئۆمرۈمگەكېلىپ مۇنداق يامان تىل ـ ئاھانەت ئاڭلىمىغانىدىم. شۆ ئاچامنىڭ تېگى پەسلىكىنى بىلسەممۇ بۇنچە ئازازۇل، ئاغزى يامان ئىكەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. مەن ئېغىز ئاچقۇچە دادام قاتتىق تووۋلىدى:

— شۆچىن! يۇم ئاغزىڭنى!

شۆ ئاچام شاققىدە دادامغا قارىدى، ھۇجۇم نىشانىنى بىردىنلا دادامغا يۆتكىدى. ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ، ئۆكتەملىك بىلەن يىغلاپ، تووۋلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى:

— دېمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە يىپىڭدىن باشقا ئادەم يوق. بىز ئانا ـ بالا نەچچىمىز سىزنىڭ كۆزىڭىزگە قادالغان مىخ، بىزگە خىراجەت ئۈچۈن پۇل بەرمەيسىز، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكمىز بىلەن كارىڭىز يوق. پۇلنى ھەدەپ ئۇلارغا تۇتقۇزىسىز... يىپىڭ سىزنىڭ يۈرەك پارىڭىز، ئارزۇلۇق قىزىڭىز، ئۆز پۇشتىڭىزدىن تامغان! ئېرخاۋ، ئېرجىي، رۇپىڭ، مېڭپىڭلارنى مەن تالادىن تاپقان.

سەت گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھاقارەتتىن تولغىنىپ كەتتىم. لېكىن يەنە كۈلگۈم كەلدى. تالادىن تاپقان؟ قانداقلا بولمىسۇن تالادىن تاپقاندىن بىرى بارغۇ. دادام ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇ غەزەپكە كەلگەنىدى، ئۇ شۆ ئاچامغا مىختەك تىكىلىپ، چاي ئۈستىلىنى ئالىقىنى بىلەن بىرنى قويۇۋېدى، شىرەدىكى ئىستاكان قاڭقىپ يەرگە چۈشۈپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. دادام ھۆركىرىدى:

— شۆچىن! ئۆلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟

شۆ ئاچام شىپپىدە توختىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان دادامدىن قورقۇپ ئۆگەنگەچكە، ئاغزىنى يۇمدى ـ دە، ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن ئىككى قولىنى يۈزىگە قويۇپ يىغلاپ ـ قاقشاپ دەپ ئېيتتى :

— بىزدىن بەزگەن بولسىڭىز ، ئۆيدىن چىقىرىۋېتىڭ ، ئۇ ئىككىسىنى قايتۇرۇپ كېلىڭ ! شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئاش ـ تامىقىڭىزنى تەييارلاپ سىزنى مەن كۈتتۈم ، ئىككىسى سىزدىن ئېلىپ ھېچ ئىش قىلماي راھىتىنى كۆردى . خانىم ، خانقىز بولۇشتى . مەنلا قىز ۋاقتىمدىن تارتىپ خىزمىتىڭىزدە بولدۇم . . . ئەمدى كېلىپ بىزدىن بەزدىڭىزمۇ . . . شۇنچە يىللاردىن بۇيان سىزنى غىزا ـ تاماقسىز يېلىڭ ـ يوپۇڭ قويغان يېرىم بارمۇ ؟ كۆڭلىڭىزدىكىدەك كۈتمىگەن يېرىم بارمۇ ؟ ئەجەب ئەمدى تالا مۈشۈكى مەندىن ياخشى بولۇپ قالدى ـ ھە . رۇپىڭمۇ ئوخشاشلا سىزنىڭ قىزىڭىز تۇرسا ، كېسەل بولۇپ قالسا كۆيۈنمەيسىز ، كىيىم ـ كېچەككە قاراپ قويمايسىز ، يىگىتىنى خەق تارتىۋالسىمۇ . . . دادىسى تۇرۇپ كارىڭىز بولمىدى . . .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى دادام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — گېپىڭ تۈگىدىمۇ يوق ؟

شۇ ئاچام شىكايەتتىن توختىدى ، ئەمما يىغىدىن توختىمىدى . يىغلاپمۇ ، دەپمۇ ، دەردى چىقمىدى بولغاي قولىنى يۈزىدىن ئالدى ـ دە ، كۆكەمىلىك قىلدى :

— رۇپىڭغا ئېرخاۋ تونۇشتۇرغان يىگىت چاي ئىچكۈزمەكچى بولۇۋاتقاندا بۇ جالاپ كەلدى ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ پۇل ۋە تەسىرى بار چوڭ ئەرباب ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ تالاشتى ! يىگىتنى تارتىۋالماي يالغاندىن ساراڭ بولۇۋالدى ، ھۆي رەسۋا جالاپ ، ئالدىڭغا كەلگەننى پوش دېمەيدىكەنسەن . . .

مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى ، بۇ ئەپسانە گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم . ئىلگىرى ھەممىمىز بىرگە تۇرغاندا ئۇ قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ ئاپامنى تىللايتتى ، ئاپام ئۈندىمەي تۇرۇۋالاتتى . بىر قېتىم ئاپامدىن نېمىشقا سەنمۇ ئۇنى تىللىمايسەن ، ئاچچىقىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ ئۇنىڭ تىلىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرەمسەن ، دەپ سورىغىنىمدا ئاپام كۈلۈپ قويۇپ « ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولسام ئۆزۈمنى

يەرگە ئۇرغان بولىمەن ! » دېگەنىدى .
مانا ئەمدى ، ئاپامنىڭ گېپىنى چۈشەندىم . ئۇنىڭ يامان تىلىنى ئاڭلاپ ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولدۇم ـ دە ، بۇ ئىزا ـ ئاھانەت-تىن قاتتىق غەزەپلەندىم . بىشەملىك قىلىۋاتقان شۇ ئاچامغا قاراپ ، ئۇ-نىڭ سەتچىلىكىنى ئېچىپ تاشلاشتىن ئۆزۈمنى زورىغا باستىم ـ دە ، كەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلدۇم . شۇئان شۇ ئاچام ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا ئېسىلدى :
— قاچماي تۇر ! مەن بۈگۈن سەن بىلەن ھېسابلىشىمەن !
ئۇنىڭ ھۇۋقۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك پاخپايغان چاچلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم . ئېرخاۋ ، ئېرجيې ۋە رۇپىگلار ئۆيدىن چىقتى . خىز-مەتكار قىز ئالەنمۇ ئىشكىنىڭ يېنىدا قاراپ تۇراتتى ، شۇ ئاچامنىڭ ئاغ-زىدىن ئاق ئىتلار كىرىپ ، كۆك ئىتلار چىقماقتا ئىدى . مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي تىترىگىنىپ ھەم تىت ـ تىت بولۇپ دادامنى توۋلىدىم .
دادام كېلىپ شۇ ئاچامنىڭ مېنى تۇتۇۋالغان قولىنى تارتىپ ئۇ-زىگە خاس نوپۇزلۇق ئاۋازدا :
— شۇچىن ، تارت قولۇڭنى ! — دېدى .
شۇ ئاچام نائىلاج قولىنى بوشاتتى ، يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى :
— مانا ، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار بىرلىشىۋېلىپ بىزنى بوزەك قى-لىۋاتىسىلەر ، ئەمدى بىز بۇ ئۆيدە قانداقمۇ تۇرالايمىز ؟ ئېرخاۋ ، ئېرجيې ، رۇپىڭ سىلەر كەتمەي نېمىشقا تۇرىسىلەر ؟ بۇ ئۆيدە سىلەرگە ئورۇن يوق ، ئۇلار ئۆز ، بىز بولساق يات . . . ھۇ . . . ؟
رۇپىڭ ئەيمەنگەن ھالدا يېقىن كەلدى . ئۇ تاتارغان ، يۈزى ئىششىغان ، ئاجىزلاپ كەتكەن ، كۆزلىرى خۇنۇك ئىدى . ئۇ يەر تېگى-دىن ماڭا قارىۋىدى ، مەن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم ، ئۇنىڭ كۆزلى-رىدىن دەرد ـ ئەلەم چىقىپ تۇراتتى . ئۇ شۇئاچامنى تارتىپ :
— ئاپا ، بولدى قىل ، خەق ئاڭلىسا سەت . . . — دېدى .
— مۇنداق ـ دە ! — شۇ ئاچام ئەمدى دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالدى ، ئۇ رۇپىڭنى بىر كاچات سالدى ۋە تىللاپ كەتتى ، — ھۆي نان

يېمەس لەقۋا ، سەنچۇ يىگىتنىڭنى چىڭ تۇتالمىدىڭ ، ئاغزىڭدىكى تەييار ئاشنى خەققە تارتقۇزۇپ قويدۇڭ . . .

ئىرخاۋ نىمىلا بولسۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا شۇ ئاچامنىڭ سەت گەپلىرىگە تاقەت قىلالماي كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى .

— ئاپا ، ئۆيگە كىرىپ دەم ئال ، مۇنداق ئۇرۇش - جېدەل قىلىشنىڭ نېمە hاجىتى ؟

— ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقال ! — خۇددى ساراڭدەك توۋلىدى ئۇ ، — مەن بۈگۈن بۇ جالاپقا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم ! — دېگىنىچە ئېتىلىپ ماڭا ئۇستى ، مەن ئازازۇللار بىلەن ئۇرۇشۇپ باقمىغاچقا ، تاقىتىم تاق بولۇپ ، ئۇنى تۇتۇۋالدىم ، شۇنداقتىمۇ ئۇ مەيدەمگە كەينى - كەينىدىن ئۇسۇپ ئاغرىتىۋەتتى ، جان - پېنىم چىقىپلا كەتتى . سەۋر قاچام چېقىلدى . مەنمۇ توۋلىدىم :

— سەن مېنى قىستاۋەرمە ! ئازازۇللۇق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلمايمەن ! ھېلى بىكار رەسۋالىقىڭنى ئاشكارىلىۋېتىمەن !

— مېنىڭ نېمە رەسۋالىقىم بار ئىكەن ، ئاشكارىلا ! قېنى ئاشكارىلىغىنە ! — شۇ ئاچام توۋلاپ تۇرۇپ يەنە مېنى ئۇسكىلى تۇردى . مەن تىت - تىت بولۇپ قاتتىق توۋلىدىم :

— مەن سېنىڭ سىرىڭنى بىلىمەن ، دادامنىڭ پۇلىنى قەيەرگە ئىشلەتكىنىڭنى بىلىمەن ، ئويىنىشىڭنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن ، ۋېي گۇاڭشىيۇڭ . . .

شۇ ئاچام خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك شۇئان مېنى قويۇۋېتىپ ئىختىيارسىز كەينىگە چېكىندى . كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، ھودۇقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە ماڭا قارىدى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى ھەيۋە بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن ئەمما قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولغان يىرتقۇچقا ئوخشىشاتتى . بۇ ھال دادامنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى . ئۇ



www.uyghurkitap.com

سەگەكلىشىپ مەندىن سورىدى :

— يىپىلىڭ ، سەن بىرەر ئىشتىن خەۋەر تاپتىڭمۇ ؟

شۆ ئاچام ئەندىكىپ كەتتى . ئۇ يەنە چۇقان سالدى :

— ئۇنىڭ گېپى يالغان ! ئىغۋا ! ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ ! پۈتۈنلەي قارىسىغا سۆزلەۋاتىدۇ ، بۈگۈن مەن جېنىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ قويدۇم . . .

ئۇ يەنە ماڭا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەچكە مەن بولغۇلۇق بولدى ، ئىنتىقام ئالغان ئىكەنمەن ، ئاخىرىغا چىقىراي دېگەن نىيەتكە كەلدىم ـ دە ، قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا تەييار تۇرغان هالدا بىلىدىغانلىرىمنى ئېيتىۋەتتىم :

— دادا ! سىز ئەمدى ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ ! ئۇ سىزنىڭ پۇلىڭىز بىلەن خەقنى بودىدى . ۋېي گۇاڭشيۇڭ دېگەننى باقتى . ئېرجىيې سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس . . .

مېنىڭ سۆزۈم تۈگە ـ تۈگىمەيلا شۆ ئاچام ماڭا ئېتىلدى . ئۇ خۇددى كۆزۈمنى ئويىۋالىدىغاندەك بارماقلىرىنى كۆزۈمگە توغرىلاپ كەلگەنىدى ، مەن قاتتىق چۆچۈپ بېشىمنى قاچۇردۇم . دەل مۇشۇ چاغدا دادامنىڭ بارماقلىرى شۆ ئاچامنىڭ يەلكىسىدىن قاماللىدى . ئامالسىز قالغان شۆ ئاچام ئىختىيارسىز مەندىن قولىنى بوشاتتى . دادامنىڭ قاتتىق مۇجۇشى بىلەن ئۇ داد ـ پەرياد سالدى ، مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىك قېشىغا بېرىۋالدىم . شۆ ئاچام چۇقان سېلىپ كۆكەملىك قىلدى :

— ئۇ ئىغۋا تېرىۋاتىدۇ ! مېنىڭ خەق بىلەن ئوينىغىنىمنى ئۇ كۆرۈپتۇمۇ ؟ دەلىل ـ ئىسپاتى بارمىكەن ؟ خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ، ئەگەر ناشايان ئىش قىلغان بولسام ، مېنى خۇدا ئۇرسۇن ! قېنى ئۇ يۈزسىز دەلىل ـ ئىسپاتىنى قويسۇن !

— دەلىل ـ ئىسپات ؟ — دېدىم مەن ، — ئېرجىيېغا قاراپ باق ! ئۇنىڭ رەڭگى روهى دەلىل ـ ئىسپات ! بۇنىڭغا قانائەتلەنمىسەڭ ، قولۇمدا كۆپ ماتېرىياللار بار تېخى . . .

شۆ ئاچام بىر چىرقىراپ بۇلۇڭغا چېكىندى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن گۈزەللىك قاچتى. ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىكتىن بۇرۇنلىرىمۇ كۆپۈشۈپ كەتتى. ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ مەندىن قورقتى! مەن ئاخىر ئۇنى قورقۇتتۇم. گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن توۋلىدى:

— ئۇنى توختىتىۋېلىڭلار! ئۇنى سۆزلەتمەڭلار!

دادام شۆ ئاچامغا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ بىر سەكرەپلا شۆ ئاچامنىڭ يېنىغا باردى - دە، يىلپىز كەبى ئەپچىللىك بىلەن ئىككى قوللاپ شۆ ئاچامنىڭ كانىيىدىن ئالدى. چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۆزلىدى:

— مەن سېنىڭ ھارامزادىلىك قىلىۋاتقىنىڭنى ئاللىبۇرۇنلا بىلگەنىدىم. يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ مېنى كولدۇرلاتتىڭ. ئەمدى كۆر، سەن مېنىڭ ئالدىمدا نەيرەڭ ئىشلىتىشكە پېتىندىڭ، مانا بۈگۈن جېنىڭنى ئالىمەن!

ئىبراخاۋ ئاپىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. شۆ ئاچامنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيتتى. چۈنكى، دادام نېمىلا بولمىسۇن ياشىنىپ قالغان ئادەم، ئىبراخاۋ بولسا ياش ھەم قاۋۇل ئىدى. بۇ جېدەلنى كۆرۈشنى خالىمىدىم. مەن ئوتنى ئوبدانلا ياققانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ تۇتىشىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشى ۋە پارتلىشىنى كۆرمىسەممۇ بولاتتى. شۇڭا ئۇلار پومداقلىشىپ كەتكەندە، مەن بۇ ئىپلاس، جىنايەتكە تولغان ۋە چاك - چېكىدىن بۆسۈلگەن ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتىم.

ئۆيگە كەلسەم، خې شۇخۇەن مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا كۈلۈپ:

— ھوي، ۋەدىڭىزدە تۇرۇپسىز، دېگەنىدەك ھايال بولماي قايتىپ كەلدىڭىز. كەتكىنىڭىزگە بىر يېرىم سائەت بولدى. شۇ ئارىلىقتا مېنى قانچە قېتىم يادىڭىزغا ئالدىڭىز؟ — دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىشقا رايىم بارماي، ئۆيگە كىرىپ پۈ-

تـۇمنى تاپسىغا قويۇپ سۇپىدىلا ئولتۇردۇم ـ دە ، بېشىمنى تامغا يۆلەپ كۆزۈمنى يۇمدۇم . مەن شۇ ئاچامنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىغۇەتكەن بول-سامۇ ، مەندە ئىنتىقامدىن كېيىنكى شادلىق تۇيغۇسى ئەمەس ، بەلكى شۇ ئاچام دېگەن ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر ۋە بولغان رەسۋاچىلىقلار كۆڭلۈمدە پەيدا قىلغان يىرگىنىش ۋە بىرخىل مەنىسىزلىك تۇيغۇسى بار ئىدى . خې شۇخۇەن مەڭزىمنى سىلاپ :

— ئەمـدىلا يـاخشى بولغانىدىڭىز ، پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا سىرتقا چىـ-قـىپ قويدىڭىز ، بىر قىسما بولۇۋاتامسىز نېمە ؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟ — دېدى .

— مىجەزىم جايىدا ، — كۆزۈمنى ئېچىپ ئېغىر ئۇھ تارتتىم ، — مەن يېڭىلا بىر ئېپلاس جايدىن قايتىپ كەلدىم . ئەمدى پاكىز بىر جايغا بېرىپ هاۋا ئالماشتۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ . ئىككىمىز بىللە بېرىپ فاڭ يۈنى كۆرۈپ كەلسەك قانداق ؟

— ئۇلار سىزنى رەنجىتتىمۇ ؟

— مەن ئۇلارنى رەنجىتتىم ، بۇ دورەم ئۇلارنى بۇرنى ـ قۇلىقـ-غىچە تويغۇزدۇم . شۇخۇەن ، سىز مېنىڭ مەنتىقەمنى بىلىسىز : خەق ماڭا چېقىلمىسا ، مەنمۇ هەرگىز خەققە چېقىلمايمەن . ئەگەر خەق ماڭا چېـ-قىلسا ، ئۇنداقتا مەن يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن ، ئۆلسەممۇ بوزەك بولمايمەن .

— سىز شۇ هامامىڭىزنىڭ سىرىنى ئېچىۋەتتىڭىزمۇ ؟ — سورىدى خې شۇخۇەن ماڭا تىكىلىپ .

— خـۇش بولاي ، « ئۇياق » نى هەرگىز تىلغا ئالماڭ ، بولامـ-دۇ ؟ ئۇلار مېڭەمنى قوچۇۋەتتى ، شۇ تاپتا « ئۇياق » نى ئويلاشنى زادى خـالىمايمەن . شۇخۇەن ، مېنى دېسىڭىز ، بۇلارنى سورىماڭ ، مەن ، فاڭ يۈنىڭ يېنىغا بارىمەن ، مەن بىلەن بىللە بارامسىز ؟

— بولدى ، ئەمدى سىرتقا چىقماڭ ، چىرايىڭىز بۆلەكچە بولۇپ كېتىپتۇ ، يېتىپ ئارام ئېلىڭ ، — ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى .

— سىز قاچاندىن بۇيان ئەزمە بولۇپ قالدىڭىز ؟ — دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ ، — مەيلى سىز بارمىسىڭىز ، ئۆزۈم بېرىۋېرىمەن ، ئەمىسە مەن كەلگۈچە يەنە ئاپام بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ !

— بولىدۇ ، بىللە باراي ! — دېدى خې شۇخۇەن سەۋرچانلىق بىلەن ، بىز ئاپامغا دەپ قويۇپلا ماڭدۇق ، كوچىغا چىققاندىن كېيىن رىكشا چاقىرىپ چۈشتۇق ـ تە ، جۇڭخېشياڭغا يۈرۈپ كەتتۇق ، خې شۇخۇەن فاڭ يۈ بىلەن تونۇشمايتتى ، بىراق مەن ئۇلارنى سىرتتىن تونۇشتۇرۇپ بولغانىدىم . رىكشا چۈەندۈەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە ئىختىيارسىز بامبۇكزارلىق يولغا قارىدىم ، بامبۇكزارلىق يولى ، × كوچا × نومۇرلۇق ئۆي ، ۋېي فامىلىلىكنىڭ ئۆيى قەيەردىدۇ ؟ شۇغىنىسى ، ئەمدى مەن بۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنى خالىمىدىم . ۋاقتىنچە ، ۋېي فامىلىلىك ۋە « ئۇياق » كۆزۈمدىن يوقالسۇن ، مەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى ۋە تىنچلىقىنى ئىزدەيمەن ، ئەمدى بۇ پەسكەشلىكلەر بىلەن كارىم يوق .

بىز فاڭ يۈنىڭ ئۆيىگە باردۇق ، ئۇ بىر سىقىم رەسىم سىزىدىغان قەلەمنى تۇتقان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى . فاڭ يۈ بېشىغا لۆڭگە ئارتىۋالغان ، ھەرخىل بوياقلار چاچراپ ئالىچىپار بولۇپ كەتكەن پەرتۇق كىيىۋالغان بولۇپ ، خۇددى كەمەك ھەييارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى .

— ۋاھ ! قانداق ياسىنىش بۇ ؟ ئەرەبلەرگە ئوخشىشىپ قاپسەنغۇ ! — دېدىم مەن .

فاڭ يۈ قولىنى بېشىغا قويۇپ خۇشاللىق بىلەن :

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار ! يېڭىلا بېشىمنى يۇغانىدىم . رەسىم سىزىۋاتىمەن ! يېپىڭ ، سەن تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدىڭ ، شۇنداق تىمۇ پەرىزىمچە بۇياق خې ئەپەندىغۇ دەيمەن !

— شۇنداق ، — دېدى خې شۇخۇەن بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئۇنداقتا سىز فاڭ خېنىم بولىسىزكەن ـ دە ؟

— شۇنداق ! — دېدى فاڭ يۈ ۋە بىزنى سۇپىغا باشلىدى ، بىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق ، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي بىر ـ بىرىدىن قالايمىقان

بولۇپ ، قەغەز پارچىلىرى ، كىتابلار ، رەسىم سىزىدىغان قەلەم ۋە بو-
ياقلار كۆرۈنگەن يەردە چېچىلىپ ياتاتتى . . . فاڭ يۇ نىڭ ئىنى – سى-
ڭىللىرى توڭگۈز – توپاقتەك قوغلاشماق ئويناۋاتاتتى . قەغەز ئىشكىنىڭ
قەغەزلىرى تىتىلىپ ياغاچ رامكىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . لېكىن ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتەتتى . ئۆيگە كىرىشمىگىلا ،
فاڭ يۇنىڭ كىچىك سىڭىلىسى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مېنى قۇچاقلىۋېلىپ ،
قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى :

— لۇ ھەدە ! سىز ماڭا كەمپۈت بېرىمەن ، دېگەنىدىڭىز ، ھەر
قېتىم كەلگىنىڭىزدە ئۇنتۇپ قالىسىزغۇ !

— كېيىنكى قېتىم ھەممىسىنى قوشۇپ ئالغاچ كېلەي ! — دېدىم
مەن .

فاڭ يۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىمگە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى خۇشال
كەيپىيات ماڭا تەسىر قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن كاللامدىكى بايىقى سەت
كۆرۈنۈشلەر تارقاپ ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى . فاڭ يۇ بىزنى ھۇج-
رىسىغا باشلاپ كىردى . ئۇلارنىڭ « مېھمانخانا » سى يوق ئىدى . ئۇ
رەسىم سىزىدىغان رەخت ۋە ئەسۋابلىرىنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا يىغىشتۇرۇپ
قويۇپ ، بىزگە ئىككى ئورۇندۇق بوشىتىپ قويۇپ بەردى . مەن كونا ئا-
دىتىم بويىچە سۇپىدىلا ئولتۇردۇم ، خې شۇخۇەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئول-
تۇردى . فاڭ يۇ بىزگە ئىككى ئىستاكان قايناق سۇ قۇيدى ۋە كۈلۈپ
تۇرۇپ :

— قايناق سۇ بىلەن مېھمان قىلىدىغان بولدۇم ، بۇ ئەڭ قىممەت-
لىك ئىچىملىك ، — دېدى .

كېيىن فاڭ يۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ ماڭا قاراپ :

— نېمە بولدۇڭ ؟ بەكلا جۇدەپ كېتىپسەنغۇ ! — دېدى .

— ئەمدى سوراۋاتقىنىڭنى قارا ! يېرىم ئاي كېسەل بولۇپ يېتىپ
قالدىم ، يوقلاپمۇ قويمىدىڭ !

— كېسەل بولۇپ قالدىم ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ ، —
سەندەك تۆمۈر ئادەمنىمۇ كېسەل يىقىتالامدۇ ؟ — ئۇ خې شۇخۇەنگە

قاراپ سورىدى ، ــــ سىز كېسەل قىلىپ قويدىڭىزمۇ يا ؟

خې شۇخۇەن سەل تەمترەپ قالدى . ئۇ تېخى فاڭ يۈنىڭ تۇز-لىكىگە ئۆزلىشىپ كېتەلمىگەنىدى ! مەن گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىشەتتىم:

ــــ فاڭ يۈ ، سەن خرىستىئان مۇخلىسى تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن ئىنجىلنى ئوقۇمايدىغان بولۇۋالدىڭ ؟

ــــ هازىر مەن بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن ! ــــ فاڭ يۈ يېزىق شى-رەسىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ ماڭا تاشلىدى .

مەن كىتابنى تۇتۇۋېلىپ تېمىسىغا قارىدىم :

« پېرىخونلۇق ، جادۇگەرلىك ۋە ئېزىتقۇلۇق »

ــــ هوي ، ــــ دېدىم مەن قېشىمنى ئۈچۈرۈپ ، ــــ دىننى تەتقىق قىلىپ بولۇپ ، ئەمدى پېرىخونلۇقنى تەتقىق قىلغىلى تۇرۇپسەن ـ دە . ئىچىڭگە زادى قانداق شەيتان كىرىۋالدى ؟

فـاڭ يۈ پەقەت باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلىدى :

ــــ مەن پەقەت ئىنسانىيەتنى تەتقىق قىلىپ باقماقچىمەن . ئىنسان هەقىقەتەن غەلىتە نەرسە ، بەزىدە هېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ، بەزىدە چەك-سىز قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ . بۇ كىتابتا نۇرغۇن مەدەنىيەتسىز مىللەتلەر-نىڭ پېرىخونلۇق بىلەن ئىنتىقام ئالغانلىقى يېزىلىپتۇ . ئوقۇۋېتىپ قورق-قىنىدىن ئادەمنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدىكەن . مەن بۇ بىر نېمىلەرگە ئىشەنمەيمەن . لېكىن بۇلار كىشىنى ئىشەندۈرگۈدەكلا . . . مېنىڭچە ، ئىنسانلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەن . ئۇلار ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ ئۇرۇشقا ياكى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئىشلىتىدۇ ، ئەگەر بۇ دۇنيادا ئىنسانلار بولمىغان بولسا ، ئالەم تىنچىغان بولاتتى .

ــــ مۇنداق بولۇشى ناتايىن ! ــــ دېدى خې شۇخۇەن ، ــــ هايۋانلارمۇ ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ !

ــــ ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىتى هاياتلىق ئۈچۈنلا . ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىن مەقسىتى بەك مۇرەككەپ . شەخسىي غەرەز ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ، ئارزۇ ـ ئارمانمۇ ئۇ-

رۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ، كىچىككىنە ئۆچمەنلىكمۇ ئۇرۇش قوزغىشى مۇمكىن . . . شۇڭا ، ئىنسانلار مەۋجۇت ئىكەن ، تىنچلىقتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ ! — دېدى فاڭ يۈ پەلەكتىن زارلىنىپ .

— بولدى فاڭ يۈ ، سەن خۇددى بىزگە دەرس ئۆتكەندەك ، بەكمۇ جىددىي تېمىلار ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتىڭ . مەن ئىنسانلار مەسىلىسىگە قىزىقمايمەن ! — دېدىم ئۇنىڭ گەپلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ .

— بۇ مەسىلىگە قىزىقىشىڭ كېرەك ! — دېدى فاڭ يۈ ماڭا تىكىلىپ ، — سەن بەكمۇ خەۋپلىك ئادەم ! يىپىڭ ، ساڭا دەپ قوياي ، « ئۆچمەنلىك » نى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى « ئۆچمەنلىك » ئەمەس ، بەلكى . . .

— ۋاھ ! — ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ كىنايە قىلدىم ، — بىرى سېنىڭ سول مەڭزىڭگە ئۇرسا ، ئەڭ ياخشىسى ئوڭ مەڭزىڭنىمۇ تۇتۇپ بەر ، بىرى ئاتاڭنى ئۆلتۈرسە ، ئاناڭنى شۇنىڭغا بەر . . .

فاڭ يۈ كۈلۈپ :

— يىپىڭ سەن ھەممىشە ئاشۇرۇۋېتىسەن ! قوي مۇنداق ئادەمنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلمايلى ، يۈەنتۇڭ بۇتخانىسىغا بېرىپ ئويناپ كەلسەك دەيمەن ! سىلەرنىڭ كەيپىڭلار قانداق ؟ ھازىر سائەت ئۈچ يېرىم بولدى ، ئۇ يەرگە تۆتتە بارىمىز ، سائەت ئالتە ، يەتتىگىچە ئويناپ كەچكى تاماقنى قايتىپ كەلگەندە يەيلى . قانداق ، بارامدۇق ؟

— بارايلى ! — دېدىم مەن ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ ، — شياۋچېنىمۇ ئېلىۋالايلى ! — شياۋچى فاڭ يۈنىڭ سىڭلىسى ئىدى .

ھەممە تەق بولدى ، بەش مىنۇتتىن كېيىن يۈەنتۇڭ بۇتخانىسىغا يۈرۈپ كەتتۇق . تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ ئاخىرقى بېكەتكە بارغاندىن كېيىن ، ئازغىنا يولنى پىيادە بېسىپ ، دۆڭگە قاراپ ماڭدۇق . شياۋچى خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئويناپلا كەتتى ، ئۇ يېشىل تاۋاردىن يوپكا كىيگەن بولۇپ ، بەئەينى يېشىل پاقىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى . ئۇ ئۆپچۆرىمىزدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىنتايىن كۈلكىلىك مۇنداق

بىر قوشاقنى ئېيتتى :

ناخشا ئېيتىمىز ئوك ــ تەتۈر دېمەي ،
دەريادىكى تاشلار دۆڭگە يۇملار .
ئۆتكىنىمدە تاغامنىڭ ئىشكىدىن ،
تاغ ئانام ھەدەپ مومامنى لىڭشىتار .
ئاي تولۇپتۇ ئاسمانغا يۇلتۇز پەقەت بىر ،
ساغرۇ ئاڭلاپ يېتەر ئاغزى ــ قۇلىقىغا .
ھەر كۈنى گاچا ئېيتقاندا ناخشا .

بىز ئۇنىڭ ناخشىسىغا كۈلۈپ ناھايىتى ھۇزۇرلاندۇق . خې شۈخۈەن شياۋچى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى . ئۇ كىچىك بالىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن . شياۋچى بىلەن تاغىنىڭ يوتىسىدا كىچىك بالىدەك قوغلىشىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ ئوينىشىپلا كەتتى . بىردەمدىلا ئۇ ئىككىسى بىزدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى . فاڭ يۇ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— يېپىلىڭ ، ئۇ ئىنتايىن يېقىملىق يىگىت ئىكەن !
— ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ .
— يۈرىكىڭگە قولۇڭنى سېلىپ باق .
بىز يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن فاڭ يۇ سورىدى :
— يېپىلىڭ كۆڭلۈڭدە بىر ئىش بازدەك تۇرىدىغۇ .
مەن لېۋىمنى چىشلىدىم . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم كۆكتە كىشىنىڭ مەسلىكى كەلگۈدەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى
— ئېيتقىنا ! قانداق بولسا توغرا بولىدۇ ؟ قانداق بولسا خاتا بولىدۇ ، — دېدىم مەن غەشلىكتە .
— سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ شۇكى ، سەن ھەممىلا ئىشقا بەكمۇ جىددىي قارايسەن ، مەن ئېيتقان بىر چاقماق قەنت ھەققىدىكى تەمسىل ئېسىڭدىمۇ ؟ ئەگەر سەن كۆڭلۈڭنىڭ ئارامىنى ئىزدىسەڭ ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن خالىي بولۇشۇڭ كېرەك .



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن گەپ قىلمىدىم ، يۈەنتۇڭ بۇتخانىسىغا كەلدۇق . بىر ئايلانـ
غاندىن كېيىن پال ئاچقۇزدۇق . پالچىنىڭ تۇترۇقسىز گەپلىرى كۆڭـ
لۈمگە زادىلا ياقمىدى . بىردەم ئوينىدۇق . قۇياش ئاستا ـ ئاستا غەربكە
قىڭغىيىشقا باشلىدى . بىز ئايلىنىپ تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ، يۆگىمەچـ
لەر ئارىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ماڭدۇق . جىلغا جىمجىت ، ئادەم
يوق ئىدى . قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . گۇگۇم ئالـ
دىدىكى كەچكى قۇياشقا ۋە يىراقلاردىكى تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈ-
لۈۋاتقان ئىسلارغا قاراپ كۆڭلۈمنى غەلىتە ۋە مەنىسىز بىر تۇيغۇ قاپلىـ
دى . يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن شۇ
تاپتا پەيدا بولغان بۇ غەلىتە تۇيغۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىـ
دىم . مېنىڭ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ خې شۇخۇەنمۇ ، شاۋچىمۇ كېلىپ
يېنىمدا ئولتۇردى . فاڭ يۈ چىقىۋاتقان شامالغا قارىماي ئۆرە تۇراتتى .
شامال ئۇنىڭ يوپكىسىنى ۋە چاچلىرىنى يەلپۈمەكتە ئىدى . مەن بىپايان
ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم ، كۆڭلۈمنى بىرخىل سىرلىق كەيپىيات
قاپلىدى .

شۇ ئەسنادا ، يۈەنتۇڭ بۇتخانىسىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىندى . ھەر
تەرەپتىن ئەكس سادا ياڭراپ ، ئۇچار قۇشلار گۈررىدە ئاسمانغا كۆتۈ-
رۈلدى . گۇگۇم ۋاقتىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى سىرلىق خىياللىرىمنى تار-
قىتىپ ، بىردىنلا كۆڭلۈمگە ئۆزۈمنىڭ ئەرزىمەس بەندە ئىكەنلىكى ۋە
ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى ئوينى سالدى . شۇئان ۋۇجۇدۇمـ
دىكى ئۆچمەنلىك ، شۆ ئاچام ، لاۋۋېي ، دادام . . . ھەممىسى كۆڭلۈمدىن
كۆتۈرۈلۈپ ئۆزۈمنى يېنىكلەپ كىچىككىنە بىر نەرسىگە ئايلىنىپ ، بۇ
دۇنيادىن قۇتۇلغاندەك ، تېخى ئېچىلمىغان يېڭى بىر دۇنيادا قاڭقىپ
يۈرگەندەك ھېس قىلدىم ... قوڭغۇراق ئاۋازى توختىغاندىلا ، ئېغىر
خورسىندىم ، مەن گويا بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ۋە بىر نەرسىگە
ئېرىشكەندەك ئىدىم . قولۇمنى ئېڭىكىمگە تىرىگىنىمچە خىيال دەرياسىغا
غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم . بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىـ
رىمدىن سەسكىنىپ كەتتىم . « ئۇياق » نىڭ ھازىر قانداق ھالەتتە ئىـ

www.uyghurkitap.com

كەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. شۇ ئاچام ناشايان ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلايدىغان نېمە ھەددىم؟ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم، ئەرشتە خۇدا بارمۇ؟ پۈتكۈل دۇنيادىكى مەۋجۇداتلارنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچ بارمۇ؟ ئۇنداق بولسا، خۇدانىڭ ئەمرى نېمە؟ مەن خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلدىممۇ يوق؟

فاڭ يۈ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى، ئۇ مېنى تۈرتۈپ شې شۇخۇەن بىلەن شياۋچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئىككىسى روبىرو ئولتۇرۇپ «شاپىلاق» ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. شې شۇخۇەن شياۋچىنغا بىر باللار قوشىقى ئۆگەتتى:

شاپىلاق شاپىلاق ئويمان چەلپەك،
سەن سات ئۇپا مەن ساتاي ئەگلىك.
لۇجۇنى دەپ دەسمىدىن ئايرىلدۇق،
چوشقا بېشىنى ئېلىپ غاجىلىدۇق.
چىشىمىز ئۆتمەي قالغاندا ئاكا،
تاشلىدۇق پاققىدە ئۇنى دەرياغا.

قوشاقنى ئوقۇپ بولۇپ ئىككىسى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ كەتتى. فاڭ يۈمۇ كۈلۈپ كەتتى. بۇ دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل — ھە! ئەگەر شۇ ئاچام مېنى تىللاپ ئاھانەت قىلمىغان، دادام قامچىلىمىغان، رۇپىڭ مەندىن يىگىت تالاشمىغان بولسا، شۇ ئاچام بىلەن لاۋۇبېينىڭ ئەسكىلىكلىرى بولمىسا . . . بۇ دۇنيا ئىنتايىن گۈزەل بولغان بولاتتى. شۇندا مېنىڭ كۈلگۈم كېلەتتى، پۇخادىن چىققۇچە كۈلەتتىم. ھازىر مېنىڭ ئويناپ — كۈلۈپ يۈرىدىغان چاغلىرىم ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن مەن كۈلەلمەيتتىم، كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ئارقان بىلەن باغلانغان، چۈشەپ قويۇلغانىدىم. كۆڭلۈم شۇنچىلىك غەش، ئۆزۈم شۇنچىلىك گاڭگىراپ قالغانىدىم! گۇگۇم چۈشكەندە تاغدىن چۈشۈپ جۇخېشياڭغا كەلدۇق. شې شۇخۇەن بىزنى مېھمان قىلدى. كىچىك بىر ئاشخانىدا تويغۇچە تاماق يېدۇق، شې شۇخۇەن بىر كوروپكا كەمپۈت

ئېلىپ شاۋچىغا بەردى . فاڭ يۇ بىلەن شياۋچىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قو-
يۇپ ، ئاندىن قايتتۇق .

خې شۇخۇەن ئىككىمىز دەريا بويىلاپ ئاستا ماڭدۇق . خې شۇخۇەن ئويغا چۆمگەن ، مەنمۇ پەرىشان ئىدىم . دەريانىڭ قېشىدا ئا-شىق ـ مەشۇقلار جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ ، قول تۇتۇشۇپ ، مۈرىسىنى ـ مۈرىسىگە تىرەپ ، ئەلمىساقتىن تارتىپ قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان گەپلەرنى قىلىشىپ يۈرەتتى . مەن خې شۇخۇەنگە گەپ قىلاي دەيتتىميۇ ، تىلىم تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئاغزىمدىن گەپ چىقمايتتى . كۆز ئالدىمدىن شۇ ئاچام بىلەن رۇپىڭنىڭ تۇرقى زادىلا كەتمەيتتى . رۇپىڭ بۇگۈن ماڭا لاپپىدە بىر قارىدى ، مەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى مەڭگۈ ئۇنىتۇيالمايمەن . ئۇنىڭ قارىشىدا ئۆچمەنلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ، بىراق كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ھەسرەتكە تولغانىدى ، بۇ ھال مېنى ئۆچ-مەنلىككە تولغان قاراشتىنمۇ بەك ئازابلىماقتا ئىدى .

بىز قاشتىن تۆۋەنلەپ سۇ بويىغا چۈشتۇق . سۇ بويىدىكى چىم-لىقتا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان چايخانىلار بار ئىدى . چايخانا خوجايىنى خېرىدار چاقىرىپ تۇراتتى . خې شۇخۇەن :

ــــ چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقامدۇق ؟ ــــ دەپ سورىدى .

مەن يا ماقۇل ، يا ياق دېيەلمىدىم . بىز چايخانىغا كىرىپ ئول-تۇردۇق . ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ ، ماڭا تىكىلگىنىچە پەس ئاۋازدا :

ــــ يىپىڭ ، « ئۇياق » قا بېرىپ نېمە قىلغانلىقىڭىزنى ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسىز ؟ ــــ دېدى .

مەن قاشلىرىمنى يىمىرىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ :

ــــ « ئۇياق » نى زادىلا تىلغا ئالمىسىڭىز بولمامدۇ ؟ مېنى ئارام-خۇدا دەم ئالغىلى قويسىڭىزچۇ ؟ نېمە ئۈچۈن « ئۇياق » نىڭ كۆلەڭگىسى بىزدىن نېرى كەتمەيدۇ ؟ ــــ دېدىم .

شۇخۇەن جىمىپ كەتتى . ئۇزۇنغىچە ھېچقايسىمىز گەپ ـ سۆز قىلماي قېتىپ قالغاندەك ئولتۇردۇق . چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا بىر چېكەتكە چىرىلدايتتى ، دەريادىن بىر كىچىك قولۋاق ئاستا ئۆتتى ، يۇلتۇزلارنىڭ

سۇدىكى شولىسى جىمىرلايتتى . . . شۇغىنىسى مۇنداق جىمجىتلىقتا بەكمۇ كۆپ تىنچسىزلىقلار يوشۇرۇنغانىدى . بىزنىڭ نەپەس ئېلىشىمىزمۇ بىنىڭ ۋە تەبىئىي ئەمەس ئىدى . خېلىدىن كېيىن ئۇ مېنى تۇتۇپ :

— سۇدىكى ئاينىڭ شولىسىغا قاراڭ ! — دېدى .

قارىسام ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلار ئارىسىدا ئورغاقتەك ئاي داۋالغۇپ تۇراتتى . سۇنىڭ دولقۇنلىشى بىلەن ئاي بەزىدە سوزۇنچاق كۆرۈنسە ، بەزىدە قاتلىنىپ كېتەتتى . ئاخىر ئۇنىڭ يۈزىنى بۇلۇت تو- سۇۋېلىپ ، ئاي كۆرۈنمەي قالدى . مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم . كۆكۈل ئاسمىنىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇلۇت قاپلىماقتا ئىدى .

ئۈچ كۈن ئۆتتى ، « ئۇياق » قا بېرىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمى- دىم . « ئۇياق » نىڭ شۇ قالايمىقاندا نېمە بولۇپ كەتكىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم . تۈن نىسبەدە تاتلىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ ، يوتقانىنى يېپىنچاقلىغىنىمچە قايتا ئۇخلىيالماي ئولتۇرۇپ كېتەتتىم . جىم- جىت كېچىلەردە بەزىدە سەگەك ياتاتتىم ، بەزىدە ئېسىمنى بىلمەيمۇ قالاتتىم . ئۇيقۇدىن بىدار بولغان چاغلاردا غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان روجەككە تىكىلگىنىمچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم ، پەرىشان ھالىدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم : « نېمىلەرنى قىلدىڭ ؟ نېمە سە- ۋەبتىن ؟ »

نەتىجىدە ، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ، ئىش ـ ھەرىكىتىمنى قايتا ـ قايتا ئۆلچەپ چىقساممۇ ، ئۆزۈمنىڭ خاتالىقىنى تاپالمايتتىم . كۆزۈمنى يۇمساملا ، دادامنىڭ مېنى قامچىلىغىنى ، شۆ ئاچامنىڭ دىمىغىنى قېقىپ سوغۇق كۈلۈشلىرى ، ئېرجىبېنىڭ تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنىڭ ئەترا- پىدا ئايلاندۇرۇشلىرى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى . شۇڭا ، كۈلۈپ قو- يۇپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە دەيتتىم :

سەن توغرا قىلدىڭ ! ئۇلار رەزىل ئادەملەر ! شۇنچە چىدىماس ۋە زالىم دادام بۇ ئىشنى بولدى قىلارمۇ ؟ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى گېزىتنى قولۇمغا ئېلىپ ، ئىختىيارسىز سەل جىددىيلىشىپ قالاتتىم . ئەگەر مەن ئىجتىمائىي خەۋەرلەر ئىستونىدىن دادامنىڭ شۆ ئاچامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن-

لىك خەۋىرىنى كۆرسەم ، تەئەججۈپلەنمەس ئىدىم . چۈنكى ، دادام ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھېچنېمە چاغلىمايدىغان يىلپىز ـ دە ! بىراق ، گېزىتكە قانـ لىق دېلو يۈز بەرگەنلىك خەۋىرى بېسىلمىدى . بۇ ئۈچ كۈن ھەيران قالارلىق جىمجىتلىقتا ئۆتتى . ئېرخاۋ مېنى ئىزدەپ كەلمىدى . رۇپىگمۇ كەلمىدى . مۇنداق نورمالسىز جىمجىتلىق كىشىنى دەككە ـ دۈككىگە سالاتتى ، يېقىنلاپ قالغان بوران ـ چاپقۇننىڭ شەپىسىگە ئوخشىشاتتى .
مەن چىدىماي تۆتىنچى كۈنى كەچتە « ئۆيىاق » قا باردىم .
ئالەن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى ، ئۇنىڭ بېلىقنىڭكىدەك كۆزلىرى تېخىمۇ پۈلتىيىپ كەتكەندى . مېنى كۆرۈپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىـ لىپ ، ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، يەنە گېپىنى يۇتۇۋەتتى ، كۆزلىرىنى غەلىتە چىمچىقلاتتى ، مەن سەگەكلىشىپ سورىدىم :
— غوجاڭ ئۆيدە بارمۇ ـ يوقمۇ ؟
— بار ، — دېدى ئۇ تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ ئارتۇق گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي بۇرۇلۇپلا كىرىپ كەتتى .
مەن مېھمانخانىغا كىردىم ، مېھمانخانىنىڭ ئىچى تىمتاس ، بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى . مېگىپىڭ بالىنىتسىدا يېتىپ قالغاندىن بۇيان ، ئېـ لىكتر پاتېفون زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا كۆرۈنۈشكە تىزىپ قويغاندەكلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . مەن مېھمانخانىدا بىردەم جىممىدە تۇـ رۇۋالدىم . بۇ ئۆيلەر ئەجەب جىمجىت ـ ھە ! ھېچكىمنىڭ ئاۋازى يوق ! دەھلىزنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى مەھكەم يېپىلغان بوـ لۇپ ، سۈرلۈك ئىدى . يەلكەم كۆيۈشۈپ ، كۆڭلۈمدىكى بىئاراملىق سىرتقا تېپىشكە باشلىدى .
دادامنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتىم ، جاۋاب چىقمىغاچقا ئىشىكنى ئاچتىم . ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى . دەھلىزدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقتا شىرە ـ ئورۇندۇقلارنىڭ شەكلىنى ۋە دېرىزە پەردىسىنى غۇۋا پەرق ئېتەلىدىم . ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە خىرە ، ئۆي تىرىك جان يوقتەك جىمجىت ئىدى . بۇ ئەھۋالدىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ ، ئىختىيارسىز جىددىيلەشتىم . بوران چىقىپ تۇرغان بۇ ئۆيدە

ئادەم بارلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەي رۇپىگىنىڭ ئۆيگە كىرىپ باقماقچى بو-
لۇپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم ، ئەمدىلا قەدىمىمنى يۆتكىشىمگە، تۇساتتىن
ئۆينىڭ ئىچىدىن تەمكىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى :

— يىپىك ، ئۆيگە كىر !

بۇ دادامنىڭ ئاۋازى ئىدى . مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم . دادام يىپزىق شىرەسىدىكى چىراغنى ياندۇردى ، شۇندىلا ئۇنىڭ يىزىق شىرە-سىنىڭ كەينىدىكى بىر بۇلۇڭدا ماڭا قاراپ جىممىدە ئولتۇرغانلىقىنى باي-قىدىم . مەن بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىردىم . دادام مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي ، بىر خىل تەلەپپۇزدا سۆزلىدى :

— ئىشىكنى يېپىپ بۇياققا كېلىپ ئولتۇر !

مەن ئىشىكنى يېپىپ ، دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇردۇم . ئۇ قېشىنى سەل يىمىرىپ ماڭا سىنچىلاپ قارىدى . ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە سۇر-لۇك كۆزلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرقىسما بولدى . ئۇ گەپ - سۆز قىل-ماي ماڭا بىرھازاغىچە قارىغاندىن كېيىن ئاستا :

— ھېلىقى ئادەمنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەر ! — دېدى .

— نېمە ؟ — داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . كاللام دەرمەھەل ئىشلە-مىدى .

— شۆچىنىنىڭ ھېلىقى بىر نېمىسىنى دەۋاتىمەن !

— ھە ! — ئەمدى چۈشەندىم ، كۆڭلۈمگە ھەر خىل ئويلار كەلدى . ئۇ ئادەمنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟ دادامنىڭ تۇرقىدىن ئەيمىنىپ قالدىم . ئۇ بەك جىددىي ۋە سۈرلۈك ئىدى .

ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ ؟ نېمىمۇ قىلار ؟ ئېيتىپ بەرسەم ئاقىۋىتى قانداق بولار ؟ بۇ ئويلار كاللامدىن خۇددى چاقماق چاققاندەك يالت قى-لىپ ئۆتتى ، مەن ئويلىنىپ تۇرماستىنلا :

— بىلمەيمەن ! — دېدىم .

— بىلمەيمەن ؟ — دادام ماڭا مىختەك قادالدى . يالغان سۆز-لەۋاتقىنىم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . ئۇ ماڭا بىرپەس سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى پۈۋلىدى ، — يىپىك ، قانچە-

لىك بىلسەن ؟ ھەممىسىنى ئېيت ؟
— پەقەت شۇ ئادەمنىلا بىلىمەن ! — دېدىم مەن لېۋىمنى چىش-لەپ .
— ھە ، — دېدى دادام كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، — يىپىك ، كاللاڭدا قانداق پىلان بار ؟ قاچانغىچە ئېيتىشنى خالىمايسەن ؟
مەن دادامغا قارىدىم ، ئۇ ھەممىنى بىلمەكچى ئىدى . ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇپ ، كۆز ئالدىمدا ئەھۋالنى تەھلىل قىلماقتا ئىدىم . توۋا ، نې-مىشقا ئېيتىپ بەرمەيمەن ؟ ئېيتسام ، ئۇلار راسا ئۆرە - تۆپە بولۇشسا ، مەن مەقسىتىمگە يېتىپ ، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پەيزىنى سۈرمەمدىمەن ؟ ئەپسۇسكى ، ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان ئۆزۈمگە قارشى بىر كۈچ تۇپەيلى ، ئېيتاي دېسەممۇ ئاغزىمدىن سۆز چىقمايتتى . ئېرخاۋنىڭ « قىلغانلىرىڭ يېتىپ ئاشىدۇ ، ئەمدى ئىنساپ قىلساڭ بولارمىكىن ! » دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى .
بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ، مەقسەتسىزلا ئىككى قولۇمغا قارىدىم . دادامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى ، سۇرلۇك ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا :
— يىپىك ، سەن شۆچىننىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى قانچىلىك ۋا-قىتتا توپلىدىڭ ؟ — دېدى .
بېشىمنى كۆتۈردۈم ، قوشۇمامنى تۈرۈپ دادامغا سەپسالدىم ، دادامنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى . بىز خېلىغىچە شۇ تەرزدە بىر - بىرى-مىزگە تىكىلىپ ، بىر - بىرىمىزنى دەڭسەپ كۆردۇق . ئاخىر دادام بې-شىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ، چىشىنىڭ ئارىسىدىن سۆزلىدى :
— يىپىك ، مەن سېنىڭ ئىچ - باغرىڭنى ئېنىق بىلمەكچىمەن ! سەن نېمىدېگەن زەھەرلىك ! — ئۇ يەنە كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئاڭلى-نار - ئاڭلانماس قىلىپ قوشۇپ قويدى ، — بەئەينى يىلپىز بالىسى ، چىش - تىرنىقى ئۆتكۈر يىلپىز بالىسى !
يىلپىز بالىسى ؟ دادامغا قاراپ داڭقېتىپ قالدىم . شۇنداقمۇ ؟ مەن يىلپىز بالىسىمۇ ؟ قارا يىلپىز لۇ جېنخۇانىڭ قىزى - بالا يىلپىز بولدۇم-مۇ ؟ يىلپىز بالىسى ؟ مېڭەم ئېلىشىپ كەتتى . راست ، دادام قېرى يىلپىز

بولغاندىكىن ، مەن ئۇنىڭ قىزى ـ دە ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا رەھىمسىز ، رەزىل ، زالىممۇ ! كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ سەل گاڭگىراپ قالدىم . شۇ هالدا تۇرغىنىمدا ، يان ئۆيدىن چىققان قاتتىق تاراقلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم . بۇ ئۆيدىن كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بوغۇق ۋە هايۋاننىڭ هۆركىرىشىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى . مەن ئۆزۈمنى تونتىنۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ شۇ ئاچامنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم . ئۇنىڭ ئۈنى پۈتۈپ ئاۋازى ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشماي قالغانىدى . ئۇ هاسىراپ ـ هۆمۈدەپ تۇرۇپ تىللايتتى .

— لۈجېنخۇا ، هەي ئىت ! هۇ هايۋاندىن تۆرەلگەن ، ئىشىكنى ئاچ ، هوي پاسكىنا ئىت !

مەن هەيران بولۇپ دادامغا قارىدىم ، دادام غاڭزىسىنى چىڭ چىشلىۋالغاچقا ، تاماكا ئىسىنىڭ كۆپ قىسمى بۇرنىدىن چىقىپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ۋە هېچنېمە تەسىر قىلمايدىغان ، مۇز يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنى قاپلىدى . شۇ ئاچامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى ، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ كەتكەن بولسىمۇ كېكىردىكى يىرتىلغۇدەك توۋلايتتى :

— لۈجېنخۇا ، هۇ ئەقىلسىز ! ئايال كىشى بىلەن بالىنى سولاپ قويۇشتىن باشقا ئىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ ، لۈجېنخۇا دېگەن ئىت ، ۋەھشىي ئىت ! غالجىر ئىت . . .

تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى . شۇ ئاچامنىڭ ئۈنى بەكلا پۈتۈپ كەتكەن ، ئۈمىدسىزلىك ۋەھىمە ۋە چوڭقۇر غەزەپكە تولغانىدى . مەن دېمىمنى ئىچىمگە تارتىپ :

— شۇ ئاچامغا نېمە بولدى ؟ — دېدىم .

— مەن ئۇنى ئېرجىي بىلەن سولاپ قويدۇم ، — دېدى دادام سوغۇققىنا ، — مەن ئۇلارنى كۆزۈمچە ئاچلىقتىن ئۆلتۈرىمەن !

مېنى تىترەك باستى ، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ دادامغا قارىدىم ۋە ئارانلا :

— سىز ، — سىز تۆت كۈندىن بۇيان ئۇلارغا تاماق بەرمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدىم .

ـــ ھەئە ، ـــ دادام ماڭا ئالايدى ، ـــ شۇنداق ! ئۇلارنىڭ ئۆلگەـ
نىنى كۆرمەكچىمەن !
مەن دادامغا قاراپلا قالدىم ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە تۇرقىدىن تېنىم
جۇغۇلداپ ، ئالىقىنىمدىنمۇ سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى . تىلىم كالۋالىـ
شىپ گەپ قىلالماي قالدىم . يان ئۆيىنىڭ تېمىدىن تىرمىشىپ ئۆمىلىگەن
ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، شۇ ئاچام ئەمدى تىللىماي يالۋۇرۇشقا باشلىدى :
ـــ جېنىخۇا ، ئىشىكنى ئېچىڭ ! سىزمۇ ئادەمغۇ ، ۋىجدانىڭىز نەگە
كەتتى ! ئىشىكنى ئېچىڭ ، جېنىخۇا ! ئىشىكنى ئېچىڭ !
مەن چىدىيالماي ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم . دادامغا گەپ
قىلاي دەۋاتسام ئىشىك ئېچىلىپ رۇپىڭ كىردى ۋە مېنى كۆرۈپ تۇرۇپلا
قالدى . ئاندىن ئاستا دادامنىڭ ئالدىغا باردى ، ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ
ھەيران قالدىم ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ خۇددى ئالۋاستىغا ئوخشىشىپ
قالغان ، چولپان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەنىدى .
دادامنىڭ ئالدىدا غالىلداپ تىترەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا يىـ
لىنىدى :
ـــ دادا ، ئۇلارنى كەچۈرسىڭىزچۇ ! دادا ! ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قوـ
يىدىغان بولدىڭىز ! دادا ! سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ! ئۇلارنى قويۇپ بېـ
رىڭ ! سىزدىن خۇش بولاي ! ـــ ئۇ يىغلاپ كەتتى ، قولىنىڭ كەينى
بىلەن يېشىنى ئېرتقاندىن كېيىن ، دادامنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتەـ
كىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ دادامغا قايتا يېـ
لىندى ، ـــ سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، دادا ! سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي !
ـــ يوقال ! ـــ دېدى دادام سوغۇق تەلەپپۇزدا خۇددى بىر ئىتنى
قوغلىغاندەك ، ـــ رۇپىڭ ، كۆزۈمدىن يىراققا يوقال ، ئەگەر يەنە يېرىم
كېچىدە ئاپاڭغا تاماق بېرىدىغان بولساڭ ، سېنىمۇ قوشۇپ سولاپ قويىـ
مەن !
ـــ دادا ! ـــ دېدى رۇپىڭ دۇدۇقلاپ ، ـــ ئۇلار ئاچتىن ئۆلىدىـ
غان بولدى ! ئاپام ئاچتىن ئۆلىدىغان بولدى ! ئۇلارنى قويۇۋەتسىڭىزچۇ ،
دادا ! ـــ ئۇ يېلىنىشنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ شارتتىدە ماڭا بۇـ

رۇلدى ـ دە ، تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە يوپكامنى تارتىپ دېدى ، ــ پې-پىلەك ، سەندىن ئۆتۈنەي ، مەن ئۇچۇن دادامغا گەپ قىلساڭچۇ ، ئۆتۈنۈپ كېتەي !

مەن بىئاراملىق ئىچىدە رۇپىكىنىڭ قولىدىن ئاجراپ بىر چەتكە ئۆتۈۋالدىم . رۇپىك قولىنى يۈزىگە قويۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . مەن چىشلىرىمنى چىشلەپ :

ــ دادا ، ئۇلارنى قويۇۋەتسىڭىز بولمامدۇ ! ــ دېدىم .

ــ ئوھوي ؟ ــ دادام ماڭا قارىدى ، ــ باغرىڭ يۇمشاپ قالدىمۇ ؟ ــ ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ماڭا مىختەك قادالغانىدى ، تېنىم تىكەنلىشىپ كەتتى ، ــ ھوي ، سېنىڭمۇ باغرىڭ يۇمشايدىكەن ـ ھە ! سېنىڭ ئۈمىدىڭ مۇشۇ ئىدىغۇ ؟ سېنىڭ شۇنچە قىلغان ئەجرىڭدىن مەقسەت شۇمىدى ؟ ئەمدى مەن ساڭا مۇنداق پەسكەشلىكلەرگە قانداق تېتىيدىغىنىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن !

ــ شۇنىسى ، ئۇلارنى ئاچتىن ئۆلتۈرۈپ قويسىڭىز بولمايدۇ ، مۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ ، ــ دېدىم مەن زورىغا . لېكىن بۇ گەپنى ئۆزۈمنىڭ « باغرى يۇمشاق » لىقىمنى ئاڭلاپ دېگەنلىكىمنى ياكى راستلا دادامنىڭ « قانۇنغا خىلاپلىق » قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ دېگەنلىكىمنى بىلمەيتتىم .

ــ قانۇنغا خىلاپ ؟ ــ دادام قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ ، دىمىغىنى قاقتى ، ــ قانۇنغا خىلاپ بولسا بولىۋەرسۇن ! مەن بۇزۇقچىلىق قىلغان خوتۇننى ئۆلتۈرسەم كىم مېنى بىرنېمە دېيەلەيدىكەن ؟

دادامنىڭ توۋلاپ تۇرۇپ قىلغان بۇ گەپلىرى شۆ ئاچامغىمۇ ئاڭلاندى بولغاي ، شۇئان ئۇ بوغۇق ئاۋازدا يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدى :

ــ لۇ جېنخۇا ، بۇزۇقنى تۇتساڭ جۈپتى بىلەن تۇتامسەن ! بىگىسىڭ بولسا جۈپتى بىلەن تۇت ! مېنىڭ خەق بىلەن ئوينىغىنىمنى كىم كۆرۈپتۇ ؟ لۇ جېنخۇا ، سەن ئۇ جالاپ خوتۇننىڭ قىزى نېمىدەپ جۆيلىسە شۇنىلا ئاڭلامسەن ! لۇ جېنخۇا ئەركىشىمۇسەن . . .

دادام ئۇنىڭ تىلىغا پەرۋا قىلمىدى ، چىرايىدىمۇ ھېچقانداق ئىپادە

كۆرۈلمىدى . رۇپىك يەنىلا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە يىغلىماقتا ئىدى . شۇ ئاچامنىڭ ئۇنى بارغانسېرى پۈتۈپ ئاۋازى پەسەيمەكتە ، تىلى بارغانچە بەزەپلەشمەكتە ئىدى ، شۇنچە گەپ قىلسىمۇ ، جاۋاب چىقمىغاچقىمىكىن ، بىردىنلا ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاغىل ـ تاغىل تووۋلاشقا باشلىدى :

— لۇ جېنخۇا ، ھۇ قېرى ، قېرىپ ماڭغۇدەك ھالىڭ قالمىغان تۇرسا ، مېنى خەق بىلەن ئوينىغىلى قويىماتتىڭ ! سەن ۋېي فامىلىلىككە چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالامسەن ، ئۇ سېنىڭ يۇلۇنۇڭنى ئۈزۈۋېتىدۇ ! نوچى بولساڭ ئۇنىڭ قېشىغا بارغىنا قېنى . جۈرئەت قىلالمايسەن ! سەن ئېرخاۋغىمۇ تەڭ كېلەلمىدىڭغۇ ! ھۇ ئۆلەرمەن قېرى . . .

دادامنىڭ قويۇق قاشلىرى جۈپلەشتى ، كۆزلىرى كىشىنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك چاقناپ كەتتى ، ئاغزى مەھكەم يۇمۇلدى . شۇ ئاچامنىڭ تىلى ئېغىزغا ئالغۇسىز بولغانسېرى دادامنىڭ مەڭزىدىكى گۆشلىرى لىپىلداپ ، جاۋغىيى تۆۋەنگە تارتىلىپ ، چىرايى بەكمۇ ۋەھشىي ۋە قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى . شۇ ئاچام ئېرخاۋنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ بەك تارتىشىپ كەتتى ، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ رۇپىڭغا :

— بار ، ئاپاڭنىڭ ئاغزىنى باس ، بولمىسا جېنىنى ئالىمەن ! — دېدى .

رۇپىك تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە دىرىلدەپ تىترەپ ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدى . شۇ ئاچامۇ تىللاشتىن توختىدى . دادامنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلىپ غەزىپى ئاشتى . ئۇ يېرىق شىرەسىنىڭ تارتمىسىنى تارتتى ـ دە ، ئىچىدىن بىر نەرسىنى ئالدى . مەن ئۇنىڭ قولىغا چىققان نەرسىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم . ئۇنىڭ قولىدىكى قاپقارا بىر تاپانچا ئىدى ! بۇ ماڭا تونۇش سولدىن ئوقلىنىدىغان تاپانچا بولۇپ ، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دادامغا ھەمراھ بولغانىدى . رۇپىك ئەقلىدىن ئازغاندەك تووۋلاپ دادامغا ئۆزىنى ئاتتى ، مەنمۇ ئىختىيارسىز تووۋلىۋەتتىم :

— دادا ، قورال ئىشلەتمەڭ !

« قورال » دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالغانمۇ ، شۇ ئاچامنىڭ ئاۋازى

شۇئان ئۆچتى . غەزەپكە كەلگەن دادام شىرەنىڭ ئالدىدا ئادەمنى يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا تۇرۇپ قالدى ، تاپانچا شىرە ئۈستىدە تۇراتتى . جىددىيلىك شۇ ھالەتتە توختاپ قالدى ، شۇ ئاچامنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . دادامنىڭ مەھكەم تۈرۈلگەن قوشۇمىسى سەل ئېچىلدى ، شىرەدىكى تاپانچىنى ئېتىرىپ قويۇپ ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى . مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى . دادام رۇپىڭغا قاراپ قاشلىرىنى يىمىرىپ تۈگۈلۈق بىلەن :

— رۇپىڭ ، چىقىپ تۇر ! يىپىڭ بىلەن قىلىشىدىغان گېپىم بار .

رۇپىڭ ماڭا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ ، قولىنىڭ كەينى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى - دە ، بېشىنى تۆۋەن سىلىپ گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ دەلدەڭشىپ ئاران كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپلا كەتتى ، بۇ ھالىتىمنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى .

دادام ماڭا قاراپ :

— ئولتۇر ! يىپىڭ ، — دېدى .

مەن ئولتۇردۇم ، دادام بىرھازاغىچە ئويغا چۆككەندىن كېيىن كۆتۈلمىگەندە ئېغىر ئۇھ تارتتى . مەن تەئەججۈپتە دادامغا قارىدىم ، شۇندىلا ئۇنىڭ ئىنتايىن سۇرۇن تۇس ئالغانلىقىنى بايقىدىم . دادامنىڭ بايىقى ياۋۇزلۇقىنىڭ ئورنىنى چارچاش ، ئاجىزلىق ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان غېرىبلىق ئىگىلىگەنىدى . ئۇ چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ ، بىزار بولغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى :

— ئادەم بەزىدە ھاماقەتلىكمۇ قىلىپ قويىدىكەن ، مەن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قانداقلارچە كۆزۈم چۈشكىنىنى ، شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ئۇنى ئەبگا چاڭچىلە ئۆمىكىدىن قايتۇرۇپ چىققىنىمنى بىلمەيمەن ، — ئۇ بىر نېمىنى ئويلاۋاتقاندەك توختاپ تۇرۇپ قالدى ، كېيىن خۇددى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك بوش ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۇنىڭ قاشلىرى ۋە ئۇچلۇقراق ئېڭىكى بەكمۇ ئوخشىشىپ . . .

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى . مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ، سوئال نەزەرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ

كەتتى :

— يىپىلك ، سەن ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاۋۇ تۆمۈر ئىشكاپنى كۆردۈڭمۇ ؟ كۆچمە مۈلۈكنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە ، كۆپ قىسمى نەق پۇل ، ئەمدى مەن ھېچكىمگە ئىشەنمەيمەن ، مەن بۇلارنى كەلگۈسىدە ساڭىلا قالدۇرماقچىمەن . ئەپسۇسكى ، ئۆمۈر بويى يىغقان دۇنيارىمدىن قېپقالغىنى ئاران شۇ . يىپىلك قېنى كۆرۈپ باق ! — دادام قويىنىدىن بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىپ ، تۆمۈر ئىشكاپنى ئاچماقچى بولدى .

— بولدى ! دادا ، — دېدىم مەن ئۇنى توسۇپ ، — كۆرمىسەممۇ بولىدۇ . ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر شۇ پېتى تۇرۇۋەرسۇن . مەن ئۇنىڭ ئىچىدە پۇل بارلىقىنى بىلىپ قالساملا بولدى .

— ئۇنىڭ ئىچىدە پۇل بار ، ئەمما كۆپ ئەمەس ، — دېدى دادام قايتا ئولتۇرۇپ ، — يىپىلك ، مەن سېنى ئەمدى جاپا چەكتۈرمەي دەيمەن ، — ئۇ ئېغىر خورسىندى ، — ھازىر ، مېنىڭ سەندىن باشقا بالام يوق . . .

— رۇپىلك ، مېڭىپىڭلارمۇ بارغۇ . . .

— ئۇلارنىڭ مېنىڭ بالام ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي ! — دېدى دادام قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ ، — ئۇلارنىڭ ئاپىسى خەق بىلەن ئوينىغان تۇرسا ، بالىلىرىنىڭ قايسى بىرىگە ئىشەنگىلى بولسۇن ! مېڭىپىڭ ئاپىسىغا ئوخشاش يۈزسىز بىرنېمە بولدى ، تالالىق بولماي تۇرۇپ قورساق كۆتۈردى . رۇپىڭنىڭ نەرىمۇ ماڭا ئوخشىسۇن ؟ كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ . ئېرخاۋ بىر ۋاپاسىز ، ئۇنى تېخىمۇ تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ ! ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولىمەن . . . يىپىلك بىر سەنلا ماڭا ئاز - تولا ئوخشىشىسەن . مەن سېنىڭ ئۆمۈر بويى يېمەك - ئىچمەك ، كىيىم - كېچەكىنىڭ غېمىنى يېمەي ئۆتۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىمەن . . . — ئۇ يەنە بىرپەس ئويغا پاتقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا - ئانام يوق يېتىم ئىدىم ، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرەتتىم . بىر كۈنى بىر باينىڭ ئۆيىگە مېھمان چاقىرغانىكەن . مەن ئۇلار ئارقا ئىشىكنىڭ يې-

نىغا تۆكۈپ قويغان ئاشقان ـ تاشقان سەيلەرنى تېرىپ يەۋەتسەم ئاشپېزى كۆرۈپ قېلىپ، قىزىق لاخشىگىر بىلەن بېشىمغا سالدى . . بۇ سىل چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر گېنېرالغا ئات باقار بولدۇم. بۇ گېنېرال مېنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتىمنى چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدى . . . — دادام بىردىنلا توختاپ قالدى. بۇ، مەن ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر ئىدى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك، بېشىنى چايقىدى، — ئىشقىلىپ، ئۆمرۈمدە مەن يەتكۈدەك ئازاب چەكتىم. يېپىڭ، ئەمدى سېنىڭ ئازاب چېكىشىڭنى خالىمايمەن. مەن سېنى پۇلدىن قىسىلدۇرمايمەن . . .

— دادا، سىز بۇ پۇللارنى قانداق يىغقان؟ — مەن خېلىدىن بۇيان سورىماقچى بولغان سوئالنى قويدۇم.

— پۇلنى دەمسەن، — دادام كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ماڭا قارىدى، — بۇ پۇللار ھەر خىل يوللار بىلەن كەلگەن. بۇ دۇنيا سېنىڭ پۇلۇڭنىلا تونۇيدۇ. پۇلۇڭنىڭ قانداق كەلگىنى بىلەن كارى يوق، چۈشەندىڭمۇ؟ بۇ پۇللارنى ئۆزۈم تاپقان! ئۇ چاغلاردا، مەن ھەرقاناداق بىر يەرگە بارسام، بايلار ماڭا تەقدىم قىلاتتى . . .

— ئۇلار سىزنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىڭىزدىن قورقۇپ پۇل تەقدىم قىلىدىغان بولغىيدى!

— بەلكى شۇنداقتۇر! — دادام سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى، — ماڭا نامراتلىق ئەمەس پۇل كېرەك ئىدى.

مەن دادامدىن نەزەرىمنى يۆتكەپ تۆمۈر ئىشكاپقا قارىدىم. ئىشكاپتا پۇل ساقلىنىدۇ، بۇ پۇللاردا قان ئىزلىرى بارمۇ ـ يوق، بۇنى كىم بىلسۇن؟ دادام يۇمشاق ئورۇندۇققا يۆلەندى، كۆزى ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدى، قاپىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن يول ـ يول قورۇقلار كۆرۈنۈپ جاۋغىيى تۆۋەنگە قىيسايغانىدى. ئۇ ئۇزاقىچە گەپ قىلمىدى، مەنمۇ گەپ قىلمىدىم. مەن ئۇنى شۇ ھالدا ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ

چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم . دادام مىدىرلىمىدى . شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ، تاپانچىغا قاراپ بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدىم . تاپانچا ! شۇملۇقنى چىللايدىغان تاپانچا ! مەن ئۇقنىڭ ئادەم بەدىنىگە كىرسە قانداق قورقۇنچلۇق ئىش بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم ! قانداقلا بولمىسۇن ، شۇ ئاچامنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم . شۇڭا شۇبهە ئىچىدە دادامغا تۇيدۇرماي تاپانچىنى ئالدىم ـ دە ، دادامنىڭ ھۇجرىسىدىن يېنىپ چىقتىم . دادام يەنىلا يۇمشاق ئورۇندۇقتا يۆلەنگىنىچە بىر خىل نەپەس ئېلىپ ئولتۇراتتى .

تاپانچىنى كۆتۈرۈپ رۇپىگىنىڭ ئۆيىگە كىردىم . رۇپىلك كارىۋاتنىڭ لېۋىدە چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈزىگە چۈشكەن ھالدا داڭقېتىپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئىتتىك ماڭا تىكىلدى . ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي بىرپەس تۇرۇپ قالدىم . كېيىن قولۇمدىكى نەس تاپانچا ئېسىمگە چۈشۈپ ، تاپانچىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم .

— بۇنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قوي ، دادامنىڭ قولىدا تۇرسا ، ئىش تېرىپ قويىدۇ .

رۇپىلك تاپانچىنى ئېلىپ ئۇندىمەي بېشىنى لىڭشىتتى

— شۇ ئاچام تۆت كۈندىن بۇيان بىرنېمە يېمىدىمۇ ؟

— ئالدىنقى ئىككى كېچە دېرىزىدىن تاماق سۇنۇپ بەرگەنىدىم . دادام بىلىپ قېلىپ قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى . شۇنىڭدىن . . . ھېچنېمە بېرەلمىدىم ، — دېدى رۇپىلك كېكەچلەپ .

— ئېرخاۋ نەگە كەتتى ؟

— ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . دادام ئۇنى قوغلىۋەتتى ، — دېدى ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ، — ھېلىقى كۈنى دادام ئاپامنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغاندا ، ئېرخاۋ ئاپامنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئۇ كۈچلۈك بولغاچقا ، دادامنىڭ قولىنى قايرىپ ئاپامنى ئاجراتتى . . . يەنە دادامنى ئىتتىرىۋەتكەنىدى . دادام تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇنى ئاتىمەن دېدى . ئۇ كۈندىكى ئىشلار ھەقىقەتەن . . . بەك قورقۇنچلۇق ! ئېرخاۋ قېچىپ چىقىپ كەتتى . دادام ئۇنى بوسوغىغا دەسسەتمەيمەن دەپ توۋلىدى . ئېر-

www.uyghurkitap.com

خاۋمۇ تالادا تۇرۇپ ، بۇ ئائىلە پەسكەش ، زۇلمەت . . . ساراڭلار بىلەن تولغان ، سىرتتا ئۆلۈشكە رازىمەنكى ، ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن ، كەپ تووۇلىدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ زادى كېلىپ باقمىدى .

— ھە ! — دېدىم مەن ھەسرەت بىلەن تىنىپ .

رۇپىلىك ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ، بوش ئاۋازدا يېلىندى :

— رۇپىلىك ، بىر ياردەم قىلغىن ، دادامغا گەپ قىلىپ ئاپامنى بوشاتقۇزۇۋەتكىن ! ئېرجىيې ئۈچ كۈن يىغلىدى ، بۈگۈن ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى . دادام راستلا ئۇلارنى ئاچتىن ئۆلتۈرىدىغان بولدى . يىپىلىك ، سەن ئاپامغا ئۆچ ، شۇنداقتىمۇ بىر ياخشىلىق قىلغىن ، سەندىن خۇش بولۇپ كېتەي ! دادام سىنىڭ گېپىڭنى يەيدۇ .

— مەن . . . — ئارسالدى بولدۇم ، — ئەتە كېلەي قانداق ؟

— يىپىلىك ، — سىنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئىكەنلىكىڭ ماڭا ئايان ، شۇ . . . شۇخۇەن توغرا ، مەن . . . مەن . . . ساڭا ئۆچلۈك قىلمايمەن ، پەقەت سىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە . . .

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە ئوڭايسىزلاندىم ، قۇلاقلىرىم قىزىپ ، بىر قىسما بولۇپ كەتتىم . ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ :

— ئەتە كېلىمەن ! — دېدىم ئالدىراش .

شۇ ماڭغىنىمچە توختىماي مېھمانخانا ۋە گۈللۈكتىن ئۆتۈپ دەرۋازىدىن چىقىۋالدىم .

« ئۇياق » تىن يېنىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ، ئىنتايىن بىئارام بولۇپ كەتتىم . « ئۇياق » تىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ياۋۇزلۇققا ، زاۋاللىققا تولغان كەيپىيات ئويلىمىغان يەردىن مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى . بۇ ھالەتنى مەن پەيدا قىلغانىدىم . شۇڭا ، خۇشاللانسام بولاتتى . لېكىن مەندە ئىنتىقامدىن كېيىنكى شادلىقتىن ئەسەرمۇ يوق . خۇددى بىرنېمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك پەرىشان ، پاراكەندە ئىدىم . ئۇخلاش كېيىمىنى كىيىپ ، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغىنىمچە دېرىزە سىرتىدىكى ئاينىڭ نۇرىغا قاراپ خىيالغا پاتتىم . ئاپام يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سورىدى :

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن ؟

— ھېچنېمىنى .

— « ئۇياق » تا بىرەر ئىش بولدىمۇ - قانداق ؟ — دەپ سو-رىدى ئاپام سەزگۈرلۈك بىلەن .

— ئازراق بىر ئىش بولدى ، — دېدىم دۇدۇقلاپ ، — دادام شۆئاچام بىلەن ئېرجىپنى سولاپ قويدى ، تېخى ئۇلارنى ئېتىۋەتمەكچى بولدى .

ئاپام چۆچۈپ كېتىپ سورىدى :

— نېمە ئۈچۈن ؟

— شۆ ئاچامنىڭ باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئە-كەن ، ئېرجىپ دادامنىڭ بالىسى ئەمەسكەن .

— بىراق ، — دېدى ئاپام چۆچۈپ ، — داداڭ قانداق بىلىۋاپتۇ ؟

— مەن دەپ بەرگەن .

ئاپام قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە كاپپىدە قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ سورىدى :

— سەن قانداق بىلگەن ؟

— ئاپا ، — دېدىم مەن بوشقىنا ، — باشقىلار بىلمىسۇن دېسە ، ئۆزى شۇڭ يۇرۇشى كېرەك - تە ! دۇنيادا مەڭگۈ ساقلىنىدىغان سىر يوق !

— شۇنىسى ، — ئاپام قوشۇمىسىنى تۈردى ، — ئۇنىڭ بىلەن نېمە چاتىقىڭ ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئىشىنى ئاشكارىلايسەن ؟

— ئۇ مېنى ئانىسى جالاپنىڭ قىزى جالاپ ، دەپ تىللىدى ، مەن ئۇنىڭ قىلغان ئاھانىتىگە چىدىمىدىم ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆچ ، ئۇنىڭدىن ئەتتىمنى ئالىدىغان پۇرسەت كەلگەندە ئۆتكۈ-زۈۋېتەتتىممۇ ؟

— يېپىڭ ، — ئاپام ماڭا سىنچىلاپ قارىدى ، — ئون يىلنىڭ ئالدىدىلا مەن ئۇنىڭ باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەتتىم .

— نېمە ! — مەن توۋلاپ كەتتىم ، — ئۇ سېنى شۇنچە بوزەك

قىلىسمۇ ، ھەتتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭ رەسۋاچىلىقلى-
رىنى پاش قىلماي يۈردۈڭمۇ ؟

— خۇدانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ ، مەن خۇدا ئەمەسمەن !

— ئۇنداقتا ، خۇدانىڭ ئەمرى مەن ئارقىلىق شۇ ئاچامنى
جازالاش ئوخشايدۇ ! — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ .

ئاپام ئۇنچىقماي بېشىنى چايقىدى .

— يېپىلىڭ ، سەنمۇ خۇدا ئەمەسسەن ! سەن تېخى شۇچىنى-
نىڭ « رەسۋاچىلىقلىرى » دېدىڭ . شۇغىنىسى ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار-
نىڭ ھەممىسىلا ئادىللىق بىلەن بولمايدۇ . ئويلاپ باققىن ، داداڭ ئۆمرىدە
قانچە خوتۇن ئالغان ؟ ئۇ ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە سادىق بول-
غانمۇ ؟ ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ، نېمە ئۈچۈن خوتۇنلىرى ئۇنىڭغا سادىق بول-
دىكەن ؟ بۇ جەمئىيەت سادىق بولمىغان ئەرلەرنى ئەيىبلىمەيدۇ ، ئەك-
سىچە ، سادىق بولمىغان ئاياللارنى ئەيىبلەيدۇ . بۇ ئادىللىق ئەمەس ! يې-
پىلىڭ ، سەنمۇ شۇنداق ئەنئەنىۋى ئىدىيىدىمۇ ؟ شۇ ئاچاڭ نېمە ئۈچۈن
داداڭغا سادىق بولۇشى لازىم ئىكەن ؟

مەن ئاپامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم . چۈنكى ، ئا-
پامنى مەن ئەزەلدىنلا ئىدىيىسى قاتمال ، « ياخشىچاق » ئايال دەپ
قارايتتىم . ئۇنىڭ مۇنداق « دادىل » قاراشتا ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدىم . شۇڭا ، ئاپامغا پارقىراپ قاراپلا قالدىم ، خېلى-
دىن كېيىن :

— ئۇنداق بولسا سېنىمۇ دادامغا سادىق بولمىسا بولىدۇ دېگىلى
بولامدۇ ؟ — دېدىم .

— مەن شۇچىنىگە ئوخشىمايمەن ، — دېدى ئاپام ئۇلۇغ - كى-
چىك تىنىپ ، — مەن ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە ئانچە
قىزىقمايمەن ، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، —
توغرا ، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مۇھەببەت بولۇشى ، بىر - بى-
رىگە سادىق بولۇشى كېرەك . ئەگەر بىر تەرەپتە ئاۋۋال ساداقەتسىزلىك
كۆرۈلسە ، يەنە بىر تەرەپنى ئەيىبلىيەلمەيسەن ، شۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە



www.uyghurkitap.com

تـۇشلۇق دەردى بار . ئۇ ئېرىدىن باشقا ، روھىي جەھەتتە ئۆزىنى ھېچ-نېمە بىلەن مەلىكە قىلالمايدىغان ئاياللاردىن . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ « يامان » ئايـاللاردىنمۇ ئەمەس . ئۇ پەقەت بىلىمسىز ۋە چاكىنا ، بۇ ئۇنىڭ كىيىپ چىقىشى ۋە ئالغان تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . . .

— ئاپـا ، سـەن يەنىلا پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ قارامسەن ! . . .

— يـېپىڭ ، — ئاپام قولىنى مۇرەمگە قويۇپ ئېغىر بېسىقلىق بىـ-لەن سۆزلىدى ، — سەن بىر نەرسىنى كۆزەتكىنىڭدە ئۇنىڭ سىرتقى كـۆرۈنۈشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، ئىچى - سىرتىنى تولۇق كۆرۈ-شۈڭ كېرەك !

— مەن ئۇنىڭ ئىچى - سىرتىنى تولۇق كۆرگىنىمدە ، سىرتقى كۆرۈنۈشىنى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ئازابلىنارمەن ، — دېدىم مەن ، — مەن بۇ دۇنيانىڭ قانچىلىك ئۆچمەنلىك ۋە جىنايەتكە تولغانلىقىنى ، كـىشى تەبىئىتىدىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە رەھىمسىزلىكنى كۆردۈم . . .

— سېنىڭ كۆرگەنلىرىڭ يەنىلا دۇنيانىڭ بىر تەرىپى ، — ئاپام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ كېيىن قوشۇمىسىنى تۈردى ، — قانداقلا بولمى-سۇن ، يىپىڭ ، سېنىڭ شۆچىنىنى جازالاشقا ھەققىڭ يوق . سەن « ئۇ-ياق » نىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىنى بۇزمىساڭ ئوبدان بولاتتى .

— ئۇلار ئاۋۋال مـېنىڭ زىتىمغا تەگدى . ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزى تاپقان بالا ، — دېدىم مەن ئۆزۈمـنى ئاقلاپ ، — ئۇلار مەندىن ئاغرىنمىسا بولىدۇ . ئاغرىنىشقا توغرا كەلسە ، ئۆزىدىنلا ئاغرىنسۇن ! ئاپا ! سەنمۇ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋى-تـىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ، مېنى ئەيىبلىمە ! مەن ساڭا ئوخشاش كەڭ قورساق ئەمەس ، سېنىڭدەك ئۆزۈمنى توختىتالمىغانمەن . ئاپا ، سەن ئۆمۈر بويى باشقىلارنى ئەپۇ قىلىپ كەلدىڭ ، ئۆمۈر بويى يول قويۇپ كەلدىڭ ، ئەپسۇسكى ، ئاخىر نېمىگە ئېرىشتىڭ ؟

ئاپام سۈكۈتكە چۆمدى . بىز بىرپەس جىمجىت ئولتۇرغاندىن

كېيىن ، ئاپام مېنى ئاستا باغرىغا بېسىپ ، مۇلايىم ۋە تەمكىن تەلەپپۇزدا :

— يىپىلىڭ ، مۇنۇ ئىككى گەپ ئېسىڭدە بولسۇن. بىرىنچىسى ، نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن ! ئىككىنچىسى ، تەڭرىنىڭ جازاسىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، — دېدى .

— بەك بەلەن سۆزلەر ئىكەن ، — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ ، — بۇ سۆزلەرمۇ شۇ ئاچامنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىسپاتلىمىدىمۇ ؟ ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا قىلغان - ئەتكىنىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتامدۇ ؟

— شۇنىسى ، يىپىلىڭ ، — ئاپام ھەسرەت بىلەن سۆزلىدى ، — سەنچۇ ؟ سەن بۈگۈن نېمە قىلدىڭ ؟ كەلگۈسىدە نېمىگە ئېرىشەي دەيسەن ؟

مەن ھودۇقۇپ قالدىم . بىرھازادىن كېيىن ئارانلا :

— ئاپا ، بولدى ، مېنى تولا باشلىمىغىنا ، — دېدىم .

ئاپام ماڭا ئەلەم بىلەن قارىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قايغۇ - ھەسرەتكە تولغانىدى . ئۇ مۈرەمگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ :

— بولدى ، كەچ بولۇپ قالدى ، بالدۇرراق ئۇخلا ! كۆڭلۈڭ ئارامىغا چۈشكەندە ئويدانىراق ئويلاپ باقارسەن ! — دېدى .

ئاپام چىقىپ كەتتى ، مەن يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم . تىزىمنى قۇچاقلىغىنىمچە ئاستا - ئاستا قوزغىلىۋاتقان ئاينىڭ شولىسىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇردۇم . ئاپامنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ياڭرايتتى ، مەن نېمە قىلدىم ئەمدى ؟ راست ، نېمە قىلدىم ؟

مەن ئاسمانغا قارىدىم . كۆڭلۈم تېخىمۇ بىئارام بولدى .

## 10

سەھەر ۋاقتى . كېچىنى ئوي - خىياللار بىلەن ئۆتكۈزۈپ كۆزۈم يېڭىلا ئىلىنىۋىدى ، ئىشىكنىڭ قاتتىق قېقىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ

كەتتىم. كارىۋاتتىلا ئولتۇردۇم، ئۇيقۇسىزلىقتىن بېشىم قاپاقتەكلا ئىدى. ئاپام ئىشىكنى ئاچقىلى چىقىپ كەتتى، مەن كارىۋاتقا يۆلەندىم ۋە جەز-مەن خې شۇخۇەن كەلدى، بىرنەچچە مىنۇت بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالاي، دەپ كۆزۈمنى يۇمۇۋىدىم، بەكمۇ ھودۇققان بىرى بوراندەك كىرىپ كا-رىۋىتىمنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇنى كۆرۈپ مەنمۇ قاتتىق چۆچۈپ كەت-تىم. ئالدىمدا خې شۇخۇەن ئەمەس رۇپىلىڭ تۇراتتى.

ئۇ چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى ۋەھىمىگە تولغان، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى رەتسىز ھالدا كارىۋىتىمنىڭ يې-نىدا ھاسىرىغىنىچە تۇراتتى. كۆزۈمدىكى ئۇيقۇ ئاللىقاياقلارغا كەتتى مەن تاقەتسىزلىكتە سورىدىم:

— نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ئاپام... ئاپام... — رۇپىلىڭ تىترەك ئارىلاش دۇدۇقلى-دى. ئۇنىڭدىكى ۋەھىمە ماڭا ئۆتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا دادام شۆ ئا-چامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ! مەن تېخىمۇ جىددىيلەشتىم:

— شۆ ئاچامغا نېمە بولدى؟ تېز گەپ قىلساڭچۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — رۇپىلىڭ تىلىنى تېخىمۇ چايناپ دۇدۇق-لىدى، — ئۇ ئېرجىي بىلەن، ئېرجىي بىلەن...

— ئېرجىي بىلەن نېمە بولدى، — توۋلىدىم تاقەتسىزلىنىپ.

ئاپام كىرىپ، رۇپىڭغا تەسەللىي بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى ۋە ئاستا:

— ھودۇقماڭ، رۇپىلىڭ، ئالدىرىماي سۆزلەڭ! — دېدى.

— ئۇلار... ئۇلار...، — ئۇ يەنىلا ئۆپكىسىنى باسالمىدى، — ئۇ ئىككىسى، ئىككىسى قېچىپ كېتىپتۇ!

— ھە! — مەن ئېغىر نەپەس ئالدىم ـ دە، تەنلىرىم بوشاشقان-دەك بولۇپ، كارىۋاتقا يۆلەندىم، — مەن تېخى نېمە بولدىكىن، دەپتى-مەن. مېنى ئەجەبمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭا! قېچىپ كەتكىنى ئاچتىن ئۆلگە-نىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ سەن خۇش بولساڭ بولغۇدەك.

— سەن، تېخى نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى بىلمەيسەن! — رۇ-

www.uyghurkitap.com

پىلىك تىپچەكلەپ كەتتى ، تاقەتسىزلىنىپ يىغلىۋەتتى ، — چاپسانراق بارغىن ، بارغاندىن كېيىن بىلىسەن . دادا . . . دادام . . . بەك ئاچچىقلاپ كېتىۋاتىدۇ . ئەلپازى بەك قورقۇنچلۇق ! چاپسانراق بارغىن !

— زادى نېمە ئىش بۇ ؟ — دېدىم مەن دەر گۇماندا ، — شۇ ئاچام سولاقلىق ئەمەسمىدى ؟

— دېرىزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ !

— دېرىزىدىن ؟ ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېرىزىنىڭ سىرتىدىن تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلغان ئەمەسمۇ ؟

— رېشاتكىلارنىڭ ھەممىسىنى قومۇرۇۋېتىپتۇ ! — دېدى رۇپىلىك بىتاقەت بولۇپ ، — تېزرەك بارساڭچۇ !

— يىپىلىك ، چاپسانراق بېرىپ كۆرۈپ باق ! — دېدى ئاپام .

مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، چالا - بۇلا يۇيۇنۇپ تارانىدىم - دە م رۇپىلىك بىلەن ئۆيدىن چىقتىم . رىكشا چاقىرىپ ئۇدۇل « ئۇياق » قا ماڭدىم . « ئۇياق »قا بارسام دەرۋازا ئوچۇق ئىكەن ، دادامنىڭ ھۆركىرىشى كوچىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىز ھويلىغا كىردۇق . مەن بۇرۇلۇپ دەرۋازىنى يېپىپ قويدۇم ، چۈنكى قوشنىلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراۋاتاتتى . مېھمانخانىغا كىرىپلا نېمە قىلارىنى بىلمەي تىترەپ تۇرغان ئالەنگە كۆزۈم چۈشتى . ئۇ ، مېنى كۆرۈپ خۇددى نىجات تاپقاندەك سۆزلەپ كەتتى :

— خېنىم ، تېزرەك بېرىڭ !غوجام - غوجام - غوجام ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بولدى !

رۇپىلىكنىڭ پۇتلىرىدا جان قالماي ، ساپادا ئولتۇرۇپ قالدى . بۇ ئۆيدە دادام ئۆلتۈرگۈدەك ئادەم قالمىغانىدى . شۇڭا ، كۆڭلۈم سەل ئورنىغا چۈشتى . ئىچكىرىگە كىرىپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھالەتنى كۆردۈم . قولىغا چەيدو ئېلىۋالغان دادام ، ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا دەھلىزدە تۇراتتى . قولىدىكى چەيدو بىلەن ھەدەپ شۇ ئاچام سولانغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چاناۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئەلپازى يامان ، چاچ ۋە ساقاللىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ، ئادەتتىكى چاغلاردىكى سوغۇققانلىقى ۋە جىددىيلىكى

ۋەھشىيلىككە ئايلانغانىدى . كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قال-غان بولۇپ ، بەئەينى يىرتقۇچتەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى ، دەرغەزەپتە تووۋلاپ ھۆركىرەيتتى . بۇ ھال كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى . ئۇنىڭ ۋۇ-جۇدىدا « ئىدراك » تىن ئەسەرمۇ يوق ، ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىدى . مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالماي يىراقتا قاراپ تۇردۇم . ئۇ ئەقلىدىن ئاز-غاندەك قىلاتتى ، ئۇنى بۇ ئەلپازىدىن ياندۇرالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى . قورققىنىمدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم . ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆركى-رىگەن ئاۋازى دەھلىزنى بىر ئېلىپ ، قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك ئەكس سادا قوزغايتتى :

— شۆچىن ! ھۇ ئىپلاس ! ئەسكى جالاپ ! قېنى چىق بۇياققا ! مەن سېنى قىيما قىلىۋېتىمەن ، قېنى چىقىپ باق ، سېنى ئۆلتۈرمەي قوي-مايمەن ! بۇياققا چىق دەيمەن ! چىق بۇياققا ! چىق بۇياققا ! ھارامزا-دەڭنى ئېلىپ چىق ! سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن . . . قېنى كېلىڭلار !

دادامنىڭ « كېلىڭلار » دېگىنى چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قى-لىۋاتقان چاغلاردىكى ئادىتى بولسا كېرەك ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تىترەڭ-گۈ ، زەئىپ ئاۋازدا مۇنداق دەپ تووۋلىغىنىنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى . مەن قولىدا چەيدونى پۇلاڭلىتىپ ئەقلىدىن ئازغان ھالدا تۇرغان دادامغا قاراپ ، كۆزلىرىمنى پارقىراتقىنىمچە ئىختىيارسىز داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىم . رۇپىنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېنى تۈرتكەندىلا ئېسىمگە كەلدىم . نائىلاج ئىككى قەدەم ئالغا چامداپ ، غەيرەتكە كېلىپ تووۋلىدىم :

— دادا !

دادام مېنىڭ چاقىرغىنىمنى نەدىن بىلسۇن ، ئۇ يەنىلا قالايمىقان تووۋلاپ ئىشكنى قارىسىغا چانىماقتا ئىدى . مەن تېخىمۇ قاتتىقراق تووۋ-لىدىم .

— دادا !

بۇ دورەم دادام ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ، ئىشكنى چاناشتىن توختىدى ۋە بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ چەيدو تۇتقان قولى دى-رىلدەپ تىترەيتتى ، كۆزى مىت قىلمايتتى ، جاۋغىيى تارتىشىپ لىپىلداپ

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى . مەن ئېغىر تىنىدىم ، سەل قورققۇم كەلدى . بىرھازادىن كېيىن ، ئارانلا :

ــ دادا ، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ ؟ ــ دېدىم .

دادامنىڭ كۆز قارىچۇقى مىدىرلىدى . روشەنكى ، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئېسىنى يىغماقتا ئىدى . ئۇ مېنى تونۇدى ، تىك تۇرۇپ كەتكەن قاشلىرى جايىغا كەلدى . كۆزىنى چىمچىقلاتتى ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ چىرايىدا چارچاش ، رايى يانغانلىق ئىپادىلەندى ، چەيدونى تۇتقىنىچە روھسىز كەيپىياتتا :

ــ يېپىلك ، سەنمۇ ، ــ دېدى .

ــ دادا ، نېمە قىلىۋاتىسىز ؟ ــ قايتا سورىدىم .

ــ شۆچىن قېچىپ كەتتى ، ــ دېدى دادام تىلىنى چايناپ ، ئۇ يۈزىنى سىلىدى ، شۇ تاپتا ئۇ ئىنتايىن چارچىغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەنىدى ، ــ ئۇ ئېرجىيېنى ئېلىپ قېچىپتۇ .

ــ تېپىلىپ قالار ، ــ دېدىم مەن ئارانلا ، دادامنىڭ قولىدىكى چەيدوغا دىققەت قىلىپ .

ــ تېپىلىپ قالار ؟ ــ دادام بېشىنى چايقاپ قوشۇممىسىنى تۈردى ، ــ ئۇ ئىشنى پىلانلىق قىلغان ، ئۇنىڭ تېپىلىشىغا ئىشەنمەيمەن ، ئەگەر ئۇ تېپىلسا ، ئۆلتۈرمەي قويمايمەن ! ــ دادام قولىدىكى چەيدونىڭ ئۆتكۈر ياكى گاللىقىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقاندەك ، چەيدونى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى . مەن تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇۋېتىپ :

ــ دادا ، چەيدونى ئالەنگە بېرىڭ ، شۆ ئاچام يوق تۇرسا ، چەيدو كۆتۈرۈۋالغىنىڭىز نېمىسى ، ــ دېدىم .

دادام بىر ماڭا ، بىر چەيدوغا قاراپ قويۇپ ، گەپ ـ سۆز قىلماي چەيدونى ئالەنگە ئۇزاتتى . قارىماققا ، ئۇ تەدرىجىي ھالدا تىنچلانماقتا ئىدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ تىنچلىقتا ئارتۇقچە چارچاش ۋە قۇدرەتسىز غەزەپ يوشۇرۇنغانىدى ، ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قارىدى . كۆزلىرىدىن ھەسرەت ۋە مىسكىنلىك ئىپادىلىنەتتى :

ــ يېپىلك ، ئۇ بەك رەھىمسىزلىك قىلدى ! ھەممە پۇلۇمنى سۇ-

پۇرۇپ ماڭدى ! — دېدى .

— نېمە ؟ — قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم .

— ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئادەم بار ، ئۇلار دېرىزىدىكى ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېكىتكەن تۆمۈر رىشاتكىنى قومۇرۇپ ، تۆمۈر ئىشكاپنى بۇزۇپ ئېچىپ ، بارلىق نەق پۇل ، زىبۇزىننەت ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ قېچىپتۇ . قېنى كېلىپ قاراپ باق !

دادام شۇ ئاچامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . مەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆيگە قارىدىم . ئۆيىنىڭ ئىچى ئوڭتەي ـ توڭتەي ، ساندۇق ـ چامادانلارنىڭ ھەممىسى ئېچىلغان ، كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەر قالايمىقان تاشلاقلىق ، ئىشكاپ ـ تارتمىلار ئۆرۈپ ـ چۆرۈلگەن ، خۇددى قاراقچىلار تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنغاندەك . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، ۋېي فامىلىلىك شۇ ئاچامنىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ، نەتىجىدە قول سالغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ ، ھېچنېمىنى قويماي پاك ـ پاكىز ئوغرىلىغانىدى . كىم ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى ؟ ئېرخاۋ يەتكۈزگەندىمۇ ؟ مۇمكىن ئەمەس ! ئېرخاۋ ۋېي گۋاڭشيۇڭ دېگەن بۇ ئادەمنى زادى بىلمەيدۇ ، ئېرخاۋ مۇنداق ئىشنى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس . شۇ ئاچامنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، دادامنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم . دادامنىڭ ئۆيىدە ھەممە نەرسە رەتلىك ، پەقەت تۆمۈر ئىشكاپلا بۇزۇپ ئېچىلغان ، ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى . مەن تۆمۈر ئىشكاپقا قارىغانچە يا يىغلىشىمنى ، يا كۈلۈشۈمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . دادام تېخى تۈنۈگۈنلا ماڭا بۇ ئىشكاپنى كۆرسىتىپ بۇنىڭ ئىچىدىكى پۇللار ساڭا تەئەللۇق دېگەنىدى ، بۈگۈن بولسا بۇ ئىشكاپ قۇرۇقدىلىپتۇ . كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلار نېمىدېگەن كۈلكىلىك ـ ھە ! دادامنىڭ پۇللىرى قانداق شەكىلدە قولغا كەلگەن بولسا ، ئەمدى شۇ تەرزدە قولدىن كەتكەنىدى . بۇ ، بۇددىزمدىكى ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ ، دېگەنلىكمۇ ؟ بىراق ، ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇ ئاچام بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ قاپتۇغۇ ؟

تۆمۈر ئىشكاپنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ قايرىپ بۇزۇۋېتىلگەن

www.uyghurkitap.com

قۇلۇپقا قارىدىم . روشەنكى ، بۇنى بىرى جابدۇق ئەكىلىپ قىلغانىدى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ تۆمۈر ئىشكاپقا يۆلىنىپ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن سورىدىم :

— دادا ، ساقچىغا مەلۇم قىلامدۇق ـ قانداق ؟

— ساقچىغا مەلۇم قىلامدۇق ـ ؟ — دادام تۇرۇپ قالدى ، — ساقچى ئۇنى تۇتۇپ كېلەلەمدۇ ؟

— بىلمەيمەن ، — دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ ، — يا تۇتۇپ كېلەر ، ياكى تۇتالماس . قانداقلا بولمىسۇن ساقچى بىزدىن قۇدرەتلىك . شۇ ئاچام ئەكەتكەن پۇلنى تاپىمىز ، دېسەك ، ساقچىغا مەلۇم قىلغىنىمىز تۈزۈك ، ساقچىغا . . . مەلۇم قىلساق ، سىزنىڭ نامىڭىزغا ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن . بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىشىپ كۆرەرسىز .

دادام قاشلىرىنى يىمىرىپ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن بىردىنلا :

— ساقچىغا مەلۇم قىلايلى ! مەن بۇ ئىتلارنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي يۈرۈشىگە يول قويمايمەن !

مەن دەرھال ئالەننى ساقچىخانىغا بېرىپ دېلونى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدۇم .

دادام يۇمشاق ئورۇندۇقتا گەپ ـ سۆز قىلماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بايىقى دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى خىرەلەشكەن ، مەھكەم يۇمۇلغان ئاغزىدىن قەتئىي مىجەزى بىلىنىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما سەل ساڭگىلىغان جاۋغايلىرىدىن بەكمۇ ئامالسىزلىق ۋە غېرىبلىق ئەكس ئېتەتتى . مەن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىمچە ، دادامنىڭ ئەمدى تاغلارنى تىترەتكۈدەك قۇدرىتى قالمىغانلىقى ، يېگانە ، يار ـ يۆلەكسىز غېرىب بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرگەن بولسامۇ ، ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم . دادام كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە ، شۇنچە يىل سۇقۇنۇپ يۈرگەن ، ئالەمنى ـ مالىم قىلىۋەتكەنىدى ، ئەمدىلىكتە ھەممىدىن قۇرۇق قالدى ! شۇ ئاچام بار ـ يوقىنى يىغىشتۇرۇپ قاچتى ، ئېرخاۋ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . . . مەن تېخى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن قىز ! دادام ھەقىقەتەن بەكمۇ يېگانە ، بەكمۇ غېرىب ئىدى .

— هەي ! — دادام توساتتىن قاتتىق ئۈھ تارتتى ، خىيالىم بۆ-
لۈنۈپ چۆچۈپ كەتتىم . ئۇ ماڭا قاراپ بارماقلىرى بىلەن چېكىسىنى
ئۇۋۇلاپ قويدى ۋە ھەسرەت بىلەن سۆزلىدى ، — مەن ئانا - بالا ئىك-
كىڭلارغا پۇل تەييارلاپ كېلىۋاتاتتىم ، بانكىغا قويغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى
سېنىڭ تويۇڭغا سوۋغات قىلماقچى ئىدىم . مانا ئەمدى ، — ئۇ يەنە ئۇھ
تارتتى ، — ھەممىسى تۈگىدى . ئۆمرۈمدە شۇنچە دەھشەتلىك جەڭ-
لەرنى قىلغان ، شۇنچە كۆپ يەرلەرگە بارغان ، زادى مەغلۇپ بولمىغاندى-
دىم . بۈگۈنكى كۈندە ، ۋاڭ شۆچىندەك بىر ئايالنىڭ قولىدا تۈگەشكى-
نىمنى قارىمامدىغان !

مەن گەپ - سۆز قىلمىدىم ، دادام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئەمدى سەن نېمە بىلەن توي قىلىسەن ؟

— دادا ، — مەن تاقەت قىلالمىدىم ، — خې شۇخۇەن مېنى ئا-
لىدۇ ، پۇلۇمنى ئالمايدۇ ، ئۇلار مېنىڭ قىز مېلىمغا كۆز تىكىپ تۇرمايدۇ .

— ياشلار پۇلنىڭ قەدرىگە يەتمەيسىلەر ، — دېدى دادام سوغۇق-
قىنا ، — پۇل بولمىسا ، ھاك بىلەن زاك يەمسەن ؟

دادامنىڭ بۇ سۆزى مېنى رىئاللىققا يۈزلەندۈردى . ئەگەر شۆ ئا-
چام بىر تىيىنمۇ قويماي ھەممىنى سۈپۈرۈپ ماڭغان بولسا ، بۇ ئائىلىدە
ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يېمەكلىك ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلاتتى .
ئۇنداقتا دادام بىلەن رۇپېڭنىڭ تۇرمۇشى قانداق بولىدۇ ؟ تېخىچە دوخ-
تۇرخانىدا ياتقان ، خۇن تەۋرەپ كېتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەل-
مەيۋاتقان مېڭپىڭ قانداق قىلىدۇ ؟ ئاپام ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىچۇ ؟
مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايتتى . گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر پۇلنى
كۆزگە ئىلماي ، پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى ، دەپ قارىغىنى بىلەن ، پۇل-
دىن ئايرىلغان ھامان مەسىلە چىقماي قالمايدۇ ! مەن قاشلىرىمنى يىمى-
رىپ سورىدىم :

— دادا ، باشقا يەرلەردە پۇلىڭىز يوقمۇ ؟ بانكىدىچۇ ؟

— يوق ، — دېدى دادام بېشىنى چايقاپ ، — پەقەت يۈزمىڭ
كوي پۇلنىلا ئۈچ ئۆلۈشلۈك ئۆسۈم بىلەن رەنىگە قويغان . بۇ ئىشنى

مەن بېجىرمىگەن ، قەرز ھۆججىتى شۆچىنىنىڭ قولىدا ئىدى . ھەر قېتىم-لىق ئۆسۈمنىمۇ شۆچىن ئەكېلەتتى .

روشەنكى ، بۇ پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى ، جازا-نىخورلۇق قىلىشنىڭ ئۆزى ئىشەنچسىز ـ دە ! مەن تۆمۈر ئىشكاپقا يۆلەن-گىنىمچە ، بېشىم قېتىپ تۇرۇپ قالدىم . قانداق قىلىش كېرەك ؟ شۆ ئاچا بىزنى مۇشۇنچە ئېغىر چىلىققا قويۇپ قاچتى ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز ؟ شۆچىن بۇ رەھىمسىز ، ۋاپاسىز خوتۇن بىزنى ئەجەبمۇ داغدا قويدى ـ ھە !

ساقچىلار كېلىپ تەپسىلىي سوراش ۋە تەكشۈرۈشنى باشلىدى ئۇلار ئۆينىڭ ئىچىنى ئالا قويماي تەكشۈردى . ھەرە بىلەن كېسىلگەن تۆمۈر رېشاتكىنىمۇ تەكشۈردى ، شۆ ئاچام بىلەن دادامنىڭ مۇناسىۋىتىنى سورىدى ، ئالەنىنىمۇ تەپسىلىي سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ، ماڭا قارىدى :

ــ سىز . . .

ــ لۇ يىپىڭ ، ــ دېدىم مەن ، ــ مەن لۇجېنخۇانىڭ قىزى .

ــ ھە ، ــ گەپ سوراۋاتقان ساقچى بىر دادامغا ، بىر ماڭا قاراپ قويدى ، ــ ۋاڭ شۆچىن سىزنىڭ ئاپىڭىزمۇ ؟

ــ ياق ! ــ مەن بېشىمنى قاتتىق چايقىدىم ، ــ مېنىڭ ئاپام ئەمەس ، رۇپىڭنىڭ ئاپىسى ! ــ دېدىم رۇپىڭنى كۆرسىتىپ .

ــ ئۇنداقتا سىلەر ئاتا بىر ، ئانا باشقا ھەدە ـ سىڭىلمۇ ؟ ــ ساقچى رۇپىڭ ئىككىمىزنى كۆرسىتىپ سورىدى .

ــ دۇرۇس ، ــ دېدىم مەن .

ــ ئۇنداق بولسا ، لۇ خېنىم ، ــ ساقچى ماڭا سوئال قويدى ، ــ تۈنۈگۈن كېچىدە سىز بىرەر شەپە ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ؟

ــ مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن ، ــ دېدىم مەن ، ــ بۇ يەرگە ئوغرى چۈشكەنلىكىنى بۈگۈن ئەتىگەن بىلدىم .

ــ ئۇنداق بولسا ، ــ ساقچى قاشلىرىنى يىمىردى ، ــ سىز قە-يەردە تۇرىسىز ؟

ئادرېسىمنى ئېيتىپ بەردىم .

— سىز توي قىپتىكەنسىز ـ دە ؟
— كىم توي قىپتىكەن ؟ — دېدىم مەن ئاچچىقلاپ .
— ئۇنداقتا ، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرمايسىز ، هازىر كىم بىلەن تۇرۇۋاتىسىز ؟
— ئاپام بىلەن !
— هە ، — ساقچى بېشىنى لىڭشىتتى ، — سىزنىڭ ئاپىڭىزمۇ بار ئىكەن ـ دە .
مەن ئۇنىڭ سوئالىغا هەيران بولدۇم ، ئاپام بولمىسا مەن نەدىن تۇغۇلاتتىم ؟ ساقچى بەكمۇ سەۋرچان ئىدى .
— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — سورىدى يەنە .
مەن تاقەتسىزلىنىپ :
— بۇ ئىشلار ئوغرىلىق دېلوسىغا قىلچە مۇناسىۋەتسىز ، سىلەر شۇ ئاچامنىڭ كەتكەن يېرىنى تېپىشىڭلار كېرەك ، هەدەپ ماڭا سوئال قويۇۋېرىشنىڭ نېمە هاجىتى ؟
— ياق ! — دېدى ساقچى ، — بىز دېلو ئىشلىگەندە هەرقانداق بىر يىپ ئۇچىنى قويۇپ بەرمەيمىز
— ئاڭلاپ قويۇڭكى ، — دېدىم مەن ، — ئاپام هەرگىز يېرىم كېچىدە كېلىپ تۆمۈر رىشاتكىنى قومۇرۇپ ، شۇ ئاچام بىلەن بالىسىنى ۋە دادامنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاپ كەتمەيدۇ !
— هوي ؟ — ساقچى مېنى گېپىمدىن تۇتۇۋالدى ، — سىز تۆمۈر رېشاتكىنى باشقا بىرى قومۇرغانلىقىنى ، ۋاڭ شۆچىن قومۇرمىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز ؟
— شۇ ئاچامنىڭ ئۇنچىلىك كۈچى يوق ، جابدۇقىمۇ يوق ! — دېدىم مەن .
— دېمەك ، سىز سىرتتىن كەلگەن شېرىكى بار دەپ جەزملەشتۇرەلەمسىز؟ ،
— مېنىڭ پەرىزىم شۇنداق .
— بۇ هەقتە بىزنى ئازراق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتە-

www.uyghurkitap.com

لەمسىز ؟ ــــ ساقچىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى ، شۇنىڭلا مەن ئۇنىڭ بەك يامان نىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم .

مەن دادامغا لەپپىدە قاراپ قويدۇم ، دادام قاشلىرىنى يىمىرىپ ، ماڭا سەپسېلىپ قاراپ تۇراتتى . كاللامنى قالايمىقان ئوي ـ خىياللار چۇلغىۋالدى ، مەن بىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتايمۇ يوق ؟ ئېيتسام دادامنىڭ يۈزىگە سەتچىلىك بولامدۇ ؟ ئەگەر ئېيتمىسام ، شۇ ئاچام شۇنچە پۇلنى يېيىنغا سېلىپ ، ئاشنىسى بىلەن قانۇن جازاسىدىن خالىي يۈرسۇنمۇ ؟ مەن ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا ، دادام سوغۇق تەلەپپۇزدا ئېغىز ئاچتى :

ــــ يېنىڭ ، سەن يەنىلا شۇ ئوغرىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىماقچىمۇ ؟

مەن بېشىمنى سىلكىپ قويۇپ ئېيتىش نىيىتىگە كەلدىم .

ــــ راست ، مەن ئازراق بىلىمەن ، ۋېي گۇاڭشيۇڭ ئىسىملىك بىر ئادەم بار ، جۇڭخېشياڭ بامبۇكزارلىق يولى × كوچا × قورۇدا تۇرىدۇ . ئەگەر ئۇنى تاپقىلى بولسا ، مېنىڭچە شۇ ئاچامنى تېپىش تەسكە چۈشمەيدۇ .

ساقچى ئېيتقانلىرىمنى خاتىرىلىۋېلىپ ، قانائەتلەنگەن ھالدا ماڭا قاراپ قويدى ۋە كۈلۈمسىرىدى :

ــــ مېنىڭچە ، سىز تەمىن ئەتكەن بۇ يىپ ئۇچى بىلەن دېلونى پاش قىلىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ . ۋېي گۇاڭشيۇڭ بىلەن ۋاڭ شۇچىننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە قانچىلىق بىلىسىز ؟

ــــ ھە ، ــــ دېدىم مەن كالپۇكۇمنى چىشلەپ ، ــــ ئېنىق بىلمەيمەن ، ئىشقىلىپ مۇناسىۋىتى بار . ئەگەر شۇ ئاچام ئۇ يەردىن تېپىلمىسا ، يەنە بىر يەر بار ، ئۇ يەرنىمۇ تەكشۈرۈپ باقسا بولىدۇ . جۇڭشەن شىمالىي يولى ×× دوختۇرخانىدا مېڭپىڭ ئىسىملىك بىر سىڭلىم بار ، ھازىر شۇ دوختۇرخانىدا ياتىدۇ . شۇ ئاچام ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ قېلىشى مۇمكىن . ــــ ساقچى ئېيتقانلىرىمنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سۈرۈشتە قىلدى . ئاندىن قانائەتلەنگەن كەيپىياتتا قايتتى . تەكشۈرۈش جەريانىدا دادام باشتىن ـ ئاخىر سۈكۈتتە تۇردى .

ساقچى كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى :
— شۇچىن مىكېپىكنى كۆرگىلى بارمايدۇ !
— سىز قانداق بىلىسىز ؟ — دېدىم.مەن .
— ئۇ رۇپىكنى تاشلاپ كەتكەن يەردە ، مىكېپىكنى نېمە قىلاتتى !
دادام ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ، رۇپىكقا قارىدىم . ئۇ ساپادا ئولتۇرۇپ يىغلىماقتا ئىدى . يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بېشىغا جىق ئىشلار كەلگەنىدى . مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن تارتىپ شۇ ئاچام قېچىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇ جىددىيلىك ۋە ھەسرەت ئىچىدە ياشىدى . شۇڭا ئۇنىڭغا سوئال قويغۇم كەلمەيتتى ، لېكىن بەزى گۇمانلىق تەرەپلەرنى ئۇنىڭدىن سورىمسام بولمايتتى .
— رۇپىك ، — دېدىم مەن ، — سەن شۇ ئاچامنىڭ خېتىنى توشۇدۇڭمۇ يوق ؟
پەرىزىمدىكىدەك رۇپىك بېشىنى لىڭشىتتى .
— كىمگە يەتكۈزدۇڭ ؟
— چىڭدۇ يولىدىكى بىر كوچىغا ، — رۇپىك قورقۇپ بوش ئاۋازدا سۆزلىدى ، — بىر قەھۋەخانىغا .
— ئاۋاق بىر ئادەمگە ، شۇنداقمۇ ؟
— ھەئە .
— خەتنى ئۇنىڭغا خاتا بېرىپ قويماسلىقىڭنى قانداق بىلدىڭ ؟
— ئاپام ئاۋۋال ماڭا ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ تونۇتۇپ قويدى .
— شۇ رەسىم بارمۇ ؟
رۇپىك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ماڭا قارىدى ، گۇمان بىلەن دۇدۇقلاپ سورىدى :
— سەن . . . سەن . . . ئۇ . . . رەسىمنى . . . ساقچىغا بەرمەكچىمۇ ؟
— شۇنداق قىلارمەن .
ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالدى ، بارماقلىرىدىن سوغۇق تەر چى-

www.uyghurkitap.com

قىپ تۇراتتى، يىلىنغان هالدا:

— يېپىلىك، قوي! ساقچىغا دەپ بەرگەنلىرىڭ يېتىپ ئاشىدۇ! — دېدى.

— مەن ساقچىنىڭ دېلونى پاش قىلىشىغا ياردەملىشىمەن!

— ئەگەر ئاپام قولغا ئېلىنسا، سوتلىنامدۇ؟

— سوتلىنىشى مۇمكىن.

— يېپىلىك، — دېدى ئۇ قولۇمنى لىڭشىتىپ، — ئاپامنىڭ كەينىگە چۈشمىسەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي!

— رۇپىلىك، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، قاشلىرىمنى يىمىردىم، — سەن هاماقەتلىك قىلما! ئاپاڭ هەممە پۇلنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. مېڭىپلىك ئىككىڭلارنىڭ نېمە بولارىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ نەرىمۇ ئاپىغا ئوخشىسۇن؟ ئۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نېمە!

— شۇنىسى، — دېدى رۇپىلىك ئىنتىك، — ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكى قالمىغان، دادام بەربىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى! ئۇ دادامدىن قورقىدۇ، سەن بىلمەيسەن يېپىلىك، ئۇ دادامدىن بەك قورقىدۇ!

— رۇپىلىك، ئاپاڭ مېڭىش ئالدىدا، ساڭا هېچنىمىنى ئورۇنلاشتۇرمىدىمۇ؟

— ئۇنىڭ ماڭغىنىنى مەن زادى بىلمىدىم. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ قاچقىنىنى ئالەن بىرىنچى بولۇپ بايقاپتۇ! — دېدى ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— رۇپىلىك، سەن يەنىلا ئاپاڭنىڭ يېنىنى ئېلىۋاتامسەن؟ ۋاي بىچارە.

ئۇ قولىنى يۈزىگە قويۇۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بەكمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ يىغا ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— ئۇ... ئۇ... ئۇ ماڭا ئۆچ، مەن... مەن... كارغا كەلمىدىم، ئۇنىڭ... ئۇنىڭ... يۈزىنى تۆكتۈم، چۈ... چۈ... نكى... شۇخۇەن...

بۇنى دەپلا ئۇ ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى ــ دە ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ لىكىلداپ تۇرغان مۈرىسى ۋە ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنىگە قاراپ ، بىر ئىغىز گەپمۇ قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدىم . رۇپىيىڭ ئوبدان ئەمما قورقۇنچاق ئىدى ، ھېچكىم بىلەن بىرنېمە تالىشىپ ئولتۇرمايتتى ، خۇددى تۇگۈلۈپ قېپىغا كىرىۋېلىپ ياشايدىغان قۇلۇلىگە ئوخشىشاتتى . شۇغىنىسى ، ئەمدى ئۇنىڭ دۇنياسى نابۇت بولغان ، قېپى مىجىلىپ كەتكەنىدى . راستىنى ئېيتسام ، رۇپىيىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى . لېكىن ، پۈتۈن گۇناھ يالغۇز مەندىمۇ ؟ ئەگەر شۆ ئاچام بۇنداق ئەسكى بولمىغان ، دادام مېنى قامچىلىمىغان ، ئىككى تەرەپنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى پەرق ماڭا ئۇنچە تەسىر قىلمىغان ، خې شۇخۇەنمۇ مەندە ھەقىقىي مۇھەببەت قوزغىمىغان بولسا . . . ھەممە ئىش ھازىرقىدەك بولمىغان بولاتتى . روشەنكى ، ھەرقانداق پاكىتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر بىر تەرەپلىمىلا بولمايدۇ . بۈگۈنكى كۈندە شۆ ئاچام راھەتكە چىقتى ، شۇنچە كۆپ پۇلنى ئېلىپ ماڭدى ، ئوينىشى بىلەنمۇ جەم بولدى . مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۇنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ قويدى .

رۇپىيىڭ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى ، مەن سۈكۈتتە ئولتۇراتتىم ، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى . مەن مىدىر قىلمىدىم ، ئالەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ، دەرپەردىلىك ئىشىكتىن ماڭا خې شۇخۇەنىنىڭ ئالدىراش كىرىۋاتقىنى كۆرۈندى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى يېنىغا باردىم .

ــ نېمە بولدى ؟ ــ دېدى خې شۇخۇەن ، ــ نېمە ئىش يۈز بەردى ؟ مەن يېڭىلا سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغانىدىم ، ئاپىڭىز بۇ ياقتا ئىش چىقىپتۇ دېدى ، يۈگۈرۈپ كېلىشىم . نېمە ئىش بولدى ؟

ــ ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق ، ــ دېدىم مەن ، ــ شۆ ئاچام ئۆيدىكى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ .

ــ راستىمۇ ؟ ــ خې شۇخۇەن قوشۇمىسىنى تۈردى ، ــ قانچىلىك پۇلنى ئېلىپ كېتىپتۇ ؟

— بار مۆلۈكنىڭ ھەننۋاسىنى ! — دېدىم مەن ئەلەم بىلەن كۈلۈپ.

خې شۇخۇەن مېھمانخانىغا كىردى، رۇپىلىڭ ساپادىن بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ يۈز – كۆزى ياش يۇقى ئىدى. مۆلدۈرلەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى خې شۇخۇەنگە تىكىلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. خې شۇخۇەن بىلەن ياراشقىنىمىزدىن بۇيان ئۇلار تېخى كۆرۈشمىگەنىدى. مەن ئۆزۈمگىمۇ چۈشىنىكسىز بىر خىل كۈنداشلىق بىلەن خې شۇخۇەننىڭ بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئۆزىنى قانداق تۇتىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولۇپ سوغۇققىنا قاراپ تۇراتتىم، خې شۇخۇەن رۇپىڭنى كۆرۈپلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ نەزەرى رۇپىڭنىڭ چىرايى ۋە بەدىنىدە ئايلاندى، يۈزىنىڭ گۆشى تارتىشىپ لىپىلداپ كەتتى، كۆزلىرىدە ئېچىنىش ئوتلىرى ياندى، رۇپىڭنىڭ سولغۇن ھالىتى ئۇنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغانىدى. ئۇ، رۇپىلىڭ تەرەپكە ئىككى – ئۈچ قەدەم تاشلاپ چاقىردى:

— رۇپىلىڭ !

رۇپىلىڭ تىترىگەن ھالدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى خې شۇخۇەندىن ئۈزمەي، ئۈنچىقماي تۇراتتى. خې شۇخۇەن ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلەپ، بىرھازاغىچە تۇرغاندىن كېيىن، بوغۇق ئاۋازدا:

— رۇپىلىڭ، مېنى كەچۈرگەيسىز، مەن . . . ئالدىڭىزدا ئىنتايىن خىجىلمەن، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ، سەۋەنلىكىمنى يۇيۇش نىيىتىدىمەن.

ئۇنىڭ گەپلىرى بەكمۇ سەممىي ۋە چىن كۆڭلىدىن ئېيتىلدى. رۇپىلىڭ ئۇنىڭغا يەنە بىرپەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قوشۇمىسىنى تۈردى، بوش ئاۋازدا ئاڭلىنار – ئاڭلانماس ئىڭراپ قويۇپ، بىردىنلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى – دە، بۇرۇلۇپلا دەھلىزگە قاراپ يۈگۈردى. خې شۇخۇەن كەينىدىن قوغلىدى. مەنمۇ تەڭ ماڭدىم. رۇپىلىڭ ھوجرىسىغا كىرىۋېلىپ ئىشىكنى «جاق» قىلىپ يېپىۋالدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

خېي شۇخۇەن كېلىپ ئىشىكنى چەكتى ، تەشۋىشلىنىپ چاقىردى :

— رۇپىك !

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ! — ئۆينىڭ ئىچىدىن رۇپىڭىنىڭ ئاۋازى كەلدى ، — ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن كېتىڭ ! مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ! كارىڭىز بولمىسۇن ! — ئارقىدىنلا بوغۇق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى .

— رۇپىك ! — خېي شۇخۇەن تېخىمۇ ئەنسىرەپ يەنە ئۇنى چاقىردى .

— نېرى كېتىڭ ! — رۇپىك يىغلاپ تۇرۇپ توۋلىدى ، — نېرى كېتىڭ ! ئۆتۈنۈپ قالاي !

خېي شۇخۇەن يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ، قولۇمنى ئۇنىڭ ئىشىكنى تۇتۇپ تۇرغان قولىغا قويدۇم . خېي شۇخۇەن ماڭا قارىدى ، مەن ئۇنچىقماي بېشىمنى چايقاپ بوش ئاۋازدا :

— ئۇنى ئارامىدا قويۇڭ ! — دېدىم .

خېي شۇخۇەن كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ماڭا قارىدى ۋە چېچىمدىن تۇتۇپ يۈزۈمنى ئۆزىگە قارىتىپ :

— يېپىك ، سىز مېنى بىر جىنايەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدىڭىز ! — دېدى .

ئەمدىزە ئۇمۇ مەندىن كۆرۈۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟ مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ ، زۇۋان سۈرمەي دادامنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم . خېي شۇخۇەن يېتىشىپ كېلىپ مېنى كەينىمدىن قۇچاقلىدى ، بېشىمنى بۇرنىشىمغا ئەپۇ سورىغاندەك چالا ـ بۇلا سۆيۈپ قويۇپ پىچىرلىدى :

— يېپىك ، ئىككىمىز دەۋزىقى بولۇپ كېتەيلى

مەن ئەلەم بىلەن كۈلۈپ قويۇپ :

— دادامنى كۆرۈپ چىقساق قانداق ؟ — دېدىم .

بىز دادامنىڭ ئۆيىگە كىردۇق ، دادام يۆلىنىپ ياتقان يۇمشاق ئو-

www.uyghurkitap.com

رۇنـدۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خې شۇخۇەنگە سىنچىلاپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە :

— هە ، مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىدىم ، — دېدى.

خې شۇخۇەن دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ سەممىي تۈردە مۇنداق دېدى :

— چوڭ دادا ، ماڭا تاپشۇرىدىغان خىزمىتىڭىز بارمۇ ؟

— بار ، — دېدى دادام بوشقىنا ئاۋازدا ، — شۆچىن دېگەن ئوغرى خوتۇننى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەكېلىڭ !

— مۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمەسمىكىن ، — دېدى خې شۇخۇەن نائىلاج كۈلۈپ تۇرۇپ ، — چوڭ دادا ، ئۇنى قويۇپ بېرىڭ ! ئۇنىڭدەك خوتۇننىڭ بار ـ يوقى قانچىلىق ئىش ؟

— ئۇ يىپىڭنىڭ قىز مېلىنى قويماي ئوغرىلاپ كەتتى ، ئەمدى سىز بىر تىيىنى يوق قىزنى ئالامسىز ؟ — دېدى دادام.

— چوڭ دادا ، — دېدى خې شۇخۇەن بېشىنى چايقاپ ، — پۇل دېـگەن قولنىڭ كىرى ، ياشلار ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىشى ، ئائىلىسىـنىڭ بايلىقىغا تايانماسلىقى كېرەك !

— يارايسىز ، ئەقلىڭىز بار ئىكەن ! — دېدى دادام چىشىنى چىشلەپ ، — سىز چوڭ گەپ قىلىشقا ئامراق ! قېنى ، كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە قازىنىدىغانلىقىڭىزنى كۆرەرمەن ! خې شۇخۇەن ، شۇنى ئۇچۇق ئېيتىپ قويايكى ، يىپىڭنى سىزگە تاپشۇردۇم ، سىز گەپنى چوڭ قىلدىـڭىز ، كەلگۈسىدە ئۇنى جاپاغا قويسىڭىز ئەدىپىڭىزنى بەرمىگىنىمنى كۆرۈڭ !

— دادا ، مەن جاپادىن قورقمايمەن ! — دېدىم مەن.

دادام بىـر ماڭـا ، بىر خـې شـۇخۇەنـگە قارىۋېـتىپ ، بېشـىنى لىڭشـىتىپ :

— بولدۇ ! سىلەرنىڭ كارامىتىڭلارنى كۆرەي ! — دېدى ، ئانـدىن تىترەپ تۇرغان قولىنى مۇرەمگە قويدى ، — يىپىڭ ، سىلەر ياش ، دۇنيا سىلەرنىڭ ، ئوبدان تىرىشىڭلار ! ئەمدى سىلەر كېتىڭلار ، ئۆزۈم

يالغۇز بىرپەس ئارام ئالاي .

مەن دادامغا قارىدىم ، ئۇ ئاجىز ۋە سولغۇن ئىدى . ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدۇمىيۇ ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم . ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەي كېلىۋاتقان دادام ، ئەمدى ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندەك ئىدى . مەن ئۇنىڭ ئاق كىرگەن چاچلىرىغا قاراپ ، ياش چېغىدا جەڭ مەيدانلىرىدا يۈرگەنلىرىدە ، تەقى ـ تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆتكەنكى ھەيۋەتلىك قىياپىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ، ئىنتايىن چۈشكۈن ھالەتتە ئىدى .

دادام بىزگە قول ئىشارىتى قىلدى ، خې شۇخۇەن ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقتۇق . مەن ئاشخانىدىن ئالەننى تېپىپ قىرىق يۈەن بەردىم ۋە ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ ، دادام بىلەن رۇپىڭغا تاماق قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇدۇم . ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى مەن ئورۇنلاشتۇرمىسام ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى .

خې شۇخۇەن ئىككىمىز دەرۋازىدىن چىقتۇق ، دەرۋازىنىڭ قىزىل سىرلانغان قاناتلىرىنىڭ يېپىلغىنىغا قاراپ ، كۆڭلۈمدە خىلمۇخىل ھېسسىياتلار دولقۇنلاشقا باشلىدى . يېنىمدا گەپ ـ سۆز قىلماي كېتىۋاتقان خې شۇخۇەن ئېغىز ئاچتى :

— دادىڭىز بەك ئاجىزلاپ كەتكەندەك تۇرىدۇ !

— يېقىندىن بۇيانقى ئىشلار ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولدى .

— سىلەرنىڭ بۇ ئائىلەڭلار ، — خې شۇخۇەن بېشىنى چايقىدى ، — خۇددى بۇلۇت قاپلىغاندەكلا ، كېيىن قانداق بولارىنى بىلگىلى بولمايدۇ !

مەن ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىدىم . دۇرۇس ، ئۇپۇقتىن قاراپ بۇلۇت تۇرۇلۇپ چىقماقتا ، يامغۇردىن بېشارەت بېرىدىغان نەمخۇش شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلماقتا ئىدى . قارىماققا ، يازنىڭ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنى يېقىنلاپ قالغانىدى . بۇ ھال مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى . خۇددى بىرنەچچە مىڭ جىڭلىق ئېغىر يۈك يەلكەمنى بېسىپ

تۇرغاندەك نەپسىم بوغۇلۇپ كۆڭلۈم غەش بولدى. قولۇمنى خې شۇخۇەننىڭ ئالىقىنىغا قويدۇم. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى تارقىتىشىنى ياكى مېنى بۇ كۆڭۈل غەشلىكىدىن خالاس قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

— شۇخۇەن، — دېدىم مەن خۇنۇك ئاۋازدا، — مەن ئۆزۈمنى تېخى چۈشەنمەيتتىكەنمەن.

— دۇنيادا تېخى ئۆزىنى ئېنىق چۈشىنىپ كەتكەن ئادەم يوق.

— سىز مېنى تاش يۈرەك، ئىنتايىن رەھىمسىز، بەك يامان دېگەندىكىز، مەن شۇنداقمۇ؟

ئۇ توختاپ قالدى، كۆزلىرىمگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، مېنى ئۆزىگە تارتىپ:

— سىز ئۇنداق ئەمەس، يېپيېڭى، سىز ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل ۋە قىزغىن، — دېدى.

— راست شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئېسەنكىرەپ.

— راست شۇنداق.

يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. قارا بۇلۇت تېزلا كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپ خىرەلەشتى، بىز قەدىمىمىزنى جىددىيلەتتۇق. يىراقتا چاقماق چېقىلدى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىماي ياتقۇزۇلغان يولدا باسقان قەدەملىرىمگە قاراپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزۈم گويا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك، بىرى ئالغا كېتىۋاتقاندەك، يەنە بىرى كەينىمدە قالغاندەك غەلىتە بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئارقامدا سوزۇلۇپ ياتقان يولغا قارىدىم، ئارقامدىكى يېپيېڭى ئاق كۆڭۈلمۇ ياكى ئالدىمدىكى يېپيېڭى ئاق كۆڭۈلمۇ؟ مەن بىلەلمەي قالدىم.

بىردەملىك گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردىن كېيىن، كۆل ئوبدانلا ئېچىلىپ كەتتى. مەن بىئاراملىق ئىچىدە ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتىم، بەزىدە دېرىزىگە يۆلەنگىنىمچە، ھويلىغا چۈشكەن كۆل نۇرىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتىم. قورۇق تامنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ سېرىق، بىر تۈپ قىزىل قوناق گۈلى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتا ئاجايىپ جۇلالىنىپ

تۇراتتى. كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇرماقچى بولۇپ ماڭلىيىمنى دېرىزىگە يېقىپ بىرپەس جىم تۇردۇم. لېكىن، كاللامنى چۇلغىۋالغان باش ـ ئايىغى يوق تەرتىپسىز ئويلارنى نېرى قىلالمىدىم.

شۆ ئاچا، پۇلنى ئېلىپ قاچقان شۆ ئاچا! بىر بوۋاينى ۋە قۇرۇقـدالغان ئائىلىنى تاشلاپ نەلەردە يۈرىدىغانسەن! شۆ ئاچا، مېنى قاتتىق بىزار قىلغان شۆ ئاچا! هازىر سەن يېنىڭدا پۇل، ئەركىن ـ ئازادە، كۆڭلۈڭدىكىدەك ياشىماقتىسەن! . . . مەن بۇ دەردلەرگە قانداق چىداي! دېرىزىدىن قاراپ تۇرغىنىمدا بىردىنلا كاللامدىن بىر خىيال چاقماق چاققاندەك يالت قىلىپ ئۆتتى. يۈگۈرۈپ تاپسىغا چۈشتۈم ـ دە، ئايىغىمنى كىيىپ ئاپامغا:

— ئاپا، مەن سىرتقا چىقىپ كېلەي! — دەپ قويۇپلا ئالدىراش چىقىپ كەتتىم.

— يېپىلىڭ، يەنە نەگە بارىدىغانسەن؟

ئاپام دەرۋازىغىچە مېنى قوغلاپ كەلدى. ئەمما مەن يىراقلاپ كەتكەنىدىم. ئىتتىك كېتىۋاتىمەن، قىزىق ئاپتاپ بېشىمنى ئايلاندۇرماقتا، قارىماي ياتقۇزۇلغان يولدىن يامغۇردىن كېيىن ئىسسىق هاۋا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. مەن ئۇدۇل «ئۈياق» قا يېقىن جايدىكى × شۆبە ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، هېچنېمىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئىشىكنى ئېچىپ كىردىم. بۇ يەرنىڭ ئەتىگەن ئالەن دېلو مەلۇم قىلغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئىشىم ئوڭغا تارتىپ، ئەتىگەن مەندىن سوئال سورىغان ساقچىنى تاپتىم. ئۇ مېنى تونۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئىتتىك:

— شۆ ئاچامنى تاپتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— تاپالمىدۇق، — دېدى ساقچى بېشىنى چايقاپ، — بامبۇكزارلىق يولىدىكى ئادرېسنى تەكشۈردۇق، ۋېي فامىلىلىك ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا كۆچۈپ كېتىپتۇ. داۋاملىق تەكشۈرۈۋاتىمىز

— هە، — دېدىم مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، — مەن سىلەرگە ۋېي فامىلىلىكنىڭ × نومۇرلۇق قارا پايدىسى بارلىقىنى ئېيتىشنى

www.uyghurkitap.com

ئۈنـتۈپ قاپتىمەن ، ــــ مەن پابىدىنىڭ نومۇرىنى بىر ۋاراق قەغەزگە يې-
زىپ ساقچىغا سۇندۇم ، ــــ ۋىي فامىلىلىك ئەتكەسچىلىك قىلىدۇ .

ــــ نىمە ؟ ــــ مېنىڭ بۇ سۆزۈم يەنە بىر ساقچىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ، بىرنەچچە ساقچى مېنى ئورىۋالدى ، ــــ لۇ جېىىم ، بۇ گەپنى ئېنىقراق دەپ بەرسىڭىز قانداق ؟

مەن تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇۋېتىپ ، قەھۋەخانىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلى-غانلىرىمنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم . ئۇلار ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى ۋە ۋىي گۇاڭشيۇڭ بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ سىياقىنى تەپسىلي سورىۋالغاندىن كېيىن ، ماڭا ۋەدە بەردى :

ــــ لۇ خېنىم ، خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ دېلو پاش بولىدۇ !

مەن بۇ دېلونىڭ پاش بولۇش - بولماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتىم ، پەقەت شۆچىن دېگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ خوتۇننى تۇتۇۋې-لىشنىلا ئۈمىد قىلاتتىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، مەن گېزىتنىڭ جەمئىيەت خەۋەرلىرى بېتىدە چوڭ خەتلىق بىر ماۋزۇنى كۆردۈم :

نام چىقارغان كاتتا گېنېرال قەرزگە تويماي ،
ئېلىپ كېتىپتۇ خانىمى پۇلىنى قويماي .

ماۋزۇنىڭ يېنىدا ئارا ھەرپ بىلەن بېرىلگەن ئىككى ئىزاھات بار ئىدى .

بىر چاغلاردا خوتۇن - توقال دائىما يېنىدا ئاچقان قۇچاق ،
ئەمدىلىكتە كەتتى ئۇلار بايلىقنى قۇرۇقداپ يالغۇز تاشلاپ !

مەن چوڭقۇر ئۇھ تارتتىم « بىر چاغلاردا خوتۇن - توقال دائىما يېنىدا ئاچقان قۇچاق ، ئەمدىلىكتە كەتتى ئۇلار بايلىقنى قۇرۇقداپ يالغۇز تاشلاپ . » راست ، بۇ دادام ئىدى . بىر چاغلاردا ئۇ جۇڭگونىڭ يېرىمنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان ، نۇرغۇن گۈزەل خوتۇن ، چىرايلىق تو-

قاللارنى ئالغان . ئالتۇن ـ كۈمۈش ، مەرۋايىت گۆھەرلەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . ئەپسۇسكى ، ھازىرچۇ ؟ تۇنۇگۇن چەيدو بىلەن ئىشكنى چاناۋاتقان دادام ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان ئاق چاچلىرى ۋە قۇرۇقدالغان ئۆي كۆز ئالدىمغا كەلدى ! بىر چاغلاردىكى گۈلدەك گۈزەل ئائىلە ، ئىلگىرىكى شانۇشۆھرەت ، دۇنيا ـ دۆلەت ئەمدىلىكتە خىيالىي چۈشكە ئايلىنىپ قالغانىدى !

كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ خەۋەرنى ئوقۇدۇم ، بەختىمىزگە يارىشا دادامنىڭ تولۇق ئىسمى ئاتالماي لۇ ×× دەپلا ئېلىنغان بولۇپ مۇخبىر ئەپەندى ھەرھالدا دادامنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلغانىدى . بۇ خەۋەر ئەمەلىيەتتىن ئانچە چەتنىمىگەن بولسىمۇ ، دادامنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە بايان ئارتۇقچە بوپتۇ . ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن گېزىتنى ئاپامغا سۇندۇم . ئاپام ئوقۇپ چىقىپ چوڭقۇر تىندى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغاندەك پەس ئاۋازدا :

— ھەي لۇ جېنخۇا ، قانداقلارچە بۇگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالغانسەن ؟ — دېدى .

— شۇ ئاچام بوسۇغىغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپلا دادام ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈننى ئويلىسا ئوبدان بولاتتى ، — دېدىم مەن .

— داداڭنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ـ ئەتكىنى بەك كۆپ ، ئېھتىمال بۇ تەگرىنىڭ داداڭغا بەرگەن جازاسىدۇر ! — دېدى ئاپام بەكمۇ ئېچىنغان ھالدا .

— تەگرىنى تىلغا ئالمىساڭ قانداق ، — دېدىم مەن پىسەنت قىلماي ، — تەگرى شۇ ئاچامغا بەك كەڭ قوللۇق قىلدىغۇ !

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن خې شۇخۇەن كەلدى . ئىككىمىز « ئۇياق » قا بېرىپ دادامنى كۆرۈپ كېلىشنى پىلانلىدۇق . ماگايلى دەپ تۇرساق ، بىرى دەرۋازىنى قاقتى . خې شۇخۇەن چىقىپ ئىشكنى ئاچتى ، ئىشكنىڭ ئالدىدا بىر قارا ماشىنا تۇرۇپتۇ . ئۈچ ـ تۆت ئىشچى بىر نېمىنى كۆرسىتىپ گەپ قىلىۋاتاتتى . مەن سۇپىدىلا تۇرۇپ سورىدىم :

— شۇخۇەن ، نېمە دەيدۇ ئۇلار ؟

www.uyghurkitap.com

خې شۇخۇەن تاپسىغا كېلىپ ، قاشلىرىنى يىمىرىپ سورىدى:

— دادىڭىز سىزگە پىئانىنو توغرۇلۇق بىر نېمە دېگەنمىدى؟

— پىئانىنو ؟ — مەن ئويلىنىپ قالدىم ، — دادام ماڭا بىر نەرسە سوۋغات قىلىمەن دېگەندەك قىلىۋىدى ، ئۇ پىئانىنو سوۋغات قىلماقچىمىدىكىن ؟

گېپىمىز تۈگىمەيلا ئىشچىلار ئۇلاش - چولاش بىر پىئانىنونى كۆتۈرۈپ كىرىشتى . مەن ئىتتىك ئۇلاردىن سورىدىم :

— ھەي ، قايسىڭلار پىئانىنو ماگىزىنىدىن ؟

شىياڭگاڭدا تىكىلگەن ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئىش بېجىرگۈچى سىياقىدىكى بىر ئادەم كېلىپ سورىدى :

— سىز لۇ يىپىڭ خېنىممۇ ؟

— ھەئە ، — دېدىم مەن .

— توغرىكەن ، — ئىش بېجىرگۈچى ئىشچىلارغا قول ئىشارىتى قىلدى ، ئىشچىلار ھە - ھۇ بىلەن پىئانىنونى ئۆيگە كۆتۈرۈپ مېڭىشتى . كۆڭلۈمگە ھازىر دادامنىڭ بىر تىيىن پۇلى قالمىدى ، ئەگەر بۇ پىئانىنوغا زاكالەتلا بەرگەن بولسا ، ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ ! دېگەن ئوي كەچتى - دە ، دەرھال سورىدىم :

— پىئانىنونىڭ پۇلىنى تۆلەپ بولغانمىكەن ؟

— تۆلەپ بولغان ، ئالدىنقى ھەپتىدە تۆلەپ بولغان ، ئاۋازىنى تەڭشەپ ، خەت ئويۇپ قىلغاچقا ، كېچىكىپ تاپشۇردۇق ، — دېدى ئىش بېجىرگۈچى .

ئىشچىلار بۇ كېلەڭسىز نەرسىنى تاپسىغا تەكىرىشتى . مەن « ئۆيىاق » بىلەن « بۇياق »نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلىدىم . بۇ مەسىلە پىئانىنوغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئىدى . ئىلگىرى دادامغا بىر - ئىككى مىڭ تۈمەن كوي ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى . ئەمدى بۇ ئاز پۇل ئەمەس - تە ، مەن ئىش بېجىرگۈچىدىن سورىدىم :

— بۇ پىئانىنونىڭ باھاسى قانچە بولدى ؟

— يىگىرمە ئىككى مىڭ كوي !

ئىشچىلار ھە ـ ھۇ دېيىشىپ پىئاننونى سۇپىغا ئالماقچى بولۇۋاتـ
قاندا :

— توختاپ تۇرۇڭلار ! — دېدىم .

ئىشچىلار پىئاننونى قويدى ، مەن ئىش بېجىرگۈچىگە :

— بۇ پىئاننونى قايتۇرۇۋۆەتسەم بولامدۇ ؟ يىگىرمە مىڭ كويلا بەرسەڭلار بولىدۇ ، — دېدىم .

— ھوي ، — ئىش بېجىرگۈچى بېشىنى چايقىدى ، — بولمايدۇ ! — ئۇ پىئاننونىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ، پىئاننوغا ئويۇلغان ئىككى قۇر خەتنى كۆرسەتتى ، — بۇنىڭغا خەت ئويۇلغان ، قايتۇرۇشقا بولمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدىن چىققان مالنى قايتۇرمايمىز . ئالـ
ماشتۇرۇپمۇ بەرمەيمىز !

مەن پىئاننوغا ئويۇلغان ئىككى قۇر خەتكە قارىدىم :

**ئامراق قىزىم يېيىڭغا .**

**لۇ جېنخۇادىن × يىل × ئاينىڭ × كۈنى .**

خەتلەر ئىنتايىن چىرايلىق ئويۇلغانىدى ، پىئاننونىڭ سىرى يالـ
تىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى . پىئاننودىن كۆز ئۈزمەي كەينىمگە داجىپ ، ئىشچىلارغا ئورۇن بوشاتتىم . ئۆيگە كىرگەندە ئىشچىلار سورىدى :

— نەگە قويىمىز ؟

بۇ سوئال مېنى تەمتىرىتىپ قويدى . شۇندىلا مەن ئۆيىمىزنىڭ ئاددىي ۋە كىچىك ئىكەنلىكىنى ، مۇنداق چوڭ نەرسىنى قويغۇدەك يەر يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم . مەن ئىشچىلارغا پىئاننونى ھۇجرامغا ئەكىـ
رىپ ، ھۇجرامدىكى يېزىق شىرەسىنى ئاپامنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ قو-
يۇشنى بۇيرۇدۇم ،شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەشەمەتلىك سوۋغاتنى ئاران دې-
گەندە ھۇجرامغا پاتقۇزدۇق . ئىشچىلار كەتكەندىن كېيىن مەن ، خې
شۇخۇەن ، ئاپام ئۈچىمىز پىئاننوغا قارىغىنىمىزچە تۇرۇپلا قالدۇق . بۇ ، سوۋغاتنى «ئۆياق» تا ئىش چىققاندىن كېيىن ئالغىنىم ئۈچۈن ، يا كۈ-
لۈشنى ، يا يىغلاشنى بىلمەي قالدىم . ئاپام پىئاننونىڭ يېنىغا كېلىپ ،

ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەتلەرنى ئاستا سىلاپ قويدى ، ئاپامنىڭ كۆزى چاناقلىرى ياشقا تولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدىم :

— ئاپا نېمە بولدۇڭ ؟

ئاپام كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى :

— ھېچنېمە بولمىدى .

ئۇ بىر ئورۇندۇقنى پىئانىنونىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇردى ـ دە ، پىئانىنونىڭ تىللىرىنى باستى . ئۇنىڭ بارماقلىرى پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە ئېقىن سۇدەك راۋان ئويناپ كەتتى . مەن ھەم ھەيران ، ھەم خۇشال بولدۇم :

— ئاپا ، سەن پىئانىنو چېلىشنى بىلىدىكەنسەن ـ دە !

— ئۇنتۇپ قاپسەن ـ ھە ، — دېدى ئاپام كۈلۈپ ، — ئېسىڭدە يوقمۇ ؟ ئىلگىرى شىنپىڭ ئىككىمىز دائىم ئىككى كىشى ئورۇندايدىغان مۇزىكىلارغا چالاتتۇق .

— راست ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن ! ئۇ چاغلاردا بەك كىچىك ئىدىم . سەن دائىم پىئانىنو چالاتتىڭ .

ئاپام بىرپەس پىئانىنونىڭ تىللىرىغا سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن ، « Long Long Aog » دېگەن كونا ناخشىغا چالدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ، بارماقلىرى پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە بىمالال يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى مەۋھۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ چىرايى ھەسرەتلىنىش تۇس ئالدى . بۇ ، مەن كۆپ ئاڭلىغان مۇزىكا بولغاچقا ، ئاپامنىڭ چالغىنىغا ئەگىشىپ ، ئىختىيارسىز ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىشقا باشلىدىم :

تولىمۇ يېقىملىق تىلغا ئېلىش ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئۇنتۇماق بەك تەس .
يايرار كۆڭۈل شادلىقتىن ئېيتساق كونا ناخشىلارنى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !
كۈتۈپ سېنىڭ كېلىشىڭنى چەكمەسمەن ھەسرەت يانا ،
ئۇنتۇغايمەن بولۇپ سەرگەردان يۈرگىنىڭنى يۇدۇپ مېنى ،

بىلمەن يەنە سۆيسەڭ شەك ـ شۈبھىسىز سەن مېنى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !
ئېسىڭدىدۇر ئۇچىنچى ئاي ئاخشىمى كۆرۈشكەن بىز ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئۇنتۇماق بەك تەس .
چىرمىشىپ تەنلەر مەيىن شامالدىن كەلگەن گۇل ھىدى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !
باغلاندى رىشتىمىز قىلدىم تەبەسسۇم سەنمۇ ھەم مەپتۇن ،
ئىزھار قىلىپ مۇھەببەت تۆكتۇق يۈرەك ـ باغرىمىزنى ،
قەسەم قىلدۇق ئاقلاشقا ئەبەتكىچە شۇ ۋەدىنى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !
كۆڭلۈم ئېقىنى مەۋج ئۇرار مەڭگۈ سەن ئۈچۈن ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئۇنتۇماق بەك تەس ،
قەلبىڭگە سىغماي جۇش ئۇرار چىن مۇھەببەت سەندە ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ،
مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ھەردەم !
مېنى بىردەم كۆرمىسەڭ ئېيتسام دەيتتىڭ يۈرەك سۆزۈڭنى ،
دەيتتىم مەنمۇ چىن قەلبىمدىن يېنىمدىلا تۇرسىكەن سىنى ،
ئارزۇيىمىز شۇ ئىدى بەخت قۇچسا كەلگۈسىمىزنى ،
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !

ناخشا ئاۋازى توختىدى ، مۇزىكا ئاۋازىمۇ پەسىيىپ كەتتى . ئاپامنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىشىپ تالغان كۆزلىرى خې شۇخۇەن ئىككىمىزگە يۆتكەلدى . بىز پىئانىنوغا يۆلەنگىنىمىزچە ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتۇق . ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئىزا تارتقاندەك :

— پىئانىنونى كۆرۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى ، — دېدى .

— ئاپا ، بۇ ئەجەب ياخشى مۇزىكا ـ ھە ! — دېدىم مەن ، — يەنە بىر مۇزىكىغا چېلىپ بەرگىنە ،

ئاپام بېشىنى چايقىدى ، ئورنىدىن تۇرۇپ مېھرىنى ئۈزمەلمىگەن

هالدا پىئانىنونى سىلاپ چىقاندىن كېيىن ، بېشىنى كۆتۈردى :

— يىپىلىك ، سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا ، بۇ پىئانىنو بىزگە لايىق ئەمەس ، سەنمۇ چالالمايسەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭنىڭ ئەھۋالىدا تۈزۈك گىرىش بولدى ، ھەممىلا ئىشقا پۇل كېرەك ، يەنىلا بۇنى سېتىۋەتكىنىمىز تۈزۈك !

— ئەمدى سېتىشتىن يالتايدىم ! — دېدىم پىئانىنوغا ئىگىشىپ قاراپ ، — ئاپا ، سەن ئۇنى ياخشى كۆرسەڭ ساتمايلا قويايلى ، پۇلدىن قىسىلساق ، باشقا ئامال ـ چارە تاپارمىز !

— توغرا ، — دېدى شۇخۇەن ، — پىئانىنو قېپقالسۇن ، مەن يىپىگنىڭ پىئانىنو ئۆگىنىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . پۇلنىڭ كارى چاغلىق !

— مېنى سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئىشلىتەمدىكىن ، دەپ ئويلىماڭ ! — دېدىم مەن .

— ماڭا تەگكەندىن كېيىنمۇ مېنىڭ پۇلۇمنى ئىشلەتمەمسىز ؟

— سىزنىڭ نەدە پۇلىڭىز بولسۇن ؟ پۇلنى يەنىلا دادىڭىزدىن ئالىسىز ـ دە !

— مېنىڭ خىزمەت قىلىپ پۇل تېپىۋاتقىنىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ .

— چەت ئەلگە چىقىدىغان ئىشىڭىز قانداق بولدى ؟ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى بېرىدىغان بولدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم بۇ ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ .

— پۈتۈن يىللىق ئوقۇش مۇكاپاتىنى قولغا كەلتۈردۈم ، — دېدى خې شۇخۇەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا .

— راستىمۇ ؟ — مەن توۋلاپ كەتتىم ، — نىمىشقا بالدۇر ئېيتمايسىز ؟

— سىلەرنىڭ ئائىلەدە بۇ ئىشلار بولدى ئەمەسمۇ ، شۇڭا ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن چەت ئەلگە چىقىشنى كېلەر يىلغا كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدىم . شۇنداق بولغاندا ، توي قىلغاندىن

كېيىن بىز يەنە بىر يىل بىللە تۇرالايمىز !

ئاپام پىئانىنوغا يۆلەنگىنىچە ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى . مەن پىئانىنونىڭ تىللىرىنى چېكىپ قويۇپ ، ئويۇپ يېزىلغان ئىككى قۇر خەتكە قارىغىنىمدا ، دادام يەنە كۆز ئالدىمغا كەلدى . بىز ئاپامغا خوش دەپلا ، ئۆيدىن چىقىپ « ئۇياق »قا ماڭدۇق . كېتىۋېتىپ خې شۇخۇەن مۇنداق دېدى .

ــ توۋا ، يىپىلىڭ ، سىزنىڭ ئائىلىڭىز مەندە غەلىتە تۇيغۇ پەيدا قىلدى . مېنىڭچە ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى باركەن . ئاپىڭىزنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق ، چوقۇم ئۇنىڭ سىرلىق مۇھەببەت كەچۈرمىشى بار !

ــ ھە ، شۇنداقمۇ ؟ــ مەن ئويلاپ بېقىپ ، بىردىنلا سۆزلەپ كەتتىم ، ــ توغرا ، بىر كۈنى ئاپام ئۆزىنىڭ كىمنىدۇر ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان .

مەن چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ماڭدىم ، ھەر ئىككىمىز قايتا گەپ ـ سۆز قىلىشمىدۇق . مەن ئاپام توغرۇلۇق ئويلايتتىم ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ سۆيگىنى بارمىدىكىنە ؟ دادام ئۇلارنى ھەسرەتتە قويۇپ ئايرىۋەتكەنمىدۇ ؟ دادام توغرۇلۇقمۇ ئويلىدىم . ئۇ ئۆمۈر بويى ئاياللارنى خارلاپ ئويۇنچۇق قىلدى ، ئاخىر كېلىپ يېنىدا بىرمۇ ئايال قالمىدى . شۆ ئاچامنىڭ قېچىپ كېتىشى ، كۆز ئالدىمىزدىكى تۇرمۇش مەسىلىسى ، دوختۇرخانىدا ياتقان مېڭپىڭ ، نەگە كەتكىنى نامەلۇم ئېرخاۋ . . . قاتارلىق بىر تالاي مەسىلىلەر مېڭەمنى چۇلغىۋالغانىدى . خې شۇخۇەن مېنى تارتقاندىلا ئېسىمنى يىغدىم :

ــ يىپىلىڭ ، قاراڭ ، بىر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ ! ــ دېدى ئۇ ئالدىمىزغا قاراپ .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم ، « ئۇياق » نىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق بولۇپ دەرۋازىدىن ساقچىلار كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈۋاتىشەتتى .

ــ شۆ ئاچامنىڭ دېرىكى چىققان ئوخشايدۇ ! ــ دېدىم مەن ۋە خې شۇخۇەننىڭ قولىدىن تارتىپ يۈگۈردۈم . دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گەندە ، بىر ساقچى مېنى توسۇپ :

— سىز نېمە ئادەم ؟ — دەپ سورىدى .

بۇ تۇنۇگۈنكى ساقچى بولماستىن ، باشقا بىر ساقچى ئىدى .

— ئىسمىم لۇ يىپىڭ ، لۇ جېنخۇانىڭ قىزى ، — دېدىم مەن .

— ھە ، — دېدى ساقچى ۋە گۇمان بىلەن سورىدى ، — سىز قاچان سىرتقا چىقىپ كەتكەن ؟

— مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن !

— قەيەردە تۇرىسىز ؟

ۋاي خۇدا ! مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرەمدىمەن ! ھويلىغا قاراپ ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم ، قاشلىرىمنى يىمىرىپ ساقچىدىن سورىدىم :

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشىڭىزگە بولامدۇ ؟

— لۇ رۇپىڭ سىزنىڭ نېمىڭىز ؟

— ئاتا بىر ئانا باشقا ھەدەم !

— بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئۇ تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ ، — دېدى ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن .

بۇرۇلۇپ خې شۈخۇەنگە قارىدىم ، شۇئان مېڭەم خۇددى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى .

## 11

مەن رۇپىڭنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختاپ ، تىترەك باسقان ھالدا ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسالدىم . رۇپىڭ كارىۋات يېنىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى . كىيىملىرى رەتلىك ، ئۇچىسىغا چېكىم ـ چېكىم رەختتىن تىكىلگەن پىلاتى ـ يوپكا ، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاق توپلەي كىيگەنىدى . ئادەتتىكى چاغلاردا ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرمەيدىغان رۇپىڭ بۈگۈن ئىنتايىن

لاتاپەتلىك ۋە تەبىئىي ياسانغانىدى . تاپانچا ئۇنىڭ يېنىدا ياتاتتى . ئوق
ئوڭ چېكىسىدىن كىرىپ چوققىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇراتتى .
بېشى بىر يېنىغا قىيسايغان ، جاراھەت ئېغىزىدىن قان ئانچە كۆپ ئاقمىـ
غان ، قانغا مىلەنگەن بىر تۇتام چېچى جاراھەت ئېغىزىغا چاپلىشىپ قالـ
غانىدى . مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم . ئۇ تېخى تونۇگۇنلا ھايات ئىـ
دى . ئۇنىڭ مەھكەم يۇمۇلغان ئاغزى تونۇگۇنلا ماڭا گەپ قىلغان ، بىر
جۈپ كۆزى ياشقا تولغان ھالدا ماڭا ۋە خې شۇخۇەنگە تەلمۈرگەنىدى .
بۈگۈن بولسا خەقلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشى ۋە تەكشۈرۈشلىرىگە
پىسەنت قىلماي ياتاتتى . تامدەك تاتارغان چىرايى قانغا مىلەنگەن ،
كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق . . . ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپمىغان
بولسا كۆزى يۇمۇلمايدۇ دېيىشىدىكەن . ئۇنداقتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن
تاپمىغانمىدۇ ؟ ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن . يىگىرمە تۆت
ياش ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل دەۋرى ئەمەسمۇ ؟ لېكىن ئۇ ئۆز ھاياتىدىن ۋاز
كەچتى ! نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ماڭا ئايان .
بەش قولدەك ئايان . شۇنچىلىك ئايانكى ، مەن بۇ سەۋەبكە يۈزلىنىشكە
جۈرئەت قىلالمايتتىم — ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىدى ، مەن ئۆلتۈردۈم ،
دېسەم توغرا بولاتتى . ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغانچە تونۇگۇنكى ياشقا تولـ
غان كۆزلىرىنى ، يېگانە ، غېرىبسىنغان ھالىتىنى ، ھەسرەتلىك ۋە ئۈـ
مىدسىز چىرايىنى غۇۋا كۆرگەندەك بولدۇم . . . كۆزۈمنى يۇمۇپ ، كەيـ
نىمگە بۇرۇلغان پېتى دەلدەڭشىگىنىمچە چىقىپ كېتىۋېتىپ خې شۇـ
خۇەنگە ئۇرۇلۇپ كەتتىم ، ئۇ تۇرغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ قالغاـ
نىدى . مەن ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ ئەلەڭلەپ مېھمانخانىغا كىردىم ـ دە ،
ساپاغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم . بېشىم ئايلىنىپ ، پۇت ـ قولۇمدا جان قالـ
مىدى . رۇيپىڭنىڭ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان چىرايى ماڭا قاتتىق تەسىر
قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاينىتىۋەتكەنىدى . بىرى ماڭا ئىستاكاندا قايناق سۇ
سۇندى . قارىسام ، تونۇگۇن مەندىن گەپ سورىغان ساقچى ئىكەن . ئۇ
خاتىرجەملىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ :

— نۇرغۇن ئادەملەر جەسەتكە قارىيالمايدۇ ، — دېدى . مەن

تىترەپ تۇرغان قولۇمنى سوزۇپ ئىستاكاننى ئالدىم ـ دە ، قايناق سۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتىم .

ــ ئائىلىڭىزدە كەينى ـ كەينىدىن مۇنچە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن ، ــ دېدى ئۇ يەنىلا خاتىرجەملىك ھالدا .

ــ بۇنى ھەقىقەتەن خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم ، ــ دېدىم مەن ئارانلا ، ــ تۈنۈگۈن ئۇ بىر ئوبدانلا ئىدى !

ــ تەكشۈرۈپ بولدۇق ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى ئىسپاتلاندى . يەنە بىرقانچە ئىشلار بار . بۇ پەقەت گۇمان ، دادىڭىزنىڭ تاپانچىسى قانداق قىلىپ رۇپىگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ؟ ــ سورىدى ساقچى .

ــ مەن ، ــ قوشۇمامنى تۈردۈم . ناھايىتى ئايانكى ، دادامنى قاتىللىق قىلىپ قويمىسۇن ، دەپ رۇپىگىغا تاپانچىنى مەن بەرگەنىدىم . رۇپىگىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى نەدىمۇ خىيالىمغا كەلسۇن ! ئەگەر بۇ ئېھتىمالنىڭ زەررىچە بىر يېرى خىيالىمغا كەچكەن بولسا تاپانچىنى ھەرگىز ئۇنىڭغا بەرمىگەن بولاتتىم . مەن بېشىمنى چايقاپ ، ــ بىلمەيمەن ، ــ دېدىم تەسلىكتە .

ــ ئادەتتە دادىڭىزنىڭ تاپانچىسىنى نەگە قويىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟

ــ بىلمەيمەن

ــ ھەدىڭىزنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش سەۋەبىدىن بىزنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ خەۋەردار قىلالامسىز ؟

ــ مەن . . . ــ تىلىمنى چاينىغىنىمچە بېشىمنى چايقىدىم ، ــ خەۋىرىم يوق ! ــ دېدىم ۋە غەيرەتكە كېلىپ سورىدىم ، ــ ئۇ ۋەسىيەتنامە قالدۇرماپتىمۇ ؟

ــ مۇشۇ بىر ۋاراق قەغەزلا بار ئىكەن ، شىرەدە تۇرۇپتۇ ، ــ ساقچى خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ ، ئىككىلىك قەغەزنى كۆرسەتتى . قەغەزدىكى رۇپىگىنىڭ پوچىر كىسى ئىدى :

**جاندىن تويدۇم ، شۇڭا ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم ، ئۆلۈمۈم ھەرقانداق ئا ـ**

دەمگە مۇنلسۇەتسىز !

## لۇ رۇيىك × ئىلي × كاۋن

مەن قەغەزنى ساقچىغا قايتۇرۇپ بەردىم . ساقچى يەنە سورىدى :

— خىزمەتكار قىزنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەتىگەن ھەدىڭىز تېخى سىرتقا چىققانىكەن ، بۇ ئىش شۇنىڭدىن كېيىن بوپتۇ ، ئۇنىڭ نەگە بارغانلىقىنى بىلەمسىز ؟

— بىلمەيمەن !

ساقچى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى . شۇندىلا ساپادا ئولتۇرغان دادامغا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ بۇتتەك قېتىپ قالغان ، ئاغزىدىكى غاڭزىسىنىڭ ئوتى ئاللىقاچان ئۆچۈپ بولغانىدى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، دەلدەڭشىگىنىمچە ئۇنىڭ قېشىغا باردىم . يېنىدا ئولتۇرۇپ قولىنى تۇتۇپ باقتىم . ئۇنىڭ قولىدىن مۇز چىقاتتى ، تىترەپ تۇراتتى .

— دادا ، ھوي ، دادا ! — دېدىم مەن .

دادامدىن سادا چىقمىدى ، مىدىرلاپمۇ قويمىدى ! ئۇ يەنىلا ئىلىپ-تەك تىككىدە ئولتۇراتتى . تېنىم جۇغۇلداپ ، قورقۇنچقا چۈشتۈم . ئۇنىڭ كۆزى قېتىپ قالغان ، جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشكەن شۆلگەيلىرى ساقى-لىغا چاپلىشىپ قالغانىدى . مەن ئۇنى لىڭشىتىپ يەنە توۋلىدىم :

— دادا !

ئۇ يەنىلا مىدىرلىمىدى ، مەن جېنىمنىڭ بارىچە لىڭشىتتىم ، ئۇ تەسلىكتە ماڭا قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا :

— ئۆلدى . . . مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتتى . . . بىر تاللا ئوق بى-لەن ! ماڭا ئوخشاش مەرگەن ئىكەن ! — دېدى دادام بېشىنى چايقاپ ، ئۇنىڭ بېشى گىلدىڭلاپلا قالغانىدى . ئۇ قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ ، ئىنچىكە بارماقلىرىنى تىزىغا قويدى ۋە قوللىرىغا تىكىلگىنىچە پى-چىرلىدى ، — لۇ ئائىلىسىنىڭ ئوقى باشقىلارغا تېگەتتى ! ئۆزىگە تەگ-مەيتتى ! — غاڭزىسىنى ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتىۋىدى ، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى ، — بۇ تاپانچا ماڭا بىرقانچە ئون يىل ھەمراھ بول-

غان ، مەن ئۇنىڭ بىلەن سانسىز جانىنىڭ بېشىغا چىققانىدىم! — ئۇ ئىتتىرەپ تۇرغان قوللىرىنى ماڭا سۇندى ، مەن ۋەھىمىگە چۈشتۈم . ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتتى ، — قوللىرىم قانغا بويالغان ، بۇ ئىككى قولنىڭ قاند چىلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى بىلمەيسەن . . . مانا رۇپىكمۇ مۇشۇ تاپانچىدا ئۆلدى ، ئۇ مەندىكى قان قەرزلەرنىڭ سورىغا كەتتى !

مېنى تىترەك بېسىپ ۋەھىمە قاپلىدى ، دادام ئىنتايىن جاھىل ئادەم ئىدى . تەقدىرچىلىك تەرەپدارى ئەمەس بولۇپ ، ئىلاھقا ، تەڭرىگە ۋە تەقدىرگە ئىشەنمەيتتى ، پەقەت ئۆزىگىلا ئىشىنەتتى . مەنمۇ شۇنداق ئىدىم . توۋا ، ئەمدى ئۇ تەقدىرگە تەن بەردىمۇ ؟ ئۆزىنى جىنايەتكار دەپ قاراۋاتامدۇ ؟

ئىشىك ئالدى ئۆپۈر – تۆپۈر بولۇپ ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى . قولىدىكى دوختۇر سومكىسىدىن ئۇنىڭ قانۇن دوختۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم . مەن مېھمانخانىدا ساقلاپ ئولتۇردۇم . دادام يەنە ئاغزىنى يۇمۇۋالدى . بىردەمدىن كېيىن قانۇن دوختۇرى كەتتى . ھېلىقى ساقچى ئەمەلدارى كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى :

— تەكشۈرۈش پۈتتى ، يەرلىككە قويۇۋەتسەڭلار بولىدۇ .

ساقچىلار ۋە قانۇن دوختۇرى كەتكەندىن كېيىن ، ئۆينىڭ ئىچى ئادەم قورققۇدەك ھالدا چۆلدەرەپ ، سۈرلۈك تۈس ئالدى . ئالەمنىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ، ھاياتلىق تۈگىگەندەك ئەتراپ جىمجىت . دادام ئىككىمىز ئېغىز ئاچالماي داڭقېتىپ ئولتۇراتتۇق . بىرھازادىن كېيىن خې شۇخۇەن دەھلىزدىن ئىتتىك كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل كىچىك شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ تاماكا قۇتىسىدىن بىر تال تاماكا ئالدى . ئۇ ئادەتتە تاماكا چەكمەيتتى ، ھازىر ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتاتتى . ئۇ ساپاغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىدى . يۆتەلمىدىيۇ ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئۈچىمىز شۇ تەرزدە ئۆز كويىمىز بىلەن ئولتۇردۇق . دېمىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتكەندى . ئىچكەركى ئۆيدە بولسا بىر جەسەت سۇنايلىنىپ ياتاتتى .

خې شۇخۇەن تاماكىسىنى چېكىپ بولدى . تاماكا قالدۇقى كۆيـ دۈرگەندە ، ئاندىن ئۇ تاماكا قالدۇقىنى تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ :

ــــ مەن دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرەي ! ــــ دېدى .

دادام ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى ، مەنمۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردۇم . خې شۇخۇەن سىرتقا چىقىپ كەتتى . ھەش ـ پەش دېگۈچىلا تېلېفوننى بېرىۋېتىپ قايتىپ كىرىپ بايىقى ئورنىدا ئولتۇردى ۋە يەنە بىر تال تاماكا ئېلىپ چەكتى . مەن تۇرۇلۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىۋاتقان كۆپكۆك ئىسقا قارىغىنىمچە كاللام ئۇيۇپ قالغاندەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . لېۋىمنى قاتتىق چىشلىدىم ، راسا يىغلىۋالاي دېسەممۇ ، كېكىرتىكىم ئېتىـ لىپ قالغاندەك ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .

دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلدى . ھەممە ئىش خې شۇخۇەنگە قالدى ، دادام ئىككىمىز ساپادا پۈتى باسماس ـ قولى تۇتماس ئادەمدەك مىدىرلىماي ئولتۇردۇق . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار رۇ- پىڭنى جىرغىدا كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىپ قويدى . مەن تىترەپ كەتتىم ۋە ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ جىرغىنىڭ كەيـ نىدىن دەرۋازىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم . خې شۇخۇەن جىرغىنى ماشىنىغا سېـ لىۋاتقانلارغا قاراپ ، دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى :

ــــ ئاق كۆڭۈل ، بىگۇناھ قىز ئىدى ، ــــ ئارقىدىن ئۇ بېشىنى چايقاپ بوغۇق ئاۋازدا خىتاب قىلدى ، ــــ ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلۈپ كەتتى ـ ھە !

مەن ساراسىمە ئىچىدە دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم . بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . ئىچىمدە ، ئېھتىمال ھېلى ئېـ سىمگە كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتتا كۆرەرمەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلكى قاباھەتلىك چۈش ، پاكىت ئەمەس ، چوقۇم ئەمەس ! دەيتتىم . خې شۇخۇەن لەپپىدە ماڭا قاراپ قويۇپ :

— دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا قويۇپ بېرىپ دادىڭىزغا قاراڭ، — دېدى. ئۇ دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قارا ماشىنىسىغا قاراپ تۇراتتى. چىرايىدىن يىغلىغاندىن ئېچىنىشلىقراق كۈلكە ئەكس ئېتەتتى، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئېسەدىگەن ھالدا سۆزلىدى، — مەن تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭغا سىزگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىش ئۈمىدىم بار، دېگەنىدىم. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ جەسىتىنى دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئېلىپ ماڭدىم. قىلىپ بېرىدىغان ئىشىمنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن.

خې شۇخۇەن دەپنە ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ بىللە كەتتى. مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزانغا قارىغىنىمچە ئۆزۈمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. بىردىن كاتولىك مۇخلىسلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا ئوقۇيدىغان دۇئا-تىلاۋىتى يادىمغا يەتتى:

توزۇيدۇ چاڭ، چېچىلار تۇپراق،
بەئەينى كۆلگە كېتەر ئوخشاپ.

دۇرۇس «چاڭ توزۇپ كېتىدۇ، تۇپراق چېچىلىپ، كۆلمۇ شۇنداق.» ھاياتلىق دېگەن شۇ، مەۋھۇملۇقتىن پەيدا بولۇپ يەنە مەۋھۇملۇققا قايتىدۇ، رۇپىلىك بۇ دۇنياغا يىگىرمە تۆت يىللىق ھاياتىدىن نېمە قالدۇردى؛ بىر ئېغىز گەپ-سۆزمۇ قىلماي كەتتى. بۇ تەرىپى خۇددى چاڭ-توزانغا، تۇپراققا، كۆلگە ئوخشىشىدۇ!

ئەمدى ئۇ ھەسرەتلەنمەيدۇ، نائىل بولغىنى ۋە مەھرۇم قالغىنى ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلۇپ نادامەت چەكمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق خې شۇخۇەن ئىككىمىزگە ئۈن-تىنسىز ئېتىراز بىلدۈردى. ھايات ۋاقتىدا ئۇ ماڭا يۈزتۇرانە بىرنېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى... ئەمدى ئۇ كەتتى! ئۆلگەنغۇ قۇتۇلدى، تىرىكلەر بۇ دەردكە قانداق چىدىغۇلۇق؟

ماشىنىنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتتى. كەينىمگە قارىسام ئالەن بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ ئارقامدا تۇرۇپتۇ. بۇرۇلۇشۇمغا ئۇ بەللىرىنى تولغاپ، ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— خېنىم، ئەمدى ئىشلىمەيمەن، ئۆيۈمگە كېتىمەن! — دېدى.

مېنىڭ ئەس ـ يادىم رۇپىگىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي كۆزۈمنى پارقىرىتىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ يەنە بېلىنى تولغاپ:

— ئەمدى ئىشلىمەيمەن! خېنىم، بۇ ئايلىق ئىش ھەققىمنى ئالمىغانىدىم! — دېدى.

ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەندىم، ئۇ ئىشلەشتىن يالتايغانىكەن. لېكىن ئۆيدە داداملا قالغان، ئۇنىڭغا خىزمەتكار قارىمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئوڭشاپ:

— ئالەن، ھازىرچە كەتسەڭ بولمايدۇ! — دېدىم.

— ئىشلىمەيمەن، — دېدى ئالەن ئۆي تەرەپكە ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، — چوڭ خېنىمنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقۇپ كەتتىم، ئەمدى ئىشلىمەيمەن!

— ئالەن، ئىشلىمىسەڭ بولمايدۇ، ئۆيدە دادامدىن باشقا ئادەم قالمىدى، ئىشمۇ ئاز. ئۇبدانراق ئىشلىسەڭ ئىش ھەققىڭنى قوشۇپ بېرىمەن!

ئالەننى مىڭ تەسلىكتە تۇتۇپ قالدىم. ئۇ بوپىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭغاندا «ئۇھ» دېدىم ـ دە، ئېغىر قەدەم تاشلاپ سېمونت يول بىلەن مېھمانخانىغا ماڭدىم. مېھمانخانىنىڭ ئەينەك ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم، چۆلدەرەپ قالغان ئۆينىڭ ئىچىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باسقانىدى، دادام يەنىلا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى. مەن توختاپ ئۆيگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. بىر چاغلاردا بۇ ئۆي ئادەم بىلەن تولاتتى، كۈلكە ـ پاراڭلار ياڭراپ تۇراتتى. مەن بۇ ئۆيدە مېگىپىگنىڭ جەزىبىلىك مۇزىكىلارنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، ئېرجىپىنىڭ ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىۋاتقىنىنى، رۇپىگىنىڭ ئېگىشىپ

بىبى بىبىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقىنىنى ، شۇ ئاچامنىڭمۇ كۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى . . . يەنە كۆرىدىغاندەكلا ھېسسىياتتا ئىدىم . قىسقىغىنا يېرىم يىل ئىچىدە بۇ ئۆيدىكىلەردىن كەتكىنى كېتىپ ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، قېرىغان دادام تەنھا قالدى . مەن قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدىم ، ھوش ـ كاللامنى يوقاتتىم ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ، تۆت تام پىر ـ پىر ئايلانماقتا ، ئەتراپنى قورقۇنچلۇق ئاۋازلار زىلزىلىگە سېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، بۇ ئاۋازلارنى ئېنىق ئاڭلاش ئۈچۈن بېشىمنى سىلكىۋېتىپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم ، قۇلاق ـ مېڭەمنى يەۋاتقان بۇ ئاۋازلاردىن غۇڭۇلداپ سۈرلۈك سادا كېلەتتى :

« سەن ! لۇ يىپىڭ ! ئىش تېرىغان سەن ! » شۇ ئەسنادا يەلكەم كۈيۈشۈپ ، پېشانەمدىن مونچاق ـ مونچاق سوغۇق تەر چىقتى . تاپىنىمنىڭ ئاستىدىن بوش ۋە ھەسرەتلىك « ناله » ئاڭلىنىپ ، مۇزدەك بىرنىمە پۇتۇمغا ئۇرۇلدى . چۆچۈپ ئىتتىك قارىسام ، رۇپىڭنىڭ ئامراق خور ـ خور ئىتى ـــ بىبى بىبى ئايىغىمنىڭ يېنىدا ئىگىسىز قېلىپ چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ . بۇ ئىتمۇ ئۆز ئىگىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلگەنىمدۇ ؟

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردۇم . دادامغا گەپ قىلغۇدەك ، ئۆزۈمنى بايىقى سۈرلۈك تاپا ـ تەنىلەردىن قاچۇرغۇدەك ماجالىم قالمىغانىدى . بىبى بىبى غىڭشىپ ناله قىلغىنىچە ئۆينىڭ ئىچىدە ھەممە يەرنى پۇراپ تىمىسقىلاپ ، سۈرلۈك كەيپىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى . دادام مىدىرلىدى . مەن ئىتتىك بۇرۇلۇپ يېلىنىش ئاھاڭىدا توۋلىدىم :

ـــ دادا !

دادام دەھشەتلىك ۋە ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ پەس ئاۋازدا سورىدى :

ـــ ئۇ نېمىشقا ئۆلۈۋالدى ؟

مەن جاۋاب بېرەلمىدىم .

ـــ يىپىڭ ، بۇنىڭغا سەن جاۋابكار ، شۇخۇەنىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدىڭ ! ـــ دېدى دادام .

— نائىلاج شۇنداق قىلغانىدىم ! — دېيەلىدىم ئارانلا .

— كېيىن نائىلاج شۇنداق قىلدىڭ ، دەسلەپتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، — دېدى دادام ، — سەن شوخۇەننى كۆرۈپلا ، رۇپىگىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالدىڭ ، غەرەزلىك هالدا شۇنداق قىلدىڭ ، سەن بىرنېمىنى بايقىدىڭ ، بۇ تەرىپى ئۆزۈڭگە ئايان ! — دادام قولىنى مۈرەمگە قويدى ، ئۇنىڭ قولى شۇنداق قاتتىق تىترەيتتىكى ، مەنمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتىم . ئۇ كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي بوغۇق ئاۋازدا دېدى ، — سەن ماڭا ئوخشىشسەن ، يېپىڭ ، ماڭا ئوخشاشلا يامان ئادەم بوپسەن ! — دادام مۈرەمنى قاتتىق قىسىپ ئېغىر خورسىندى ، — شۇغىنىسى ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن ، پەقەت سەنلا نەق مېنىڭ قىزىم بولۇپ چىقتىڭ ! لېكىن ، دېمىسەڭمۇ بىلىمەن ، سەن ماڭا ئۆچ ! مېنى يامان كۆرۈپ كەلدىڭ ! ساڭا شۇنچە قىلىپ تۇرساممۇ مېنى يامان كۆرىسەن ! بۇ ياقتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىڭ !

مەن ئاغزىمنى ئۆمەللەپ ، ئۆزۈمنى ئاقلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ، دادامنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرغان قولى بىردىنلا سىيرىلىپ چۈشۈپ پۈتۈن بەدىنى خۇددى يىپلى چىقىپ كەتكەن پومزەكتەك لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى . ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم . دادام ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ ، بېلىنىڭ يۇقىرىسى ساپانىڭ يان يۆلەنچۈكىدە ، تۆۋىنى يەردە ، يۈزىنى دۈم قىلىپ ياتاتتى . مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ تووۋلىدىم :

— دادا ! دادا ! دادا !

بىراق ، دادامدا قىلچە سېزىم يوق ئىدى . مەن ئالەننى قاتتىق تووۋلاپ چاقىردىم . ئالەن كەلدى . ئۇنى دادامغا قارىتىپ قويۇپ ، سىرتقا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم ۋە كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى جامائەت ئىشلىتىدىغان تېلېفون بوتكىسىغا بېرىپ تېلېفون دەپتىرىدىن بىر شەخسىي دوختۇرخانىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتىم - دە ، ئىنتايىن جىددىي تېلېفون بېرىۋېتىپ قايتىپ كەلدىم . دادام شۇ پېتى يېتىپتۇ . ئالەن ئىككىمىز يۆلەشتۈرۈپ - سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ساپاغا ياتقۇ-

زوۋالدۇق . دادامنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا ، ئىككى پۇتى ساپانىڭ يان يۆلەنچۇكىگە مىنگىشىپ قالدى . دادامنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دوختۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق .

دوختۇر كېلىپ ، دادامغا يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىككى ئوكۇل سالدى . دىئاگنوز يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە قان بېسىمى بولۇپ چىقتى . دادام ئاخىر ھوشىغا كەلدى . ئۇلاش - چولاش دادامنى يۆلەشتۇرۇپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدۇق . دادام تەسلىكتە مۇنداق دېدى :

— مەندە كېسەل يوق ! يارىلانغان ۋە ئۇخلىغان چاغلارنى دېمىگەندە ، ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئەمەسمەن !

— ھازىر سىز ياردار ، — دېدى دوختۇر .

دادام نائىلاج ياتتى . دوختۇر ئۇنىڭغا يەنە بىر ئوكۇل سېلىپ ، مېنى سىرتقا چىقىشقا شەرەت قىلدى . مەن مېھمانخانىغا چىقىپ تۇردۇم ، بىرپەستىن كېيىن دوختۇرمۇ دورا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ جىددىي تۇستە :

— ئەڭ ياخشىسى ، دادىڭىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭ . ياشىنىپ قالغان ئادەم . كېسەلگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ! دوختۇرخانىدا ھەر تەرەپتىن ئوبدان قارىغىلى بولىدۇ ! — دېدى .

— دادامنىڭ كېسىلىنى ئىنتايىن ئېغىر دېمەكچىمۇسىز ؟

— شۇنداق ، يۈرىكى ئاجىز ، قان بېسىمى يۇقىرى ، يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن .

يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىش دادام ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى ! مەن زوۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالدىم . دوختۇر كېتىشىنىڭ تەررەدۇتىنى قىلىۋاتقاندا داۋالاش ھەققىنى بەرمىگىنىم يادىمغا يېتىپ ، داۋالاش ھەققىنى سورىدىم . سومكامدا بار پۇل داۋالاش ھەققىگە كەتتى ! دوختۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ دادامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم . دادام ئارام تېپىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . دوختۇر ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى سالغان بولسا كېرەك . مېھمانخانىغا چىققىنىمدا بىردىنلا دەرمانسىزلىنىپ كەتتىم ، پۇت-

لىرىمدا جان قالماي ئۆزۈمنى ساپاغا تاشلىدىم. بۇگۈن ئەتىگەندىن بېرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانىدىم، بېي بېيىنىڭ توختىماي قىلىۋاتقان نالىسىگە چىدىماي، ئىككى قولۇم بىلەن قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋېلىپ، بېشىمنى يوپكامنىڭ ئېتىكىگە قويۇۋالدىم.

چۈشتە ئالەن ماگا ئاددىيغىنا سەي قورۇپ تاماق ئېتىپ بەردى. ئۇنىڭغا دادامغا چوشقا جىگىرىدە شورپا قىلىپ ئازراق ئۇگرە قىلىپ بېرىشنى تاپشۇردۇم. چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە دادام بىرپەس كۆزىنى ئاچتى. دوختۇر تولا مىدىرلاتماڭلار دېگەچكە، كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاشنى يېگۈزۈپ قويدۇم، دادام ئاش يەۋېتىپ ئۆزىنىڭ ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكىگە ئاچچىقلىنىپ تىرىكىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىر چىنە ئاشنى يېگۈزگۈچە ئۆزۈممۇ تەرگە چۆمدۇم. دادام بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ماگا قارىدى، لېكىن ئېغىز ئاچمىدى. بىردەمدىلا كۆزلىرى ئېلىشىپ ئۇخلاپ قالدى

بۇ يەردىن كېتەي دېسەم يەنە، كەتمەي دېسەم يەنە، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ، يېزىق شىرەسى يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا يۆلەنگىنىمچە ئويغا پاتتىم. دادامنىڭ ئېغىز نەپەس ئېلىشى كۆڭلۈمنى بىئارام قىلاتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلارمەن؛ دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا ئۇنى ئالەنگە تاشلاپ قويسام بولمايدۇ. كىيچىلەردە كىم ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بېرىدۇ؟ ئاپام بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە تېخى كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى، خەق ئەھۋالنى چۈشەنمەي مېنى ئۆي ــ جاي، راھەت ــ پاراغەتنىڭ كويىدا قاپتۇ دېمەمدۇ! دادامنى دوختۇرخانىغا ياتقۇزسام پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟ دوختۇرخانىغا يېتىۋاتقان مېڭىپلىك ئۆيدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تېخى بىخەۋەر، ئۇنى قانداق قىلارمەن؟ مانا بۇ ئىشلار ئىسكەنجىگە ئېلىپ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ ساراسىمىگە سالاتتى. دادامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ «سەن ماگا ئۆچ! ساگا شۇنچە قىلىپ تۇرساممۇ مېنى يامان كۆرىسەن» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆچمۇ؟ راست، مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ كەلدىم!

www.uyghurkitap.com

لېكىن ، يۆلەنچىسىز قالغان بۇ بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قىلىپ خەققە
ھاجىتى چۈشكەندە ئۆزۈمنىڭ ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىم ياخشى كۆ-
رىدىغانلىقىم ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىمنى ئاڭقىرالماي قالدىم!

بىبى بىبي يەنە غىڭشىغىنىچە يۇگۈرۈپ كىرىپ ، پۇتۇمنىڭ ئەترا-
پىدا ئايلانغىلى تۇردى . ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاستا پەپىلەپ
قويدۇم . شۇنداقتىمۇ ، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي نالە قىلىپ كۆرۈن-
گەن يەرنى پۇراپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۇگۈرەيتتى ، تۇرۇپلا « شالدىر »
قىلىپ قالدى ، قارىسام بىبي بىبي نەدىندۇر بىر باغلام ئاچقۇچنى تېپىۋاپ-
تۇ . مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ، مەقسەت-
سىزلا شاراقشىتتىم ، رۇپىگىنىڭ ئاچقۇچىمىدۇ ؟ رۇپىگىنىڭ ئىسمى
يۈرەك ـ باغرىمنى خەنجەردەك تىلىپ ئۆتۈپ مېنى بىر زارلاتتى . رۇپىك
خې شۇخۇەن دېگەندەك ئاق كۆڭۈل ، ئاجىز قىز ئىدى . « ناھەقتىن ـ
ناھەق ئۆلۈپ كەتتى ! »

كاللامدىن رۇپىگىنىڭ كۆلەڭگىسىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قو-
لۇمدىكى ئاچقۇچنى ھېچبىر مەقسەتسىزلا دادامنىڭ يېزىق شىرەسىنىڭ
تارتمىسىدىكى قۇلۇپقا سالدىم . كۈتۈلمىگەندە ئوتتۇرىدىكى تارتما ئاچقۇچ
چۈشۈشى بىلەنلا ئېچىلىپ كەتتى . دېمەك ، بۇ ئاچقۇچلار دادامنىڭ ئې-
كەن ـ دە ! مەن شۇ ئاچام ئوغرىلاشقا ئۇلگۈرەلمەي قالغان پۇللار بولسا
چىقىپ قالار ، دېگەن ئويدا ئىختىيارسىز تارتمىنى تارتتىم . تارتمىدا
كىچىككىنە بىر مەخمەل تاشلىق قاپچۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن .
ئۈستىگە سېرىق رەڭدە بۇدرۇق بالىلارنىڭ رەسمى سىزىلغان بۇ قىزىل
مەخمەل تاشلىق قاپچۇق بەكمۇ كونا ، بەكمۇ نەپىس ئىدى . ئېچىپ كۆ-
رەي دېسەم ، قۇلۇپلاغلىق ئىكەن . قولۇمدىكى ئاچقۇچلار ئىچىدىن ئەڭ
كىچىك بىرىنى تاللاپ قاپچۇقنىڭ قۇلۇپىغا سېلىۋىدىم ، تەلىيىمگە يارىشا
ئېچىلىپ كەتتى . قاپچۇقتا بىر تالاي ھۆججەت بار ئىكەن . بىر ـ بىرلەپ
كۆرۈپ چىقتىم . ھەممىسى دېگۈدەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ھۆج-
جەتلەر ئىكەن . ئۈمىدنى ئۈزۈپ تۇرۇشۇمغا توساتتىن قولۇمغا بىر پارچە
يەر خېتى چىقىپ قالدى . قارىسام مۇشۇ قورۇ ـ جاينىڭ يەر خېتى ئې-

كەن . دادامنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇشقا توغرا كەلسە ، مۇشۇ قورۇ ـ
جاينى ساتماقتىن باشقا ئامال يوق ، دېگەن ئويغا كېلىپ يەر خېتىنى يې-
نىمغا سېلىپ قويدۇم .

قاپچۇقتا باشقا نېمە يوق ئىكەن . ياپاي دەپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ
يەنە ئاستىنقى بىر قەۋىتى بارلىقىغا كۆزۈم چۈشتى ، بىرھازا ئېيتىنىشىپ
يۈرۈپ ئاستىنقى قەۋىتىنىمۇ ئاچتىم ـ دە ، داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدىم . ھە
دېگەندە ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇمىغا كۆزۈمگە چۈشتى . بۇ يېشىل قاش
تېشىدىن ياسالغان مارجان ئىدى . ھەربىر ئۈنچىسى باللار ئوينايدىغان
ئەينەك شارچىلىك چوڭلۇقتا بولۇپ ، مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى .
ساناپ باقسام ، يىگىرمە تۆت تال ئىكەن . ھەيران بولدۇم . روشەنكى بۇ
قىممەتلىك نەرسە ئىدى . مۇنداق قىممەتلىك نەرسىنىڭ بارلىقى نېمىشقا
دادامنىڭ ئېسىگە كەلمىگەندۇ ؟ بۇ مارجاننى قويۇپ باشقا نەرسىلەرگە
سەپسالدىم . قاپچۇقتا يەنە كونىراپ سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە رەسىم
تۇراتتى .

رەسىمنى قولۇمغا ئالدىم . بۇ كونا پاسوندىكى دۈگىلەك پەنجىرىگە
يۆلىنىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ قولىدا پىپا تۇتقان ھالدا چۈشكەن رەسىمى
ئىدى . مەن رەسىمدىكى قىزغا سەپسېلىپ قارىغانچە گاڭگىراپ قالدىم ،
بۇ قىز ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى . مېنى بۇ قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى ئە-
مەس ، بەلكى تونۇشتەكلا بىلىنگەن بىرخىل سېزىم گاڭگىرىتىپ قوي-
دى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇ بىلىنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى قە-
يەردىدۇر كۆرگەندەكلا قىلاتتىم . بىردىنلا قاتتىق ھەيران بولدۇم ، ھە ،
ئەمدى ئېسىمگە كەلدى . بۇ ئاپامنىڭ كۆزلىرىغۇ ! بەئەينى ئاپامنىڭ
كۆزلىرىگە ئوخشىشاتتى ! شۈغىنىسى ، بۇ ھەرگىز ئاپامنىڭ رەسىمى ئە-
مەس . كونىلىقىدىن قارىغاندا ئاز دېگەندىمۇ قىرىق ـ ئەللىك يىللىق رە-
سىم ئىدى ، رەسىمدىكى قىز پېشى كەشتىلەنگەن پەشمەت كىيگەن ،
چېچىنى يۇقىرىغا تۈرمەكلىگەنىدى . بۇ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرلىرىدىكى مودا بولسا كېرەك ، بۇ كىم بولدى ؟ ئىسەنگىرەپلا قالدىم ،
مۇنداق قارىغاندا رەسىمدىكى قىز ئۆلۈپ كەتكەن ھەدەم شىنپىڭغىمۇ

ئوخشىشىپ كېتەتتى . رەسىمنى ئۆرۈۋېتىم ، كەينىدە چىرايلىق يېزىلغان ئىككى كۇپلېت شېئىر بار ئىكەن :

بۇلۇتتىن تامار يامغۇر تامچىسى
بولامدۇ يىغىپ سۇنى ـ ئىچمەكنى
يەتتى شىكەستە ناتىۋان دىلغا
قانغايمۇ كۆكۈل ئارزۇغا زادى ؟
كۆز يېشى بىلەن پۈتمەيدۇ ھېچ ئىش !
قالدۇردۇم شۇڭا يۈرەك سۆزۈمنى .
ئارزۇ ـ تىلەكلەر چىقىپ بىر يەردىن ،
يېتىش مۇرادقا مۇمكىنمۇ زادى ؟

مەن بۇ شېئىرنى كۆرۈپ سەل چۈشەنگەندەك بولدۇم ، ئانچە چۈشىنىپمۇ كېتەلمىدىم . شۇنداقتىمۇ ، بۇ يېشىل مارجان بىلەن رەسىمدىكى قىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ، دادام بىلەنمۇ چوقۇم باغلىنىشى بارلىقىنى جەزم قىلدىم . بۇ بەلكى دادامنىڭ ئامراق توقاللىرىدىن بىرىدۇ . رەسىمنى ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى ساقلاپ يۈرگىنىدىن قارىغاندا ، دادام ئۇنىڭدىن رىشتىسىنى ئۈزمىگەندەك قىلاتتى . دادامدىمۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنتۇلماس مۇھەببەت بارمىدۇ ؟

ئوي ـ خىيالىم قالايمىقانلىشىپ ئېلىشىپلا كەتتىم ، بۇنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرۇشقا چامىم يەتمىدى ۋە رايىممۇ بارمىدى . بۇ ئىككى نەرسىنى جاي ـ جايىغا قويۇپ ، مەخمەل تاشلىق قاپچۇقنىمۇ ، شىرەنىڭ تارتمىسىنىمۇ قۇلۇپلاپ قويدۇم . ئاندىن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاچقۇچنى دادامنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدۇم . دادام يەنىلا خامۇش ئۇيقۇدا ئىدى ، دادامنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدۇم .

ئالەمنى چاقىرىپ ، دادامغا ئوبدان قاراشنى تاپىلىغاندىن كېيىن « ئۇياق » تىن ياندىم ، رۇپىگىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدۇم . ئادەم يوق ئۆينىڭ ئىچىگە

يېنىپ قاراشتىن ئەيمىنىپ ئىتتىكلا دەرۋازىدىن چىققۇالدىم .
مـەن پۈتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ دېگەندەك ھېرىپ ـ چارچىغان ھالدا ئۆيگە يېتىپ كەلدىم . ئۆيدە ئويلىمىغان مېھمان — فاڭ يۈ مېنى كـۈتۈۋالدى . ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتماي سۇپىغا چىقىپ بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيدۇم ـ دە ، بىر يولىلا ئىچىۋەتتىم .
— يىپىڭ ، ساڭا ئاپتاپ ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئۆگسىلىك ئوساللىغۇ ! — دېدى ئاپام .
مەن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم . ئەتىگەندىن بۇيان كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن ئىشلاردا ھەر قانچە جىددىيلەشكەن ئەھۋالدىمۇ بەرداشلىق بېرەلىگەنىدىم . ئەمدى ماڭا يىغا يامىشىپ كۆزلىرىم ياشتىن خىرەلەشتى .
— يىپىڭ ، نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدى فاڭ يۈ ئالدىمدا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە قولى بىلەن مەڭزىمنى سىلاپ ، — ساڭا نېمە ئازار يەتتى ؟
— خې شۇخۇەن بىلەن يەنە ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ ؟ — سورىدى ئاپام ئەنسىرەپ .
مەن گەپ ـ سۆز قىلماي بېشىمنى چايقىدىم ، كېيىن ئاستا :
— رۇپىڭ ئۆلۈپتۇ ! — دېدىم .
— نېمە ؟ — ئاپام دەرھال مېنى سىلكىدى ، — نېمە دەۋاتىدـ سەن ؟ ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ ؟
— ياق ، ئەقلىم جايىدا ، — دېدىم مەن ، — ئۆلگەنلىكى راست ! ئۇ ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇ ! ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ !
— ۋاي خۇدايىمەي ! — ئاپام تولۇلاپ كەتتى ، پۈتلىرىدا جان قالماي كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋالدى ، — مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، مۇمكىن ئەمەس ! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ .
— بۇ راست گەپ !
— نېمە ئۈچۈن ؟
مەن ئۇن سـېلىپ يىغلىۋەتتىم . بىر كۈن كەچكىچە ئىچىمگە يۇتۇپ كەلـگەن كۆز يېشىم خۇددى يار ئېلىپ كەتكەن سـۇدەك توخـ

تىماي ئېقىشقا باشلىدى. ئۆرۈلۈپ بېشىمنى كارۋاتقا قويدۇم ـ دە، ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتىم. فاڭ يۇ مۈرەمگە ئېسىلىپ يەلكەمنى قېقىپ تۇرۇپ:

— يىغلىغىن، ئۆلۈش ـ تىرىلىش تەقدىرگە باغلىق! — دېدى.

— تەقدىر! — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ تەقدىرى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى، فاڭ يۇ، سەن بىلمەيسەن! ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەندەكلا تۇرىمەن!

— بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى يىغلاشنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى فاڭ يۇ، — كۆز يېشى بىلەن كۆڭلۈڭ تەسكىن تاپامدۇ؟ بۇ شۇنداق چۈشىنىپ بولمايدىغان تىلسىز جاھان! يىپىڭ، روپىڭ بەختىنى تېپىپتۇ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — سورىدىم مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

— كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ، بىرى ھاياتلىق، يەنە بىرى ماماتلىق. سەن ئىككىسىدىن قايسىسى ئەڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامسەن؟ روپىڭ بۇ دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، دەرد ـ ئەلەمنى ھايات قالغانلارغا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ! ھەممىمىزلا ئۆلۈمنى ئىنتايىن پاجىئەلىك ئىش دەپ قارايمىز، ھايات قالغانلار ئۈچۈنلا شۇنداق بولىدۇ. ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى پۈتىنى سۇنغان ھامان شاد ـ خۇراملىق، قايغۇ ـ ئەلەم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئارزۇ ـ ئارمان دېگەنلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ!

— سەن مۇخلىسقا مۇناسىپ گەپ قىلمىدىڭ، — دېدىم مەن.

— مەن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتتىم، — دېدى ئۇ.

مەن ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئۈستىدە تولىمۇ ئەرزىمەس نەدىكى بىر خىياللارغا بېرىلىپ، داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. فاڭ يۇنىڭ قاچان كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەپتىمەن. شۇ تەرزدە، قوياش مەنزىلىگە يېتىپ، ئۇپۇق غۇۋالاشقۇچە، تۈن پەردىسى يېيىلغۇچە ئولتۇردۇم. ئاپام ماڭا بىر

نېمىلەرنى دېدى ، ئەمما بىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى . بىر چاغدا خې شۇخۇەن يېتىپ كەلدى . ئۇ چارچىغان ، تاتارغان ۋە ھەسرەتكە پاتقانىدى . ئاپام ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى . ئۇ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، قولى بىلەن بېشىنى تىرەپ تۇرۇپ :
— مەن رۇپېنگنى يەرگە دەپنە قىلىش قارارىغا كەلدىم ، — دېدى .
— نېمە ئۈچۈن ؟ — دەپ سورىدىم مەن .
— يوقلاپ تۇرايلى ، دەپ ، — دېدى خې شۇخۇەن ئاستاغىنا .
— شۇغىنىسى . . . — مەن ئېسىمگە كېلىپ ، دۇدۇقلاپ سۆزلىدىم ، — « ئۇيياق » تا بىر تېيىن يوقلۇقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم تۇرسا . . .
— بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار ! — دېدى خې شۇخۇەن ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن تاقەتسىزلىك ۋە بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى ، ئۇ ماڭا قارىماي كارىۋاتنىڭ ئەدىيالىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىدى . سۆزىنى تۈگىتىپلا ، كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە جىممىدە تۇرۇپ قالدى ، مەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم . تۇرۇپلا يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى ۋە ئۇ مەندىن بەك يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاداۋەت ئۇرۇقى ئۈنۈپ چىقماقتا ئىدى ، ئۇنى مەن كۆرەلمىسەممۇ ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدىم . مەن خې شۇخۇەننىڭ نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتىم ، ئۇنى ئۆزۈمگە جەلپمۇ قىلالمايتتىم . ئۇ خۇددى مەن چۈشەنمەيدىغان باشقا بىر خىل خىيال دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ، چۈشكۈن ۋە خىيالچان كۆرۈنەتتى . مەن بىر خىل ۋەھىمىنى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەيدىغان تەشۋىشنى غۇۋا ھېس قىلدىم . ئادەمنى پەرىشانلىققا سالىدىغان بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن :
— داداممۇ كېسەل بولۇپ ياتتى ، — دېدىم .
— نېمە ؟ — سورىدى خې شۇخۇەن قاشلىرىنى يىمىرىپ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەندەك . ئۇ تېخى خىيال دېڭىزىنىڭ چېتىگە چىقالمىغانىدى .

www.uyghurkitap.com

— دادام كېسەل بولۇپ قالدى . دوختۇر بالنىتسىدا ياتسۇن دەيدۇ .

— ھە ! — دېدى ئۇ نېمە دەۋاتقىنىمنى ھېچبىر چۈشەنمىگەندەك ، ماڭا ياللىدە بىر قاراپ قويۇپ سوغۇققىنا ئاھاڭدا ئېرەنسىزلا .

— دوختۇر دادامغا شامال تېگىپتۇ ، يېرىم پالەچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەيدۇ ، — دېدىم مەن ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ ، ئاۋازىم تىترەپ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى .

— ھە ! — ئۇ يەنە « ھە » دەپ ، ماڭا قايتا قاراپ قويۇپ ، يانچۇقىدىن بىر تاتازا پۇلنى ئالدى ـ دە ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويدى ، — ھازىرچە مۇشۇنىڭ بىلەن بىرنېمە قىلىپ تۇرۇڭ ، ئەتىگىچە يەنە ئەكېلىپ بېرىمەن .

يۈزۈم ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى ، ئۆز گۆشۈمنى يېگۈدەك بولدۇم ، بۇ گەپلەرنى قىلىشتىن مەقسىتىم ئۇنىڭدىن پۇل سوراشمىدى ؟ لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازى شۇنداق سۆرۈن ۋە سوغۇق ئىدى . ھەتتا ماڭا تىك بېقىپ قاراپمۇ قويمىدى . بۇ ئىزا ـ ئاھانەتتىن يۈرىكىم سەكپارە بولدى . ئىچىمدە ئۇنى « شۇخۇەن ، يېنىمدىن نېرى كەتمەڭ ! » دەپ چاقىرماقتا ئىدىم . « شۇخۇەن مېنى تاشلىۋەتمەڭ ! مەن سىزگە موھتاج ، ماڭا ھەمدەم بولۇڭ ، مەن بەكمۇ غېرىبسىنىپ قالدىم ! » يۈرىكىم ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا نىدا قىلىپ ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىمەكتە ئىدى . لېكىن ئۇ يۈرىكىمنىڭ نىداسىنى ئاڭلىيالمايتتى ، ھېسمۇ قىلالمايتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇردى . خۇددى ھەممە ئىشنى تاپشۇرۇپ بولغاندەك سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ :

— مەن كېتەي ، ئەتىگەندىن بېرى ئۆيگە بارمىدىم . رۇپىڭنىڭ قەبرىسى ئۈچۈن تاغدىن ئالتە جاڭ يەر ئالدىم . كۈن بەك ئىسسىق ، مېيىتنى ساقلاۋەرمەي ئۆگۈنلۈككىچە يەرلىكىگە قويۇۋېتەيلى ! — دېدى .

— كېتەمسىز ؟ — سورىدىم مەن ساراسىمىگە چۈشۈپ .

— ھەئە ، ئەتە ئەتىگەندە پۇل ئېلىپ كېلىمەن .

« پۇل ، پۇللا دەيدۇ ، ئوتتۇرىمىزدا پۇلدىن باشقا مۇناسىۋەت

يوقمدۇ ؟ » مەن ئۇنىڭ كەينىدىن دەرۋازىغىچە كەلدىم ، يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىيتتى ، « شۇخۇەن ، كەتمەڭ ، مەندىن ئايرىلماڭ ! » دەپ يىلىناتتى ، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلماي بىپەرۋا قىياپەتتە تۇراتتى . دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ماڭا ئېرەنسىزلا قاراپ قويۇپ :

— خەير - خوش ! — دېدى .

دەرۋازىغا يۆلەنگەن پېتىم ئۇنىڭ قارىسى تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردۇم ، يۈرەك - باغرىم كاۋاپ بولدى ، ئۇ مۇشۇ كەتكىنى بويىچە كېتىدىغاندەك ، ھاياتىمدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ، قايتا كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم . نېمىلەرگىدۇر تىكىلگەن ھالدا دەرۋازىغا يۆلەنگىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم . شۇ تەرزدە قانچىلىك تۇردۇمكىن تاڭ ، ئاپام مېنى چاقىرغاندىلا ، پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدىم .

ئاپام بىلەن يېگەن كەچكى تاماق ئاغزىمغا زادىلا تېتىمىدى ، تاماقتىن كېيىن ھۇجرىغا كىرگىنىمدە پىئانىنوغا كۆزۈم چۈشتى - دە ، پىئانىنونىڭ يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇپ ، چېكەمنى پىئانىنونىڭ مۇزدەك سوغۇق قېپىغا قويدۇم ، ئاپام كېلىپ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى :

— يىپىڭ ، داداڭ ئاغرىپ قاپتىمۇ ؟

— ھەئە .

— نېمە كېسەل ئىكەن ؟

— يۈرەك ئاجىزلىق ۋە قان بېسىم .

— ئېغىرمىكەن ؟

— ھەئە .

ئاپام گەپ - سۆز قىلماي كارىۋىتىمدا ئولتۇردى . ئارىنى قاتتىق سۈكۈت باستى ، ماڭا يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر پەستىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، پىئانىنونىڭ قېپىنى ئاچتىم ۋە قارىسىغىلا بىرنەچچە تىلىنى باستىم . « غات - غۇت » قىلىپ چىقىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بىرلا خىل ئاۋاز قۇلاققا تولىمۇ زېرىكەرلىك، بىچارىلىك، مىسكىنلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ ئاڭلىناتتى. ماڭا يەنە يىغا ياماشتى.

بىرى دەرۋازىنى قاقتى، مۇنچە كەچ بولغاندا كىم كەلگەندۇ؟ يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچسام، خې شۇخۇەن تۇرامدۇ! ئۇ بايىلا كەتكەنىدى، يەنە نېمىگە كەلگەندۇ؟ مەن ھەيران بولدۇم ھەم خۇشاللىقتا چۆمدۈم «شۇخۇەن قايتىپ كەپسىز، ئاخىر قايتىپ كەپسىز - ھە!» دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ زۇۋان سۈرمىدى، مەن دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ سۇپىغا چىققاندىلا، چىرايىنىڭ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ، ئەپتىدىن چۈشكۈنلۈك يېغىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ مەن قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى قولى بىلەن تىرىگىنىچە خىيالغا پاتتى، مەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا دەككە - دۈككە ئىچىدە تەلمۈرۈپ ئولتۇردۇم. ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ پەسكە چۈشتى

— شۇخۇەن! — مەن چىدىماي توۋلىۋەتتىم

— يىپېك، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى يىمىرىپ ماڭا تىكىلگەن ھالدا، — رۇپىڭنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ئىلگىرى نەگە بارغانلىقىنى بىلەمسىز؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە مېنى ئىزدەپ بارغانىكەن، ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردە بولۇپ قاپتىمەن. ئۇ بىر پارچە خەتنى قالدۇرۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە بېرىپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئوخشايدۇ.

— بىر پارچە خەت؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە.

خې شۇخۇەن يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر لېپاپىنى ئېلىپ ئىچىدىكى خەتنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى. مەن خەتنى قولۇمغا ئالدىم. خې شۇخۇەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى ۋە پېشانىسىنى دېرىزىنىڭ رامىغا قويۇپ سىرتتىكى تۈن قاراڭغۇسىغا تىكىلدى. مەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

شۇخۇەن :

قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا ، سىزگە نېمىلەرنى يېزىشنى بىلەلمەي قالدىم ، تۈن نەسىبى ، تالا سۈتتەك ئايدىڭ ، تېخى يېقىندىلا ئىككىمىزنىڭ «يېڭى ھايات» جەنۇبىي يولىدا ئايلىنىپ ئاينى تاماشا قىلغىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ ؟ شۇ ئاخشىمى سىز مەندىن ، ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالامسىز ؟ دەپ سورىغانىدىڭىز . . . لېكىن ، شۇخۇەن ئەمدى سىز نەدە ؟ كۆڭلىڭىزدە مەن ئۈچۈن قىلچىلىك بولسىمۇ بەرەر ئورۇن قالغانمىدۇ ؟

مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، سىزگە ئۆچمەنلىكمۇ قىلمايمەن ، مەن يېڭىغا يەتمەيمەن ، ھەرگىزمۇ يەتمەيمەن ! سىز چوقۇم ئۇنى تاللايسىز ! سىز بىرىنچى قېتىم مەندىن يۈز ئۆرىگىنىڭىزدە تەقدىرگە تەن بەرگەنىدىم . چۈنكى ، يېڭى ھەر جەھەتتە مەندىن ئارتۇق ! بىراق مەن سىزدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ ، بۇ زەربىدىن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىشقا يۈزلەنگەن ۋاقتىمدا ، سىز يەنە مېنى ئىزدەپ كەلدىڭىز ! مېنىڭ تولىمۇ ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە قالغىنىم سىزگە مەلۇملۇق ! ئۆزۈمچە كېچىلەردە قىلغان تىلاۋىتىم ناھايىتى تەڭرىنىڭ دىلىنى ئېرىتكەن بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ بۇ ئىلتىپاتتىن مىننەتدار بولۇپ يۈرۈيتتىم ، ئالەمچە شادلىققا چۆمۈيتتىم . شۇخۇەن ، مەن سىزنى سۆيىمەن . سىز ئۈچۈن سەۋدايى بولۇپ كەتسەممۇ مەيلى ، سىز ماڭا تايىنىمنى سۆي دېسىڭىز ، مەن جەزمەن ئايىغىڭىزغا يىقىلىپ تۇرۇپ بەجا كەلتۈرىمەن ! شۇخۇەن ، سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز ، سىز ماڭا چىلى ئېچىلۇرۇپ قويايلى ، دېگەندە خۇشاللىقتا ھوشۇمدىن كېتىشكە تاس قالدىم ، بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ، دېگەن ئويدا سىزگە تۈيدۈرماي بارمىقىمنى چىشلەپ باقتىم . كېيىن ، يېڭى كېلىۋىدى ، سىزگە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، كۆڭلىڭىز مېنىڭ دەرگاھىمدىن غايىب بولدى ، سىز يەنە مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز ، كەينىڭىزگە قايرىلىپ قارايمۇ قويمىدىڭىز ، سىزدىن ئالغان شادلىقنىڭ مەستلىكى يېشىلمەي تۇرۇپلا سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ دوزىخىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىمنى ئاڭقىرالماي قالدىم !

راست گەپ ، شۇخۇەن ، مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن ، سىزگە ئۆچمەنلىكمۇ قىلمايمەن . ئەمما بىرلا نەرسىگە تەن بەرمەيمەن ، نېمە ئۈچۈن مېنى ئەخمەق قىلى-

سىز ؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئالدايسىز ؟ يېڭىنى سۆيگەنلىكسىز ، نېمە ئۈچۈن يەنە مېنى ئالدايسىز ؟ سىز شۇنچە ئېسىل ، شۇنچە ئالىيجاناب يىگىت ، مېنىڭ ناتىۋان ۋە ناقابىل ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مېنى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇق قىلىسىز ؟

سىز مېنى ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قىلدىڭىز ، ئاپام سىزنى قولىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىمنى چوڭ ھاقارەت ، دەپ قارىدى . ئۇ ئۆيدىكى پۇلنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى ، مەن بىلەن قىلچە كارى بولمىدى ! ئېھ ! خۇدا بەندە كېرەم ! قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەن سىزدىن ئايرىلدىم ، ئائىلەمدىنمۇ ئايرىلدىم ، ئەمدى بۇ يۈزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى ؟

مەن ئەزەلدىنلا يېڭ بىلەن مۇھەببەت تالىشىشقا جۈرئەت قىلىپ باقمىغان ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن . ئۇ قەتئىي ، جاسارەتلىك ، دادام ئۇنى قامچىلىغاندىمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمىگەن ، ئۇ بەك جەسۇر ! مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە چاڭ سېلىشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايمەن ! لېكىن سىز نېمە ئۈچۈن يېنىمغا قايتىپ ، مېنى بىرقېتىم قاتتىق خۇش قىلدىڭىز ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ؟

مەن سىزگە ئۆچمەنلىك قىلمايمەن . شۇخۇەن ، پەقەت تەن بەرمەيمەن ، تەن بەرمەيمەن ! ئاپام كەتتى ، سىزمۇ كەتتىڭىز ، بۇ دۇنيادا ھېچنېمەم قالمىدى ! شۇخۇەن ، مەن نېمىدېگەن توخۇ يۈرەك — ھە ! مەن ئۆزۈمدە يېڭدىكى جاسارەتنىڭ يۈزدىن بىرقىسمى بولسىچۇ دەپ كېتىمەن ، شۇنداق بولغاندا سىز ماڭا ئازغىنا بولسىمۇ سۆيگۈ ئاتا قىلغان بولاتتىڭىز ، راستمۇ ؟

شۇخۇەن ، مەن يەنىلا تەن بەرمەيمەن ! سىز ماڭا مېنى نېمىشقا ئالدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك ! بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ، سىزدىن ئاغرىنمايمەن ! پەقەت سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا ! . . .

ئاي ئولتۇرۇپ كەتتى ، تالا قاراڭغۇ ! يازمىلا قويىلى ، شۇخۇەن سىز بىلەن تونۇشمىغانلا بولسام بوپتىكەن .

سىزگە بەخت تىلەيمەن .

رۇيىڭ × ئاينىڭ × كۈنى يېرىم كېچە .

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بېشىمنى كۆتۈردۇم ، خې شۇخۇەن

يەنىلا ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سالغان پېتى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ خەتنى قايتۇرۇپ بەردىم ، ئۇ بۇرۇ- لۇپمۇ قويماي خەتنى قولۇمدىن ئېلىپ :

— يىپىڭ ، سىزنىڭ ئۈچ ئېلىشىڭىزغا مېنىڭ يۈز ئۆرۈشۈم قو- شۇلۇپ رۇپىڭنى ئۆلۈم گىرداپىغا ئاپىرىپ قويدى ، بۇنى قىلغان ئىككى- مىز ! يىپىڭ ، سىز قانداق ئويدا بولۇۋاتىسىز ؟

مەن دېرىزىنىڭ رامىنى تۇتقىنىمچە گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇپ قالدىم

— يىپىڭ ، ئىككىمىز دۇنيادا ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئا- دەملەر ئىكەنمىز !

— شۇخۇەن . . . — دېدىم مەن تەسلىكتە .

— يىپىڭ ، سىرتقا قاراپ بېقىڭ ، — دېدى خې شۇخۇەن ، ئۇ ھېچكىم قارشىلىق قىلالمىغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ، بوش ئەمما جىددىي تە- لەپپۇزدا سىرتقا تىكىلگىنىچە سۆزلىدى ، — رۇپىڭ دېرىزىنىڭ سىرتىدا بىزگە قاراپ تۇرغاندەكلا قىلىدۇ ! ئۇنىڭ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان يۈزى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ! كۆردىڭىزمۇ ؟

مەن سىرتقا قارىدىم ، كوچا چىرىغى بىلەن قوشنىلارنىڭ ئۆگ- زىسىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . بىراق ، خې شۇخۇەننىڭ سۆزى- دىن تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى .

— ئۇ ئەنە ئاۋۇ يەردە ، — دېدى خې شۇخۇەن تىپتىنچ تۇرغان پېتى ، — ئۇ بىزگە مەڭگۈ قاراپ تۇرىدۇ !

خې شۇخۇەن دېرىزىنىڭ سىرتىغا تىكىلىپ تۇراتتى ، ماڭىمۇ دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى تۈن قاراڭغۇسىدا ھەممىلا يەردە رۇپىڭنىڭ ھەسرەتلىك غېرىبانە كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

## 12

بۈگۈن رۇپىڭنى يەرلىككە قويدۇق

www.uyghurkitap.com

ئەتىگەندە ھاۋا بىر ئوبدانلا تۇراتتى ، زاراتكاھلىققا بىرىشىمىزغىلا ئۆزگەردى . بىردىنلا چىققان شامال بىلەن تەك يازنىڭ ئادەتتە ئايلانغان يامغۇرى قۇيۇۋەتتى . زاراتكاھلىقنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يېرىدىكى بىرنەچچە تۈپ ئاكاتسىيە دەرىخىمۇ خۇددى مۇسىبەت تۇتقاندەك شامالدالىڭشىپ تۇراتتى . رۇپىگىنى ئاپام ، مەن ، خې شۇخۇەن ۋە بېي بىيىلا دەپنە قىلدۇق . دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا كېلەلمىدى . بېي بىينى مەن تاسما بىلەن باغلاپ يېتىلىۋالغانىدىم . ئالدىنقى كۈنلەردە گېزىتكە ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقىرىپ ، ئېرخاۋنىڭ ئىز ــ دېرىكىنى قىلغان بولسامۇ ، ئۇچۇر ئالالمىدىم . رۇپىگىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى گېزىتكە چىقارمىدىم . چىقارغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى . ھايات ۋاقتىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا سىڭا كۆزىنى سالمىغاندىكىن ، ئەمدى ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەندە ئۇنى ئارامىدا قويغان تۈزۈك ! بۇ بىرنەچچەيلەننىڭ ئىچىدە قايسىمىزنى ئۇنىڭ دوستى ، يېقىنى ياكى دۈشمىنى دېگىلى بولىدىكىن تاڭ ؟ ھەممىمىز جەسەت ساندۇقىنىڭ قويۇلۇشىغا قاراپ تۇردۇق .

ئاپام باش بولۇپ بىر سىقىم توپا تاشلىدى ، ئاندىن ئىشچىلار گۈرجەك بىلەن توپا تاشلاشتى . لاي توپىنىڭ جەسەت ساندۇقىغا گۈپۈلدەپ چۈشكەن ئاۋازى ماڭا پانىي ئالەمگە سەپەر قىلماقنىڭ نەقەدەر ئازاب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى . مەن ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدىم . ئىزغىرىن شامال يوپكامنىڭ ئېتىكىنى يەلپۈيتتى ، بېي بىي بولسا ئاستا غىڭشىپ پۇتۇمنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى . يۈرىكىم گويا قوغۇشۇن ئېسىپ قويغاندەك تۆۋەنگە تارتىپ ، ئوي ــ پىكرىم قومدەك چېچىلغانىدى . ۋۇجۇدۇمنى ئازاب قاپلاپ ، يىغا ياماشقان بولسىمۇ ، خۇددى يېشىم قۇرۇپ كەتكەندەك ، كۆزۈمدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى . ياش ؟ ياق ، يەنىلا كۆز يېشى قىلمىغىنىم تۈزۈك . چۈنكى ، رۇپىگە ئەمدى مېنىڭ كۆز يېشىمغا ، مېنىڭلا ئەمەس ، ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆز يېشىغا موھتاج ئەمەس ! قاپقاراڭغۇ گۆرگە كىردىمۇ بولدى . يالغۇزلۇق ، غېرىبلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ، ئەمدى ئۇ نېمىنى پەرق ئەتسۇن ! بۇ دۇنياغا ئۇ مۇھەببەت بىلەن قارىسۇن ، ياكى نەپرەت بىلەن

قارسۇن ، بۇلار ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ! مەن لېـ
ۋىمنى چىشلەپ ، بېي بىينى باغلىۋالغان تاسمىنى چىڭ سىقتىم . تاسمىـ
نىڭ پىستانلىرى پېتىپ ئالىقىنىمنى ئاغرىتىۋەتتى . مەن يەنىلا رۇپىگىنىڭ
قەبرىسىگە قارىغىنىمچە تۇراتتىم . بۇ ئۇنىڭ بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرغىنىمۇ
ياكى ئۆچىنى ئالغىنىمۇ ؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئەمدى
هېچنېمىنى بىلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئەمدى هېچقانداق تەلىپىمۇ يوق .

— قايتايلى ! — دېدى كىمدۇر بىرى . شۇنداق ، قايتىشىمىز لاـ
زىم ـ دە ! رۇپىڭ ئەمدى بىزنىڭ ھەمراھ بولۇشىمىزغا موهتاج ئەمەس .
هايات ۋاقتىدا ، مەن ئۇنىڭغا دوستلۇق قولۇمنى سۇنمىدىم ، خې شۇـ
خۇەنمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت قويمىدى . ئەمدى ئۇ ئۆلگەندە بىزنىڭ بۇ
يەردە تۇرۇۋېرىشىمىزنىڭ نېمە هاجىتى ؟ مەن رۇپىگىنىڭ قەبرىسىگە يەنە
بىر قاراپ قويۇپ ، ئاستا كەينىمگە بۇرۇلدۇم . ئاپام يىغلاۋاتاتتى ، مەن
يۆگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدىم . ئاپام ئورۇق قوللىرى بىلەن بىلىكىمـ
دىن تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ
تۇراتتى . ئاپامغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ، ئۇنىڭ كۆزلىرىـ
دىن رۇپىڭغا بولغان تەزىيىلا ئەمەس ، ماڭا بولغان غەزەپمۇ ئىپادىلەنـ
مەكتە ئىدى . بىز ئېگىز ـ پەس دەسسەپ تاغدىن چۈشتۇق ، هېچقايسىـ
مىز ئۈندىمىدۇق ، هاۋامۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغۇدەك سۈرۈن
ئىدى .

تاغ ئېتىكىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ماشىنىغا چىقتۇق . بىزنى
ئۇدۇل ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ قويدى . ئاپام ماشىنىدىن چۈشۈپ بېي بىينى
يېتىلىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى . خې شۇخۇەن ماشىنا كىراسىنى تۆـ
لىگەندىن كېيىن ، كېتىۋاتقان ماشىنىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .

— ئۆيگە كىرەيلى ! — دېدىم مەن .

خې شۇخۇەن قوزغالماي ، غەلىتە بىر نەزەردە ماڭا تىكىلدى . ئۇـ
نىڭ بۇ قارىشىدىن يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ ، بەدىنىم تىكەنلىشىپ
كەتتى ، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە تەسلىكتە :

— ئۆيگە كىرمەمدۇق ؟ — دېيەلىدىم .

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىشىككە قولىنى تىرەپ، بىرھازاغىچە گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭا تىكىلىپ تۇردى. شامال كۆچىيىپ يامغۇردىن شەپە كەلمەكتە، قارا بۇلۇت ئۇپۇقتىن يېپىلماقتا ئىدى. ئۇ ئېغىر تىنىۋېلىپ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— يىپىلىڭ، سىزگە دەيدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار.

— ھە؟ — دېدىم مەن نالە قىلغاندەك ئىڭراپ ۋە قەددىمنى رۇسلاپ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى بىر يەرلەرگە قاچقان، ھېچبولمىغاندا ياتلىق بولغان دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ، ئىچىمدە جىددىي تەييارلىق قىلىپ تۇردۇم.

— يىپىلىڭ، — دېدى ئۇ پەس ۋە تەمكىن ئاۋازدا، — ئىككىمىز نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىش قىلدۇق ـ ھە!

مەن لېۋىمنى چىشلەپ ھېچنېمە دېمىدىم

— يىپىلىڭ، — ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز تىترەپ چىقتى ۋە تەسلىكتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۆمرۈمدە مەن بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىشقا يولۇقمىغانىدىم، بىر جانغا زامىن بولدۇم! يىپىلىڭ، راست گەپنى قىلسام، سىز ماڭا يېقىنلىشىش نىيىتىدە بولمىغان تەقدىردىمۇ مەن يەنىلا ھېچنېمىگە قارىماي سىزنىڭ كەينىڭىزگە چۈشەتتىم. بىز نېمە ئۈچۈن ھېچگەپتىن ـ ھېچگەپ يوق رۇپىگىنىڭ جېنىغا زامىن بولىمىز؟ بۇ ئىشتا مەن ئۆزۈمنى گويا قاتىلدەك، رۇپىگىنى گويا مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرگەندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئۆمۈر بويى بۇ ئېچىنىشلىق ئەسلىمىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشىم، بۇ ئىشنى بىر ئامال قىلىپ ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك. مەن يىگىۋاشتىن ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇش ئۈمىدىدىمەن، — ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ، بىر قولىنى مېنىڭ تامغا تىرەپ تۇرغان قولۇمغا قويدى، — يىپىلىڭ، سىز مېنى چۈشىنەمسىز؟

— ھەئە، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكۇمنى تىلىم بىلەن نەمدەپ.

ھەر ئىككىمىز بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ بوش ئاۋازدا :
— يىپىك ، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى ئەلەم بىلەن .
ئۇنىڭ بۇ سۆزى يۈرىكىمنىڭ نازۇك تارىلىرىنى تىترىتىۋەتتى . كۆز چاناقلىرىم مۆللىدە ياشقا تولدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ قەددىمىنى رۇسلىدىم ـ دە ، ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچتىم :
— سىز نېمە قىلاي . . .
— مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىغا باراي دەيمەن ، ئەگەر رەسمىيەتنى ئۆتەشكە ئۈلگۈرەلىسەم ، ئۆتەپ بولۇپلا ماڭىمەن . مەن ئىلتىماس قىلىپ يىللىق ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىمنى ئۆتكەندە سىزگە دېگەنىدىم .
— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار .
— يىپىك ، مەندىن ئاغرىنمايدىغانسىز ؟
— سىزدىن ؟ ئەلۋەتتە ئاغرىنمايمەن ، — دېدىم مەن قېتىمغا ئالمىغاندەك .
— ئۆزىڭىزگە مەلۇم ، يىپىك ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى ، — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ ، — سىزنىڭ چىرايىڭىز بىلەن رۇپىڭىنىڭ چىرايى تەڭلا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ . ئىككىڭلارنىڭ چىرايىنى زادى ئايرىۋېتەلمەيمەن ، سىزگە قارىسام رۇپىك كۆرۈنىدۇ ، چىدىيالماي قالدىم . چۈشەندىڭىزمۇ يىپىك ؟ مۇنداق قوزقۇنچلۇق ئىشتىن كېيىن ، ئىككىمىز قاندۇقمۇ قولتۇقلىشىپ توي زالىغا كىرەلەيمىز ؟ رۇپىك مەڭگۈ ئوتتۇرىمىزدا تۇرۇۋېلىپ ، بىزنى ئەركىن نەپەس ئالدۇرمايدۇ ، شاد ـ خۇراملىققا چۆمدۈرمەيدۇ ، شۇڭا ، مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالسامىكىن دەيمەن .
— ھىم ، — دەپلا قويدۇم .
— مۇنداق قىلىشىم ئۆزلۈكۈمدىن ئەمەس . . .

www.uyghurkitap.com

— چۈشىنىمەن .

— ئالدىڭىزدا خىجىلمەن ، مېنى كەچۈرۈڭ ، يىپىك .

نېمانچىمۇ يوچۇن گەپلەر بۇ ! مەن ئۈپۈققا تۇتاشقان قارا بۇلۇتلاردىن نەزەرىمنى يۆتكەپ ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم ، بۇ شۇنداق سەمىمىي ۋە يوچۇن چىراي ئىدىكى ، كۆزلىرىدىن ئازاب ئۇتى چاقنايتتى ، لەۋلىرى ھەسرەتتىن تىترەيتتى . بۇ خې شۇخۇەنمۇ ؟ مەن شۇنچە ۋاقىت ئاشىق ـ بىقارار بولغان خې شۇخۇەن شۇمۇ ؟ بىر مەھەل ئايرىلىپ قېلىشقا تاس قالغان ، مانا ئەمدى ئايرىلىدىغان خې شۇخۇەن شۇمۇ ؟ مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئېغىر خورسىندىم :

— ئەپۇ سورىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن ، — دېدىم تەسەللىكتە ، — سىزچە بولغاندا ، بىز ھازىرلا ئايرىلىشىمىز كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟

ئۇ ئەلەم بىلەن ماڭا قارىدى .

— شۇنداق ، — دېدىم غەمكىن كۈلۈپ ، — بۇ دۇنيادا تارقالمايدىغان زىياپەت يوق ـ تە .

ئۇ بىرھازا يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، بېشىنى كۆتۈردى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان بولۇپ كۆز قارىچۇقلىرى خىرە كۆرۈنەتتى .

— يىپىك ، — ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچى بولغان بولسىمۇ ، چىرايىغا كۈلكە تۇسى بېرەلمىدى ، — سىزنىڭ مەردانىلىكىڭىز ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ .

مەردانىلىك ؟ تېنىم جۇغىدە قىلىپ كەتتى . مېنىڭ قانچىلىك ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىمنى ياراتقان ئىگەم بىلىدۇ ! مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم ، يۈرىكىم بولسا « شۇخۇەن ، مەندىن ئايرىلماڭ ، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ ، مېنى تاشلاپ كەتسىڭىز يېتىمسىراپ ۋەھىمە ئىچىدە قالىمەن . شۇخۇەن ، مەندىن ئايرىلماڭ ! » دەپ نىدا قىلماقتا ئىدى . مەن چىشىمنى چىشلەپ ، بۇ يۈرەك ساداسىنى ئاغزىمدىن چىقارمىدىم .

— مەن مۇشۇ كېتىشىمدە ، — خې شۇخۇەن يەرگە قاراپ سۆ-

زىنى داۋاملاشتۇردى ، — بىر - ئىككى يىلغىچە قايتىپ كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن . سىز ، — ئۇ ، تولكۇرۇكىنى يۇتتى ، — مەن ئويلايمەنكى ، كەلگۈسىدە ئوبدان بىر ماكان تۇتۇپ قالىسىز .

— سىز قايتىپ كەلگەندە ، مەن سىزنى ئۆيۈمگە چاقىرىپ مېھمان قىلىمەن ، — بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ئاۋازىمنىڭ شۇنداق تەبىئىي چىققانلىقىدىن ھەيران قالدىم ، — ئۇ چاغدا بەلكى مەن بالا - چاقىلىق بولۇپ كېتەرمەن .

ئۇ كۈلۈمسىرىدى ، ئۇنىڭ لەۋلىرى خۇددى پىكاسونىڭ ھەجۋىي رەسىمىدىكىدەك تارتىشىپ - قىيسىيىپ كەتتى .

— مەن سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ، باللىرىڭىز ۋە باللىرىڭىزنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشىمەن .

مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم . بىز ساراڭدەك نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىمىز - ھە ؟ بۇ گەپلىرىمىز نەقەدەر كۈلكىلىك ۋە بىمەنە ! مەن ئۆزۈمگە غەيرەت بېرىپ ئۇنىڭغا جىددىي نەزەردە قارىدىم .

— سىز قاچان ماڭاي دەۋاتىسىز ؟

— سېنتەبىر ياكى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا .

— مۇنداقچە ئېيتقاندا ، كېيىنكى ئايدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايدا دەڭە .

— شۇنداق

— مەن سىزنى ئۇزىتىپ قويالمىغۇدەكمەن ، — دېدىم مەن ، — سىزگە ئاق يول تىلەيمەن .

ئۇ ماڭا قارىدى ، ھاياجان ۋە ئازاب بىلەن قولۇمنى قاتتىق قىسىمى ، بىرنېمە دېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ ، ھېچنېمە دېيەلمىدى . تەتۈر قاراپ قولۇمنى قويۇۋەتتى ۋە :

— مەن ياردەم قىلغۇدەك يەنە قانداق ئىشلىرىڭىز بار ؟ — دېدى بوش ئاۋازدا .

— رەھمەت ، — دېدىم مەن قەددىمنى رۇسلاپ ، — سىز ياردەم قىلغۇدەك ئىشىم قالمىدى . سىزنىڭ ماڭا قىلغان شۇنچە كۆپ ياردىمى-

گىزگە رەھمەت ، ماڭا بەرگەن سەمىمىي مۇھەببىتىڭىز گىمۇ رەھمەت ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزغا بەخت تىلەيمەن !

مېنىڭ بۇ گەپلىرىم خۇددى ئارتىسلارنىڭ سەھنە سۆزى ئۇ قۇۋاتقىنىدەك تەلەپپۇزدا چىقتى .

— مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ! — دېدى ئۇ . كۆز چاناق لىرى قىزىرىپ كەتتى ، — مەن سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن ! — ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى چىمىلداتتى ، — مۇبادا ، دۇنيادا ئۆچمەنلىك دېگەن نەرسە بولمىسا ، شۇ ئاچام ۋە رۇپىڭ بولمىغان بولسا ، بىز يې- گىۋاشتىن تونۇشۇپ ، باشقىدىن مۇھەببەت باغلىساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە !

— شۇنداق كۈنلەرمۇ بولارمۇ ؟ — سورىدىم مەن ئىنتىزارلىق بىلەن .

— ئېھتىمال ، — دېدى ئۇ .

— ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر بارا - بارا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ، بەزى كۆڭۈل جاراھەتلىرى ساقىيىپ كېتى- دۇ ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدىم مەن .

— بەلكى ، — دېدى ئۇ .

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغىنىمچە ھەسرەت بىلەن كۈلۈپ قوي- دۇم . ئۇ يانچۇقىدىن بىر تاتازا پۇلنى ئېلىپ ماڭا سۇندى :

— سىلەرگە پۇل كېرەك بولۇپ قالىدۇ . . .

— ياق ! — دېدىم مەن ، — ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەب- بەت قەرزى يوق ، مال - دۇنيا قەرزىمۇ يوق . بىز مۇشۇنداق چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتەيلى ، ئەمدى مەن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن !

— شۇ تاپتا سىزگە پۇل لازىم ، دادىڭىزنى داۋالاتماي بولمايدۇ . . .

— بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇۋالىمەن !

— يېپىڭ ، جاھىللىق قىلماڭ ! بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنا كۆڭلۈم . . .

— مەندە پەقەت غۇرۇرلا قالدى ، شۇنىڭغا بولسىمۇ تەگمىگەي-
سىز !
— بولىدۇ ئەمسە ! — ئۇ پۇلنى ياندۇرۇپ يانچۇقىغا سالدى ، — مۇبادا بىرەر ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالسا ، ماڭا خەت يازارسىز ، چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن . مەن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىش - پىشىڭىز چىقىپ قالسا ، ئاپامنى تاپارسىز .
— مۇنداق قىلمايدىغانلىقىم سىزگە مەلۇم ، — دېدىم مەن ، — ئايرىلىپ كەتكەنىكەنمىز ، ئەمدى سىزنى ھەرگىز مالال قىلمايمەن !
— سىز ئەجەبمۇ ھاكاۋۇر - ھە !
مەن كۈلۈپ قويدۇم ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى ، ئۇنىڭ چىرايى كۆزۈمگە خۇددى سازلىقتىكى سۇغا چۈشكەن سايىدەك غۇۋا كۆرۈنەتتى . ئۇ قولىنى قولۇمدىن ئاجراتتى ، بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇ چىرايىغا زورىغا كۈلكە تۇسى بېرىپ :
— ئۇنداق بولسا ، خەير - خوش ، يېپىلىڭ ! — دېدى .
— خوش ! — دېدىم مەن بوش ئاۋازدا .
— ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ !
— سىزمۇ ئاسراڭ !
ئۇ ماڭا يەنە بىر قارىۋېلىپ ، بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى ، مەن ئى-شىككە يۆلەنگىنىمچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم . ئۇ ئىككى - ئۈچ قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ، بورۇلۇپ ماڭا يەنە قارىدى ، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى پۇلاڭشىتتىم . ئۇ بېشىنى بىر سىلكىدى - دە ، قەددىنى رۇسلاپ چوڭ - چوڭ چامداپ كوچىدىن چىقىپ كەتتى .
ئۇنىڭ قارىسى پۈتۈنلەي كۆزدىن غايىب بولغاندىلا ، مەن ھويلىغا كىرىپ دەرۋازىنى تاقىدىم - دە ، دەرۋازىغا يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ئاققان ياشلاپ مەيدەمگە چۈشۈپ ، كىيىمىمـ-نىڭ يوغانلا يېرىنى ھۆل قىلىۋەتتى . بىلىنەر - بىلىنمەس گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى ، ھاۋا تېخىمۇ بەك تۇتۇلۇپ ، قاتتىق يامغۇرنىڭ شە-پىسى كەلمەكتە ئىدى .

مەن سۇپىغا چىققاندا ئاپام سورىدى :
— خې شۇخۇەن قېنى ؟
— كەتتى ! — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا .
— نېمىشقا ئۇنى تاماققا تۇتۇپ قالمىدىڭ ؟
— ئەمدى ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يېمەيدۇ .
— نېمە ئىش بولدى ؟ يەنە ، ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارمۇ ، — دېدى ئاپام ماڭا قادىلىپ .
— ياقەي ، ئۇرۇشمىدۇق ! — مەن ئاپامنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە ئاپامنىڭ تىزىغا بېشىمنى قويدۇم ، دېرىزىنىڭ سىرتىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەن نۇر بىلەن تەڭ گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭرىدى ، — يامغۇر ياغىدىغان بولدى ، ئاپا ، — دېدىم مەن ئاستاغىنا
— زادى نېمە ئىش بولدى ؟ — دېدى ئاپام تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ .
— كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن شۇ ئىكەن ئاپا . جەم بولىدىغان ، تارقايدىغان ، بىرلىشىدىغان ، ئايرىلىدىغان گەپكەن ، باشلىنىش بولسا ئاخىرلىشىشمۇ بولىدىكەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ھادىسە ، ئاپا ، ئەمدى سورىمايلا قوي .
— ئىككىڭلار سەل ئېلىشىپ قالدىڭلارمۇ نېمە ؟ قاچانغىچە غېمىڭلارنى يەيمەن ، بىر ئوبدان تۇرۇپ ، يەنە ماي تارتىشىپ قالدىڭلارمۇ ؟
مەن كۈلۈپ قويۇپ ، بېشىمنى ئاپامنىڭ كىيىمىگە تېخىمۇ چىڭ ياقتىم ، كۆز يېشىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى . تالادىن ئاڭلانغان چاقماق ئاۋازى بىلەن تەڭ يامغۇر قۇيۇۋەتتى ، مەن ياشقا تولۇپ خىرەلەشكەن كۆزلىرىمنى دېرىزىدىن تالادا يېغىۋاتقان يامغۇرغا تىكتىم . كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ ، خې شۇخۇەن ، رۇپىڭ ، مېڭپىڭ ، ئېرخاۋ ، ئېرجيې ، شۆ ئاچام ، دادام ۋە ئاپاملار خىيالىمغا كەلدى . بۇلار خۇددى دۇربۇن ئويۇنچۇقتا كۆرۈنگەن ھەرخىل گۈللەرگە ئوخشاش ئالمىشىپ ، ئاخىر قالايمىقانلىشىپ كەتتى .

شۇ يوسۇندا خۇدۇمنى بىلمەي يېرىم كۈن ، بىر كېچە يېتىپتىمەن . دېرىزىدىن تاڭ نۇرى چۈشكەندە ، شۇ پېتىم ئويغانماي مەڭگۈلۈك ئۇيـقۇغا كەتسەمكەن ، دەپ ئويلىدىم . بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك نـۇرغۇن ئىشلىرىم بار ئىدى . شۇڭا ، زورىغا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىمىمنى يۆتكەپ ، هايت ـ هۇيت دېگۈچە يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ئەتىگەنلىك تامىقىمنى يېدىم . بىبى بىبي پۇتۇمنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ تۇردى ، مەن ئۇنى پەپىلەپ قويۇپ ، ئاپامغا تاپشۇردۇم . ئىگىسىز قالغان بۇ پىستە كۈچۈككە قارايدىغان باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن ، ئۇنى مەن ئېپقالغاندىم . يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا مەن مۇشۇنداق پىستە كۈچۈكۈمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم ، ئەمدىلىكتە بۇ مېنىڭ بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈزۈن يـۈڭلار ئارىسىدا قالغان قاپقارا كۆزىگە قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدۇم

ئۆيـدىن چىققىنىمدا ، هاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى ، هۆل بولۇپ كەتكەن يوللار پارلاپ چىققان قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى . ئاخشامقى جۇدۇندىن ئىز ـ دېرەكمۇ قالمىغانىدى . « ئۇياق » قا بېرىشىمغا ، ئالەن ئىشىكنى ئېچىپلا ۋايساپ كەتتى :

ــــ خېنىم ، مەن ئەمدى ئىشلىمەيمەن ! غوجامغا تاماق يېگۈزەلمەيدىكەنمەن . غوجام ئاچچىقلاپلا تۇرىدىكەن ، بەك قورقىدىكەنمەن ! ئۆيۈمگە كېتەي !

ــــ بولىدۇ ، ۋاقلاۋەرمە ، ئاخشاملىقتا ئىش هەققىڭنى هېسابلاپ بېرىۋېتەي ! ــــ دېدىم مەن تاقەتسىزلىكتە .

دادامنىڭ هۇجرىسىغا كىرسەم ، دادام يىرتقۇچتەك چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئىشىككە تىكىپ يېتىپتۇ . مېنى كۆرۈشى بىلەنلا ، شالىنى چېچىپ هۆركىرىگىلى تۇردى :

ــــ خەپ ! يېپىلك ! مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن !

ــــ نېمە بولدىڭىز ، دادا ، ــــ دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇرۇپ كەتكەن قوللىرىنى سىلاپ .

ــــ ئاۋۇ مەتو قىزنى كۆزۈمدىن يوقات ، هېچ ئىشنى قاملاشتۇرال-

مايدىغان كالامپاي بىر نېمىكەن ئۇ ! ــ دېدى دادام قوللىرىنى شىلتىپ .

ــ ماقۇل ، دادا ، مەن ھازىرلا ئۇنى كەتكۈزۈۋېتەي ! ــ دادامنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدىم ، ــ دادا ، پۇتىڭىز ھەرىكەتلىنەمدۇ ؟

ــ تۈنۈگۈنلا ھەرىكەتلىنەتتى ، بۈگۈن بولماي قالدى ! ــ دېدى دادام ماڭا چەكچىيىپ قاراپ ، ــ يېپىلىك ، مەن نېمە كېسەل ئىكەنمەن ؟

ــ مەنمۇ ئۇقمىدىم ، ــ يېرىم پالەچ دېگەن سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ، ــ دادا ، بۈگۈن مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي !

ــ دوختۇرخانىغا بارمايمەن ، ــ توۋلىدى دادام ، ــ پېقىر لۈجېنخۇا ئەزەلدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ باقمىغان ! زادى بارمايمەن !

ــ دادا ، ــ دېدىم مەن سەۋرچانلىق بىلەن ، ــ ئەگەر دوختۇرخانىدا ياتمىسىڭىز ، ئۆمۈر بويى كارىۋاتتىن چۈشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ! دوختۇرخانىدا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوكۇل سېلىپ دورا بېرىپ تۇرىدۇ . ھازىر ئۇيان ـ بۇيان ھەرىكەت قىلالمايسىز ، ئۆيدە ياتسىڭىز چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ ! يا ، ئائىلىنى خىزمىتىڭىزگە سېلىشقا ئۇنىمىسىڭىز ، مەن ئىككى ئارىلىقتا قاتراپ يۈرۈپ قانداق چىدايمەن !

ــ نېمە ئۈچۈن بۇياققا كېلىپ تۇرمايسەن ؟ ئاپاڭنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلمەيسەن ؟

مەن كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ دادامغا قارىدىم ۋە قېشىمنى كۆتۈرۈپ قويۇپ :

ــ يېنىڭىزدا سىزنى كۈتكۈدەك ئادەم بار ، ئەتراپىڭىزغا ئادەم ئولىشىۋالغان چاغدا ، سىز ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى قوغلاپ چىقاردىڭىز ! ئەمدى ، بىزگە ھاجىتىڭىز چۈشكەندە كۆچۈپ كېلەمتۇق ؟

دادامنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى . لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ چىرايىنى ئېچىپ :

ــ بوپتۇ ! يېپىلىك ، سەن ئۇتقان بول ! ــ دېدى .

ــ مەن دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىپ ماشىنا چاقىرتاي !

كوچىنىڭ دوقمۇشىغا چىقىپ ئۇدا بىرنەچچە يەرگە تېلېفون بەردىم ، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە كېسەل توشۇپ كېتىپتۇ . بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە كېسەلنىڭ بازىرى ئىتتىكلەپ قالغان ئوخشايدۇ ، ھەممىلا دوختۇرخانىدىن « ئورۇن يوق ! » دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغىنىمدا ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندىم . ئاخىر بىر دىنىي جەمئىيەت دوختۇرخانىسى ماشىنا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . « ئۇياق » قا قايتىپ كېلىپ ئالەننى چاقىرىپ ، دادامنىڭ كىيىملىرىنى تەييارلاپ قويۇشقا بۇيرۇدۇم . چۈنكى مەن دادامنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ نەدە قويۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم

ماشىنا كەلدى ، ئۇلار جىرغا ئېلىپ كەلگەنىكەن ، دادامنى جىرغىغا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى ، مەن كىچىككىنە بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم . ئۇلار جىرغىنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، بىردىنلا غەلىتە بولۇپ كەتتىم . رۇپېكنى شۇ يوسۇندا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن ھالەت كۆز ئالدىمغا كەلدى ، كۆڭلۈم بىر پېشكەللىكنى تۇيغاندەك تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى . دادامنى ماشىنىغا سالدى ، مەن ئالەنگە ئۆيگە ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ قويۇپ ، ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا ماڭدىم .

دوختۇرخانىغا باردۇق . دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ بولغاندىن كېيىن ، دوختۇرخانىدا يېتىش راسخوتىنى تۆلىدىم ، دادام ئۈچىنچى دەرىجىلىك بالنىتسىدا ياتقۇزۇلدى . يېنىمدا ئالدىنقى كۈنلەردە خې شۇخۇەن قالدۇرۇپ كەتكەن پۇلدىن باشقا پۇل يوق ئىدى . بۇ پۇل ئۈچىنچى دەرىجىلىك بالنىتسىنىڭ ھەققىگە ئاران يەتتى . پۇلنى تۆلەپ بولۇپ دادامنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەملەشتىم . بىرمۇنچە ئادەم بىلەن بىرگە يېتىش دادامغا پەقەت ياقمىدى . دادام ياغاچ كارىۋاتتا يېتىپ ئۆگىنىپ قالغاچقا سىم كارىۋاتتا ياتالمايمەن ، دوختۇرخانىدىكىلەر ياغاچ كارىۋات ئالماشتۇرۇپ بەرسۇن ، دەپ تۇرۇۋالدى . بۇ گېپى ئاقمىغاندىن كېيىن زادى قايىقى ئېچىلمىدى . سېسترا بىلمەستىن ئۇنىڭ تاماكا چېكىشىگە ئارىلاشقاندا ، ئۇ مۇشت كۆتۈرۈپ سېسترانىڭ ماخىرىنى ئېزىۋەتكىلى تاس

قالدى . مىڭ تەسلىكتە دادامنى تىنچلاندۇرالىدۇق . مەن ، دادام بەكمۇ چارچاپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىنلا ، ئاستا دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيگىمۇ بارماي ، ئۇدۇل « ئۇياق » قا كەلدىم .

ئەمدى ئالەن قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى ، دوختۇر ماڭا دادامنىڭ دوختۇرخانىدىن پات ئارىدا چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى . مەن ئالەنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم . ئۇنىڭ كىچىككىنە بوپىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكىنىگە قاراپ تۇردۇم . مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋىدىم ، شۇئان ئەتراپىمدىكى سۈرلۈك جىمجىتلىق ماڭا خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك يامىشىپ قاتمۇقات بولۇپ ئورۇلۇشقا باشلىدى .

مەن بېشىمنى سىلكىپ ئۆينىڭ ئىچىگە سەپسالدىم . رادىئونىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت چاڭ ـ توزاننى كۆرگىنىمدە ، ئالەنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۆي تازىلىمىغانلىقىنى بىلدىم . ئۆيدىكى ساپا ، چاي جوزىسى ، ئۈستەل ، چىراغ . . . لارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكىدىن ئۆزگىچە ، تاشلىنىپ قالغاندەك سۈرۈن ھالەتتە ئىدى . مەن بۇ ئۆيدىكى ئىلگىرىكى خۇشاللىق كەيپىياتىنى ئىزدىمەكچى ، ئىلگىرىكى چىراغلار چاراقلاپ تۇرىدىغان ئەھۋالنى ، ئادەم ئۈززۈلمەيدىغان ، كۈلكە ـ پاراڭلار ياڭراپ تۇرىدىغان ۋاقىتلارنى . . . ئەسلىمەكچى بولدۇم . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلمەسكە كەتكەنىدى . بۇ ئۆيدىكى سۈرۈنلۈك ۋە جىمجىتلىق يەلكەمدىن بېسىپ ، بىرھازاغىچە مىدىر قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدىم . ئاخىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەھلىزگە چىقتىم . ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىمنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم ، تاقىلدىغان ئاۋاز بىر كورپۇس قۇرۇق ئۆينى بىر ئالدى . قورققىنىمدىن تەنلىرىم جۇغۇلداپ قاتتىق سىر باستى . رۇپىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي ، ئۇدۇل دادامنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم . دادامنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ، كۆز ئالدىمدىكى ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاندىم . دادام كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا ياتتى ، ئېرخاۋ بىلەن شۇ ئاچامنىڭ تېخىچە ئىز ـ دېرىكى يوق ، مېنىڭ دوختۇرخانىدا ھېچكىمنىڭ كارى يوق ياتىدۇ . كۆز ئالدىمدىكى تۇرمۇش مەسىلىسىنى ۋە دادامنى داۋالىتىش خىراجىتىنى قانداق

ھەل قىلىمەن ؟ مەن ئازادە ، ئەمما خۇددى ئۆلۈك شەھەردەك بۇ ئۆيلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ ئاخىر مۇشۇ ئۆي ـ جاينى ساتماقتىن باشقا ئامال يوق . دېگەن يەرگە كەلدىم .

شۇغىنىسى ، بۇ ئۆيلەرنى ساتسام ، ئۆي ئىچىدىكى بىسات ، نەرسە ـ كېرەك ، كىيىم ـ كېچەك ، كىتاب قاتارلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن ؟ بىر چارە كىيىم ـ كېچەك ، ساندۇق ، چامادان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆيىمىزگە يۆتكەپ كېتىش ، قالغان بىساتلارنى ئۆي ـ جاي بىلەن بىللە سېتىۋېتىش ئىدى . بۇ ئويلار خىيالىمغا كەچكەندە ، دەرھال بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا كىرىشىش لازىملىقىنى ھېس قىلدىم . لېكىن ، تۇرۇپلا ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدىم .

ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ، دادامنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن باشلاپ سەرەمجانلاشتۇرۇشنى قارار قىلدىم ـ دە ، دەرھال ئاچقۇچلارنى تاپتىم ـ ، دە دادامنىڭ چامادانىنى ئاچتىم ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تاشلىنىپ ياتقان كىيىملەرنى چامادانغا سالدىم . ئۇششاق ـ چۈششەك ۋە مۇنچە قالايمىقان نەرسىلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇش مۆلچەرىمدىنمۇ قىيىنغا چۈشتى . بىر ـ بىرىدىن ئېغىر چامادانلارنى تام ئىشكاپىدىن تارتىپ چىقارغاندا چىققان ئاۋازدىن ئۆزۈم چۆچۈپ كېتەتتىم . ھەربىر چامادانىنى ئاچقاندا نافتالىن پۇرىقى ئۆينى بىر ئېلىپ ، مېنى مىراس قالغان ماللارنى رەتلەۋاتقان تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى . شۇڭا بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇۋېتىپ ئىختىيارسىز توختاپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم . ھەر قېتىم قولۇم ئىشتىن توختىغاندا ، جىمجىتلىق ۋە سۆرۈنلۈك مېنى ساراسىمىگە سېلىپ جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى . نەپىسىم بوغۇلۇپ قالاتتى . شۇڭا ، دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلىپ ، ئۆزۈمنى ئىش بىلەن مەلىكە قىلاتتىم .

راسا ئالدىراش ئىشلەۋاتسام دەرۋازا ئېچىلغاندەك قىلدى . شۇئان ئىشىمنى توختىتىپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم . بىرى سېمونت يول بىلەن ئۆيگە كېلىۋاتاتتى . ئېغىر ۋە ئاستا تاشلانغان ئاياغ تىۋىشى سىلىقلانغان

تاش ئۈستىگە كەلدى . بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ دەھلىزگە كىردى . پۈتۈن ئەزايىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى . سۈر بېسىپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتۈم . رۇپىڭنىڭ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان چىرايى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ دادامنىڭ بىر كىيىمىنى مەيدەمگە قويغىنىمچە كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ ئىشىكتىن قانداق بىر غەلىتە مەخلۇق كىرىپ كېلەركىن ، دەپ قاراپ تۇردۇم . ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم كەلدى ، بىر جۈپ ئۆتكۈر ۋە غەيرىي كۆز ماڭا تىكىلدى . شۇندىلا پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم لاسسىدە بوشاشتى . ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ ، تەئەججۈپ بىلەن سورىدىم :

— سەنمىدىڭ ؟

— بۇ نېمە ئىش ؟ — كىرىپ كەلگەن ئادەم يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان ئىبراخاۋ ئىدى . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يەردە چېچىلىپ ياتقان كىيىم ـ كېچەك ۋە چامادانلارغا قارىدى .

— يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپمىدىڭمۇ ؟

— گېزىتتىن ئاپامنىڭ چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى كۆردۈم ، — دېدى ئۇ ماڭا گۇمانلىق نەزەردە قاراپ ، — دادام قېنى ؟

— ئاغرىپ قالدى ، بۈگۈن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويدۇم .

— نېمە كېسەل ؟ — ئۇنىڭ قوشۇمىسى تېخىمۇ چىڭ تۈرۈلدى . مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم ، ئۇنىڭ قاش ـ كۆزى دادامغا نېمانچە ئوخشىشىدۇ ـ ھە !

— دوختۇر ئۇنى يۈرەك كېسەلى ، قان بېسىم كېسەلى دەيدۇ .

— كېسەلى ئېغىرمۇ ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ .

ئۇ بىرنەچچە سېكۇنت يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىغىنىچە سورىدى :

— بۇ ئۆيدىكى باشقا ئادەملەر قېنى ؟ رۇپىڭچۇ ؟ ئالەنچۇ ؟

بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى . بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن

جاۋاب بەردىم :

— ئالەن كەتتى .

— رۇپىگىچۇ ؟

— رۇپىك ، — مەن ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم ، تۆكۈرۈكۈمنى يۇتۇپ تەسلىكتە ، — رۇپىك ئۆلۈپ كەتتى ، — دېدىم

— نېمە ؟ — ئۇ ئىشەنمەي كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى

— ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ، — دېدىم مەن قايتىلاپ ۋە ئاپتوماتتەك سۆزلەپ كەتتىم ، — ئۇ دادامنىڭ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى خې شۇخۇەن ئىككىمىز ئۇنى ليۇجاگىلىغا قويدۇق .

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن !

— يالغان ئەمەس ، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ ، جىددىيلەشكىنىمدىن يەلكەم مۇزلاپ كەتتى ، — راست ، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى دادامنىڭ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى .

ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا مىختەك قادالدى . ئۇنىڭ قاراشلىرى ئاجايىپ دەھشەتلىك ، قورقۇنچلۇق ئىدى . يەلكەمدىن كىرگەن سوغۇق كۆچىيىپ ، دادامنىڭ قولۇمدىكى كىيىمى خۇددى ماڭا قالقان بولىدىغاندەك ئىختىيارسىز چىڭ تۇتۇۋالدىم . ئىبرخاۋنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ۋاقتى بىر ئەسىردەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاخىر دېگەنلىرىمگە ئىشىنىشكە باشلىغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ، تۇرقىدىن رەزىللىك يېغىپ تۇراتتى . بۇ خىل ھالەتنى بۇرۇن كۆرگەندەكلا ئىدىم . توغرا ، بۇ ، دادامنىڭ مېنى قامچىلىغاندىكى ھالىتى ئىدى . ئىبرخاۋ دادامغا نېمىدېگەن ئوخشىشىدۇ - ھە ! ئاخىر ئۇ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ ئىنتايىن سوغۇق تەلەپپۇزدا :

— يېپىك ، سەن ئاخىر رۇپىگىنىڭ بېشىغا چىقىپسەن - دە ! ئۇ چۈمۈلىنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىز ئىدى ، ئاخىر كېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپتۇ ! يېپىك ، ئۇ سېنىڭ ئارپاگىنى خام ئورىغانمىدى ؟ ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا قىستاپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دېدى .

ئىبرخاۋ ماڭا قاراپ بىر - ئىككى قەدەم تاشلىدى ، مەن ئىختىـ

يارسىز كەينىمگە داجىدىم . ئۇ مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ :— سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئاشتىڭ ، يىپىڭ . سەن كېشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈردۈڭ ، ئۇ دۇنيادىكى رۇپىڭ بىلسە ئىدى، ئۇمۇ كېلىپ سېنى ئۆلتۈرۈشۈمگە ياردەملىشەتتى ! مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ رۇپىڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن ! — دېدى .

مەن ئورنۇمدىن مىدىرلىماي ئېرخاۋغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم . ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرىمەن دېسە ، قارشىلىق قىلىشقا مادارىم يەتمەيتتى ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قانۇنىنىڭ جازاسىغا تارتىلماي يۈرۈۋېرەتتى . چۈنكى بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا گۇۋاھ بولغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى . مەن ئۇنىڭ قول سېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم . جېنىمنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنمىدىم . ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ماڭا ئېتىلدى . مەن تىرىشىپ تەكپۇكلۇقۇمنى ساقلاپ ، قەددىمنى تىك تۇتۇپ مىدىر قىلماي تۇردۇم . ئۇنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى ، ياۋايى قەبىلىلەرنىڭ ئادەم يەيدىغان ۋاقتىتىكى ئەلپازىدا ئىدى . ئۇ بىر قولى بىلەن كاپپىدە مەيدەمدىن ئېلىۋىدى ، قولىغا چىققىنى دادامنىڭ كىيىمى بولدى ، ئۇ كىيىمنى مەن خۇددى قالقاندەك مەيدەمگە يېقىپ تۇرغانىدىم . ئۇ مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندەك ، يەنە بىر قولىنى كېكىردىكىمگە سۇندى . لەۋلىرىم قۇرۇپ ، كانىيىم سىقىلدى . بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەش تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولسىمۇ ، تۇغما تەكەببۇرلۇقۇم تۈپەيلى پېتىمنى بۇزماي تۇرىۋەردىم ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا قادالدى ، خېلىغىچە بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلىپ تۇردۇق . ئۇ كېكىردىكىمنى كۈچەپ سىقمىدى . كېيىن بىردىنلا مېنى قويۇۋېتىپ ئەلەم بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى :

— يا ھەزرەت ! دادامنىڭ كۆزلىرىغۇ بۇ ! — دېدى . مەن تىترەپ كەتتىم ، راستىلا تىترەپ كەتتىم . مەندىمۇ ئېرخاۋنىڭكىگە ئوخشاش دادامنىڭ كۆزلىرى بارمىدۇ ؟ ئۇ بۇرۇلۇپ يەنە ماڭا قارىدى ، شۇندا مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلدىم . ئۇنىڭ چىرايىدىكى

قەھر ـ غەزەپ ئەلەمگە ، ئاندىن بىئاراملىقا ، كېيىن بولسا ھارغىنلىق ۋە زەئىپلىككە ئۆزگەردى . ئۇنىڭ چېگىقلىغان بولجۇڭ گۆشلىرى بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلدى ، بېشى ئاستا ـ ئاستا ساڭگىلىدى . شۇندا يەنە بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرغان دادامنىڭ كىيىمگە كۆزى چۈشتى . بۇ دادام دائىم كىيىپ يۈرىدىغان ئۇزۇن فۇچۇ كۆڭلەك ئىدى . مەگزىدىكى گۆشلىرى لىپىلداپ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ھەسرەت ـ نادامەت ئەكس ئەتتى . ئۇ قولىدىكى كىيىمگە قارىغىنىچە بىردەم سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن ، كىيىمنى ئىتتىك قويۇپ قويدى ۋە ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ :

— ئەمدى ئۇنىڭ بىر ـ ئىككى كۈنلۈكلا ۋاقتى قالدى . شۇنداقمۇ . . . دادامنىڭ دەۋاتىمەن ، — دېدى پەس ئاۋازدا .

كېكىردىكىم تىخىمۇ بوغۇلۇپ ، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى جاۋاپ بېرىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى ، ئۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە چۈشكۈن ھالەتتە ئىدى . بىرھازادىن كېيىن ، ئۇ يەردە ياتقان چامادانغا قاراپ قويۇپ سورىدى :

— نېمە قىلىۋاتىسەن ؟

— ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتىمەن ، — دېدىم قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكۇمنى نەمدەپ بوش ئاۋازدا ، — بۇ ئۆي ـ جاينى سېتىۋەتمەكچىمەن .

— سېتىۋېتىمەن ؟ نېمىشقا سېتىۋېتىسەن ؟

— سېتىپ دادامنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنى تۆلەيمەن .

ئېرخاۋ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى . ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش ھالىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئۆزئارا تىكىلگەن كۆزلىرىمىزدىن بىر ـ بىرىمىزگە غەلىتە بىر خىل ھېسسىيات ۋە چۈشىنىش ئۆتۈۋاتاتتى . بۇ بىر خىل سىرلىق ، چۈشىنىكسىز ئەھۋال ئىدى . ئىككىمىز شۇ يوسۇندا چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك تۇگىلىرى ئېرىپ دوستلۇق بىخ سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغانىم ئۆرلىدى ، ھاياجانغا چۆمدۈم . توغرا ، ئېرخاۋ ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئوپئوخشاش ، ئاتىمىز بىر ، ئەللىك يىرسەنت قېنىمىز ئوخ-

www.uyghurkitap.com

شاش ! مەن ئىرخاۋغا قارىتا مۇشۇنداق قاراشقا كەلگىنىمدە ، ھەقىقەتەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى ئىرخاۋ ئەمدى مېنىڭ دۈشمىنىم ئەمەس ئىدى . ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ ئاستا :

— سىپتۇەتكەنمۇ تۈزۈككەن ، ئەمدى ئىگىسىز قالغان ، ئۆچمەنلىك ، رەزىللىككە تولغان ، سىرلىق بۇ ئۆيلەرگە كىممۇ كېلىدۇ ؟

مەن سۈكۈتتە ئىدىم . بىرئازدىن كېيىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، مەن ئۇنى توختىتىۋالدىم :

— ئىرخاۋ ، دادامنى كۆرۈپ كەلمەمسەن ؟ ئۇ دوختۇرخانىدىغۇ .

ئۇ توختاپ بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ، كۆزلىرىدە يەنە ھەسرەت ئىپادىلەندى . قاشلىرىنى يىمىرىپ بېشىنى چايقىدى :

— مەن ئۇنى يوقلاپ بارالمايمەن ، ھېلىقى كۈنى ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۇنى رەنجىتىپ قويدۇم . ئەگەر قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسام ، ئۇ ئاپامنىڭ جېنىنى ئالاتتى . مەن دادامنىڭ غورۇرىغا تېگىپ قويدۇم . دادامنى بىلىسەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ھەرقانداق ئىشتىنمۇ ئېغىر . مەن ئۇنى يوقلاپ بارالمايمەن . ئۇ مېنى يامان كۆرۈپ قالدى . ئەمدى مېنى كەچۈرمەيدۇ .

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى . ئىرخاۋ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ، يەنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى :

— يېرىم يىلدىلا خانىۋەيران بولدۇق ! — ئۇ ماڭا قارىدى ، — سەن نېمە قىلىمەن دېسەڭ شۇنى قىلىشقا ھوقۇقلۇق ، ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا ، سەندىن كۆرگىلى بولمايدۇ ! رۇپىلك — ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمىتى يەتمەيدىغان ياۋاش قىز ئىدى ، ئۇنىڭ مۇنداق ئەقىلسىزلىق قىلىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن ! ناھەق ئۆلۈپ كېتىپتۇ !

خې شۇخۇەنمۇ شۇنداق دېگەنىدى . كونا دەردلىرىم قوزغىلىپ گەپ ـ سۆز قىلماي تۇرۇۋالدىم . ئىرخاۋمۇ بىرھازاغىچە سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن ، بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— دادام بىر قەھرىمان ئىدى ، دۇنيا تۆيۈق يولدىكى قەھرىمانلارغا بەكمۇ رەھىمسىز .

بۇنى ئاڭلاپ ئېرخاۋنى يەنىمۇ ئوبدانىراق چۈشەندىم .

ئۇ شۇ ئاچامنىڭ ئەمەس ، دادامنىڭ ئوغلى ئىدى ، دادامنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشى بار ئىدى . ئىلگىرى ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانىكەنمەن . بىردەم توختىۋېلىپ سورىدىم :

ــ ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىسەن ؟

ــ ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدە . مەن خىزمەت تاپتىم . يازلىق تەتىل-دىن كېيىن ئۆزۈم ئوقۇش خىراجىتى تاپشۇرالايمەن . ئۆز كۈچۈمگە تا-يىنىپ ئوقۇيدىغان ۋاقتىمۇ بوپقالغان .

ــ سەن ، ــ دېدىم مەن ئارىسالدى بولۇپ ، ــ ئەڭ ياخشىسى ماڭا ئادرېسىڭنى قالدۇرۇپ كەت ، ئۆينى ساتقاندىن كېيىن ، پۇلنىڭ يې-رىمىنى ساڭا ئاپىرىپ بېرىمەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، سەن بىرىپ مېڭىپىڭنى يوقلاپ قوي ، شۇ ئاچام ئۇنىڭ يېنىغا بارمايدۇ . دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش راسخوتىمۇ خېلى بولۇپ قالدى . ھازىر يېنىمدا بىر تىيىن پۇلمۇ قالمىدى . بۇ ئىشلار ئۈستىدە ئۆينى ساتقاندىن كېيىن بىرنېمە دېيىشەر-مىز !

ئېرخاۋ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ، ئادرېسنى يېزىپ بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ، بىرقىسىم كىيىم ـ كېچەك ۋە كى-تابلىرىنى يىغىشتۇردى . مەن مېڭىپىڭنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىش-تۇرۇپ ، بىر چامادانغا سېلىپ بەردىم :

ــ مېڭىپىڭ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن سېنىڭ يېنىڭدا تۇرسا بولارمىكىن .

ئېرخاۋ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، چامادانىنى كۆ-تۈرۈپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى . دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماڭا :

ــ نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقىنىڭدا ئەڭ ياخشىسى دەرۋازىنى تاقاپ قوي ، مەن كەلگىنىمدە دەرۋازا يېپىق بولغىنى بىلەن تا-قاقسىز ئىكەن ، ــ دېدى .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ سورىدى :

— خې شۇخۇەن قانداق ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىشىپ كەتتۇق ! — دېدىم مەن قايغۇ ـ ھەسرىتىمنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ .

— نېمە ئۇچۇن ؟

— رۇپىلىڭ ئۇچۇن ، — دېدىم مەن ئاستاغىنا .

ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭا قاراپ قويغاندىن كېيىن ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى ، ئاندىن يوغان ـ يوغان چامداپ مېڭىپ كەتتى . ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكەندە ، بۇرۇلۇپ دەرۋازىنى تاقىدىم ۋە دەرۋازىغا يۆلەنگىنىمچە ، پۇرىقى ھويلا ئىچىنى بىر ئالغان گۈل ـ گىيـاھلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم . بىردىن مېنى غېرىبلىق باستى . بۇرۇنلىرىم ئېچىشىپ ، كۆز يېشىم تاراملاپ ئاقتى .

ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا ئۇچ كۈن كەتتى ، ئاخىر يىغىشتۇرۇپ بولدۇم . پاتېفونلۇق رادىئو قاتارلىق بىرقىسىم نەرسىلەرنى توك ماتېرىياللىرى ساھەسىگە ئەرزان باھادا سېتىپ بەردىم . تۆتىنچى كۈنى چامادانلارنى ئۆزۈمنىڭ كىچىككىنە تار ئۆيۈمگە يۆتكەپ ، ئىككى قانىتى قىزىل سىرلانغان دەرۋازىغا قۇلۇپ سالدىم ـ دە ، ئۈستىگە « مەزكۇر قورۇ ـ جاي ئەرزان سېتىلىدۇ » دېگەن قەغەزنى چاپلاپ قويدۇم ، قەغەزگە سۆزلىشىش ئورنىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم . ئىككى قاناتلىق قىزىل دەرۋازىغا قارىغىنىمچە كۆڭلۈم غەش بولۇپ تۇرۇپ قالدىم ، ۋۇجۇدۇمنى بىئاراملىق ۋە مەنىسىزلىك قاپلىۋالدى . بىر ئائىلىنىڭ مۇنچە تېزلا خانىۋەيران بولۇپ تېزىپ كېتىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن ، نېمە ئۇچۇن بۇ ئىشلار يۈز بەردى ؟ قانداق يۈز بەردى ؟ سەۋەبچىسى مەنمۇ ؟ مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم .

دادامنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كەتتى ، ئۇنىڭ ئۇزۇنغا بارماي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى . ئۇ بەك چىچىلغاق بولۇپ قالدى . دوختۇرخانىدا ئۇنىڭدىن تىل ئىشىتمىگەن دوختۇر ، سېستىرا قالمىدى ، بىر ئۆيدە ياتقان كېسەللەرمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولدى . بارا ـ بارا پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ قالدى . ئۇنىڭدا ئەمدى

مىدىرلىغۇدەك ئەزادىن ئېغىزلا قالغانىدى . خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دوخ-تۇرلارنى « كارغا كەلمەيدىغانلار » ، « كۆز بويامچىلار » دەپ تىللاپ يا-تاتتى .

قورۇ ـ جاي ئاخىر 150 مىڭ يۈەنگە سېتىلدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ قورۇ ـ جاينى كەم دېگەندى 200 مىڭ يۈەنگە ساتقىلى بولاتتى ، ماڭا پۇل جىددىي لازىم بولۇپ قالغاچقا ، باھا تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىم يوق ئىدى . ئالغۇچى بۇ ئۆيلەردە قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ ھەدەپ باھانى تۆۋەنلەتتى ، ماڭا قانچە بالدۇر سېتىلسا شۇنچە ياخشى ئىدى . شۇڭا ئەرزان سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم . لەۋزىمدە تۇرۇپ ، ئېر-خاۋغا 50 مىڭ يۈەن ئاپىرىپ بەردىم . ئېرخاۋ بىر دوستىنىڭ قورۇسىدا قائىدىگە خىلاپ سېلىنغان ، كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئۆيدە تۇرىدىكەن . مەن بارغىنىمدا ئۇ ئوت قالاشقا ياردەملىشىۋاتقانىكەن . قول-لىرى قاپقارا كۆمۈر يۇقى پېتى ئالدىمغا چىقتى . مەن ئۇنىڭغا پۇلنى بەر-دىم . ئۇ تۇزۇت قىلماي پۇلنى ئالدى . بۇ كۈنلەردە ئېرخاۋمۇ پۇلغا جىد-دىي ئېھتىياجلىق ئىدى . ئۇ ماڭا مېڭىپىڭنى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان ۋاقتى بولغان بولسىمۇ ، داۋالاش ھەققىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ، ئەمدى بۇ پۇل بىلەن مېڭىپىڭنى دوختۇرخانىدىن ئا-چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ، مەن بۇ كىچىك ھەم تار ئۆيگە سەپ-سالدىم ، مېڭپىڭ دوختۇرخانىدىن چىققاندا قانداق تۇرمۇشقا يۈزلىنەر ؟

بۈگۈن ، ئاپام قايناتقان شورپىنى ئېلىپ دادامنى يوقلىغىلى دوختۇرخانىغا باردىم ، دادام تېخىمۇ ۋېجىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى . شورپىنى دادامغا ئىچۈرۈپ قويدۇم . ئۇ گۆش يېيەلمىگەچكە ، شورپا موگۇدا قىلىنغانىدى . دادام شورپىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن جىمىپ كەتتى . بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئاچچىقلاپ باشقىلارنى تىللى-شىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . كۆڭلۈمدە قانداقتۇر بىرخىل سەزگۈ كۈچىيىشكە باشلىدى . بىرھازادىن كېيىن ئۇ مېنى چا-قىردى :

ـــ يىپىڭ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھە ، — دېدىم مەن .

— يېقىنراق كەل .

مەن ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردۇم ، ئۇ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ كەتتى ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قارىدى ، بۇ ھالدىن تەشۋىشلەندىم . ئاخىر ئۇ ئېغىز ئاچتى :

— يىپىڭ ، ساڭا قالدۇرغۇدەك ھېچ نەرسەم قالمىدى ، يېڭى ھايات جەنۇبىي يولىدىكى ئۆي ـ جاي قالدى . بۇ ئۆي ـ جاي خىپ شۇخۇەن ئىككىڭلارغا تۇتقان تويلۇق سوۋغىتىم بولسۇن !

كۆز چانقىمغا تولغان ياشنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، بېشىمنى بىر يانغا بۇرۇۋالدىم . شۇخۇەن ! يېڭى ھايات جەنۇبىي يولىدىكى ئۆي ! تويلۇق سوۋغا ! بۇلار قانچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئىشلار ؟ مانا ئەمدى شۇخۇەن نەدە ؟ شۇخۇەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ شادلىق ئىلكىگە چۆمگەن قىز نەدە ؟ خۇددى باھاردىكى چۈشتەك ، بۇلاردىن ئىز ـ دېرەكمۇ قالمىدى . بىچارە دادام ! ئۇ ، مېنىڭ خىپ شۇخۇەندىن ئايرىلىپ كەتكىنىمنى بىلمەيتتى ، ئۆي ـ جايغا ئاللىقاچان يېڭى خوجايىنىنىڭ ئىگە بولغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى !

— دادا ، توي ئىشى ئۈستىدىكى گەپنى قويۇڭ ، سىز ساقايغاندا بىرنىمە دېيىشەرمىز ! — دېيەلىدىم ئارانلا .

— يىپىڭ ! — دادام ئەيىبلەش نەزەرىدە ماڭا قارىدى ، — سەنمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مېنى ئالداشنى ئۆگىنىۋالدىڭمۇ ؟ مەن بۇ دوختۇرخانىدىن تىرىك چىقىپ كېتەلمەيمەن !

دادامنىڭ تەن بەرگەنلىكىدىن ئازابلىنىپ گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرۇۋالدىم ، چۈنكى دادامغا تەسەللى ۋە نەسىھەت كار قىلمايتتى دادام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ ، ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېدى :

— مەن ئۆلۈپ كەتسەم نېمە بوپتۇ ؟ ئۆلمەيدىغان كىم بار ؟ شۇنىسى ، كارىۋاتتا ئۆلۈشكە توغرا كېلىۋاتقىنىغىلا قورسىقىم كۆيىدۇ !

دادامنىڭ مەردانە ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈكى يۈرىكىمنى ئاغرىتتى بىرپەستىن كېيىن ، دادام يەنە سۆزلىدى :

— ئىست ، شۆچىننى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرەلمىدىم !

مەن يەنىلا گەپ - سۆز قىلمىدىم ، دادام ئۇزاق ئويغا پاتقاندىن كېيىن ، مۇنداق دېدى :

— يەر خېتى مېنىڭ ھۇجرامدىكى شىرەنىڭ ئوتتۇرا تارتمىسىدا ، ئۇنى ئالغىن ! ئۇ يەردە بىر مەخمەل قاپچۇق بار ، قاپچۇقنىڭ ئىچىدە . . . دادام تـوختاپ قالدى . كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ دېرىزىگە تىكىلدى . خېلى ئۇزاقىچە دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيالغا چۆمدى ، مەن تاقەت قىلالماي يۆتىلىپ قويغاندىلا ، ئاندىن نەزەرىنى دېرىزىدىن يۆتكەپ ، بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن ، پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — قاپچۇقنىڭ ئىچىدە بىر تىزىق يېشىل مارجان بار ، ئۇنـىمۇ ساڭا بەردىم ! سەن ساقلاپ قوي . ھەرقانچە قىيىن ئەھۋالدا قالساڭمۇ ، ئۇنى ساتما ، چۈشەندىڭمۇ ؟

— ماقۇل ، دادا ، — دېدىم بوش ئاۋازدا .

— مارجاندىن باشقا ، بىر پارچە رەسىم بار . . . مەن . . . دىن كـېيىن ، بۇ رەسىمنى ئۇچامدىكى كىيىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قوي ، مېنىڭ بىللە كۆمۈلسۇن ، چۈشەندىڭمۇ ؟

گەپ - سۆز قىلمىدىم ، دادامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئاڭلاشتىن بەكمۇ قورقاتتىم .

دادام يەنە خىيالغا چۆمدى ، بىرنېمە دېيىشنى خالىمىغاندەك ، كۆزلىرى قايتا دېرىزىگە تىكىلدى ، كېيىن ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇزۇنغىچە ھـېچنېمە دېمەي ياتتى . مەن ئۇنى ئۇخلاپ قالغان چېغى دەپ ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، يوتقاننى يېپىپ قويماقچى بولدۇم . بىراق ، يوتقاننى تارتىشىمغا ، ئۇ پەس ئاۋازدا مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى :

يەتتى شىكەستە ناتىۋان دىلغا ،
قانغايمۇ كۆكۈل ئارزۇغا زادى ؟

مـەن ھەيران بولۇپ قالدىم ، بۇ ئىككى مىسرا شېئىر بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى ، قەيەردە كۆرگەندىمەن ؟ شۇئان ، بۇنىڭ ھېلىقى رە-

سىمنىڭ كەينىگە يېزىلغان شېئىرنىڭ ئىككى مىسراسى ئىككەنلىكى يادىمغا يەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بىلمەسكە سېلىپ ئەتەي سورىدىم:
— دادا، بايا نېمىلەرنى دېدىڭىز، كىمنىڭ رەسىمى ئىدى؟
— ئۇ بىر قىزنىڭ رەسىمى . . . — دادام كۆزىنى ئاچتى. ئوتتەك چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى، — كۆپ يىللار ئىلگىرى، مەن بالا ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ قىزنىڭ دادىسىغا ئات باقار ئىدىم! ئۇ قىز ئاتقا مىنىشنى ياخشى كۆرەتتى، مەن ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەيتتىم، ئۇنى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزەتتىم، ئاتتىن چۈشۈرەتتىم . . . ئۇ مەن بىلەن بىر دېمەتلىك، ئىنتايىن تەكەببۇر ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق. ئۇ ئوغرىلىقچە مېنىڭ ساۋاتىمنى چىقاردى، مەن ئۇنى ئوغرىلىقچە سۆيۈپ قوياتتىم . . . بۇنى دادىسى كۆرۈپ قېلىپ، مېنى راسا قامچىلىغاندىن كېيىن ھەيدىۋەتتى! ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالىساڭ قىزىمنى بېرىمەن . . . دېدى. 15 يىلدىن كېيىن، مەن قوشۇنۇمنى باشلاپ بارسام، ئۇ باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇپ كېتىپتۇ!
مەن كىشىنى بەكمۇ ھاياجانغا سالىدىغان بۇ ھېكايىگە قىزىقىپ، ئىشەنمىگەندەك داڭقېتىپ دادامغا قاراپ قالدىم. دادامنىڭ مۇنداق تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى بارلىقىنى زادى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم! دادام ماڭا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— ھېلىقى مارجاننى مەن ئۇ قىزدىن ئايرىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭغان ۋاقتىمدا، شۇقىز ماڭا سوۋغا قىلغان. رەسىمنى كېيىن باشقىلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن. مەن ئۇنى مېنى كۈتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇ مېنى كۈتمەپتۇ. مەن قوشۇنۇمنى باشلاپ بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ تاپقىنىمدا، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ دادىسىغا تەڭ كېلەلمەي نائىلاج ياتلىق بولغانلىقىنى ئېيتتى! مەن ئۇنى ئىزدەپ تاپقان كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىۋالدى. شۇ غەزىپىمدە، ئۇنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتىم، بۇ مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ باشلىنىشى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بۇ دۇنياغا قورال — ياراغ بىلەن تاقابىل تۇردۇم. ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىنى يارىتىپ، جەنۇبتىن

شىمالغا ، شەرقتىن غەربكە يۆرۈش قىلىپ ، ئۆز قۇدرىتىمنى نامايان قىلـ
دىـم ، شـۇنىسى ، يامغۇردەك ئوق ئىچىدە قالغانلىرىمدا بولسۇن ياكى ئو-
يۇن بەزمىلەردە بولسۇن ، يەنىلا ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم . ھوقۇق ۋە كۈچكە
ئىـگـە بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاياللارنى
خۇددى ماركا يىغقاندەك يىغقىلى تۇردۇم . قاش ، كۆز ، بۇرنى ، چىرايى
ئۇنىڭغا ئازراقلا ئوخشىشىپ كەتسە ئالدىم . سان ـ ساناقسىز توقال ئالغان
بولساممۇ ، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۇنىڭغا ئوخشىسۇن !

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم ! شۇندىلا رەسىمـ
دىـكى قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاپامنىڭ كۆزلىرىگە نېمانچە ئوخشىشىپ كې-
تىدىغانلىقىنى چۈشەندىم . ئېھتىمال ، ئاپامنىڭ شۇنداق كۆزى بولغانلىقى
ئۈچۈنلا ، شۇنچە يىل دادامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان بولسا كېرەك !
شـۇ ئاچامچۇ ، توغرا ، دادام ئۇنىڭ قاشلىرى ۋە چىرايى بىرىگە ئوخشىـ
شـاتتى دېگەنىدى ! بىچارە دادام ! مۇھەببەت سەرگەردانى دادام ! سان ـ
ساناقسىز خوتۇن ئالغان دادام ! مەن دادامنى باشتىن ـ ئاخىر دۇنيادىكى
ئەڭ رەھىمسىز ئادەم دەپ قاراپ كەلگەنىدىم . ئەمدىلىكتە ، ئەڭ رەھىمسىز
ئادەمنىڭ مۇھەببەتكە ئەڭ مەستانە ئادەم بولۇپ چىقىشىنى كىم بىلسۇن !
كـىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەق ـ ناھەق ۋە زىددىيەتلەر مۇرەككەپ ، مەن
بـۇلارنـى قانچىلىك بىلەتتىم ؟ قارىسىغىلا ھەممىنى بىلىمەن دەپ قاراپتىمـ
مەن ! قارىسىغىلا ھەق بىلەن ناھەقنى ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىكنى
پـەرق ئېتەلەيمەن ، ياخشى ـ يامان بىلەن ئەگرى ـ تۈزگە باھا بېرەلەيـ
مەن دەپ قاراپتىمەن ! دادامنىڭ جۇدەڭ چىرايى ، چارچاپ كەتكەن ھاـ
لىتى ، ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم . ئەگەر دادام
ئېيتىپ بەرمىگەن بولسا ، ئۇنىڭ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ھېكايىسى بارلىـ
قىنى ئۆمرۈم بويى بىلمىگەن بولاتتىم ! ئۇمۇ مۇھەببەت ئازابىنى يەتكۈچە
تارتقانىكەن !

ـــ دادا ، ـــ دېـدىم مەن بىرھازادىن كېيىن ، ئۇ بەكمۇ چارچاپ
كەتكەن ھالەتتە ئىدى ، ـــ سىز بىردەم ئۇخلىۋېلىڭ !

ـــ يىپىڭ ، ـــ دادامنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ماڭا تىكىلگەنىدى ، ـــ

www.uyghurkitap.com

مەندىن باشقا ئادەم ھېسسىياتنى چۈشەنمەيدۇ ، دەپ قارىما ، مەنمۇ چۈ-شىنىمەن ! يىپىلىك ، مۇھەببىتىڭنى قولدىن بېرىپ قويما ! ئۇ سېنىڭ بو-سۇغاڭدىكى ۋاقتىدا ئۇنى چىڭ تۇت ! يىپىلىك ! سۆزۈمنى ئېسىڭدە ساقلا ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ، كېيىن پۇشايمان قىلما !

— دادا ! — دەپ تولغۇەتتىم ، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى . يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك سانجىپ ئاغرىپ كەتتى ، بېشىمنى بىر يانغا بۇراپ تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ياشلىرىمنى يوشۇردۇم . پۇرسەت قول-دىن كەتكەن ، مېنىڭ پۇرسىتىم كەلمەسكە كەتكەندى !

ئارزۇ – تىلەكلەر چىقىپ بىر يەردىن ،
يېتىش مۇرادقا مۇمكىنمۇ زادى ؟

دادام يەنە بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئوقۇدى ، مەن ئۇنىڭغا تۈي-دۇرماي كۆز يېشىمنى سۈرتتۈم ، بۇرۇلۇپ قارىسام ، دادامنىڭ كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلۇۋاتقانىكەن . ئۇ ئىنتايىن چارچىغان ، ئۇزاققا سوزۇلغان ھې-كايە ۋە ھاياجان ئۇنىڭ مادارىنى قويمىغانىدى . مەن دادامغا قاراپ تۇر-دۇم ، ئۇ يەنە كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ قويدى ۋە بوش ئاۋازدا :

— ئۇ قىزنىڭ فامىلىسى دىڭ ، ئىسمى يىڭپىڭ ، شىنپىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئوخشىشاتتى !

دادام شۇنى دەپ بولۇپ ، ئاستا – ئاستا ئۇخلاپ قالدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يوتقاننى ئاۋايلاپ تارتىپ يېپىپ قويدۇم . ئېڭىكىمنى تىرىگىنىمچە دادامنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردۇم . دادامنىڭ بىز ھەدە – سىڭىل بىرنەچچەيلەنگە ئىسىم قويغاندا نېمە ئۈچۈن پىڭ ھەر-پىنى ئىشلەتكەنلىكىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم . دېمەك ، بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىكەن – دە !

دادامغا ۋۇجۇدۇمدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بالىلىق مېھرىم بىلەن قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم .

دادامنىڭ كېسىلى سوزۇلۇپ كەتتى ، ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىغا بارغاندا ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىمۇ قىيىنلىشىپ قالدى . ئەتىگەندىن –

كەچكىچە دادامنىڭ يېنىدا بولاتتىم ، بۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە خې شۈخۈەننى ئۇنتۇپمۇ قالدىم . شۇنداقتىمۇ كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ ئازاپ چېكىپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم . ئاپامنىڭ سىنچىلاپ ئىچ ئاغرىتىپ قاراشلىرىدىن يۈرىكىم سىقىلاتتى ، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرى كېچە ـ كۈندۈز ئارام بەرمەيتتى . قانچە ـ قانچە تۈنلەر بېشىمنى ياستۇققا تىقىۋېلىپ ، كەينى ـ كەينىدىن شۈخۈەننى چاقىردىم ، قانچە قېتىملاپ ئىشىككە يۈلەنگىنىمچە يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا مۆجىزە يۈز بېرىشىنى كۈتتۈم . قانداقلا بولمىسۇن بۇ دەردكە چىدىدىم . بەزىدە دادام ماڭا سوئال نەزەرىدە قاراپ قوياتتى ، بىرقېتىم ئۇ شۈبھە بىلەن سوراپ قالدى :

ــ خې شۈخۈەن نېمە ئۈچۈن مېنى يوقلاپ كەلمەيدۇ ؟

ــ ھە ، ئۇ . . . ئۇ . . . ــ ئالدىراشلىقتا باھانە سەۋەبمۇ تاپالماي قالدىم ، بىرھازادىن كېيىن تىلىم گەپكە كەلدى ، ــ ئۇ بىر ئىش بىلەن جەنۇبقا كەتكەن !

دادام كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا قارىدى . مېنىڭچە ، ئۇ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدى ، تەمتىرەپ قالدىم . دادامنىڭ سوئالى مېنى يەنە ئازابقا سالدى . شۈخۈەن ، بەلكى ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندۇ ! ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بەك يىراقتۇ ! ئەمدى بۇ ئىسىم ماڭا ئىلگىرى تونۇشقان ۋە يېقىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ ئىسمىدەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى .

بۈگۈن ئادەتتىكىدەك دوختۇرخانىغا كېلىپ دادام ياتقان ئۆيگە كىرسەم ، بىرنەچچە ساقچى دادامنىڭ كارىۋىتىنى ئورىۋېلىپ گەپ سوراۋېتىپتۇ . يۈگۈرۈپ دادامنىڭ يېنىغا كەلدىم . دادام ھاياجان ئىچىدە ھاسىراپ تۇرۇپ ، ئارانلا سۆزلەۋېتىپتۇ :

ــ سىلەر . . . ئۇنى تۇتۇۋالغان بولساڭلار ، دەر . . . دەر . . . دەرھال ئېتىۋېتىڭلار . . . چۈشەندىڭلارمۇ ؟ ئېتىۋېتىڭلار . . . ــ مەن تەئەججۈپ ئىچىدە ساقچىلار بىلەن دادامغا قاراپ قالدىم . نېمە ئىشتۇ ؟ يەنە نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن ساقچىلاردىن سورىدىم :

— نېمە ئىش ؟

— سىز كىم بولىسىز ؟ — ئۇلار قايتۇرۇپ سورىدى مەندىن .

— مەن ئۇنىڭ قىزى ! — دېدىم دادامنى كۆرسىتىپ .

— ۋاڭ شۆچىن سىزنىڭ نېمىڭىز ؟

شۆ ئاچام ! زادى نېمە ئىشتۇ ؟ دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە چۈشىنەلمەي .

— ئۇ ، مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس ، دادامنىڭ كىچىك خوتۇنى . ئۇ نېمە بوپتۇ ؟ سىلەر نېمىنى تەكشۈرمەكچى ؟

— شۆچىن ! — دېدى دادام ھاياجان ئىچىدە گەپ قىستۇرۇپ ، — ئۇنى . . . تۇ . . . تۇتۇۋاپتۇ .

— ھە ، — دېدىم مەن ئەندىكىپ ، — سىلەر شۆ ئاچامنى تۇتۇۋالدىڭلارمۇ ؟

— گېزىت كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ — بىر ساقچى سورىدى ، — بىز بىر ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى پاش قىلدۇق ، ۋاڭ شۆچىنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىكەن ، ھازىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوغۇل بالا بار ، ئۇ سىزنىڭ ئىنىڭىزمۇ ؟

ئەتكەسچىلىك دېلوسى ! ئۇنداقتا ۋېي گۇاڭشيۇڭنىمۇ قولغا ئالغانمىدۇ ؟ مەن ئۇھ تارتىۋالدىم ، ئاسمانغا چىقسىمۇ تورغا چۈشىدىكەن ، قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن - دە ! ئەھۋالدىن قارىغاندا ، تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىكەن ! مەن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن . بىرھازادىن كېيىن ، ساقچىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش يادىمغا كەلدى :

— ياق ، ئۇ بالا ، مېنىڭ ئىنىم ئەمەس ، شۆ ئاچامنىڭ ئوغلى !

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ — ساقچى ماڭا تىكىلىپ سورىدى .

— ئۇ بالا ۋېي فامىلىلىكنىڭ ئوغلى ! سىلەر ۋېي فامىلىلىكنىمۇ تۇتتۇڭلارمۇ ؟

— گېزىتكە يېزىلغان ! گېزىتتىن كۆرۈڭ ! — دېدى ساقچى تا-

قەتسىزلىنىپ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇردى .

ساقچىلار كېتىشى بىلەنلا ، ئالدىراپ ــ تېنەپ يېقىنقى ئىككى كۈنلۈك گېزىتنى ئاختۇردۇم . يېقىندىن بۇيان كەينى ــ كەينىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ باش قېتىنچىلىقى بىلەن بولۇپ ، ھېچنېمىگە يېتىشەلمىگەن تۇرسام ، گېزىت كۆرگۈدەك ئارامچىلىق نەدە ! ئالدى بىلەن تۈنۈگۈنكى گېزىتنى ئېلىپ قارىۋىدىم ، ئۈچىنچى بەتتىكى بىرىنچى خەۋەرگە كۆزۈم چۈشتى :

پاش قىلىندى جىڭگاڭدا چوڭ ئەتكەسچىلىك دېلوسى ،
بار ئۇنىڭدا كىيىم ، پەردازلىق ، زەھەرلىكنىڭ ھەممىسى .

يېنىدا ئوتتۇرا ھەرپ بىلەن يېزىلغان ماۋزۇ بار ئىدى :

باش جىنايەتچى ۋېي گۇاڭشيۇڭ ،
لى مىڭتىيەن قۇتۇلالمىدى توردىن ،
بۇ دېلونىڭ قىممىتى ئاشىدۇ ، مۆلچەردە مىليون يۈەندىن .
قولغا چۈشتى بىر يولىلا ، قېچىپ كېتەلمەي تاڭ سەھەردە ،
ئىزغا چۈشكەچ يىپ ئۇچىدىن ، يېتىپ خەۋەر بولۇپ پېيىدە .

مەن گېزىتنى بىر ــ بىرلەپ ئوقۇپ چىقتىم ، رەسمىي ئېلان ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ، بىرىلگەن خەۋەرمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى . قىسقىچىلا قىلىپ : « ئىلگىرىلا ۋېي گۇاڭشيۇڭنىڭ ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتى بارلىقى توغرۇلۇق گۇمان بولۇنغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىنغان ، تۈنۈگۈن سەھەر ئۇلار ئەتكەس ماللارنى ئوغرىلىقچە يۆتكەۋاتقاندا ، ئادەم ۋە زاڭ ماللار بىر يولىلا قولغا چۈشۈرۈلدى » دېيىلگەنىدى . گېزىتتە شۇ ئاچام تىلغا ئېلىنمىغان ، يىپ ئۇچىنىڭ مەنبەيىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان . روشەنكى ، بۇ ھېلىقى كۈنى كەچتە مەن ئۇلارغا يەتكۈزگەن خەۋەرنىڭ نەتىجىسى ئىدى . قولۇمدىكى گېزىتنى كۆرۈپ بولۇپ ، بۈگۈنكى گېزىتنىمۇ تاپتىم . دېگەندەك ، بۇ گېزىتتىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ

تۇرىدىغان بىر خەۋەر بولۇپ، ئۇچىنچى بەتنىڭ ئۈستۈنكى ئۈستونىدا ئىدى:

گاگتەيدىكى[1] ئەتكەسچىلىك ئىچىدە بار قالتىسلىرى،
تەكشۈرۈلۈپ ئىنىقلاندى كاتتا مەبلەغ مەنبىيى.
لۇ دىگەننىڭ خوتۇنى ۋاڭ شۈچىن ئىلىندى قولغا،
پۇلنى ئىلىپ قاچقان دىلو ئاشكارىلاندى پۈتۈن ئەلگە.

مەن گىزىتنى قويۇپ قويدۇم، بىردىنلا كۆڭلۈمدە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولمايدىغان بىر تۇيغۇ، گاڭگىراش ۋە بىئاراملىق پەيدا بولدى. مانا، شۈ ئاچام قولغا ئىلىندى. قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. رۇپىلىڭ ئۆلدى، «ئۇياق» بەربات بولدى. ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، يامغۇرلۇق كىچىدە «ئۇياق» نىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ياغدۇرغان قارغىشلىرىم ۋە ئىچكەن قەسىمىم بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى مەن مۇرادىمغا يەتتىم! مەن دادامنىڭ كارىۋىتىنىڭ يىنىدا، ئۇنىڭ قاقشال تىنى، ياداڭغۇ چىرايى ۋە غەلىتە نۇر چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئىختىيارسىز پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ھەسرەتلىك تۇيغۇ قاپلىۋالدى.

— يىپىلىڭ! — دادام تۇساتتىن مىنى چاقىردى، مەن ئىگىشىپ قارىدىم. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى تورۇستىكى تاختايغا تىكىلگەنىدى.

— شۈچىن قولغا ئىلىنىپتۇ، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كىتىدىغان بولدۇم، — دىدى ئۇ بوشقىنا.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدىم. دادامنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغاندا، چىرايىدىن ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى زەئىپ ئىپادىسىمۇ يوقىلىپ بىر جەسەتكىلا ئوخشىشىپ قالدى. قاراۋېرىشكە يۈرىكىم چىدىماي تەتۈر قارىۋالدىم.

---

[1] گاڭتەي — شياڭگاڭ، تەيۋەن.

# 13

شۇ ئاچام بىلەن ۋېي گۇاڭشيۇڭنىڭ ئەتكەسچىلىك دېلوسى ئۈستىدىن نويابىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلدى. ۋېي گۇاڭشيۇڭ ئون بەش يىللىق، شۇ ئاچام يەتتە يىللىق كېسىلدى، ئەتكەسچىلىك بۇيۇملىرى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ خەۋەر بېسىلغان گېزىتتە ئېرجىيې تىلغا ئېلىنمىغانىدى. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچ ئىزدەك ـ سورىقىنىمۇ قىلالمىدىم. شۇ ئاچام ئېلىپ قاچقان پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، مەنمۇ سۈرۈشتە قىلمىدىم. ئەمەلىيەتتە دادام بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشلارغا ماڭغۇدەك ۋاقتىمۇ چىقىرالمىدىم. دادام نويابىرنىڭ باشلىرىدىلا سۆزدىن قالدى. شۇنداقتىمۇ زېھنى ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. بەزىدە ماڭا گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىھۇدە ئاۋارە بولاتتى. تىلى قېتىپ قالغاچقا، ئاۋازىمۇ چىقمايتتى. چەكچەيگەن كۆز-لىرىدىن ئوت چاقناپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ مۇشۇنداق ئازابلىنىۋاتقان چاغلاردا، ئۇنىڭ ئورنىدا گەپ قىلغۇم، پەۋقۇلئاددە ئېھتىدارىغا ئىگە بو-لۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلگۈم كېلىپ كېتەتتى. بۇ ھال ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ لەۋلىرىنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ مادارى قالمايتتى، كۆز قارىچۇقلىرىنى پىلدىرلىتىپ، كۆزىنى ئېچىپ ـ يۇمۇشتىن باشقىغا قۇربى يەتمەيتتى.

مەن دادامنىڭ كارىۋىتىدىن نېرى كەتمەي، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھا-ياتلىقنىڭ تەسلىكتە، ئاستا ـ ئاستا تۈگەۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇشتەك چىدىغۇسىز ئازابنى تارتماقتا ئىدىم. بەزىدە ئۇ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولغىنىدا، ئۆزۈمنى تۇتالماي تەتۈر قارىۋېلىپ، ئىچىمدە: «بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال! ھەي خۇدا، ئۇنىڭ جېنىنى ئالساڭچۇ! ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇت-قۇزساڭچۇ!» دەپ تىلەيتتىم.

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، دادام ئورۇۋقلاپ بىر تېرە بىر

ئۇستىخان بولۇپ قالدى ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، قوۋۇق قاشلىرى ۋە ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ ئەرۋاھقىلا ئوخشىشىپ قالدى . تارىختىكى مەشھۇر شەخس ، جاھاننى سورىغان ، ھەيۋىتى تاغلارنى تىترەتكەن ئۇ جىنخۇا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ ئامال ـ چارىسىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى ! ھاياتلىقنىڭ چېكى مۇشۇمۇ ؟ نېمىدېگەن پاجىئە بۇ ! ئاڭ بىلەن ئىدراك دادامنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى . ئۇ ، مىدىرلىيالماي ياتقىنى بىلەن تەپەككۇردىن توختىمىغانىدى . ئۇنىڭ ئازابىنى مەنلا تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم . ئۇ كېچە يۇ كۈندۈز پارقىراپ قاراپ يېتىپ نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ ؟ باللىق دەۋرىدىكى غۇربەتچىلىكنىمۇ ؟ ئوتتۇرا ياشلىق ۋاقتىدىكى زالىملىقىنىمۇ ؟ ياكى ياشانغان چېغىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتنىمۇ ؟ تەبىئىيكى ، بۇ خىياللار ئۇنى قىينىماقتا ئىدى ، بەلكى ئۆلگۈچە قىينايتتى . شۇڭا ، ھاياتلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر يۈككە ئايلىنىپ قالغانىدى !

بىر كۈنى ، مەن دادامنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدا جېك لوندوننىڭ « دېڭىز بۆرىسى » دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم ، ئاخىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ، كىتابنى قويدۇم ـ دە ، دادامغا قارىغىنىمچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . جېك لوندون يازغان « دېڭىز بۆرىسى » نەقەدەر قەيسەر ئادەم ـ ھە ! دادامۇ شۇنداق ئادەم ئەمەسمىدى ؟ ئەپسۇسكى ، ھەرقانچە قەيسەر ئادەممۇ ئۆلۈمنى يېڭەلمەيدىكەن ! شۇ ئەسنادا كاللامنى ھاياتلىق ئۈستىدىكى شۈبھىلىك ۋە سىرلىق خىياللار قاپلاپ ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم .

دادامنىڭ كۆز قارىچۇقى بەكلا پىلدىرلاپ كەتتى . روشەنكى ، كۆڭلىدە ئىزھار قىلماقچى بولغان بىر ئىشى بار ئىدى . مەن ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈلدۈم ، ئۇ ماڭا مىختەك تىكىلدى ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى نېمىگىدۇر تەلمۈرەتتى . مەن كىچىك شىرەدىكى ئىستاكاننى ئالدىم ، ئۇ ماڭا ھەر قېتىم تەلمۈرۈپ قارىغاندا ئىپادىلەيدىغان بىردىنبىر تەلىپى شۇ ئىدى . قوشۇق بىلەن ئىستاكاندىن قايناق سۇ ئېلىپ ئىچكۈزمەكچى بولدۇم . لېكىن ئۇ ئاچچىقلاپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى . مەن ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەيتىمەن . ئىستاكاننى قويۇپ ، نېمە قىلارىمنى بىل-

مەي سورىدىم :

— دادا ، بىرنېمە كېرەكمۇ ؟

ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى . شۇ تاپتا ئۇ قەلبىدە تاشقىنلاۋاتقان كۆڭۈل ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىيەلمەۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇناتتىم . ئامال قانچە ، كېيىنكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قورالى تىل بولمىسا ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىش نەقەدەر قىيىن — ھە ! مەن دادامنى چۈشىنىشنىڭ ھېچ ئامالىنى قىلالماي ، ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم .

— دادا ، ئازابلىنىۋاتامسىز ؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟

كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ، كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ غەزەپ ئىلكىدە پىلدىرلاشلىرىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى مەلۇم ئىدى . مەن قاشلىرىمنى يىمىرىپ يەنە سورىدىم :

— دادا ، قايسى ئىشلارنى بىلمەكچىسىز ؟ مەن بىر — بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي ، بولامدۇ ؟

مەن ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ، ئۆزۈم بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ، شۇ ئاچامنىڭ كېسەلگەنلىكى ، مېڭىپىڭنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققانلىقى ، ئېرخاۋنىڭ يېرىم كۈن ئوقۇپ ، يېرىم كۈن ئىشلەۋاتقانلىقى . . . قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردىم . ئەلۋەتتە ، ئۆي — جاينىڭ سېتىلغانلىقى ، ئېرخاۋنىڭ نامراتلا كۈلبىسىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ، مېڭىپىڭنىڭ سالامەتلىكىنىڭ يەنىلا ناچارلىقى ۋە خې شۇخۇەنىڭ مېنى تاشلاپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش شۇم خەۋەرلەرنى يوشۇردۇم . مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىنمۇ ، دادامنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇردى . ئاخىرىدا ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى . روشەنكى ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم .

مەن كارىۋاتقا يۆلەنگىنىمچە ، دادامغا تىكىلىپ ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدىم . ئۇ ماڭا نېمە دېمەكچىدۇ ، ياكى مېنىڭ ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيىشىمنى ئۈمىد قىلغانمىدۇ ؟ مەن ئۇنى چۈشەنسەمكەن — ھە ! شۇ ئارىلىقتا ، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى قورۇقلىرىنى

www.uyghurkitap.com

بويلاپ ئېقىپ چۈشتى . بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم . بۇ ھال مېنى ھەرقانداق ئىشتىنمۇ بەك لەرزىگە سالدى ! لۇجېنخۇا ! ياق ، ئۇ يىغلىمايدۇ ، كۆز يېشىنى ئېقىتمايدۇ ! ئۇ بىر يىلپىز ، غەيۇر يىلپىز ، ئۇ كۆز يېشىنى ئېقىتمايدۇ ! مەن ھاياجان ئىچىدە توۋلىدىم :

ــــ دادا !

دادام قايتا كۆزىنى ئاچتى ، ئۇنىڭ نەمدەشكەن كۆزلىرى ئاۋۋالقىدەكلا روشەن ئىدى . ياش ۋاقتىدا بۇ كۆزلەر سۆزسىز چىرايلىق ئىدى ! تـوغـرا ، ئىبرخاۋ ماڭا سىنىڭمۇ كۆزۈڭ دادامغا ئوخشىشىدۇ دېگەنىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئىبرخاۋنىڭمۇ كۆزلىرى دادامنىڭكىگە ئوخشىشاتتى . دادامنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى ئىبرخاۋ بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۆزلىرىگە قارىغاندەك قاراپ تۇراتتىم . پىغانىم ئۆرلەپ ، قايغۇغا چۆمدۈم ، ئۆزۈمنىڭ دادامغا نەقەدەر يېقىن ئىكەنلىكىمنى مانا ئەمدى ھېس قىلدىم .

دادامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى ھەسرەت بىلەن مېنىڭ چىرايىمغا تىكىلدى ، كارىۋاتقا يۆلەنگىنىمچە ، مەنمۇ ھەسرەت بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم . دادامنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى بىر كۈن كەچكىچىلا مېنىڭدىن ئۈزۈلمىدى .

كەچتە ، ھېرىپ ـ چارچاپ ئۆيگە كەلگىنىمدە ، ئىچكىرىدىن پېئانىنو ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئوبدان چالالمايۋاتقىنىغا قارىغاندا ، بۇ ئاپام ئەمـەس ئىدى . ئىشىكنى چەكتىم ، پىئانىنو ئاۋازى توختىدى . فاڭ يۈ ئىشىكنى ئاچتى ! مەن ھاڭ ـ تاڭ قالدىم :

ــــ خېلىدىن بۇيان كۆرۈنمىدىڭغۇ ؟

فاڭ يۈ گەپ ـ سۆز قىلماي كۈلۈپ قويدى . ئۆيگە كىرىپ سۇپىغا چىقتۇق :

ــــ يىپىڭ ، سەن جەزمەن ھەيران قالىسەن ، مەن موناخ بولىدىغان بـولدۇم ، ــــ دېدى فاڭ يۈ پىئانىنوغا يۆلەنگىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ .

ــــ نېمە ؟ ــــ مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم .

ــــ كېلەر يەكشەنبە كۈنى رەسمىي موناخ بولىمەن . يېڭى ھايات جەنۇبىي يولىدىكى چېركاۋدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ ، سېنىڭ قاتنىشىپ

بىرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن .

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ ؟

— ئەقلىمدىن قىلچە ئازمىدىم !

— مەكتىپىڭنى قانداق قىلىسەن ؟

— ئوقۇمايمەن !

— نېمە ئۈچۈن ؟

— بۇ دۇنيادا ياشايمەن دېسەڭ ، ماڭىدىغان يول تۇتۇشۇڭ كېرەك ، شۇنداقمۇ ؟ بۇ ، مېنىڭ تۇتقان يولۇم ! بۇنىڭدىن كېيىن ، مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىم ئارام تاپىدۇ ، مەندە تەڭرىنىڭ ئىرادىسىلا بولىدۇ . تونۇش ، زىددىيەت ، ئارزۇ - ئارمان ۋە ئىچ پۇشۇقى دېگەنلەردىن خالىي بولىمەن !

— سەن دېنغا ئىشىنىش ئۈچۈنلا بۇ يولنى تۇتمىدىڭ ! سەن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن ! — دېدىم چىڭ - چىڭ سۆزلەپ ، — سەن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتىسەن ، بۇ دۇنيادىن نېرى بولماقچىسەن ، ئۆزۈڭنىڭ ھېسسىياتىدىن قېچىۋاتىسەن !

— بەلكى شۇنداقتۇ ! — دېدى فاڭ يۈ بوشقىنا .

— فاڭ يۈ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق ئەمەس ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولنى تۇتۇۋېلىپ سەمىمىي ھالدا .

— مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ ؟

مەن مەڭدەپ قالدىم . شۇندىلا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تېگىرقاش ، ھاياتلىقتىكى مەنىسىزلىكلەرنى ھەل قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم .

— بىلمەيمەن ، — دېدىم پەس ئاۋازدا .

— سەن ئۆز يولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىل ، — دېدى فاڭ يۈ ، — جاۋاب بەرگىنە قېنى ، سەن ھەل قىلالىدىڭمۇ ؟

مەن گەپ - سۆز قىلمىدىم .

— سەن تېخىمۇ كۆپ ئىش تېرىۋالدىڭ ، — دېدى فاڭ يۈ .

— ئېھتىمال سەنمۇ تېخىمۇ كۆپ ئىش تېرىۋالارسەن ، — دېدىم

مەن .

ئۇ كۈلۈپ قويدى

— قوي ! فاك يو ، — دېدىم مەن يەنە ، — سەن ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوقۇۋېلىشىڭ كېرەك . . .

— ئۇنىۋېرسىتېتتا ماڭا ئېھتىياجلىق نەرسە يوق !

— موناستىردا بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم سەل خاپا بولۇپ ، — مېنىڭ بىلىشىمچە ، سەن ئېھتىياجلىق نەرسە مۇھەببەت !

— ئىلگىرى شۇنداق ئىدى ، ئەمدى مەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ رىجەلىرىنى تاپماقچىمەن . . .

— ئۆزۈڭ ئېيتىمەنكى ، سەن موناستىردا . . .

— يېپىڭ ! — ئۇ تووۇلىۋەتتى .

مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم ، شۇندىلا مەن ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم . بىرپەس سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن :

— ساڭا خۇشاللىق تىلەيمەن ، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بوش ئاۋازدا .

— ساڭىمۇ خوشاللىق تىلەيمەن ، — دېدى ئۇ .

بىر - بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە ، ھەسرەت بىلەن كۈلۈشۈپ قويدۇق . ئەمدى بىزگە خۇشاللىق نەدە تۇرۇپتۇ ! ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا ئۆزىمىزگە ئىش تېرىۋېلىپ ، ئۇنى ھەل قىلالمايۋاتقانلاردىن ئىدۇق .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ھەر كۈندىكىدەك دوختۇرخانىغا ماڭدىم يول بويى فاك يۇنى ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى تاشلاپ قويۇپ موناخ بولىدىغانلىقىنى ، ئۆزۈمنى ، دادامنى ئويلاپ پەرىشان بولدۇم . دادام ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇدۇل دادامنىڭ كارىۋىتى تەرەپكە ماڭدىم . بايىقىدەك بىر تالاي مەسىلىلەر كاللامنى چۇلغىۋالغان بولغاچقا ، كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا شاپپىدە توختاپ ، ئىشەنمىگەن ھالدا كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قالدىم . دادام تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت ياتقان كارىۋات قۇرۇق تۇراتتى .

— لۇ خېنىم !

بىر سېستىرا يېنىمغا كېلىپ ، ھېسداشلىق بىلەن قولىنى مۈرەمگە قويدى . تۆت ئايدىن بېرى مەن ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كەتكەنىدىم .

كارىۋاتقا تىكىلگىنىمچە قاققان قوزۇقتەك تۇراتتىم . مېگەم ئېلىشىپ تەپەككۇر ئىقتىدارىمنى يوقاتقانىدىم ، دادام ۋە قۇرۇق كارىۋات ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلمەيتتىم . مەن چېچىلغان ئوي - پىكرىمنى يىغىشقا تىرىشىپ كۆردۈم . ئەمما ، مېگەم قېتىپلا قالغانىدى .

— لۇ خېنىم ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، بۇ كۈن ھامان كېلەتتى .

سېستىرانىڭ گەپلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن يېنىككىنە ئۆتۈپ كەتتى . ھامان كېلەتتى ، نېمە كېلەتتى ؟ دادامـمۇ ؟ قۇرۇق كارىۋاتمۇ ؟ كاللامنى بىر سىلكىۋېتىپ ئۆزۈمنى سەگىتتىم ، ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەندىم . كارىۋاتتىن كۆز ئۈزمەي چوڭقۇر بىر تىنىۋالدىم . بۇ كۈن ئاخىر كەلدى ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ دادام ھايات يولىنى بېسىپ بولغان ، ئەمدى ئۇ ئالەمگە كەتكەنىدى .

مەن يەنىلا مىدىرلىماي تۇراتتىم ، سېستىرا مۈرەمگە ئۇرۇپ قويۇپ ، ئىختىيارسىز مېنى يەنە چاقىردى :

— لۇ خېنىم !

مەن بېشىمنى يەنە سىلكىدىم ، ھوشۇمغا كەلدىم . لېۋىمنى چىشلەپ قويدۇم ، ئۆزۈمنىڭ بوش چىققان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم

— قاچان جان ئۈزدى ؟ — دەپ سورىدىم ئەلەم بىلەن .

— كېچە سائەت ئۈچتە ، بەكمۇ تىنچ كەتتى .

شۇنداقمىدۇ ؟ ئۇنىڭ راستلا تىنچ كەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن ؟ ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قانداق ئويدا بولغانلىقىنى كىم چۈشەنسۇن ؟ كۆز چاناقلىرىمغا تولغان ياش كۆز ئالدىمنى خىرەلەشتۈرۈپ ، مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى . مەن بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ، دادام ياتقان كارىۋاتقا ئېگىشىپ قارىدىم ، كارىۋاتقا پاكىز ئەدىيال ۋە ياستۇق قېپى ئالماشتۇرۇلغانىدى ، دادام مۇشۇ كارىۋاتتا ياتقاندەكلا غۇۋا سېزىمدە ئىدىم . كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ياستۇق قې-

پىنى ئاستا سىلىدىم ، يېڭى ئالماشتۇرغان ياستۇق قېپى قاتتىق ۋە تىك-كىدە تۇراتتى ، ئەدىيال مۇزدەك سوغۇق ئىدى . يەنىمۇ ئېگىزسىپرەك ، پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىغۇدەك بوش ئاۋازدا دادامنى چاقىردىم :
— دادا . دادا .

شۇئان ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۆزۈمنى پەقەتمۇ باسالمىدىم . ياستۇق قېپىنى مىجىقلىغىنىمچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم ، دادامنى تۇنجى قېتىم قان-چىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم . مەن زادىلا ئېتىراپ قىلماي كەلگەن بۇ تۇيغۇ شۇ قەدەر سەمىمىي ۋە كۈچلۈك ئىدى . يامغۇر كەبى قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىم ، جىسمىمغا پاتمىغان غەم ـ قايغۇلار ، ئۇنتۇشقا ، خىيالىمغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشىپ كەلگەن ئىشلارنى — مېنى تاشلاپ كەتكەن شۇخۇەن ، مېنىڭ تۇپەيلىمدىن ئۆلۈپ كەتكەن رۇپىڭ . . . لارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم . شۇنىڭ بىلەن يۈرەك باغرىم پارە ـ پارە بولدى .

مەن ئۆزۈمنى توختىتالماي ئۇزاق يىغلىدىم . شۇ تاپتا مەن دادامغا بىرنەچچە ئېغىز ، بىرنەچچە ئېغىزلا گەپ قىلىۋېلىشقا بەكمۇ تەشنا ئى-دىم ! مەن ئۇنىڭغا ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، مەن سىزنىڭ قىزى-ڭىز ، مەن ئەزەلدىن سىزگە ئۆچ ئەمەس ئىدىم ، دەۋالساملا بولاتتى . مەن ئۇنى قارغىغانمۇ ؟ دۈشمىنىم دەپ قارىغانغۇ ؟ راستمۇ ؟ مەن ئۇنى يامان كۆرگەنمۇ ؟ توغرا ، شۇنداق قىلغانمەن ، دادام جان ئۈزۈش ئالدىدا مې-نىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىشكە قانچىلىك تەشنا بولغان ـ ھە ! مەنمۇ بۇنى دادامغا بىلدۈرۈشكە تەشنا بولغانغۇ ! ئەپسۇسكى ، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتىم . مانا ئەمدى دادام كەتتى . ئۆمرىدە ئۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى . ھەتتا بىر قىزىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمىدى !

— لۇ خېنىم ، دادىڭىز كۆز يۇمدى ، ئەمدى يىغلىغانىڭ پايدىسى يوق ! كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ! — سېستىرا ماڭا تەسەللى بەردى .

ئەمدى پايدىسى يوق ! بىلىمەن ! ئەمدى ھەر قانچە ئۆكۈنگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق ! مەن دادامنىڭ ئۆلگىنىگە ئەمەس ، ئۆزۈمنىڭ ھا-



www.uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ماقەتلىكىگە يىغلايتتىم ، قولۇمدا بارىدا قەدىرگە يەتمەي ئۆزۈم تاشلىۋەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە يىغلايتتىم ! تۇنۇگۈن دادامنىڭ ماڭا گەپ قىلىشقا تەمشەلگەنلىكىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . دېمەك ، دادام ئۆزىنىڭ جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىپتىكەن ـ دە ؟ ئۇ مېنىڭ نېمىلەرنى دېيىشىمنى ئۈمىد قىلغان بولغىيدى ؟ مەن ئۇنىڭ غەرىزىنى مەڭگۈ چۈشەنمىسەم كېرەك !

ـــ دادامنى بىر كۆرۈۋالسام بولامدۇ ؟ ـــ دېدىم يىغىدىن توختاپ .

سېسترا بېشىنى لىڭشىتتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن جەسەت ساقلايدىغان ئۆيگە ماڭغىنىمدا ، دادام بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان كېسەللەردىن بىرىنىڭ ئۇھ تارتىپ قويۇپ : « نېمىدېگەن ۋاپادار قىز ! » دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم .

ۋاپادار قىز ؟ مەن ۋاپادار قىزمۇ ؟ مەن دادامغا نېمە قىلىپ بېرەلىدىم ؟ « نېمىدېگەن ۋاپادار قىز ! » مەن راستتىنلا شۇنداقمۇ ؟ بۇ بەكمۇ بىمەنە ، بەكمۇ قىزىق دۇنيا ئىكەن !

دادام جەسەت ساقلايدىغان ئۆيگە ياتقۇزۇلۇپتۇ . مەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىپادىسىز چىرايىغا قارىدىم . تۈنۈگۈنلا ئۇ ماڭا قاراپ كۆز قارىچۇقلىرىنى پىلدىرلاتقان ، كۆزىنى ئېچىپ ـ يۇمۇپ ياتقانىدى . ئەمدى بۇ ئىپادىلەرمۇ يوق . ئۆلۈم دېگەن شۇ ، ھەممە ھەرىكەتتىن توختىغان ، ھەممە يوقالغان ، غەم ـ قايغۇمۇ ، خۇشاللىقمۇ يوق . ئىلگىرىكى غۇربەتچىلىكمۇ ، ئاسايىشلىقمۇ يوق . ئۆلۈم دېگەن شۇ ، شۇ ياتقىنىڭدا ئۇ كىمنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى ، كىمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغىنىنى نەدىن بىلسۇن ! مۇزدەك بـۇ مۇردىنىڭ روھىي دۇنياسىنى كىممۇ چۈشەنسۇن ! بۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسىنىڭ قانچىلىغان ئادەملەرگە تەسىر قىلغانلىقىنى كىممۇ چۈشەنسۇن ! ئەمدى ئۇنىڭدا قارا نىيەتمۇ يوق ، ئارزۇ ـ ئارمانمۇ يوق ، مۇھەببەت ـ نەپرەتمۇ يوق ! كۈلكە ، چاڭ ـ توزانغا ، تۇپراققا ئايلىنىشنى كۈتۈپ ياتماقتىن باشقا ھېچ ئىش يوق !

ئېھتىمال بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن بولسام كېرەك ، سېسترا ئاق

www.uyghurkitap.com

رەخت بىلەن دادامنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويۇپ، مېنى يېتىلەپ جەسەت ساقلايدىغان ئۆيدىن ئېلىپ چىقتى. كۆز يېشىمنى توختىتىپ ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، ھېساباتى ئۆيىگە چۈشۈپ، ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى تەمكىنلىك بىلەن داۋالاش ھەققىنى ھېسابلاشتىم.

داۋالاش ھەققىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، قولۇمدا ئون مىڭ كويدىن كۆپرەكلا پۇل قالدى. بۇ پۇل دادامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزۇتۇشقا ئارانلا يېتەتتى. دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئاپام قاتتىق قايغۇغا چۆمدى. مەن ئۇنىڭ ئۆمرى دادامنىڭ زورلاۋانلىقى ۋە زىيانكەشلىكىدە ئۆتكەچكە، دادامنىڭ ئۆلۈمىدىن مېنىڭچىلىك ئازابلىنىپ كەتمەيدۇ دېگەن ئويدا، ئاپامنىڭ ئالدىدا كۆپ يىغلاپ كەتمىدىم. كېچىدە قاراڭغۇ دېرىزىگە قارىغىنىمچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ:

— دادا! دادا! دادا! — دەپ كەينى-كەينىدىن چاقىردىم.

ئۇيقۇدىن بىدار بولغان كېچىلەردە، كۆڭلۈمدىكى ھەسرەت-نادامەتنى يىغا بىلەن تارقىتالمايتتىم. يىغانى نالە بىلەن تۈگىتەلمەيتتىم.

دادامنىڭ يەرلىكىنى رۇپىكىنىڭ يېنىدىن ئېلىش قارارىغا كەلدىم. بىر كۈن ئىلگىرى گېزىتكە ئاددىيلا مۇسىبەت خەۋىرى چىقاردىم. دادام ھايات ۋاقتىدا دوستىدىن دۈشمىنى كۆپ ئىدى. پەرىزىمچە، مەندىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن تەزىيە بىلدۈرمەيتتى. شۇڭا، ئۆز ئالدىمغا ئىش تۇتۇپ، تەزىيە مۇراسىمى ئاچىمەن دەپ يۈرمەي، يەرلىكىدە قويۇلىدىغان ۋاقتى ۋە ئورنىنىلا يېزىپ قويدۇم. ئىككىلىك خەت يېزىپ ئېرخاۋنىمۇ خەۋەردار قىلدىم.

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى، سوغۇق بارغانچە كۈچىيىۋاتقان چاغلار ئىدى. زاراتگاھلىقتا ئەتراپقا نەزەر سالدىم، گېزىتكە مۇسىبەت خەۋىرى بەرگەن بولسامۇ، دېگەندەك كۆزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا بۇ يەرگە كېلىپ بىر-ئىككى سائەت تۇرۇشنى خالايدىغانلاردىن بىرەرىمۇ چىقمىغانىدى. سەن بۇ دۇنيادا ھايات چېغىڭدا، تەرەپ-تەرەپتىن گۈل كېلۇر، سەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتساڭ، ئەمدى قېشىڭغا كىم كېلۇر دېگەندەك، ئىنسان شۇنداق ئەڭ رىئال مەخلۇق ئىكەن! ئېرخاۋ بىلەن مىڭ-

پىلك كەلدى . خېلىدىن بۇيان مېڭىپىڭنى كۆرمىگەنىدىم ، كىيىۋالغان ئاددىي كىيىمى ئۇنى خېلىلا سىپايىلەشتۈرۈپ قويۇپتۇ ، ئېرخاۋ ئىككىسى ماتەم كىيىمى كىيىۋېپتۇ . مەن بىردىنلا ھازىدار بولۇپ قالدىم . ئېرخاۋ ئالدىمغا كېلىپ ، پەس ئاۋازدا :

— بەكمۇ كېچىكىپ خەۋەر تېپىپتىمەن ، مەن قارىلىق كىيىپ ھازا تۇتسام بولاتتى .

— بولدى ، شەكىلۋازلىق قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ كۆرىدىغان ئادەممۇ يوققۇ ، زەپمۇزەپ ئۆلگەنگە زەپ ! — دېدىم مەن كۆزۈمگە ياش ئېلىپ . تۇۋا ، دادام ئۆلگەندە ئەجەب غېرىب بولۇپ قالدى ! مەن مېڭىپىڭغا قارىدىم ، ئۇنىڭ چىرايى بەكمۇ تاتىراڭغۇ ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دېسەم ، ئۇ ئىتتىك كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، رۇيىڭنىڭ قەبرىسىگە قاراپ جىممىدە تۇرۇۋالدى . بۇ قەبرىنى ئوت - چۆپ قاپلىغانىدى . ئۇنىڭ ماڭا ئۆچلۈكى كېلىپ ، قاراپمۇ قويمىغاچقا ، مەنمۇ شارتتىدە تەتۈر قاراپ ، گەپ - سۆز قىلمىدىم .

بۇ دورەممۇ ئاپام باش بولۇپ قەبرىگە بىر سىقىم توپا تاشلىدى ، تۆت ئاي بۇرۇن بىز رۇيىڭنى يەرلىكىدە قويغانىدۇق ، تۆت ئايدىن كېيىن دادامنى يەرلىكىدە قويدۇق . كەينى - كەينىدىن تاشلانغان توپا بىلەن قەبرە تولدى ، مەن مىدىر قىلماي قاراپ تۇردۇم . ئاپام يېنىمدا تۇراتتى ، بىر تامچە ياش توپا ئۈستىگە چۈشكەندە ، بۇ بىر تامچە ياشنىڭ ئاپامنىڭ ياكى مېنىڭ كۆزۈمدىن چۈشكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم شۇنىسى ئېنىقكى ، ئاپام ئاۋازىنى چىقارماي بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى .

يەر ئۈستىگە بىر قەبرە چوقچىيىپ چىقتى . بۇ ، ھاياتلىقتىن قېپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى نىشانە ئىدى . ئاپامنى يۆلەپ كەينىمىزگە ياندۇق ، بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا ، تۇساتتىن خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك ، ئالدىمغا قارىغىنىمچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم .

كىچىككىنە بىر تۈپ ياۋا ئەنجۈرنىڭ يېنىدا قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بىر ياش يىگىت قاققان قوزۇقتەك تۇراتتى . مۇنداق تۇ-

يۇقىرى يۈز كۆرۈشۈشتىن يۈتلىرىمدا جان قالماي ، پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى . ئاخىر ئاپامنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، ياۋا ئەنجۈر تەرەپكە ئىككى قەدەم تاشلىدىمۇ ، توختاپ قالدىم . ھەر ئىككىمىز شۇ تەرزدە بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە تۇرۇپ قالدۇق . بەدىنىمدە ئاي-لىنىۋاتقان قان پۈتۈنلەي تۈگەپ ، خۇددى ھارارەتتىن مەھرۇم بولغان-دەك ، قولۇم مۇزدەك قېتىپ قالدى . پەرىزىمچە چىرايىمدىمۇ جەزمەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ يىگىتكە ئوخشاش قان قالمىغانىدى .

— شۇخۇەن ، — يەنىلا مەن ئېغىز ئاچتىم ، ئاۋازىم تىترەپ كەتتى ، — سىزنى كەلمەسمىكىن دەپتىكەنمەن .

— مەن گېزىتتىن كۆردۈم ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش تىترەپ تۇراتتى .

— مەن سىزنى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى دەپ يۈرۈپتىمەن ، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى زورىغا توختىتىپ ماڭا سىڭىشمايدىغان تەكەللۇپ بىلەن .

— رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولدۇم ! — دېدى ئۇ ماڭا ئوخشاش يات تەلەپپۇزدا سوغۇققىنا .

— مېڭىش ۋاقتىڭىز بېكىتىلدىمۇ ؟

— كېيىنكى ئاينىڭ 15 ـ كۈنى .

— ئايروپىلاندىمۇ ؟

— ھەئە .

لېۋىمنى چىشلەپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . بىر ھازادىن كېيىن ، ئېسىمگە كېلىپ دېدىم :

— ھازىر بارغىنىڭىز بىلەن ئوقۇش باشلانمايدىغۇ ؟

— راست دەيسىز ، يېرىم يىل بىرەر ئىش قىلىپ ، ئوقۇش خىراجىتىنى راسلاپ ، كېلەر يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىن ئوقۇشقا كىرەي دەيمەن .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ئەمدى قىلغۇدەك گەپ قالمىغانىدى ئاپام قاچانلاردا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قالدىكىن تاڭ ؟ ئۇ ، خې

شۇخۇەنگە قاراپ مېنىڭدىنمۇ بەك ھاياجانلانغان ھالدا :

— شۇخۇەن ، مېڭىشتىن ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ . بىز سىزنى ئۇزىتىپ قويايلى ، بولامدۇ ؟ — دېدى سەممىي ئۈمىد بىلەن .

— بولدى ، رەھمەت چوڭ ئاپا ، — دېدى خې شۇخۇەن ئىنتايىن تۆزۈت بىلەن ، — ئۇزاتمىساڭلارمۇ بولار .

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئۆيگە بىر قېتىم كېلىشكە ۋەدە بېرىڭ ، — دېدى ئاپام يېلىنغان تەلەپپۇزدا .

— بەكمۇ خىجىلمەن . . . — دېدى خې شۇخۇەن ئارىسالدى بولۇپ ، ئۇ ، رۇيپىڭنىڭ قەبرە تېشىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى . قەبرە تېشىدىكى « لۇ رۇيپىڭ خېنىم قەبرىسى » دېگەن خەتلەرنى خې شۇخۇەن ئۆز قولى بىلەن يېزىپ ئويدۇرغانىدى .

ئاپام بىھۇدە ئاۋارە بولۇۋاتاتتى . چۈنكى ، قولدىن كەتكەن نەرسە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيتتى . شۇخۇەن ئىككىمىز ئەمدى يول ئۈستىدە تونۇشۇپ قالغان يات ئادەملەرگە ئايلانغان ، ئۆتكەنكى ئىشلار كەلمەسكە كەتكەنىدى . ئۇ ھالغا قايتىپ كېلىشىمىز مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . رۇيپىڭنىڭ روھىي بىزنى چىرمىۋالغان . ئۇ شۇ يەردە — خې شۇخۇەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى . مەن ھەسرەت ئىلكىدە ، ئەلەم بىلەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە تۇراتتىم . ئۇنىڭ سۇلغۇن چىرايى ۋە مىسكىن ھالىتى مېنىمۇ ئىپتقۇسىز ساراسىمىگە سالغانىدى . بىز قول تۇتۇشۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن چاغلار ، بېشىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا شەھەر ئەتراپىدا باھار سەيلىسى قىلغانلىرىمىز ، خۇددى بىر نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغاندەكلا ئىدى ! ئاپام يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى ، مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ ئالمان - تالمان :

— بوپتۇ شۇخۇەن ، خەير - خوش . سىز ماڭىدىغان كۈنى ، سىزنى ئۇزىتالمىسام كېرەك ، مۇشۇ يەردىلا سەپىرىڭىزگە خۇشاللىق تىلەيمەن .

— رەھمەت سىزگە ، يېپىڭ .

www.uyghurkitap.com

— كەلگۈسىدە . . . — مەن سەل توختىۋالدىم، بۇرنۇم بىردىن ئاچچىق بولۇپ كەتتى، ئاۋازىممۇ خىرقىراپ قالدى، — يەنە يۈز كۆرۈشىشىمىزگە نېسىپ بولغاي.

— ئىشىنىمەن . . . — ئۇ توختاپ قالدى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — ھامان بىر كۈنى كۆرۈشىمىز.

راستمۇ، شۇنداق بىر كۈن كېلەمدۇ؟ شۇ چاغدا، ئۇ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چەت ئەلدىن كېلەر. مەنچۇ؟ مەنمۇ «بالا - چاقىلىق بولۇپ» كېتەرمەن. گېلىم سىقىلغاندەك بولۇپ، كۆز ئالدىم خىرەلەشتى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېرىشكە يۈرىكىم چىدىمىدى. شۇڭا:

— خەير - خوش، شۇخۇەن، — دېدىم ئالمان - تالمان.

— خەير - خوش.

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق بوش چىقتىكى، ئارانلا ئاڭلىيالىدىم. ئاپامنى يۆلەپ، خۇددى قاچقاندەك تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. ئېرخاۋنىڭ خې شۇخۇەن بىلەن سالاملاشقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئىككى ساۋاقداش شۇنچە مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئەمدى ئۇلار دوستلۇقنى ساقلاپ قالارمۇ؟ مەن ئۇلار ئۈستىدە تەتقىق قىلىشنى خالىماي ئاپامنى يۆلىگىنىمچە تۆۋەنگە ئىتتىك چۈشۈپ كەتتىم. ئالدىمىزدىن ئۇرۇپ تۇرغان كۈز شامىلى تەزىيە كىيىمىمنى يەلپۈپ، غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە. غازاڭلارنى دەسسەپ، سانسىز قەبرىلەر ئىچىدىن ماڭماقتىمىز. دادام بۇ چۆلدەرەپ تۇرغان دۆڭلۈكتە قالدى! گەرچە ئۇ شۇنچە كۆپ خوتۇن ئالغان، بىر تالاي پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ھاياتى غېرىبلىقتا ئۆتتى. ئۆلۈمى تېخىمۇ غېرىب بولدى.

تۆۋەندە ماشىنىمىز ساقلاپ تۇراتتى، مەن ماشىنىغا ئاپامنى ئاۋۋال چىقاردىم. يېنىمىزدا يەنە ئىككى تاكسى تۇراتتى. بەلكى ئېرخاۋ بىلەن شۇخۇەن چۈشۈپ كەلگەن بولسا كېرەك. ماشىنىنىڭ ئىشىكىگە يۆلەنگىنىمچە، قاقاسلىق قاپلىغان بۇ دۆڭلۈككە قاراپ، پەرىشانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. بىرپەستىن كېيىن، ئېرخاۋ بىلەن مېڭىپىڭ تاغدىن چۈشۈپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خې شۇخۇەن يوق ئىدى. تاغنىڭ

ئۇستىدە ئۇ نېمىنى ئىزدەيدىغاندۇ ؟ يەنە نېمىگە تەزىيە بىلدۈرىدىغاندۇ ؟ ئېرخاۋ مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى ، ئائىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۇنى بەكلا ئۆزگەرتىۋەتكەن ، ئۇ بىر كىچىنىك ئىچىدىلا پىشىپ يېتىلگەندەك ، تەمكىنلىشىپ قالغانىدى . ئۆتكەنكىدەك يەڭگىل ، بايۋەچچە مىجەزىدىن ئەسەرمۇ يوق ، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ :

— ھېچقانداق ياردەم قىلالمىغىنىمغا خىجىلمەن ، — دېدى پەس ئاۋازدا .

ئۇنىڭ دېگىنى دادامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئىدى . مەنمۇ غەمكىن ھالەتتە ئۇنىڭغا :

— ھازا ئاچمىدۇق ، ئاددىيلا ئۇزاتتۇق . ئادەم ئۆلدى ، كەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە سۆلەتۋازلىق قىلغۇدەك قۇدرىتىممۇ يوق ، ئۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ، — دېدىم .

— راست دەيسەن ، — دېدى ئۇ .

مەن بىرپەس تۇرۇۋېلىپ سورىدىم :

— شۆ ئاچام قانداق ؟

— تۇرمىدە ، — دېدى ئۇ ، — ئېرجيېنى دارىلئېتامغا ئاپىرىپ بەردىم ، ئۇنىڭغا قارىغۇدەك چامام يوق .

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ، ئۇمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ :

— خەير - خوش ! — دېدى .

ئېرخاۋ بۇرۇلۇپ يېنىشىغا مېڭىپلا مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا بەك ئۇسال ، ئەمما ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا مىختەك قادالغان ، قەھر - غەزەپلىك ھالەتتە ئىدى . ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى - دە ، خۇددى تۇيۇقسىز پارتلىغاندەك ، ماڭا ھۇجۇمغا ئۆتتى :

— يېپىلا ، ئەمدىغۇ پۇخادىن چىققانسەن ؟ قىن - قىنىڭغا پاتماي كەتكەنسەن ؟ ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلدىڭ ، رۇيىگىنى ئۆلتۈردۈڭ ، ئاپامنى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدىڭ ، دادامنى بىمەزگىل ئۆلتۈردۈڭ ، سەن غەلىبە قىلدىڭ ! ئىنتىقام ئېلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭ ! ئەمدى بىر

تىزىق پۇجاڭزا ئېتىپ تەبرىكلىگىن ! ساقچىغا ئاخبارات يەتكۈزگىنىڭنى مېنى بىلمەمدىكىن دېمە ، سەن ئاپامنى تۈرمىگە سولاتتىڭ ، ئىنىمنى دارىلئېتامغا ھەيدىدىڭ ! يارايدىكەنسەن ! ئىنسانلار ئىچىدە سېنىڭدەك زەھەرلىك ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ ! بىر يىل ئىچىدىلا ، سەن پۈتكۈل ئائىلىمىزنى خانىۋەيران قىلىۋەتتىڭ ! ئاكام ئىككىمىزنى ئۆي ـ ماكانسىز قىلىپ قويدۇڭ ! بىلىپ قويغىنىكى ، يىپىڭ ! مېنى ئاكامغا ئوخشاش تەقدىرگە تەن بېرەمدىكىن دېمە ، غەزەپنىڭ باشلىنىشى ، قەرزنىڭ ئىگىسى بولىدۇ ، مەن سېنى بوش قويمايمەن ! ئاڭلاپ قوي ! كۆلدەك تۇزۇپ كەتسەمۇ سېنىڭدىن ئۆچ ئالماي قالمايمەن ! سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن ! سېنىڭ بىزگە نېمىلەرنى قىلغىنىڭ ئېسىڭدە بولسۇن ، مەن بىر ـ بىرلەپ ھېساب ئالىمەن ! ئېسىڭدە بولسۇن ! ئېسىڭدە بولسۇن ! مەن ئېسىڭدە بولسۇن ! سېنى ئۆلسەڭ ئۆلۈكۈڭنى قويغۇدەك جاي تاپالمايدىغان قىلىۋېتىمەن ! ئوتتۇرىمىزدىكى قەرز تېخى تۈگىگىنى يوق ، سەندىن ئالدىرىماي ھېساب ئالىمەن . . .

— ماڭايلى ! مىڭپىڭ ! — دېدى ئېرخاۋ مىڭپىڭنى تارتىپ ، مىڭپىڭ كەينىگە يېنىۋېتىپمۇ غەزەپ بىلەن تولۇلدى :

— سەن زەھەرلىك يىلان . رەزىل ئالۋاستى ، قانخور جاللات ! مەن ساڭا كۆرستىمەن ! رۇپىڭنىڭ ئەرۋاھىمۇ سېنى تىنىچ قويمايدۇ ! سەن مۇرادىڭغا يەت ، سەن خۇشال كۈل ! ئاخىر بىر كۈنى ساڭا بوزەك بولمايدىغانلىقىمنى كۆرستىپ قويىمەن ، قېنى كۆرۈپ قالارسەن . . .

ئېرخاۋ ئۇنى ماشىنىغا تارتىپ كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ماشىنىسى قوزغالدى . بىراق ، مىڭپىڭ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ۋە ماتور ئاۋازى ئىچىدىمۇ ، مېنى يەنە تىللىدى :

— يىپىڭ ! ئارىمىزدىكى ھېساب تېخى تۈگىمىدى . قوللىرىڭغا قاراپ باق ، قوللىرىڭدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولامدىكىن !

ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ئۇزاپ كەتتى ، مەن ماشىنىغا چىقىپ شوپۇرنى ھەيدەشكە بۇيرۇدۇم . يول بويى ئاپام ئىككىمىز ئۈندىمەي سۈ-

كۆتتە ئۇلتۇردۇق . مېڭىپىڭىنىڭ دېگەن ـ ئەتكەنلىرىنى ئاپامۇ ئېنىق ئاڭلىغانىدى . لېكىن ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمىدى . مەن ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن پۇرقۇراپ چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈۋاتقان يولغا قاراپ مىدىرلىماي ئولتۇردۇم ، خۇددى بىر دۆۋە تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ ، نەپەس ئالالمايۋاتقاندەك يۈرىكىم سىقىلىپ ، بىئارام بولماقتا ئىدىم . « ئارىمىزدىكى ھېساب تېخى تۈگىمىدى » راستمۇ ؟ تېخى تۈگىمىدىمۇ ؟ بۇ ھېساب زادى قاچان تۈگەيدۇ ؟ « قوللىرىڭغا قاراپ باق ، قوللىرىڭدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇپ تازلىغىلى بولامدىكىن ؟ » راستمۇ ؟ قوللىرىم قانغا مىلەنگەنمۇ ؟ مەن نېمە قىلدىم ؟ زادى نېمە قىلدىم ؟

ئاپام قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويدى ، مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ ئۈندىمەي ماڭا سەپسېلىپ قارىدى . ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن تەمكىنلىك ۋە خاتىرجەملىك ئىپادىلىنەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ، ئاداۋەت ، مۇھەببەت ۋە نەپرەت يوقمىدۇ ؟ مەن كەيىنىمگە يۆلەندىم . شۇندىلا ، كىچىك بالىدەك ئاجىزلاپ كەتكىنىمنى ھېس قىلدىم .

— ئاپا ، مەن شىنىپىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالسامچۇ ؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا .

ئاپام گەپ ـ سۆز قىلماي ، مېنى باغرىغا باستى .

ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق . ھۇجرامغا كىرسەم ، بېي بېي پىئانىنونىڭ يېنىدا ياتقانىكەن ، ماڭا خۇشياقمىغان ھالدا قاراپ قويدى . بۇ ، رۇپىڭنىڭ ئىتى ـ دە ! مەن پىئانىنونىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم . رۇپىڭ ، مېڭپىڭ ، يىپىڭ . . . ئىسىملىرىمىزدا ئورتاق بىر ھەرپ بار ، تومۇرلىرىمىزدىكى قانلىرىمىزنىڭ بىرىمۇ ئوخشاش قان ! شۇنىسى ، « ئارىمىزدىكى ھېساب تېخى تۈگىمىدى ! » تېنىم شۈركۈندى ، مېڭپىڭ مەن بىلەن بىرىم قانداشقۇ !

پىئانىنوغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى :

## ئامراق قىزىم يېنىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇ جېنخۋادىن

×يىل × ئاينىڭ × كۈن

مەن بۇ خەتلەرنى ئاۋايلاپ سىلىدىم « ئامراق قىزىم يىپىڭ ! » مەن بېشىمنى پىئانىنوغا قويدۇم ، پىئانىنونىڭ قاپقىقى سوغۇق ۋە قاتتىق ئىدى . كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاستا توۋلىدىم :

— دادا ، دادا ، دادا !

شۇغىنىسى ، دادام ئەمدى مېنىڭ توۋلىغىنىمنى ھەرگىزمۇ ئاڭلىيالمايتتى .

## 14

فاڭ يۇ سۇرلۇك چېركاۋدا موناخلىققا رەسمىي قوبۇل قىلىنماقتا . ئۇچىسىدىكى ئاپئاق كىيىم ئۇنى پانى دۇنيادىن خالىي ھۆر – پەرىلەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . قوبۇل قىلىش مۇراسىمى پوپنىڭ دۇئا – تىلاۋىتى ۋە بالا موناخلارنىڭ مۇناجەتلىرى ئىچىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلمەكتە . فاڭ يۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى ، قاراپ ئولتۇرغانلارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى . ئۇ مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا ، ئۆزى بىلەن بىللە موناخلىققا قوبۇل قىلىنغان ئۈچ قىز بىلەن چېركاۋنىڭ كەينىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاپئاق كىيىملىك تۇرقى كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى .

فاڭ يۇنىڭ ئانىسى ئالدىنقى قاتاردا ئېسەدەپ ئولتۇراتتى ، دادىسى بولسا ئىنتايىن جىددىي كەيپىياتتا ئىدى . فاڭ يۇ بىر مەھەل گاڭگىراپ مۇھەببەت ، ئىدراك ۋە نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ ، ئاخىر مۇشۇ يولنى تاللىغانىدى . ئۇنىڭ تۇتقان يولى توغرا بولدىمۇ ؟

مەن بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيتتىم . شۇنىسى ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بۇ-نىڭدىن كېيىن گاڭگىراپ يۈرمەيتتى ، مەن بولسام يەنىلا گاڭگىراپ يۈ-رەتتىم .

مەن ھەرگىز فاڭ يۈنىڭ يولىدا ماڭمايتتىم ، فاڭ يۈنىڭ بۇ يولدا مېڭىشىغىمۇ قوشۇلمايتتىم ، ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقان بولسا ، ماڭغان يولى توغرا بولامدۇ ؟ ئۇنداقتا ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكىمەن ؟ دىندارلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، تېخى ئۇ « قۇتقۇزۇپ قې-لىنىغان » ئىدى !

كىشىلەر تارقاشتى ، مەن چېركاۋدىن چىقىپ ، چۆلدەرەپ قالغان كوچىدا تۇرۇپ قالدىم . خۇددى بىر نېمەمنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆڭ-لۈم پەرىشان ئىدى . ئۇياقتىن ــ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار ۋە ئال-دىراپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەرگە قارىغانچە ، كۆڭلۈمنى ھەسرەت قاپلاپ بارغانچە گاڭگىرىماقتا ئىدىم . كىشىلىك تۇرمۇش نېمە ئۈچۈن مۇنچە كۆپ زىددىيەتلەر ، ئىچ پۇشۇقى ۋە باش قېتىنچىلىقلارغا تولغاندۇ ؟ مۇنچە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە ، كىشىلەر زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟

بىرى كېلىپ يېنىمدىن ئاستا تارتتى ، بۇرۇلۇپ قارىسام فاڭ چوڭ ئاپام ئىكەن . ئۇ ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ سو-رىدى :

ــ يېڭىڭ ، سىز شياۋ يۈنىڭ يېقىن دوستى ، ئېيتىڭا ، ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدى ؟ مەن ئاپىسى بولغىنىم بىلەن ئۇنى چۈشىنىپ كېتەلمىدىم !

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . خېلى-دىن كېيىن :

ــ ئېھتىمال ئۇ تىنچلىق ئىزدەيدىغاندۇ ؟ ــ دېدىم .

ــ موناخ بولمىسا تىنچلىق تاپالمامدىكەن ؟

ــ تىنچلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ، ــ فاڭ چوڭ دادام تۇساتتىن خۇددى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەندەك جىددىي تەلەپپۇزدا

گەپ قىستۇردى. چاچلىرى ئاقارغان بۇ مۇئەللىم ڧاڭ يۈنىڭ سىڭلىسى شياۋچىنى يېتىلىۋالغانىدى، — گەپ شەكىلىنىڭ قانداق بولۇشىدا ئەمەس، موناخلىق كىيىم ئۇنى ھەممىدىن خالىي قىلىپ قويمايدۇ، گەپ ئۇنىڭ ئۆزىدە!

ڧاڭ چوڭ دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز خىيالغا چۆمۈپ تۇرۇپ قالدىم. شياۋچى قولۇمدىن تارتىپ مەن بىلەن خوشلاشقاندا، ئاندىن ئېسىمگە كەلدىم. شياۋچى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ماڭا قولىنى پۇلاڭلىشتىپ:

— لۇ ھەدە، سىز قاچان ھېلىقى ئاكاش بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە ئوينىغىلى كېلىسىز؟ — دېدى.

مەن داڭقېتىپ قالدىم، قاچان؟ بەلكى مەڭگۈ بارغىلى بولماس! كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈندىكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن، ڧاڭ يۈ، خې شۇخۇەن ئۈچەيلەن شياۋچىنى ئەگەشتۈرۈپ، يۈەنتۇڭ بۇتخانىسىنى چۆرگىلەپ سەيلە قىلغان، قوڭغۇراق ۋە تىك _ تاك ئاۋازىنى ئاڭلىغان، كەلگۈسى ئۈستىدە شېرىن ئارزۇلارغا چۆمگەنىدۇق. شۇخۇەننىڭ شياۋچىغا شاپىلاق ئويۇنىنى قانداق ئۆگەتكەنلىكىمۇ ئېسىمدە: «شاپىلاق، شاپىلاق، ئويماق چەلمەك، سەن سات ئۇپا، مەن ساتاي ئەڭلىك...» بۇ قوشاقنىڭ مەزمۇنى نېمىدېگەن قىزىق _ ھە! «ناخشا ئېيتىمىز ئوڭ تەتۈر دېمەي، دەريادىكى تاشلار دۆڭگە دومىلار...» كىم بىلىدۇ، بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريادىكى تاشلار راستلا دۆڭگە دومىلار، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار ئۈستىدە كىممۇ كېسىپ بىرنېمە دېيەلەيدۇ؟

ڧاڭ چوڭ ئاپام بىلەن شياۋچىنىڭ قاچان كېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەپتىمەن، يولنىڭ بويىدا بىر ئەسىر تۇردۇممىكىن تاڭ. پالىشوپكامنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇپ، ئىزغىرىن شامال غۇرقىراپ تۇرغان كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدىم. كۈن خېلىلا سوغۇق ئىدى، مۇزدەك شامال بويىنۇمدىن كىرىشكە باشلىدى. پالىشوپكامنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويدۇم. «سىز زادى شارپا ئورىمايدىكەنسىز!» بۇ كىمنىڭ گېپى؟



www.uyghurkitap.com

مەن شۇ شارپىنىڭ ئىسسىقى ھېلىھەم باردەك بوينۇمنى سىيپاپ قويدۇم. ئالدىمدىن شامال ئۇرۇلدى، مەن سەل ئېگىشتىم. دەلدەڭشىپ ماڭدىم.

يىلدا بىر كېلىدىغان يامغۇر پەسلى باشلانغانىدى. 12 - ئايدا تەيبېينىڭ ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلاپ، كېچە - كۈندۈز سىمىلداپ يامغۇر يېغىپ تۇردى. بۇ ھۆلچىلىكتە يامغۇرلۇق كىيىمى كىيىپ، كۈنلۈكنى دالىدا قىلىپ، كوچىلاردا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلەر خۇددى سۇ ھايۋانلىرىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى.

يامغۇر، ئەجەبمۇ توختىمىدى بۇ يامغۇر، ھەر كۈنى ئاخشىمى سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ خىيالغا چۆمىمەن. بۈگۈن ئاخشام پىئانىنوغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتىم، پىئانىنونىڭ ئۈستىدىكى ئۈستەل چىرىغىنىڭ نۇرى ئۆينىڭ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا «ئۇياق» تىن ئەكەلگەن يۇك - تاقلار دۆۋىلەكلىك، كونىراپ كەتكەن چامادانغا يەنىلا «لۇ ئائىلىسىنىڭ × — سىڭلىسى» دېگەن قەغەز چاپلاقلىق ئىدى. ئېھتىمال بۇ قەغەز تەيۋەنگە كۆچكەندە چاپلانغان بولسا كېرەك. كۆڭلۈمدە غەلىتە بىرخىل سېزىم پەيدا بولدى. دادام چامادانىنىڭ يېنىدا ياكى ئۆينىڭ خالىي بىر بۇلۇڭىدا تۇرغاندەك، بۇ چامادان ماڭا سۈرلۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن بېشىمنى قولۇم بىلەن تىرەپ، چامادانىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي، پەرىشانلىق ئىچىدە خىيالغا چۆمدۈم.

— يىپىڭ!

تۇيۇقسىز چىققان سۈرلۈك ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. بۇرۇلۇپ قاراپلا، قاتتىق تەئەججۇپ ئىچىدە قالدىم! دادامغۇ بۇ! دادام دېرىزىنىڭ ئالدىدا گەپ - سۆز قىلماي ماڭا قاراپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، كاللام ئېلىنىشىپ كەتتى. دادام ئۆلۈپ كەتكەنغۇ؟ دېرىزىنىڭ ئالدىدا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ مەن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم. ئۇ ئاجايىپ ئېگىز، گىرۋەي بولۇپ، ماڭا ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ ئېيتمايۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئۈزمەيتتى.

— دادا، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، — سىز . . . سىز . . . قانداق كەلدىڭىز؟

دادامدىن جاۋاب چىقمىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ماڭا قادالغان بولۇپ ، خۇددى مېنىڭ تۇرقۇم ۋە قەلبىمنى تولۇق كۆرۈپ يەتمەكچى بولغاندەك ، مېنى دىققەت بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى .

— دادا ، سىز . . . نېمە دېمەكچى ؟

دادامنىڭ كۆزلىرىدە ھەسرەت ـ نادامەت ئىپادىلەندى . ئەمما ، يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي ماڭا تىكىلىپ تۇرىۋەردى . ئۇنىڭ ھەسرەت ـ نادامەتلىك بىچارە تۇرقىدىن يۈرىكىم ئېزىلدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ ، تىترەك ئاۋازدا :

— دادا قايتىپ كەپسىز ـ دە ! نېمىشقا ئولتۇرمايسىز ؟ دادا . . .

بىردىنلا ، ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن گەپلىرىمنى دادامغا ئېيتالماقچى بولدۇم . توغرا ، ئەمدى چۈشەندىم ، دادام ئاڭلايتەن مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاشقا كەپتۇ . مەن دادام تەرەپكە بىر قەدەم چامدىدىم ، يىقىلىپ چۈشمەي دەپ پەئىنىنى تۇتۇۋالدىم . دادامغا دەيدىغان گەپلىرىم بەك كۆپ ئىدى ، مەن ئۇنىڭغا ئىچ ـ قارنىمدىكىنى قويماي تۆكەتتىم . . . ئاغزىمنى ئاچتىم ، لېكىن ئاۋاز چىقىرالمىدىم . بىرھازادىن كېيىن ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاران دېگەندە ئاۋازىمنى چىقاردىم :

— دادا !

شۇغىنىسى ، دادام ئەمدى ماڭا قارىمىدى ، ئۇنىڭ نەزەرى مېنىڭدىن يۆتكەلدى ، ئۇ ئاستا دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، غىپپىدە دېرىزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى . مەن چۆچۈپ كەتتىم . دادام كېتەمدىغاندۇ ؟ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلىماي تۇرۇپ نېمانداق كېتىدىغاندۇ ؟ دادام كەتسە ، مەن ئۇنى قانداق تاپارمەن ؟ ئۇنىڭغا گەپلىرىمنى قىلىۋالغۇدەك پۇرسەت يەنىمۇ كېلەرمۇ ؟ ياق ! دادام كەتسە بولمايدۇ ! مەن ھەرگىز ئۇنى مۇنداق كەتكۈزۈۋەتمەيمەن ، گەپلىرىمنى قىلىۋېلىپ ئاندىن كەتكۈزىمەن ! مەن دادامنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ، تاقەتسىزلىك بىلەن توۋلىدىم :

— دادا !

دادام ئاڭلىمىغاندەك كېتىۋەردى ، مەن تىت ـ تىت بولۇپ دادام-



www.uyghurkitap.com

نىڭ كەينىدىن ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە :
— دادا ، كەتمەي تۇرۇڭ ، كەتسىڭىز بولمايدۇ ! مېنىڭ سىزگە قىلىدىغان گەپلىرىم بار . . . سىزگە قىلىدىغان گېپىم بار . . . — دېدىم توۋلاپ . شۇنىسى لەۋلىرىم تىترەپ ، ھەرقانچە قىلساممۇ ئاۋازىم چىقماي قالدى . تىت - تىت بولغىنىمدىن ئوي - خىيالىممۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، دادام كۆزدىن غايىب بولاي دەپ قالدى .
— ياق ! ياق ! دادا كەتمەي تۇرۇڭ ! توختاپ تۇرۇڭ ! — دېدىم تەلۋىلەرچە توۋلاپ ، — سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار !
شۇ جىددىيلىك ئىچىدە ، ھېچنىمىگە قارىماي بېرىپ دادامنىڭ كىيىمنى كاپپىدە تۇتتۇم . مانا ، مەن ئۇنى تۇتتۇۋالدىم ، دادام ئەمدى كېتەلمەيدۇ . مەن دادامنىڭ كىيىمنى جېنىمنىڭ بارىچە مىجىقلاپ توۋلىدىم :
— دادا ، ھوي دادا !
مەن تۇتۇۋالغان ئادەم مەن تەرەپكە بۇرۇلدى ، تاتىرىپ كەتكەن بىر چىراي ، يوغان ۋە نۇرسىز بىر جۈپ كۆز ماڭا سوغۇققىنا تىكىلدى . تېنىم شۈركۈنۈپ ، شاققىدە قولۇمنى بوشىتىپ ، ئىختىيارسىز كەينىمگە چېكىندىم . بۇ ، دادام ئەمەس . رۇپىلىك ئىدى ! مەن پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ ، پىئانىنوغا يۆلەنگىنىمچە ئېگىشىپرەك سۆزلىدىم :
— سەن . . . سەن . . . سەن . . .
رۇپىلىك مەن تەرەپكە ماڭدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ھەسرەت بىلەن تىكىلگەنىدى . مەن پىئانىنوغا چىڭ چاپلىشىۋالدىم ، رۇپىلىك ! ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ ؟ مەن ، مەن شۇخۇەندىن ئايرىلىپ قالدىم ، ئۇنى مەندىن قايتۇرۇۋالمەن دېيىشكىنىڭ ھاجىتى يوق ، مەن ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇنلا ئايرىلىپ قالدىم . مەن لەۋلىرىمنى چىشلىۋالدىم ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىم غالىلداپ تىترەيتتى . رۇپىلىك ئالدىمغا كەلدى ، ئۇ توختاپ ماڭا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن ، ئىنتايىن پەرىشان ھالدا :
— يىپىلىك ، مەن ساڭا يەتمەيمەن ، سەندىن ئاغرىنمايمەن ، شۇ-

www.uyghurkitap.com

نىسى ، تەن بەرمەيمەن ! ــــ دېدى .

ــــ رۇپىلىك ! ــــ مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئارانلا چاقىرالىدىم !

ــــ مەن سەندىن ئاغرىنمايمەن ، ــــ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ــــ مەن ھەقىقەتەن سەندىن ئاغرىنمايمەن ، سەن ھەمىشە ماڭا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدىڭ . بىز باشتىن ـ ئاخىر ئوبدان ھەدە ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتتۇق ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

مەن لېۋىمنى قاتتىق چىشلىدىم . لېۋىم ئاغرىپ كەتتى . ھەي ، رۇپىلىك !

« مەن تەن بەرمەيمەن ، تەن بەرمەيمەن ! سىز بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز ؟ سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ئويۇنچۇق قىلىسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ »

رۇپىلىك يەنىلا ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى ، يېقىن كەلگەندە ، مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قان داغلىرىنى كۆردۈم . بۇ قانلار ئۇنىڭ چېكىسىدىكى جاراھەت ئېغىزىدىن چىقماقتا ، بۇ قىپقىزىل قانلار ئېتىلىپ چىقىپ مېنىڭ يۈزۈمگە چاچرىماقتا ئىدى . مەن بېشىمنى قاچۇرۇپ چىرقىراپ كەتتىم . بۇنىڭ بىلەن ، بايىقى خىيالىي چۈشلەر يوقالدى . كۆز ئالدىمدا دادامـ مۇ ، رۇپىلىكمۇ يوق ، بەلكى خىيالىمغىمۇ كېلىپ باقمىغان بىرى ــــ خې شۇخۇەن پەيدا بولدى .

« ھوي » مەن ئېغىر بىر تىنىۋالدىم ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ماغدۇرـ سىزلىنىپ ، چېكەمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى . مەن خې شۇخۇەنـ نىڭ خىيالى شولىسىنىمۇ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىدىم . بىراق ، كۆزۈمنى ئاچسام خې شۇخۇەن يەنىلا ئالدىمدا تۇراتتى ، راستلا تۇراتتى . مەن قەددىمنى رۇسلاپ ، كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ ، ئىشەنـ مىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم . بىرھازادىن كېيىن ئارانلا :

ــــ سىز . . . سىز . . . ئاخىر . . . كەپسىز ـ دە ، ــــ دېدىم .

ئۇ ماڭا قاراپ ، تۇساتتىن ئاغزىنى قىيسايتىپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى ـ دە ، بېشىنى تىك تۇتۇپ سۆزلىدى :

ــــ شۇنداق ، مەن كەلدىم ، مەن سىزنىڭ بۇ گۈزەل جامالىڭىزغا

نەقەدەر زەھەرلىك نىيەت يۇشۇرۇنغانلىقىنى ، بۇ گۈزەل سۇمباتىڭىزغا نەقەدەر زەھەرلىك قەلب يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرەي دەيمەن ! شۇنداق ، مەن كەلدىم ! مەن ئەمدى سىزنى تونۇپ يەتتىم ، سىز يامان نىيەتلىك ، زەھەرلىك ، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان قىز ! مەن ئەمدى سىزنى تونۇپ يەتتىم ، سىزنىڭ ئالدام خالتىڭىزغا ھەرگىز چۈشمەيمەن !

مېنى تىترەك باستى . تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئارانلا :

— ياق ، ياق ، شۇخۇەن ئۇنداق ئەمەس ، مەن ئۇنداق ئەمەس ! — دېيەلىدىم .

ئۇ ئاسمانغا قاراپ بىرپەس قاتتىق كۈلدى . بۇ سوغۇق كۈلكە ئىدى .

— ھا ھا ، مەن خې شۇخۇەننىمۇ گۈزەل چىراي ئازدۇرغانىكەن !

— ياق ، شۇخۇەن ، ئۇنداق ئەمەس ، — مەن بۇ سۆزلەرنى تەكرارلاشتىن باشقا گەپ قىلالمىدىم .

— ئاڭلاپ قويۇڭكى ، يېپىلىڭ ، ماڭا كەلتۈرگەن ھاقارەتلىرىڭىز ئۈچۈن ، سىزدىن جەزمەن ئىنتىقام ئالىمەن !

— شۇخۇەن ! شۇخۇەن ! شۇخۇەن ! — مەن يۈرەك ـ باغرىم تىلىنغان ھالدا توۋلايتتىم ، — شۇخۇەن ! شۇخۇەن ! شۇخۇەن !

مەن توۋلىغان ئاۋازىمدىن ، ئۆزۈمنىڭ سەكپارە بولغان ، قايغۇلۇق ، ئۈمىدسىزلىككە تولغان مۇھەببىتىمنى دەڭسەپ كۆردۈم . ياقامنى چىڭ تۇتتۇم ، كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى ، بوغۇق ئاۋازدا قايتا توۋلىدىم :

— شۇخۇەن . . . شۇخۇەن . . . شۇخۇەن . . .

— يېپىلىڭ ، نېمە بولدۇڭ ؟ يېپىلىڭ ، ئويغانساڭچۇ !

بىرى مېنى لىڭشىتىپ ، ئىسمىمنى چاقىرماقتا ئىدى . مەن ئىتتىك ئويغاندىم . كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ، ئۆيدە چىراغ يېنىقلىق ، ئاپام چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . مەن پىئانىنونىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ، پىئانىنوغا مەيدەمنى ياققىنىمچە ئولتۇرۇپتىمەن . قەددىمنى رۇسلاپ ھەيرانلىقتا ئاپامغا قارىدىم ۋە بېشىمنى چايقىدىم . ئۆزۈمنىڭ

راست ئويغانغانلىقىم ياكى يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىم.
ئاپام قولۇمنى ئالىقىنىغا ئالدى، ئۇنىڭ قولى ئىسسىق، مېنىڭ قولۇم
مۇزدەك سوغۇق ئىدى.

— يىپىلىڭ، سەن مۇشۇ پىتىڭچە ئۇخلاپ قاپسەنغۇ؟ مۇزلاپ قې-
تىپلا كېتىپسەن، كارۋىتىڭغا چىقىپ ئۇخلا!

كاللام يەنىلا ئايلىنىپ تۇراتتى. ئاپامغا قاراپ دەككە ـ دۈككىدە
سورىدىم:

— خې شۇخۇەن يوقمۇ؟

— يىپىلىڭ!

ئاپام بېشىمنى مەيدىسىگە بېسىپ، مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.
ۋاھ، ئاپامنىڭ قوينى نېمىدېگەن ئىللىق ـ ھە! لېكىن مەن ئۇنى ئىتتى-
رىۋېتىپ، دەلدەڭشىگىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئەتراپىنى تىڭ ـ تىڭ-
لىدىم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — سورىدى ئاپام.

— بىرى مېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— كىم چاقىرىۋاتىدۇ؟

— شۇخۇەن.

— يىپىلىڭ، — دېدى ئاپام قولۇمدىن تارتىپ، — بەك چارچاپ
كېتىپسەن، قېنى ئۇخلىغىن، شۇ تاپتا كېچە سائەت بىر بولدى.

شۇنىسى مەن ئۇخلىمىدىم. ئەكسىچە دېرىزە تەرەپكە قاراپ ماڭ-
دىم. سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇر بانان دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن سىر-
غىپ چۈشمەكتە، لەمپىدىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئاۋازى كېچىنىڭ جىم-
جىتلىقىنى بۇزاتتى، قورۇق تامنىڭ سىرتىدىكى كوچا چىرىغى تۇمانلىق
كېچىدە غۇۋا نۇر چېچىپ تۇرماقتا ئىدى. مەن دېرىزىگە يۆلەنگىنىمچە
جىممىدە تۇرۇپ ئەتراپقا قۇلاق سالدىم، يامغۇر ئاۋازى، يامغۇر ئاۋازى،
يامغۇر ئاۋازى! بۇ ئاۋاز بىر خىللا ۋە زېرىكەرلىك ئىدى. يىراقتىن ما-
شىنا ئاۋازى، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتىن پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى يېتىپ
كەلدى. دالادا كېتىۋاتقان پويىز چاقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بول-

دۇم .

ــ يېپىڭ ، نېمە بولدۇڭ ، ــ ئاپام يېنىمغا كېلىپ ئەنسىزلىكتە ماڭا قارىدى .

مەن گەپ قىلمىدىم ، يېرىم كېچىدە مېنى دەككە ـ دۈككىگە سالغان زادى نىمىدۇ ، مەن قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ باقتىم ، ھەممىلا ئاۋاز بىر خىللا ئەمەس ئىدى ، ئۇ ئاۋازلاردىن باشقا ، قەيەردىن-دۇر كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل ئاۋاز بار ئىدى . مەن ئاپامنى ئاستا ئىتتى-رىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم ، ئاپام قوغلاپ كېلىپ تووۋلىدى :

ــ نېمە قىلماقچىسەن ؟ نەگە بارىسەن ؟

ــ سىرتتا شۇخۇەن بار ، ــ دېدىم بوش ئاۋازدا .

خۇددى غايىۋانە بىر كۈچ مېنى سىرتقا تارتىۋاتقاندەك ، ئۆزۈمگە ئىگە بولالماي قالدىم . تاپىسىغا چۈشۈپ ئايىغىمنى كىيدىم ـ دە ، چۈش سەيلىسى كېسىلى بار ئادەمدەك ئىشىكنى ئاچتىم . ئاپام تەشۋىشلىنىپ كەينىمدىن كەلدى ۋە تاقەتسىزلىنىپ :

ــ يېرىم كېچە بولدى ، نېمە قىلاي دەيسەن ؟ سىرتتا يامغۇر يې-غىۋاتىدۇ ، يەنە كېلىپ شۇنداق سوغۇق . سەن زادى نېمە بولغانسەن ؟

راست ، سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ، ھاۋامۇ سوغۇق ، مەن سى-مىلداپ يېغىۋاتقان ئاق يېغىندا سىرتقا چىقتىم . ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ دەرۋازىنى ئاچتىم ـ دە ، چىقىپ كەتتىم . ئالدىمدىن يامغۇر ئۇردى ، سوغۇق شامال سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ئىختىيارسىز دۈگدەر-دىم . لېكىن ، قىلچە مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم . كاللام گاراڭ ئىدى ، ھەم يىغلۇغۇم ھەم كۈلگۈم كېلەتتى .

كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىدا ، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرىكى ھېلىقى ئاخشامدىكىگە ئوخشاش ، خې شۇخۇەن خۇددى مىخلاپ قويغاندەك سى-تولبىغا يۆلەنگىنىچە مىدىر قىلماي تۇرۇپتۇ . ئۇ يامغۇرلۇق چاپان كىيمە-گەن بولۇپ ، ئۇچىسىدىكى خۇرۇم چاپاننىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قو-يۇپ ، ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سالغان ھالدا تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇيەرگە قاچان كەلگىنىنى كىم بىلسۇن . كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ قو-

www.uyghurkitap.com

يۇق چاچلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ۋە بۇرنى چۆپ ـ چۆپ بولۇپ
كەتكەن ، خۇرۇم چاپىنىمۇ يامغۇردا يۇيۇلۇپ پارقىراپ كەتكەنىدى .
چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ ۋە سۇلغۇن كۆرۈنەتتى ، قاپـ
قارا كۆزلىرىدىن قىزغىنلىق ۋە جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى .

مەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم ، ئارىمىز بەش قەدەملا ئىدى .
ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە تۇرۇپ قالدۇق . يامغۇر تۇمانـ
لىرى ئارىمىزدا بىر قەۋەت تۇتەك پەردە ھاسىل قىلغانىدى ، ئۇنىڭ ئۆتـ
كۈر كۆز نۇرى بۇ تۇتەك پەردىنى تېشىپ ئۆتۈپ ، مېنىڭ چىرايىمغا
بارغانچە قاتتىق تىكىلدى . مەن ئىختىيارسىز مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېـ
لىپ توختىدىم . ئۇنىڭ چېكىسىگە چاپلىشىپ قالغان چېچىدىن ئاققان
بىر تامچە يامغۇر قاڭشىرىنى بويلاپ جاۋغىيىدىن ئېقىپ چۈشۈپ ئېڭەـ
كىدە توختاپ قالدى . مەن شۇئان ئۇنىڭ ئېڭىكىدىكى يامغۇر تامچىسىنى
سۈرتىۋەتتىم . ئۇ كاپپىدە قولۇمنى تۇتىۋالدى ، مەن مەزمۇت دەسسەپ
تۇرالماي ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قالدىم . ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ، ئۇـ
نىڭ كۆزلىرى ماڭا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ھالدا تەلمۈرەتتى ،
چىرايىمغا تويماي قارايتتى . بىردىنلا ئۇ كۆزلىرىنى تەلۋىلەرچە سۆيۈپ
كەتتى . ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆزلىرىمدىن تۆۋەنلەپ ، مەڭزىمدىكى يامغۇر
تامچىسى بىلەن ياشلىرىمنى شوراپ كەتتى . ئۇنىڭ نەپىسى جىددىي ۋە
ئىسسىق ئىدى . ئۇنىڭ لەۋلىرى مېنىڭ لېۋىمگە تەگمەي قۇلاقلىرىمنىڭ
تۈۋىگە يۆزلەندى ، بوش ۋە بوغۇق چىققان ، روھىي دۇنيارىمنى لەرزىگە
سالىدىغان ئاۋاز قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ئاڭلاندى :

— يىپىڭ ! يىپىڭ ! يىپىڭ !

پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم قاتتىق تىترەپ كەتتى ، گېلىم بوغۇلۇپ
قالغاندەك ، ھېچقانداق ئاۋاز چىقىرالمىدىم . ئۇ بېشىمنى ئىككى قولىنىڭ
ئارىسىغا ئېلىپ ، ماڭا راسا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن ، تۇكۇرۇكىنى
يۇتۇۋېتىپ تەسلىكتە :

— يىپىڭ ، نېمە ئۈچۈن بۇيەرگە چىقتىڭىز ؟ — دېدى .

— سىز مېنى چاقىردىڭىز ، شۇنداققۇ ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

— راست ، مەن سىزنى چاقىردىم ، لېكىن سىز قانداق ئاڭلىدىڭىز ؟

مەن گەپ قىلمىدىم ، مەن قانداق ئاڭلىدىم ئەمدى ؟ شۇنىسى ، ئۇ دېگەندەك بۇيەردىكەن ، راستلا بۇيەردىكەن ! ئۇ مېنى چاقىرىپتۇ ، مەنمۇ ئاڭلاپتىمەن . ئېھ ! شۇخۇەن ، سىز مېنى بۇ قاتالىق سۆيىدىكەنسىز ، نېمشقا ئايرىلىپ كېتىمىز ؟ مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئەمما كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئېيتالمىدىم . بىز شۇ تەرزدە ۋاقتىنىڭ توختاپ قالغانلىقى ياكى ئاستا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەي ، يەر شارىنىڭ تۇرغۇن ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقى ياكى ئايلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي ، بىر - بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە تۇردۇق . خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ، ئېھتىمال بىردەمدىن كېيىندۇر ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ تەتۈر قارىۋالدى ۋە :

— مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلالمايمەن ، — دېدى ئەلەم بىلەن .

خې شۇخۇەن دەۋاتقان « ئۇ » نىڭ كىم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى ، « ئۇ » يەنە كەلدى ، « ئۇ » يامغۇر تۇمانلىرىنى ئارىلاپ كېلىپ ، خې شۇخۇەن ئىككىمىزنى شۇئان ئايرىۋەتتى . بۇلجۇڭ گۆشلىرىم قېتىپ قالدى ، يامغۇر بوينۇمدىن سىرغىپ ئىچىمگە كىرىپ ، يەلكەمدىن سوغۇق تىترەك باشلاندى .

خې شۇخۇەننىڭ قولى قولۇمدىن سىيرىلىپ چۈشتى ، ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ بىردىنلا :

— يېپىڭ ، بەختلىك بولغايسىز ، — دېدى - دە ، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ ، يوغان - يوغان چامداپ يۈرۈپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ قەتئىيلىك ۋە جاسارەت ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىناردەك قامىتىگە قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ بارغاندا ، مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى قوغلىدىم . دوقمۇشتىن ئايلىنىپلا ئۇنىڭ قارىسى

كۆزۈمدىن يىتتى. مەن لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ ئاغرىتىۋەتتىم. يۈرىكىم ئۇنى چاقىرىپ: «شۇخۇەن. شۇخۇەن، كەتمەڭ» دەپ ئىڭرىغاندەك بولاتتى. شۈنىسى، ئۇ كېتىپ بولغانىدى.

ئاپام چاچلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ھالدا يېتىپ كېلىپ، مېنى ئاستا تارتىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كىردى. ئىككى قولۇم بىلەن يۈزۈمنى تۇسۇپ تاپىسدا بىرپەس ئولتۇرۇۋالدىم، چارچىغان ھالدا بېشىمنى كۆتۈرگەنىدىم، تامدىكى كالىندارغا كۆزۈم چۈشتى. 14 ـ دېكابىر. كالىندارغا قارىغىنىمچە ئەلەم بىلەن كۈلۈپ كەتتىم.

— 14 ـ دېكابىر، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا، — ئۇ مەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنىكەن. ئەتە مۇشۇ تاپتا، ئۇ ئايروپىلان بىلەن تىنچ ئوكياندىن ئۆتىدۇ.

ئەتىسى، 15 ـ دېكابىر، مەن يامغۇرلۇق چاپاننىڭ بۆكىنى كىيىپ، ئۆزىنى يېپىنچاقلاپلا ئۆيدىن چىقتىم. ھاۋا تەكشى تۇتۇلۇپ، تۈتەك پەردىسى ئۇيۇققىچە يېپىلغان، سىم ـ سىم يامغۇر توختىماي چۈشمەكتە. ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ سۇڭشەنگە باردىم. ئايرودرومنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش زالىغا ئادەم تولۇپ كېتىپتۇ. زالنىڭ ھەممىلا يېرى ۋاڭ ـ چۇڭ، كۈنلۈك ۋە يامغۇرلۇق كىيىملەر ئۆزۈن ئورۇندۇقلارغا توشقان، ھەممە يەر ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مەن يامغۇرلۇق چاپاننىڭ بۆكىنى چۆكۈرۈپ كىيدىم، ياقىسىنى كۆتۈرۈپ ئېڭىكىمنى يېپىۋالدىم ـ دە، كىشىلەر توپىغا ئىچىگە كىرىۋېلىپ، زالنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرغان خې شۇخۇەنگە ئوغرىلىقچە سەپسېلىپ قاراپ تۇردۇم.

خې شۇخۇەن ئۈچىسىغا سۇس كۈل رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، كۈمۈش رەڭ بىلەن كۆك رەڭ ئارىلىقىدىكى رەڭدە گالستۇك تاقىغانىدى. ئۇ بىر تالاي ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر رەتلىك كىيىنگەن بولسىمۇ، ئۇ كۆزگە ئالايىتەن تاشلىنىپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چىرايى ماڭا بارغانچە يىراقلاپ غۇۋا كۆرۈنگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. دادىسى، ئاپىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دستلىرى . . . بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا ، يۇمىلاقىنا بىر قىز بىر گۈلچەمبىرەك سېتىۋېلىپ ، يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، گۈلچەمبىرەكنى خې شۇخۇەننىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى . كۈلۈپ چىلىك ـ چىلىك سۆزلەپ ئۇ-نىڭغا بەخت تىلىدى . خې شۇخۇەنمۇ « كۈلگەن » بولدى . يەنى ئۇنىڭ جاۋغايلىرىلا مىدىرلىدى . تۈرۈلگەن قوشۇمىسى زادىلا ئېچىلمىدى ، كۆز قارىچۇقلىرى ــــ ئەپسۇسكى ئارىلىق يىراق بولۇپ قالدى ، مەن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنى كۆرۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم ! ئۇنىڭ كۆز قا-رىچۇقلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش روشەن ۋە ئۆتكۈرمىدۇ ؟

مىكروفوندا ئايروپىلانغا چۈشىدىغان يولۇچىلارنىڭ تاموژنا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشىنى ئۇقتۇردى . ئۇ بىر توپ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن تەكشۈرۈش ئۆيىگە كىردى ، تەكشۈرۈش ئۆيىنىڭ ئىشىكى ۋە دېرىزىلىرىگە بېرىۋالغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنى كۆرەلمىدىم .

مەن زالنىڭ ئەينەك دېرىزىسىگە كېلىپ ، ئەينەكتىن سىم - سىم يامغۇردا تۇرغان يولۇچىلار ئايروپىلانىغا قارىدىم . كۈل رەڭ قاناتلىرىنى كېرىپ ، غايەت يوغان مەخلۇقتەك تۇرغان بۇ ئايروپىلان يېرىم سائەتتىن كېيىن شۇخۇەننى ئېلىپ كۆز يەتمەس ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ يىراق دۆ-لەتكە ماڭىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئارىمىزنى سانسىز تاغۇ دەريالار ئايرىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىق تېخىمۇ بەك يىراقلاپ كېتىدۇ .

ئۇ تەكشۈرۈش ئۆيىدىن چىقتى ، نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىكى تۆمۈر رىشاتكىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ ، ئايروپىلانغا چۈشىدىغانلار بىلەن خوشلاشتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇۋلىشاتتى ، بەزىلىرى ئىشىند-مەنكى بىرنەچچە يۈز قېتىم ئېيتىپ تاپىلىغان گەپلەرنى تەكرارلىشاتتى . زالدا مەن ئۇلارغا ئەينەك دېرىزىدىن قاراپ تۇراتتىم . ھېچكىم ماڭا دىق-قەت قىلمايتتى . يولۇچىلار ئايروپىلان تەرەپكە ماڭدى ، ئۇلار ماڭغاچ يەنە تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن خوشلىشاتتى . خې شۇخۇەن بىر توپ يولوچىنىڭ ئارىسىدا ئايروپىلانغا قاراپ ماڭدى ، ئۇ بەكمۇ غەمكىن ۋە سولغۇن ئىدى . بىر قېتىملا كەينىگە قاراپ قويۇپ ، ئۇدۇل ئايرو-پىلانغا قاراپ مېڭىۋەردى . ئايروپىلاننىڭ شوتىسىغا چىقىپ كىرىش ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شىكىمگە كەلگەندە يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىدى . مەن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى كۆز ئالدىمدا خىرەلىشىپ كەتكەنىدى . ئاخىر ئۇ ئايروپىلانغا كىرىپ كەتتى، مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمىدىم .

ئايروپىلان ئۇچتى ، سىم ــ سىم يامغۇردا بارغانچە كىچىكلەپ ، يىراقلاپ ، ئاخىر يامغۇر ۋە تۇمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى . مەن جايىمدىن مىدىرلىمىدىم ، كۆز ئالدىم خىرەلىشىپ ، خىيال كەپتىرىم يىراقلارغا پەرۋاز قىلدى . تۆمۈر رىشاتكىنىڭ يېنىدىكى ئادەملەر تارقاپ ، كۆڭۈلسىز ئاق يېغىن بىلەن قۇرۇق مەيدانلا قالدى . ياش يۇقى كۆزلىرىمنى مانانلىق ئاسمانغا تىكىپ ، دۇدۇقلاپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم :

تاغ بىلەن ئېدىرمۇ ئايرىلىپ تۇرار ئىككىگە ،
دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ يېتىپ بولماس تېگىگە .

ئەمەلىيەتتە تاغ بىلەن ئېدىر ھېچقاچان بۆلۈنۈپ تۇرمايتتى ، بىزنى بولسا « چەكسىز دېڭىز ــ ئوكيانلار ئايرىپ » تۇراتتى . زالدىكى ئادەملەر بىر ــ بىرلەپ تارقالدى . مەن دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن :

ــــ شۇخۇەن ، مەن كېلىپ سىزنى ئۇزاتتىم ، ــــ دېدىم پەس ئاۋازدا .

شۇئان كېكىردىكىم بوغۇلۇپ ئىسسىق ياشلىرىم كۆز چاناقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ تاشتى . ئاستا كەينىمگە بۇرۇلۇپ سۈكشەن ئايرودرومىدىن چىقتىم . تاكسىلارنىڭ ھەممىسى بايا ئايرودرومدىن چىققانلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ . قولۇمنى يامغۇرلۇق چاپاننىڭ يانچۇقىغا سېلىپ ، يامغۇرغا قارىماي پىيادە ماڭدىم . ئالدىمدىن ئۇرغان شامال يامغۇرلۇق چاپاننىڭ بۆكىنى يەلكەمگە چۈشۈرۈپ قويدى ، ئۇنى ئوڭشىۋېلىشمۇ خۇشىياقماي ، بىر دەسسەپ ــ ئىككى دەسسەپ مېڭىۋەردىم . مەندىكى بۇ ئەھۋال ، بۇ كەيپىيات ئىلگىرىمۇ بولغاندەكلا ئىدى ، توغرا ، « ئۇياق » تا خې شۇخۇەننىڭ « يۈز ئۆرۈگەن » لىكىنى كۆرگەندە ، يېغىۋاتقان يامغۇرغا

قارىماي بېيتەنگە ماڭغان ئەمەسمىدىم ؟ بۈگۈن شۈخۈەن راستلا مەندىن ئايرىلىپ ماڭدى . ئەمدى مۆجىزە بولمايدۇ ، يېنىمدا ئۇ پەيدا بولۇپ ، مېنى يۆلەپ ماشىنىغا سالمايدۇ . مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! بۇنىڭ-دىن كېيىن قايتا كۆرۈشۈش قاچانقى ئىشلار كىن ــ تاڭ ؟

ئەگەر بۇ دۇنيادا ئۆچمەنلىك بولمىغان ، شۆئاچام بىلەن رۇپىلڭ بولمىغان بولسا ، بىز باشقىدىن تونۇشۇپ ، يېڭىۋاشتىن مۇھەببەت باغلى-غان بولساق ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ هە !

بۇ ، خې شۈخۈەن دېگەن گەپ ئىدى ، بۇ كۆنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟

مەن دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۆيگە كەلدىم ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەل-گەندە ، پىئانىنونىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم . ئاپام پىئانىنو چېلىۋېتىپتۇ . مەن ئىشىكنى چەكمەي ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردۇم . يەنە هې-لىقى « Long Long Ago » دېگەن ناخشا ! بۇرۇن ، راست بۇرۇن ! بۇرۇنقى بىر زامانلاردا ئاپام قانداق دەردكە مۇپتىلا بولغانكىن ــ تاڭ ؟ مەنچۇ ، مەن تېخى يېقىندىلا . . .

ئېسىڭدىدۇر ئۇچىنچى ئاي ئاخشىمى كۆرۈشكەن بىز
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئۇنتۇماق بەك تەس
چىرمىشىپ تەنلەر مەيىن شامالدىن كەلگەن گۈل ھىدى
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !
باغلاندى رىشتىمىز قىلدىم تەبەسسۇم سەنمۇ مەيتۇن .
ئىزھار قىلىپ مۇھەببەت ، تۆكتۇق يۈرەك ــ باغرىمىزنى ،
قەسەم قىلدۇق ئاقلاشقا ئەبەدكە شۇ ۋەدىنى
تەستۇر ئۇنتۇماق ئۆتكەن ئىشلارنى ، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس !

شۇنداق ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇماق تەس ، ئۇنتۇلمايدۇ ! مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي ؟ بېيتەندىكى دەريا سۈيىدە لەرزان ئۈزۈپ يۈر-گەن قېيىق ، تانسىخانىدا بىرىمىزنىڭ چېچى يەنە بىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا چۇشۇپ تۇرغان چاغلار كۆز ئالدىمدا ، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ناخشا ئې-نىق ئىسىمدە :

قورقۇنچتۇر باھار كېتىپ ، گۈل ـ گىياھلار بولسا خازاڭ ،
تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىن جۇدۇن ـ چاپقۇن قىلسا خازان .
ياشلىق ئۆتەر ئېقىن سۇدەك ، ئەستە مەھكەم تۇتقىن يىگىت ،
ھايات گۈزەل مۇھەببەت دەپ يۈرمىگىن سەن پىراق چېكىپ .

ئەمدىلىكتە گۈزەل ھايات ۋە مۇھەببەت نەلەرگە كەتتى ؟

ئاخشىمى توختىماي يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇرغا قاراپ چىراغ يېنىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم . لەمپىدىن ئۆيگە تارتىلغان توك سىمىدىكى يامغۇر تامچىلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى ، كوچا چىرىغىمۇ غۇۋا نۇرىنى چېچىپ تۇرماقتا . بانان يوپۇرماقلىرىدىمۇ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يامغۇر تامچىلىرى چۈشمەكتە . . . ئوخشاشمايدىغىنى ، ھازىر « ئۇياق » زادىلا مەۋجۇت ئەمەس . مەن « ئۇياق » نى بىنتچىت قىلىۋەتتىم . ئەمدى « ئۇياق » قا بېرىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى . لېكىن ، ئىچىم بەكمۇ پۇشۇپ ، بىر يىلنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ مەنىسىزلىك ، غېرىبلىق ھېس قىلىپ ، نېمە قىلارىمنى زادىلا بىلمەي قالدىم .

ـــ يېپىڭ ، ئۇخلىساڭچۇ ! ـــ دېدى ئاپام .

ـــ ھازىرلا ياتىمەن ! ـــ دېدىم خۇشياقمايلا .

ئەتراپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتقۇدەك جىمجىت ئىدى . ئاپام كارىۋىتىدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئاھ ئۇراتتى . مەن چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتىم ، كارىۋاتقا چىقىپ قولۇم بىلەن بېشىمنى تىرىگىنىمچە ، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ بانان دەرىخى يوپۇرماقلىرىغا توكۇرلاپ چۈشۈشىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم . شارىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئاۋازى تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەيتتى . بۇ ئاۋاز ئىچىدە شۇخۇەننىڭ ئايرودرومدىكى مىسكىن ھالىتىنى ئەسلىدىم ، ئۆتكەنكى ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىشلارنى ئەسلىدىم . ئۆتكەنكى ئىشلارغۇ چۈشكە ئايلانسۇن ، بۈگۈنكى ئىشلارچۇ ؟ يامغۇر ئاۋازى ئۈزۈن كېچىنىڭ پەركايىنى ئۇچۇردى . ئۆتكەنكى ئىشلار ئۈستىدىكى خىياللىرىمدىن قۇتۇلالماي ، يامغۇر تامچىلىرىنى ساناشقا چۈشتۇم ،

ۋاي دەرد ! ۋاي ئەلەم !

ئولتۇرىمەن قاراپ يەنە دېرىزىدىن ،
كۆز ئالدىمدا ئەنە بانان دەرىخى .
ئوخشار مېنىڭ ھەسرەتلىك دىلىمغا ،
ياپرىقىدىن سىرغىغان يامغۇر تامچىسى .
ھالىم خاراب ، يۈرىكىم پارە ــ پارە ئىدى ،
كۈنلەر ئامالسىزلىقتا بىر خىللا ئۆتىۋەردى .

مانا ، يەنە گۇگۇم چۈشمەكتە ، يامغۇرلۇق كۈندە گۇگۇم كىشىنى ئىنتايىن غېرىبسىندۇراتتى . ئالدىنقىلارنىڭ مۇنۇ شېئىرى ئېسىمگە كەلدى :

سىم ــ سىم يامغۇر تۈتەك پەردە ،
چىقالماي ھېچكىم سولاندى ئۆيگە
قورقۇنچتۇر گۇگۇم مەزگىلى ،
گۇگۇمنىڭ يەنە كەلگىنى !

مەنمۇ شۇنداق كەيپىياتتا گۇگۇم بىلەن سىم ــ سىم يامغۇرنى قارشى ئالماقتا ئىدىم . بۇ كۈنلەردە ئۆيگە سولىنىپ قالدىم ، ھەممە نېمە مەنىسىز ، شۇخۇەن بىلەن قىلىشىدىغان ۋەدىلەر يوق ، دوختۇرخانىغا بېرىپ دادامنى كۆرۈپ كېلىش ھاجەتسىز . پات ــ پات كېلىپ ، ئۆتكەن ئىشلار ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ بېرىدىغان فاڭ يۈمۇ يوق ، « ئۇياق » قا بېرىپ يەنە خاپا بولۇپ ، ئەندىشە قىلىپ يۈرۈشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى قالمىغان . ئەمدى قېپقالغىنى مىچىلداپ تۇرىدىغان ماكان ۋە ۋاقىت ، شۇنداقلا « ئىزدىنىش » ئۈستىدىكى بىچارىلىك ئىدى .

ئاپام يەنە پىئانىنو چالدى ، چالغان مۇزىكىسى يەنىلا « شۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇماق تەس ! » ئىدى . چوڭقۇر ھەسرەتلىك سادالار ئەكس ئېتىۋاتقان پىئانىنو ئاۋازى سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بۇزدى . ئۆتكەن

ئىشلارنى ئۇنتۇماق تەس ! مەن پىئانىنونىڭ يېنىغا كېلىپ ، پىئانىنوغا يۆلەنگىنىمچە ، ئاپامغا قاراپ تۇردۇم . ئاپامنىڭ ئورۇقلاپ چوكىدەك بولۇپ قالغان ۋە يول - يول قورۇقلار ئىز سالغان بارماقلىرى پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە يورغىلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئاق چۈشكەن چاچلىرى پاخپايغان ، چىرايى تاتارغان ، يوغان ۋە قاپقارا بىر جۈپ كۆزى پارقىراپلا قالغان ! قانداق چىرايلىق كۆزلەر ! ھېلىقى رەسىمدىكى قىزنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشىشىدۇ ( ئۇ رەسىم دادام بىلەن بىللە لىۋوجاگىلىدىكى قەبرىگە كۆمۈلگەنىدى . ) ئاپام ياش ۋاقتىدا ئاجايىپ چىرايلىق بولغىيدى - ھە ! « ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇماق تەس ! » ئاپامنىڭ ئۇنتۇيالمايدىغان قانداق ئىشلىرى باردۇ ؟

ئاپامنىڭ كۆزلىرى ماڭا مىسكىن تىكىلدى .

— نېمىنى ئويلاۋاتىسەن ؟ يېپىك ؟

— سېنى ئويلاۋاتىمەن ، — دېدىم ھەيرانلىقتا ، — ئاپا نېمە ئۈچۈن بۇ مۇزىكىنى شۇنچە ياخشى كۆرىسەن ؟

ئاپام بىرپەس خىيالغا چۆمدى ، لېكىن بارماقلىرى يەنىلا پىئانىنونىڭ تىللىرى ئۈستىدە ئويناۋېتىتى . كۆزلىرىدە سوغۇق كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى .

— مەن بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى ئاپام بوش ئاۋازدا .

— ئاپا ، سەنمۇ مۇھەببەت باغلاپ باققانمۇ ؟ بىر كۈنى ئاخشىمى بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغانىدىڭ .

— مەن تىلغا ئالغانمۇ ؟ — دېدى ئاپام يەنىلا كۈلۈمسىرەپ ، ئارقىدىنلا ئېغىر خورسىندى ، — بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقىنىم ئېسىمدە يوق .

— ھېلىمۇ ئېسىمدە ، سەن بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭنى ئېيتقانىدىڭ ، ئاپا ، ئۇ كىم ؟ ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ئۇنتۇلمايدىغان ئىشلار بار ، شۇنداقمۇ ؟

— سەن كىتابنى بەك كۆپ ئوقۇدۇڭ ، — دېدى ئاپام بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ۋە دەرھال پەدە يۆتكەپ بىراسىنىڭ « ئەللەي » مۇزىكى-

سىنى چالدى .
— ئاپا ، سۆزلەپ بەرگىنە ، — دەپ تۇرۇۋالدىم .
— نېمىنى سۆزلەپ بېرىمەن ؟
— ئۆزۈڭ توغرۇلۇق ، مۇھەببەت باغلىغىنىڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ

ئاپام پىئانىنو چېلىشتىن توختاپ ، پىئانىنونىڭ قاپقىقىنى يېپىپ قويدى ۋە گەپ - سۆز قىلماي ماڭا قارىدى . ئۇ بۆلەكچە تۇس ئېلىپ ، كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق ۋە غەمكىنلىك ئەكس ئەتتى ، بىرھازادىن كېيىن بوش ئاۋازدا سۆزلىدى :
— مېنىڭ سۆزلىگۈدەك ھېچقانداق ئىشىم يوق ، يېپيېڭى ، ھېچ-كىمنىڭ ئۆمرى مېنىڭ ئۆمرۈمدەك بىر خىللا ئۆتمىگەن ، شۇڭا مەندە ھېكايە بولغۇدەك ئەھۋالمۇ بولمىغان . مەن بىر ئەرنى ياخشى كۆرگەن ، ئۆمرۈمدە قولۇمنى تۇتقان بىردىنبىر ئەر شۇ ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سەن بىلىشىڭ كېرەك .
— ئاپا ، — دەپ تىۋلىۋەتتىم تەئەججۈپ ئىلكىدە كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ .
— شۇنداق ، — دېدى ئاپام ئەلەم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئۇ سېنىڭ داداڭ لۇ جېنخۇا ! — ئاپام بىر تىنىۋېلىپ كۆزلىرىنى پۇ-رۇشتۇردى ۋە چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — داداڭنى ئۇچرىتىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر ئەر كىشىگە يېقىن يو-لىمىغانىدىم ، — ئۇ بىردەم توختىۋالدى ، — مەن خاربىندىكى مو-ناستىرنىڭ ئالدىدا بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقىنىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن ، ئۇ ئېتىنى توختىتىپ ئېگىشىپ تۇرۇپ ماڭا سەپسالغان ، مەن قورۇنۇپ ئۆزۈمنى موناستىر ئىشىكى دالدىسىغا ئالغانىدىم . داداڭ قولىدا قامچا ، ئۇچىسىدا ھەربىي كىيىم ، جۇشقۇن ۋە سۆلەتلىك ئىدى . . . ياش ۋاق-تىدا ئۇ ئىنتايىن كېلىشكەن يىگىت ئىدى ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆز-لىرىگە قاراپ ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ كەتتى . . .
شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ مېنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالدى ! مېنى ئۇنىڭ

ئۆيــگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ قويغاندا ، توختىماي يىغلىدىم . ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا تەسەللى بەردى ، غەمخورلۇق قىلدى . . شۇنداق قىلىپ ، بىر مەزگىل ئىنتايىن شاد ـ خۇرام ياشىدۇق . مۇز تېيىلدۇق ، قىيــىقتا چۈشۈپ تاماشا قىلدۇق ، ئات مىنىپ ئوينىدۇق . . . ئۇ مېنى خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلەتتى ، ســىزنــىڭ كــۆزىــڭىز ئــاجــايــىپ چىــرايلىق جۇمۇ ، دەپ ماختايتتى . . . — ئاپام ئۇزۇن بىر تىنىۋېلىپ ، بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى ، — شۇ چاغلاردا كــۈنلەر ئىنتايىن بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى . مەن شۇ چاغلاردا ئۇ ھەقىقىي ئىنسان ئىدى دەپ ھېس قىلاتتىم . ئۇ ئوچۇق ـ يورۇق ، خۇشخۇي ، يېقىملىق ، ھېسسىياتقا باي ئىدى ! ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا تېرىككەك ، چېچىلىدىغان بولۇپ قېلىشى ، ئىچكى دۇنياسىدىكى تىنچسىزلىقتىن بولغان . ئۇنىڭ بىر نېمىسى كەمدەكلا ئىدى ، مەن ئۇنىڭ نــېمىسى كەملىكىنى بىلمەيتتىم . ئەمما مەن ئۇنى ياخشى ئادەم دەپ قارايتتىم !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم . بۇلار پاكىتمىدۇ ؟ ئاپام ! توۋا ، ئۇ دادامنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ ھە ! مەن ئېسەنگىرەپ بېشىمنى چايقاپ سورىدىم :

— سەن ئۇنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلدىڭمۇ ؟ ھېلىھەم ياخشى كۆرەمسەم ؟

— ھەئە ، ھېلىھەم ياخشى كۆرىمەن !

— لېكىن ، مەن نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى چۈشەنەلمەيۋاتىمەن !

— ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئەر ! — دېدى ئاپام . بۇ گېپى ھەممىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندەك يەنە بىر تەكرارلىدى .

— ئەپسۇسكى ، ئاپا ، مەن باشتىن ـ ئاخىر سېنى ئۇنىڭغا ئۆچ ، سېنى مەجبۇرلاپ ئالغان ، كېيىن تاشلىۋەتكەن ، دەپ قاراپ كەپتىمەن !

— كۆڭۈل ئىشى ئۇستىدە بىرنېمە دېيىش تەس ، توۋا ، مەن ئۇ-

نىڭغا ئۈچ ئەمەس ، قىلچىمۇ ئۈچ ئەمەس ! ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى قۇ-رۇق ، ئۇ ياردەمگە موھتاج ئىدى . تەرسا مىجەزى تۈپەيلى ئىقرار قىلىشنى خالىمىدى . مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىۋىدىم ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ قوزغاپ قويدۇم !

— ئاپا ! — دەپ توۋلىۋەتتىم ، يۈرىكىم ئىچىشىپ كەتتى ، بۇ هالدا مەن كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمەيتتىم .

— شۇنچە يىللاردىن بۇيان ، — ئاپامنىڭ لەۋلىرىدە سۇس كۈ-لۈمسىرەش ئەكس ئەتتى ، — مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىرىدە چۈشىنىپ يېتىپ ، بىزنى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلدىم . شۇندا بىز قايتا جەم بولۇپ ، ئائىلىدە ئىناق - ئېجىل ياشىغان بولاتتۇق . شۇنىسى ، ھە ! — ئۇ يەنە ئۇھ تارتىپ ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك بېشىنى چايقىدى ، — ئۇ بەكمۇ جاھىللىق قىلدى . ياكى ئۇ ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بىر مەزگىللىك تۇرمۇشىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ . . . ئېھتىمال ، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئۈمىد كۈتكەندىمەن . ئۇ بەك تەرسا بوۋاي .

ئاپامنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلايتتى ، مەن بىردەم تەپەككۇر ئىقتىدارىمنى يوقىتىپ مىدىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇپ قالدىم . ئاپام نېمىلەرنى دېدى ؟ بېشىم پىرىرىدە ئايلاندى - دە ، مېڭەم ئېلىش-ىپ ، ئەس - ھوشۇمنى يىغالماي قالدىم . ئۇ دادام بىلەن جەم بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتىكەن ؟ راست شۇنداقمىدۇ ؟ بۇ پاكىتمىدۇ ؟ مۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ دېمەك ، ئۇ دادامنى ياخشى كۆرىدىكەن ، مەن ئۇنىڭ دۈش-مىنى دەپ يۈرگەن دادامنى ياخشى كۆرىدىكەن ! توۋا ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلار نېمانچە چۈشىنىكسىز ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى نەقەدەر مۇرەك-كەپ - ھە ! . . . لېكىن مەن نېمىلەرنى قىلدىم ، دادام ماڭا ئاپامنى قاي-تۇرۇپ كېلىشنى ئېيتقاندا ، ئەجەبمۇ بېشى چوڭلۇق قىپتىمەن - ھە !

« تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن تىنچ ۋە خۇشال ئۆتمەكتە ، ئاپاممۇ كۆ-چۈپ بېرىشنى خالىمايدۇ ! »

بۇ گەپنى مەن قىلغانمۇ ؟ مەن ، مەن قىلغان ! ئۆزۈمنى ئەقىللىق چاغلاپ ، ھەممىنى بىلىمەن ، تەگىرىنىڭ ئورنىدا ئىش قىلىمەن ، دەپ قا-

www.uyghurkitap.com

رىغان !

— ھەي ! — ئاپام يەنە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، — مەن يېنىدا بولغان بولسام ، ئۇ مۇنچە بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتمەس ئىدى ! ئۇنىڭ جېنى بەكمۇ چىڭ ئىدى !

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم ، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىمچە كارىۋاتقا كېلىۋالدىم . بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، ئىككى قولۇم بىلەن يۈزۈمنى يېپىپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدىم . ئاپام يېنىمغا كەلدى ، قولىنى مۈرەمگە قويۇپ ، سەل ھەيران بولغان ھالدا سورىدى :

— نېمە بولدۇڭ ؟ يېپىلىڭ ؟

— ئاپا ، — ئاۋازىم ئالقىنىمنىڭ ئاستىدىن چىقتى ، ئۆرلەپ تۇرغان پىغانىمنى كۆچەپ باستىم ، — ئاپا ، مەن ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ يامان ئىكەنمەن ، قىلغۇلۇقلا بولسا قىلدىم . ئەمدى بۇ ئىشلارنى قايتىدىن قىلالمايمەن ! — ئاپام بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى . راست ، مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىشىنىمۇ ئۈمىد قىلمايتتىم . راست ، بۇ ئىشلارنى قايتىدىن قىلالمايتتىم . بولغۇلۇق بولدى ، دادام يەرنىڭ ئاستىغا كىردى ، ئەمدى ياتقان يېرىدىن چىقىپ ، ئاپام ئىككىمىزگە « ئائىلە » ئاتا قىلمايتتى . ئاھ ئاپام ! ئاپامنىڭ ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان بەختى گۇمران بولغانىدى ! بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئىككى قولۇمغا قارىدىم ، مېڭىمگە مېڭىپ غەزەپ بىلەن تۇۋلىغان ئاۋازى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىدى : « قاراپ باق ، قوللىرىڭدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولامدىكىن ! »

مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم ، قوللىرىمغا قايتا قاراشقا پېتىنالمىدىم ، قارىغىلىمۇ بولمايتتى ! يۈرىكىمدىن چىققان سوغۇق ئېقىن پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىمنى مۇزلىتىۋەتتى .

— يېپىلىڭ ، مىجەزىڭ يوقمۇ ؟ — سورىدى ئاپام كۆيۈنۈپ .

— ياق ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ۋە چېچىمنى لىنتا بىلەن باغلىۋېلىپ ، سەنتۈرۈلۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدىم .

— يېپىلىڭ ، نەگە بارىسەن ؟ — دېدى ئاپام .

ــ سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كىرەي ، ــ دېدىم ــ دە ، تاپىنىغا چۈشۈپ ئايىغىمنى كىيدىم . ئاپام كەينىمدىن قوغلاپ توۋلىدى :

ــ يېپىنىڭ ، يامغۇرلۇق چاپاننى ئالمىدىڭغۇ !

مەن يامغۇرلۇق چاپاننى ئېلىپ يېپىنچاقلىۋالدىم . يامغۇر سىمىلداپ ياغماقتا ، ئاستا كېتىپ بارىمەن . تىنچلىق شەرقىي يولىنى بويلاپ مېڭىپ ، پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتتۈم ۋە ئۇدۇل لىيۇجاڭلىغا قاراپ ماڭدىم . ئاق يېغىنلىق بۇ كېچىدە ، لىيۇجاڭلى بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئىدى . ئۇ يەر ــ بۇ يەردىكى بىرنەچچە تۈپ دەرەخ شامالدا لىڭشىپ تۇراتتى . مەن پاتقاق يول بىلەن زاراتگاھلىققا قاراپ ماڭدىم . دادام بىلەن روپېگىنىڭ قەبرىسىگە كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ ئارقا ــ ئارقىدىن كېلىپ تۇتقان ماكانىغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم . دادامنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان تاشنى سىلىدىم . يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن قەبرە تېشى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى . تاشنىڭ سوغۇقى ئۇدۇل يۈرىكىمگە باردى . مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ ، پەرىشانلىقتا تۇرۇپ قالدىم .

شۇ ئەسنادا ئاپامنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم :

كۆتۈپ سېنىڭ كېلىشىڭنى چەكمەسمەن ھەسرەت يانا ،
ئۇنتۇغايمەن بولۇپ سەرگەردان يۈرگىنىڭنى يۈدۈپ مېنى

يۇمۇلغان كۆزلىرىمدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار يامغۇر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، مەڭزىمنى بويلاپ قەبرە تېشىغا ئېقىپ چۈشتى .

گۈگۈم چۈشمەكتە ، ئىزغىرىن شامال يامغۇرلۇق چاپىنىمنىڭ پەشلىرىنى يەلپۈيتتى ، ئۇچامدىكى قارا پوپايكامغا يامغۇر ئۇنچىلىرى تىزىلدى . زاراتگاھلىقتا مەندىن باشقا ئادەم يوق . ئەتراپ جىمجىت . شۇ تاپتا مەن ماكان ، ۋاقىتنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا نەدە ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلمەي ئۈن ــ تىنسىز تۇراتتىم . يامغۇر بارغانچە كۈچىيىپ ، كائىناتنى گۈگۈم قاپلىماقتا ئىدى . گۈگۈم ۋە بۇلۇتلار ئىچىدە قالغان تاغ ۋە دەل ــ دەرەخلەر بارغانچە يىراقلىشىپ ، خىرە كۆرۈنۈشكە باشلىدى . مەن شۇ تەرزدە بەك ئۇزاق تۇردۇم . چۆپ ــ چۆپ بولۇپ كەتكەن چاچلىرىمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئاققان يامغۇر تامچىلىرى بوينۇمغا سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى .
« سىز زادىلا شارپا ئورنىمايدىكەنسىز ! »
بۇ گەپنى كىم قىلغان ؟ مەن ئەتراپقا سەپسېلىپ ، بۇ ئادەمنى ئىزدىدىم ، تىمتاس زاراتگاھلىقتا ئاق يېغىن ۋە گۈگۈمدىن باشقا ھېچنېمە يوق .
قاراڭغۇ چۈشتى . مەن يامغۇرلۇق چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇپ تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم . پاتقاق تاغ يولىدا سەنتۈرۈلۈپ ئاران ماڭاتتىم ، قاراڭغۇدا يولنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيتتىم ، مەن بۇ مانىلىق كېچىدە ئادىشىپ قېلىشنى خالىمايتتىم ، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئادىشىپ يۈرگىنىممۇ يېتەتتى .
يىراقتىن چىراغ يورۇقى كۆرۈندى ، مەن شۇ يورۇققا قاراپ ماڭدىم . يېقىن كەلگەندە قەبرە تېشىغا خەت ئويىدىغان دۇكاننى تونۇدۇم . دۇكاندىن ئۆتۈشۈمگە لىۋجاڭلى بازىرىدىكى چىراغلار كۆرۈندى . مەن ئۆلۈكلەر دۇنياسىدىن تىرىكلەر ماكانىغا قايتىپ كەلگەندىم . يورۇق كوچىغا چىقىپ ، ۋاڭ ــ چۇڭ قىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە ، « ئەتىكى كۈن » خىرە ئېسىمگە كەلدى . ئەتىكى كۈن رېئال كۈن بولۇشى كېرەك ، ئەمدىكى كۈنلەرنى ئەس ــ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ، پەرىشانلىقتا ئۆتكۈزمەسلىكىم كېرەك . ئەتە يەنە ئىش ئىزدەپ چىقىشىمغا توغرا كېلەتتى . بىر يىلنىڭ ئالدىدا ، قىرقىۋېلىنغان گېزىتلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ھەممە يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئىش ئىزدىگەنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى . تۇرمۇشتا تايىنىدىغان « ئۇياق » مەۋجۇت ئەمەس . ئەگەر خىزمەت تاپالمىسام ، غورۇرۇمغا ھاي بېرىشىمغا توغرا كېلەتتى ، تۇرمۇشۇمنى قامدايدىغان باي داداممۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . ئەتە ، ئەتە ، ئەتە ، مەن ئارزۇ قىلغان ئەتىكى كۈن مۇشۇنداق بىر كۈنمىدۇ ؟
يامغۇر يەنىلا ياغماقتا ، ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ، يېزىق شىرەسىدە زاكاز قىلىپ سېلىنغان بىر كۆك لىپاپ تۇرۇپتۇ . خې شۇخۇەن ! تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن لىپاپنى ئېچىپ ، ھەر بىر ھەرىپنى تەقەززالىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم . خەتتە ئۇ چەت ئەلنىڭ ئەھۋالى ، مول ماددىي

تۇرمۇشىنى يېزىپ كېلىپ، ئاخىرىدا قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ مۇنۇلارنى يازغاندى:

**«نيۇ- يوركقا كەلگىنىمگە بىر ئاي بولدى، قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەرگە تولغان، كوچىلىرىدىن ئاپتوموبىللار توختىماي ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ شەھەر دۇنيا- دىكى ئەڭ چوڭ ھەيۋەتلىك شەھەر بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا بىئارام، پەرىشان! يېنىك، بىزدە ئىنسانغا خاس يېقىنلىق بار ئىكەن. ئېھتىمال بىز چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەندۇرمىز، پەقەت تەقدىر بىزنى ئەخمەق قىلغاندۇ. بىردەملىك خاتا ئوي - پىكىر چوڭ سەۋەنلىككە سەۋەب بولىدىكەن. سىز توغرا ئېيتقانىكەنسىز. ۋاقىت بەزى جاراھەتلەرنى ساقايتىشى مۇمكىن. مەلۇم يىللاردىن كېيىن، بىز كۆڭۈلنى خىرە قىلىدىغان بۇ ئەسلىمىلەردىن قۇتۇلۇيمۇ قالارمىز، شۇ چاغدا تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى — ھەممە ئىشنى مۇۋاپىق ۋە ئادىل ئورۇنلاش- تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن...»**

خەت قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، كۆزۈمگە ياش تولۇپ، كۆز ئالدىم خىرەلەشتى. دېرىزىگە قارىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. راستمۇ؟ شۇ كۈنلەر كېلەرمۇ؟ تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى قانداق بولار؟

سىرتتا ئاق يېغىن توختار ئەمەس.

[General Information]
书名=烟雨蒙蒙　维吾尔文
SS号=40300722

www.uyghurkitap.com